تۇرسۇن مەخمۇت

# يامغۇرلۇق يەكشەنبە



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ



مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن



ISBN 978-7-105-12133-5

9 787105 121335 >

定价：32.00 元



## تۇرسۇن مەخمۇت

# يامغۇرلۇق يەكشەنبە

(رومان)

مىللەتلەر نەشرىياتى

责任编辑：买买提江·艾山
责任校对：海仁莎·肉孜
技术编辑：努尔买买提·艾买尔

## 图书在版编目(CIP)数据

雨中星期天：维吾尔文/ 吐尔逊·麦合木提著.－北京：
民族出版社，2012.4
ISBN 978-7-105-12133-5

Ⅰ.①雨… Ⅱ.①吐… Ⅲ.①长篇小说—中国—当代—
维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第 073804 号

出版发行：民族出版社 http://www.mzcbs.com
社　址：北京市和平里北街 14 号　邮编：100013
电　话：010-64290862 (维文室)
印　刷：北京盛通印刷股份有限公司
版　次：2012 年 6 月第 1 版 2012 年 6 月北京第 1 次印刷
开　本：880×1230毫米 32 开
印　张：11
定　价：32.00 元

ISBN 978-7-105-12133-5/I.2334(维 347)

مەسئۇل مۇھەررىر : مۇھەممەتجان ھەسەن
مەسئۇل كوررېكتور: خەيرىنسا روزى
تېخرىداكتور: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن

تۇرسۇن مەخمۇت

# يامغۇرلۇق يەكشەنبە

(رومان)

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 - قورۇ
پوچتا نومۇرى : 100013، تېلېفون نومۇرى: 64290862 - 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ شېڭتۇڭ باسما چەكلىك شىركىتى
نەشرى : 2012 - يىل 6 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2012 - يىل 6 - ئايدا بېيجىڭدا 1 - قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 880 × 1230م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 11
باھاسى : 32 .00 يۈەن

ISBN 978-7-105-12133-5/I.2334(维347)

# نەشرىياتتىن



ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە بىر تۈركۈم ھېكايە، پوۋېستلىرى بىلەن كىتابخانلارغا تونۇلۇۋاتقان ياش يازغۇچى تۇرسۇن مەخمۇت 1968 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چەرچەن ناھىيەسىنىڭ باغئېرىق يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1990 ـ يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدا باشلانغان بولۇپ، تۇنجى ھېكايىسى «داۋامى قالغان چۈش» 1989 ـ يىلى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ ھازىرغىچە ئۇنىڭ ھەرقايسى گېزىت-ژۇرناللاردا 100 پارچىگە يېقىن ھېكايە، پوۋېست ۋە باشقا ژانىردىكى ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن 2009 ـ يىلى 12 ـ ئايدا «تاغامنىڭ شاپتۇللىرى» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى؛ 2010 ـ يىلى «گۇگۇم» ناملىق رومانى نەشر قىلىنغان. 2010 ـ يىلى شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «پەرىشتە يامغۇرى» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان.

تۇرسۇن مەخمۇت ئىزدىنىش روھىغا باي يازغۇچى بولۇپ، ئەسەر تىلىدىكى يېنىك رىتىم، بايان ئۇسلۇبىدىكى يېڭىلىق، ئەسەردىكى چوڭقۇر پىكىر ۋە كىتابخانغا قالدۇرغان بوشلۇق قا-

تارلىقلار ئۇنىڭ ھەربىر ئەسىرىگە سىڭگەن ئالاھىدىلىك سۈپى- تىدە، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى باشقا يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلەندۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغىنى- مىزدا دىققىتىمىزنى تارتىدىغىنى بايان تىلىدىكى يېنىك رىتىم بولۇپ، ئاشۇ يېنىك رىتىمدىن مەستخۇش بولغان كىتابخان ئۆ- زىنىڭ قانداق قىلىپ ئاجايىپ مەنىلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان پىكىر دۇنياسىغا كىرىپ قالغانلىقىنى سەزمەيلا قالىدۇ.

بۇ قېتىم بىز ئۇنىڭ «يامغۇرلۇق يەكشەنبە» ناملىق رومانى، «قوڭغۇر ئاتلىق مەپە» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى، «يولۋاس ئۆل- تۈرگەن ئەزىمەت ۋە كىر يۇيۇۋاتقان ئەر» ناملىق ھېكايىلەر توپ- لىمىنى كىتابخانلارنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇق. ئىشىنىمىزكى، بۇ ئەسەرلەر ئەدەبىياتىمىزدا مەيدانغا كەلگەن يەنە بىر يېڭىلىق سۈ- پىتىدە كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە ئۆزگىچە ئېستېتىك زوق ۋە بەدىئىي تۇيغۇ ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى چوڭقۇر پىكىر دۇنياسىغا باشلايدۇ.

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب ........................................ 1
ئىككىنچى باب ........................................ 23
ئۈچىنچى باب ........................................ 49
تۆتىنچى باب ........................................ 72
بەشىنچى باب ........................................ 93
ئالتىنچى باب ........................................ 112
يەتتىنچى باب ........................................ 137
سەككىزىنچى باب ........................................ 157
توققۇزىنچى باب ........................................ 176
ئونىنچى باب ........................................ 201
ئون بىرىنچى باب ........................................ 222
ئون ئىككىنچى باب ........................................ 244
ئون ئۈچىنچى باب ........................................ 268
ئون تۆتىنچى باب ........................................ 289
ئون بەشىنچى باب ........................................ 307
ئون ئالتىنچى باب ........................................ 326

# بىرىنچى باب

ئەتىگەندە چامادانىمنى ئېلىپ سىرتقا ماڭدىم، بۇ كۆك رەڭ-
لىك كونا چامادان ئىدى. بىر قارىماققا بۇ چامادان ئاددىي ھەم
چۇكۇنەم كۆرۈنەتتى. چامادانىنىڭ ئۇ يەر-بۇ يەرلىرى يىرتىلىپ
كەتكەن، سىيرتمىلىرىمۇ راۋان ئەمەس ئىدى. بۇ چامادان ئەينى
يىللىرى سودا قىلىپ بېيىپ كەتكەن بىر ئاغىنەمنىڭ ئىدى، ئۇ
يوقاپ كەتكىلى ئون نەچچە يىل بولدى، باشقىلار ئۇنى بىر
مەزگىل خېروئىن سودىسىغا ئارىلىشىپ قېلىپ تۈرمىگە كىرىپ
قاپتۇ، دېيىشىپ يۈردى، كېيىن يەنە كاتتا بىر باينىڭ قىزى بى-
لەن توي قىلىپ كېرىلىپ يۈرگىدەك، باينىڭ قىزى ئۇنىڭ ئى-
ناۋىتىنى قىلىپ بىرنەچچە كىچىك خوتۇن ئېلىپ بېرىپتۇ، دې-
گەندەك سۆزلەر تارقالدى. مەن شۇ چاغدا بۇ گەپنى سەلىم موز-
دۇز دېگەنمىكىن، دەپ گۇمان قىلغانىدىم. شۇ كۈنلەردە ھېلىقى
گەپنى ئاڭلىغانلىكى ئادەم بۇ توغرىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئەقلى يەت-
كۈچىلىك ئۇنى-بۇنى دېيىشىپ يۈرۈشتى، كېيىن بۇ ھەقتىكى
سۆزلەر ئاستا-ئاستا يوقاپ كەتتى، ئۇ ئاغىنەم توغرىسىدىكى
گەپلەرگە خەقلەر ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدىمۇ ياكى بۇنداق
ئىشلار توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ھازىر باشقىلارنى قىزىقتۇرال-
مايۋاتامدۇ، بۇنى بىلمىدىم، نېمىلا بولسۇن كىشىلەر ھازىر بىر
زامانلاردا مېنىڭ قولۇمدىكى مۇشۇ چامادانىنى كۆتۈرۈپ جاھان
كەزگەن بىر ئادەمنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. مۇشۇ چامادا-

نى ھەم ھېلىقى ئاغىنەمنى يادىمغا ئالغان چاغلىرىمدا، كۆڭلەر-
نىڭ بىرىدە مەنمۇ خۇددى ئاشۇ ئاغىنەمگە ئوخشاش كىشىلەرنىڭ
يادىدىن تامام چىقىپ كېتىمەن، دەپ ئويلايتتىم. بۇنداق چاغلاردا
بىردە كۆڭلۈم يېرىم بولغاندەك، بىردە پەرۋايىمغا ئالمىغاندەك
تۇيغۇدا بولاتتىم، پۈتۈن - سۈرۈك بىر ئادەم بۇ دۇنياغا كېلىپ
نۇرغۇن ئارمانلارنىڭ ئىگىسى بولۇپ جاھاندا ياشاپ، بىر كۈنلەر
كېلىپ ئۇ ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتسە، بۇ ئادەمنى راستلا ئويى-
غا سالىدىغان ئىش ئىدى. ھەرقېتىم مۇشۇ چامادان قولۇمغا
چىققاندا ئاغىنەم يادىمدىن كېچىپ قالىدۇ. ئۇ دەسلەپتە گازىر-
پۇرچاق دېگەندەك نېمىلەرنى سېتىپ يۈرگەن، كېيىنچە دانىسى
بىر سومدىن سېتىلىدىغان سۇلياۋ سائەتلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ
تىجارەت قىلغان، شۇ ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈپ تۇرۇپلا يوقاپ
كەتتى، نەچچە يىللارغىچە قايتىپ كەلمىدى، شۇنىڭدىن كېيىن
ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھېلىقى گەپلەر پەيدا بولۇپ قالغانىدى. چا-
مادان تۇم كۆك رەڭلىك ئىدى. بۇ چامادانىنىڭ ئاشۇ ئاغىنەمنىڭ
ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، بىراق قانداق بولۇپ ماڭا تەۋە بولۇپ
قالغىنىنى بىلمەيمەن.

سىرتتا يامغۇر يېغىۋاتاتتى. سىم-سىم يامغۇر جاھانغا نەم-
خۇش ئىللىقلىق تارتىۋاتاتتى. قېتىپ كەتكەن، غېرىبلىقنىڭ
چاڭلىرى يۇقۇشقان كۆڭلۈم يامغۇرنىڭ شەپىسىدىن، يامغۇرنىڭ
لەزىز سېزىمىدىن، يامغۇرنىڭ ئوماققىنە سىمىلداشلىرىدىن
يەڭگىل بىر ھۇزۇرغا چۆمۈلدى.

مەن چامادانىمغا يازلىق كۆڭلەكلىرىمنى، يەنە بىرنەچچە
ئىشتاننى قاتلاپ سالدىم، كىيىملەرنى قاتلىغاندىكى ھالىتىمنى
باشقىلار كۆرسە مېنى ناھايىتى ئەستايىدىل ئىش قىلىۋېتىپتۇ،
دەپ ئويلايتتى. شۇ ھالدا خوتۇنۇم ھەربىر ئىشىمغا ئاستىرتتىن
دىققەت قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. مەن بىر كۆڭلەكنىڭ
ئالماش ئېتىلىپ قالغان تۈگمىلىرىنى يېشىپ قايتا ئەتكەچ بالا
ۋاقىتلىرىمدا سۇغا چۆمۈلگەن ئازمىنى ياد ئەتتىم. بۇ بەش-ئال-

تە غولاچ ئېگىزلىكتىن سولار ھەيۋەت بىلەن گۆرۈلدەپ چۈشۈ-
دىغان ئازما ئىدى، سولارنىڭ گۆرۈلدەشلىرى ئىچىدە ئازمىدىن
لاي سۇنىڭ سالقىن پۇرىقى بىلەن چىرىگەن ياغاچنىڭ ھىدىغا
ئوخشايدىغان بىر پۇراق دىماغقا ئۇرۇلاتتى. ئون بىر- ئون ئىك-
كى ياشلاردىكى سەككىز-ئوندەك بالا ئازما بېشىدىكى توغرا يا-
غاچتىن پەسكە سەكرىشەتتى، «پولتۇك» قىلغان ئاۋاز شىددەت
بىلەن سوزۇلۇپ پەسكە چۈشۈۋاتقان سۇنىڭ ئېغىر شاۋقۇنلىرى
ئارىسىدا ئاڭلانماي قالاتتى. سۇغا سەكرىگۈچى لاي سۇنىڭ بو-
ژۇلدىغان كۆپۈكلىرى ئىچىدە غايىب بولۇپ بىردەمدىن كېيىن
چاچلىرى بېشىغا چاپلاشقان ھالدا ئازمىنىڭ ئاخىرىدىكى سۇ
ئاستا ئاقىدىغان جايدىن چىقاتتى. بىرسى مەندىن شۇ بالىلار
ھەققىدە سوراپ قالسا، ئاشۇ، چاچلىرى قاغا قانىتىدەك قارا ھەم
قويۇق، چىرايلىق بالىلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ شوخ، سۇغا ئەڭ
كۆپ سەكرەيدىغىنى مەن ئىدىم، دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتىم.
ھازىرغىچە ھېچكىم مەندىن بۇنداق سوئال سوراپ باقمىدى. ئىل-
گىرى كىم بولسىمۇ بەزى ئادەملەرنىڭ مېنىڭ ھاياتىم ھەققىدە
بىرنېمىلەرنى سورىشىنى ئارزۇ قىلىدىغان چاغلىرىم بولغان،
ئىلگىرى شۇنداقتى، ھازىرمۇ ئوخشاش.

— شۇنچە ئېگىز يەردىن قورقماي ئەجەب سەكرەپتىكەنسى-
لەر، تاسادىپىي بېشىڭلار سۇ ئىچىدىكى بىرەر قوزۇققا يا ياغاچقا
تېگىپ كېتىپ قالسا ... ۋاي ... ۋاي نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق.

— شۇ، ئۇ زامانلاردا ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان گەپكەن.

— ھازىر، سەكرەپ بەر، دېسە سەكرىيەلەمسىز؟

— مۇمكىن ئەمەس، مەن ئەمەس، مېنىڭ يېشىمدىكى ھەر-
قانداق بىرسى ئۇنداق ئازمىلارغا سەكرەشكە ھەرگىز پېتىنالمايدۇ.

كۆك رەڭلىك چامادانغا كىيىملىرىنى رەتلەپ سېلىپ ئۆيدىن
چىقىپ كېتىشنىڭ تەرەددۇتىغا چۈشكەن بىر ئادەم ئۆتمۈشىنى
ئەسلەپ، بىرەرسى بىلەن مۇشۇنداق سۆزلەرنى دېيىشكەچ ئول-

تۇرغۇسى بارلىقىنى كۆڭلىدە ساقلاپ كەلگەنىدى.

ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن مۇنداق گەپلەرنى دېيىشىپ باقمايت-تى. ئۇ مۇشۇنداق سۆھبەتلەرنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

ئادەم دېگەن نېمىشقا تېز قېرىپ كېتىدىغاندۇ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ قىرىق ياشقا كىرگىنىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى، ئارىدىن ھېچ-قانچە ۋاقىت ئۆتمىدى. ئەللىكتىن ئېشىپ قاپتۇ، خېلى چوڭ ئادەملەرمۇ ئۇنى ئاكا، دەپ چاقىرىدىغان بولۇپ قېلىشىۋاتاتتى. ئۇ كىتابلاردىكى ئۆمۈرنىڭ قىسقىلىقى توغرىسىدىكى گەپلەرنىڭ بىكار ئېيتىلمىغانلىقىنى چۈشەندى.

تاشلىنىپ قالغان باغدا يىڭناغۇچ قوغلاپ يۈرگەن بىر كى-چىك بالا پات-پات ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى. ئۇ بوغۇم-بوغۇم قۇيرۇقلىرى كۆك، قىزىل يەنە توپا رەڭ يىڭناغۇچلارنى بىردە قوغلاپ كېتەتتى، بىردە شاخ- قومۇشلارغا قونۇپ ئولتۇر-غاندا تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن تىۋش چى-قارماسلىققا تىرىشىپ مارىلاپ باراتتى. قولىغا چۈشكەن يىڭنا-غۇچلارنىڭ نېپىز، سۈزۈك قاناتلىرىنى جان - جەھلى بىلەن سىلكىتىپ گىژىلداشلىرى ئۇنىڭغا قورقۇنچ ھەم ھۇزۇر ئاتا قىلاتتى.

— ئايروپىلان تۇتۇۋالدىم.

بالا ھەرقېتىم يىڭناغۇچ تۇتۇۋالغاندا شۇنداق ۋارقىرىغاچ سەكرەپ كېتەتتى. بەزى چاغلاردا ئايروپىلان كونا باغنىڭ سۈزۈك ئاسمىنىدىن كۆزگە باش بارماقتەك چوڭلۇقتا كۆرۈنۈپ گاھى كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقا، گاھى كۈنپېتىشتىن كۈنچىقىشقا قاراپ ئۇچۇپ ئۆتەتتى، شۇنداق چىرايلىق ئاسماندا ئايروپىلاننىڭ كەينىدىن ئاپئاق ئىز قالاتتى، ئايروپىلان يىراقلىغانسېرى ئاپئاق بەلۋاغدەك ئىسلار ئاستا-ئاستا يوغىناپ، سۇسلىشىپ ئاخىرىدا يوقاپ كېتەتتى.

— ئاستىراق ۋارقىرا، ئۇكاڭ ئويغىنىپ كېتىدۇ.

قارا كۆزلىرى تەشۋىشلىك چاقناپ تۇرىدىغان ئانىسى ئۇنىڭ

مۆرسىدىن يەڭگىل دۈشكەلەپ قويۇاتتى.
— مەن ئايروپىلان تۇتۇۋالدىم، — دەيتتى بالا قولىدا جان ـ جەھلى بىلەن تىركىشىۋاتقان يىڭناغۇچنى كۆرسىتىپ.
— يوغان ئىش قىلىپسەن، ۋارقىرىما دەيمەن، ئۇكاڭ ئويغىنىپ كېتىدىغان بولسا قۇلىقىڭنى يۇلىمەن.
ئانىسى شۇنداق دېگەچ يېرىلغان يەرلىرى سىملار بىلەن مەھكەم باغلاپ قويۇلغان ياغاچ سوغىنى ئېلىپ كالا ئېغىلى تەرەپكە ماڭاتتى.
بالا كۆنده دېگۈدەك نەچچە قېتىم ئاسمانغا قاراپ قويۇاتتى، تاسادىپىي ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئايروپىلاننى كۆرگەنلىرىدە قىن ـ قىنىغا پاتماي قالاتتى. شۇنچە ئويلاپمۇ كۆك ئاسماندا ئاپئاق ئىز قالدۇرۇپ ئۇچۇپ ئۆتكەن ئايروپىلاننىڭ قانداق بولۇپ ئاسماننىڭ قەرىدە ئۇچالايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدا كىملەرنىڭ بارلىقىنى پەقەت بىلەلمەيتتى، ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتكەن بولگۈنكى كۈندىمۇ ئايروپىلانلار ئوخشاشلا ئاسماندا شۇنداق ئاق ئىز قالدۇرۇپ ئۇچۇپ ئۆتىدۇ، ھازىرمۇ ئايروپىلاننىڭ قانداق قىلىپ كۆكتە ئۇچالايدىغانلىقىنى، بۇ ئايروپىلانلاردا كىملەرنىڭ بارلىقىنى بىلىپ بولالمايدۇ.
كىتابلاردا، ئۆتمۈشنى تولا ئەسلەيدىغان بولۇپ قېلىش، قېرىلىق يەتكەنلىكنىڭ بەلگىسى، دېگەندەك گەپلەرنى ئوقۇغانىدىم.
— مەن قېرىپ كەتكەندەك قىلامدىمەن؟!
— ياق، سىز قېرىش تۇگۇل ئازراقمۇ چوڭ بولمىدىڭىز.
خوتۇنۇمنىڭ نېمىشقا مۇشۇنداق دېگىنىنى ئاڭقىرالمىدىم. تەنە قىلىپ دەۋاتىدۇ، دېگەنگە ئۆزۈمنى ئىشەندۇردۇم. «چوڭ بولمىدىڭىز» دېگەن گېپىنىڭ ئۆزىدىنلا زەھەر تېمىپ تۇرىدۇ. خوتۇنۇمنىڭ مېنى زادىلا كەچۈرمەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەن چاغلىرىمدا بەكلا بىئارام بولۇپ كېتەتتىم.
— ئازمايدىغان ئادەم يوق، بۇنچىۋالا قىلىپ كەتمە.
ئۇ ماڭا قاراپمۇ قويماي كەشتىسىنى تىكىپ ئولتۇرۇۋەردى.

ئۇنىڭ بىر چاغلاردىكى تەبەسسۇم شولا چېچىپ تۇرىدىغان ئوماق چىرايى جاھاننىڭ قايسى بىر بۇلۇڭلىرىغا يوقىغان، بۇ چىرايدىن ھازىر مۇزغا ئوخشايدىغان ھەتتا مۇزدىنمۇ بەتتەر سوغۇقلۇق چېچىلىپ تۇرىدۇ.

— ئاشۇنداق پەس ئىشلارنى كۆڭلى كۆتۈرىدىغان ئادەم بىلەن بىر ئۆيدە بىللە بولۇپ قالغان بۇ تەقدىرگە مىڭ لەنەت.

خوتۇنۇم مۇشۇ گەپلەرنى قىلغاندا چوقۇم يىغلايدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمما يىغلىمىدى. بۇ يامغۇرلۇق يەكشەنبىدىكى ئاشۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن خوتۇنۇمنىڭ ماڭا دېگەن تۇنجى گېپى ئىدى.

يېقىندىن بۇيان بالىلىقىمنى تولا ياد ئېتىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتىم.

بۇرۇن خوتۇنۇمغا بالىلىقىم ھەققىدە جىق گەپلەرنى دەپ بەرگەن، ئۇ بىرىلىپ ئاڭلىغانىدى، خوتۇنۇم ماڭا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ بالىلىقتىكى ھېكايىلىرىمنى ئاڭلاۋاتقاندا ئۆزۈمنى شۇنداق بەختىيار سەزگەنىدىم.

نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىكى ئىشلار پات-پات يادىمغا يېتىپ قالاتتى.

باغنىڭ چۆرىسىدىكى قۇچاق يەتمەيدىغان تېرەكلەردە ھو-قۇشلار بار ئىدى، تېرەكنىڭ، جىگدىنىڭ شاخلىرىدا قاغىلار قو-نۇپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۆينىڭ ئالدىدىكى ئۆستەڭدە سارغۇچ سۇ لايلىنىپ ئاقاتتى. بىر بالا ئۆستەڭ سۈيى توختىغان چاغلاردا سۇ توختاپ قالغان جايلاردىن بېلىجانلارنى تۇتۇۋالاتتى، پاكار سۆ-گەتلەرنىڭ يۇمران شۇڭلىرى ئارىسىدىن قۇشقاچ تۇخۇملىرىنى ئالاتتى. ئانا قۇشقاچنىڭ جاۋۇلداپ جەھلى بىلەن سايراپ باش ئۈستىدىن پۇرۇلداپ ئۇچۇشلىرىدىن قورقۇپمۇ قالاتتى. ئانىسى يۇزۇڭگە سەپكۈن چۇشۇپ قالىدۇ، دەپ ئۇزۇن شاخ سۇپۇرگىنى ئېلىپ بالىنى قوغلايتتى، ئۇ قولىدىكى تۇخۇملارنى سىقىملىغىنىچە ئانىسىغا تۇتۇق بەرمەي قاچاتتى. پايانى يوق ئالەمنىڭ بىر

بۇلۇڭدا شۇنداق بىر مەھەللە، ئاشۇ مەھەللىدە قۇشقاچ تۇخۇملىرىنى ئېلىپ ئوينايدىغان، يىڭناغۇچ تۇتىدىغان، يىڭناغۇچ تۇتۇۋالسا ئايروپىلان تۇتۇۋالدىم دەپ خۇشال بولىدىغان بىر بالا قىيغىتىپ يۈرەتتى. بۇ بالا شۇ كۈنلەردە كېيىنكى ئۆمرىدە كۆك رەڭلىك چامادانىنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى، چامادانغا كەلگۈسى ھەققىدە يېزىلغان ئىككى پارچە كىتابنى سېلىۋالىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ قويمايتتى.

«ئۇ كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى» كۆڭلۈم بىرقىسما بولۇپ قالدى. مەن ھەسرەت بىلەن ئۇھ تارتىپ قويۇپ قېنىق قىزىل رەڭلىك كۆڭلەكنىڭ تۈگمىسىنى قايتىدىن ئەتتىم، خوتۇنۇم، مۇشۇ كۆڭلىكىڭىز سىزگە بەك يارىشىدۇ، دەيتتى.

ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىپ ۋاقىتنى ئاستا ئۆتكۈزۈشكە باشلىدىم. مېنىڭ ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىدىغان ئادىتىم بار ئىدى. بۇ ئادەتنى قاچاندىن باشلاپ يۇقتۇرۇۋالغانلىقىمنى بىلمەيتتىم. مۇشۇنداق ئادەتنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى بىلمەيتتىم. ياخشى - يامانلىقىنى بىلمىسەممۇ پات-پات ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشەتتىم.

مەن بالىلىقىمنى تولا ئەسلەيمەن. مەن ئوينىغان باغلار، مەن قوغلىغان توشقانلار، مېنى چىشلىۋالغان ئىت، بىر پاي ئايىغىمنىڭ سۈيى تېز ئاقىدىغان ئېرىققا چۈشۈپ كېتىپ ئېقىپ كېتىشى، مۇشۇ سەۋەبتىن ئانامدىن تىل ئىشىتكەنلىرىم، دۆڭلۈكلەر ئارىسىدا سېيالكا بىلەن ئۇرۇق سېلىۋاتقان دېھقانىنىڭ دۈمچەيگىنىچە ھارغىن ئاتلارغا قامچا ئۇرۇشلىرى، يىرگىنچلىك سالجىلارنىڭ چاپلىشىۋېلىشلىرى ...... پات-پات يادىمدىن كېچىدۇ. مۇھەببەت ھەم بەخت تەلەي دېگەندەك نەرسىلەر تەكشى تارالمىغان دۇنيا ھەققىدە ئۇزاق ئويلىنىمەن. ئۆيدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇشۇم بىلەن بالىلىقىمدىكى ئوي-خىياللىرىم، شۇ چاغدىكى قورقۇشلىرىمنىڭ ھېچبىر ئالاقىسى بولمىسىمۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشنى نىيەت قىلغاندىن بېرى بالىلىقىم ھەققىدىكى

خاتىرىلەر تولا يادىمغا يېتىدىغان بولۇپ قالدى.

مەن گاڭگىراش ئىچىدە ھاياتىنىڭ بەكلا ئاددىي ئىش ئىكەنلىكىگە ئۆزۈمنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشىمەن، خوتۇنۇمنىڭ ماڭا پەرۋا قىلماسلىقىغا بۇنچىلا ئېسىلىۋېلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇ مەن توغرىلىق قانداق ئويدا بولسۇن، ماڭا قانداق مۇئامىلىدە بولسۇن بۇنىڭ زىغىرلاپ كەتكۈدەك يېرى يوق.

مەن مۇشۇنداق ئويلايتتىم.

چامادانىمغا يەنە بىرنەچچە ئىشتاننى قاتلاپ سالدىم، ئاندىن كەلگۈسى دۇنيادا بولىدىغان ئىشلاردىن ئالدىن بېشارەت بېرىپ يېزىلغان ئىككى پارچە كىتابنى سېلىپ قويدۇم. بۇ كىتابلارنى ئىككى- ئۈچ يىلدىن بۇيان ئوقۇيالماي كېلىۋاتاتتىم. ئاتايىن نىيەت قىلىپ نەچچە غەيرەت قىلغان بولساممۇ تېخىچە باشلىيالماي يۈرەتتىم، تولۇق ئوقۇش دېگەندىن ئېغىز ئاچماق تەس، باشتىكى بىرنەچچە بېتىدىن باشقا ھېچ يېرىنى ئوقۇيالمىدىم. ئوقۇغان يەرلىرىممۇ تامام ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك قىلاتتى.

دادامنىڭ يازغانلىرى بولغان بولسا ھېلىغىچە ئوقۇپ بولاتتىم.

كۆز ئالدىمغا، قىپقىزىل ئوتلارنىڭ قېلىن كىتابلارنى، دەپتەرلەرنى، خاتىرىلەرنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتكەنلىكى كەلدى. كىتاب ھەرقانچە ئۇلۇغ نەرسە بولسىمۇ ئۇ ئوتتا كۆيمەيدىغان، سۇدا ئاقمايدىغان خىسلەتكە ئىگە ئەمەسكەن.

رادىيودىن قانداقتۇر بىر يەردە ئېغىر كەلكۈن ئاپىتى بولغانلىقى توغرىلىق خەۋەر بېرىلىۋاتاتتى. بۇ ھەقتىكى خەۋەر ئاخشام تېلېۋىزوردىمۇ بېرىلگەندى، نۇرغۇن ئادەم بەلگىچە سۇ كېچىپ يۈرۈشەتتى. لۆمۈلدەپ ئېقىۋاتقان ئۇلۇغ سۇ ئىچىدە كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەسرەتلىك چىرايى كۆڭۈلنى غەش قىلاتتى.

ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىن بىر ئۆستەڭ سۇ ئېقىپ ئۆتەتتى، ئۆستەڭنىڭ قىرلىرىدا ئۆزى خالىغانچە ئۆسۈپ ھەريان شاخ

سوزغان سۆگەت، تېرەكلەر شارىلداپ ئېقىۋاتقان لاي سۇغا، ئۆستەڭ بويىدىكى توپىلاڭ يولغا بەھەيۋەت سايە تاشلايتتى. ئاشۇ توپا يولدا ئېشەك چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان بالىلارنى، غىچىرلاپ تۇرغان هارۋىغا جىگدە شوخىسى باسقان ئادەمنىڭ غەمكىن چىرا-يىنى پات-پات چۈشلىرىمدە كۆرۈپ قالاتتىم. مەن ئەسلى ئاشۇ ئۆستەڭ بويىدىكى مەھەللىگە مەنسۇپ ئادەم، نامرات بولسىمۇ، ئادەملىرى جېدەلگە ئامراق بولسىمۇ، شۇ يەردە ياشاۋەرگەن بول-سام كۆڭلۈم بۇگۈنكىدەك بولمايتتى. كەلگۈسى ھەققىدە يېزىل-غان كىتابلارنى ئوقۇشقا مەجبۇر بولمايتتىم، ئوقۇشقا مەجبۇر بولغان تۇرۇقلۇق ئوقۇيالماي ئۆھ تارتىپ يۈرمەيتتىم.

قىشنىڭ مۇدھىش سوغۇقى دەسلەپ باشلانغان كۈنلەردە ئۆستەڭگە مۇز ئارىلاش سۇلار كەپلىشىپ نەچچە كۈن ئاقاتتى، چوڭلار بۇنى قادى كەلدى، دېيىشەتتى، بالىلار تاش، چالمىلارنى ئېتىشىپ يەنە ئۆستەڭدىن قادى سۇزۇپ ئېلىپ يېيىشەتتى، بىر-بىرىگە ئېتىشىپ ئوينايتتى، ئاز كۈن ئۆتۈپ ئۆستەڭ ئاپ-ئاق مۇز تۇتاتتى، ھەپتە ئۆتمەي ئاپئاق قارلار توپا-چاڭ بىلەن بۇلغىنىپ چىرايلىق ئاقلىقىنى يوقىتىپ يۇندا رەڭگە كىرىپ قالاتتى.

بۇرنۇمغا سۇنىڭ ھىدى ئۇرۇلغاندەك بولدى. ئۇ ناهايىتى بۇ-رۇنقى سۇلار ئىدى. قويۇق، سارغۇچ سۇلاردىن پەقەت مۇشۇ سۇ-غىلا خاس بولغان بىر ھىد ئاڭقىيتتى. مەن سۇنىڭ مۇشۇنداق پۇرىقىغا ئامراق ئىدىم. تۈگمەن كويلىسىدا، كونا ئازمىلاردا مۇ-شۇنداق پۇراق بولاتتى. كەڭ ھەم ئازادە سېمونت كۆۋرۈك ئۇس-تىدە ماشىنىدا كېتىۋاتقان چېغىمدا، بۇزۇلۇپ قالغان جومەكتىن سۇ تامچىلاپ تۇرغىنىنى كۆرگەندە، پاكىز سۇلارنىڭ يىرگىنچ-لىك ئەۋرەز يوللىرىغا شىددەت بىلەن ئاققىنىنى كۆرگەن چاغ-لىرىمدا، بۇنىڭدىن ناهايىتى بۇرۇنقى سۇ ھىدى گۈپۈلدەپ بۇر-نۇمغا ئۇرۇلاتتى.

باشلىرى قاغا قانىتىدەك قاپقارا بىرنەچچە بالا سۇرەن -

چۇقان بىلەن ھەيۋەتلىك ئازما ئەتراپىدا سەكرىشىپ يۈرەتتى. ئازمىدىكى بۈژغۈنلاپ تۇرغان سۇلار ئارىسىدىن چىقىپ، ئاپتاپتا قىزىغان قۇمدا ياتاتتى. ئۇلار قىزىق يۇمشاق كۆك قۇمنى ئالدىغا تارتىپ مەيدىسىگە دۆۋىلەيتتى، ئۇششاق سۇ تامچىلىرى پارلىغان دۇمبىسىدە قۇياشنىڭ ئىسسىق، ئۇلۇغۋار نۇرلىرىنىڭ يېقىملىق شولىسى ئوينايتتى. سۇ گۇرۇلدەيتتى، قۇياش پارقىراق نۇرلىرى-نى چاچاتتى.

— سۇنىڭ ئىچىدە كىم ئۇزاق تۇرالايدۇ، كىم ئۇزاق تۇرا-لىسا شۇ نوچى.

— مانا مەن.

دادىسىدىن «ئوغۇل بالىدەك ئادەم بول» دېگەن گەپنى تولا ئاڭلايدىغان بىر بالا ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقاتتى. ئۇ يەنە نېمە گەپلەرنىڭ بولۇشىنى كۈتمەيلا ئالدىراپ سۇغا سەكرىدى. ئۇ سۇدا ئۇزاق تۇرۇپ نوچى بولۇشنىلا ئارزۇ قىلىدىغان بالا ئىدى، سۇدا ئۇزاق تۇرۇپ نوچى بولسا نېمە بولىدىغانلىقى، قانداق پايـ-دىغا، قانداق شەرەپكە نائىل بولۇشنى ئويلىمايتتى. ئۇ پەقەت نوچى بولسىلا بولىدىغاندەك قىلاتتى.

دادامدىن «ئوغۇل بالىدەك ئادەم بول» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلايدىغان، سۇدا ئۇزۇن شۇڭغۇپ تۇرۇپ نوچى بولۇشنى ئارزۇ قىلىغان ئاشۇ يىللاردا يۈرىكىمدە يەنە قانداق ئارزۇلارنىڭ، قانداق چىرايلىق ئارمانلارنىڭ غىلىيان كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ھازىر بىرمۇ-بىر ئەسلەپ بولالمايمەن.

ئۆيدە، سورۇنلاردا، مەشرەپلەردە، كوچىلاردا، قايناق بازاردىكى مىغ- مىغ ئادەملەر توپى ئىچىدە يالغۇز قالغان چاغلىرىمدا كىـ-چىك ۋاقىتلىرىمنى تولا ئەسلەيتتىم، شۇ زاماندىكى ئىشلىرىمـ-نىڭ توغرا ياكى خاتا بولغانلىقىنى بىلەلمەيتتىم. بۈگۈنكى كۈنـ-لىرىمنى ئويلايتتىم. كۈنلەر ئېغىر ئاياغلىرىنى سۆرەپ ئۆتۈپ كېتىۋېرەتتى، ئۇ كۈن بىلەن بۇ كۈننىڭ، ئالدىنقى يىل بىلەن بۇ يىلنىڭ پەرقى يوقتەك بىلىنەتتى، ئەتىنىڭ تۈنۈگۈندىن، بۇ-

گۈنىنىڭ ئۆتكەن كۈنلەردىن پەرقلىق بولۇشىغا تەشنا بولاتتىم. خوتۇنۇم بىلەن ئەپلىشىپ قالسام، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتمۈشتىكى ئىشلارنى كۆلۈشۈپ ئولتۇرۇپ ھېكايە قىلىشسام قانداق ياخشى. ئەمما، خوتۇنۇم مېنى كەچۈرىدىغاندەك ئەمەس، ئايال زاتى دېگەن نېمانداق جاھىل بولىدىغاندۇ، نۇرغۇن ئادەم-لەر، خوتۇن كىشى دېگەن ئۆچكە يېغى، دەيدىكەن، بۇ خوتۇنلار-نىڭ ئاچچىقى بىردەملىك دېگىنى، بىراق خوتۇنۇم مېنى كەچۈ-رەلمىدى. مېنى ئەپۇ قىلالماي بەك قىيىنىلىپ كەتكەن بولۇشى، ئۆزىنىڭ جاھىل مىجەزىدىن ئۆزى بىزار بولۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. خوتۇنۇم مېنىڭ راست گەپلىرىمگە ئىشەنگىلى ئۇنىمىدى. ئۇ ئىشنى قىزىقىپ مۇنداقلا قىلىپ سالغىنىمنى، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئايالغا كۆڭلۈم يوقلۇقىنى شۇنچە چۈشەندۈرۈپمۇ ئۇنى ئىشەندۈرەلمىدىم. گەپلىرىم پۈتۈنلەي راست بولمىغاندىمۇ تامامەن يالغان ئەمەس ئىدى.

— ئاۋارە بولماڭ، ئەمدى بۇ گەپلەرنى دېگەننىڭ نېمە پايدىسى.

— گېپىم راست.

— سىز راست گەپ قىلىدىغان ئادەم ئەمەس.

مېنىڭ ھېلىقى ئىشنى چىن كۆڭلۈمدىن ئەمەس شۇنداقلا بىر قىلىپ سالغانلىقىمغا خوتۇنۇملا ئەمەس، مەن تونۇيدىغان، مېنى تونۇيدىغانلارنىڭ ھېچقايسىسى ئىشەنمەيدىغاندەك قىلاتتى. ئۆزۈممۇ ئىشىنەلمىدىم.

— بىر-بىرىمىزنى تاشلاشمايلى، مەن خوتۇنۇڭدىن ئاجراش دەپ تۇرۇۋالىدىغان ساراڭلاردىن ئەمەس. مۇھەببىتىمىزنى قەدىر-لەپ ئۆتسەكلا كۇپايە.

يامغۇرلۇق يەكشەنبىدىكى ئىشتىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ ئۇ ماڭا تېلېفون بەردى. ئۇنىڭ سۆيگۈگە مەڭگۈ قانمايدىغاندەك كۆرۈنى-دىغان بىرجۈپ چىرايلىق كۆزى يادىمدىن كەچتى.

— بۇ شۇنداقلا بىر ئىش، بۇنى مۇھەببەت، يەنە بىر نېمە، دەپ تۇرۇۋالسىڭىز بولمايدۇ.

شۇنداق دەۋېتىپ يۈرىكىم ئاغرىپ كەتتى. تېلېفوننىڭ گىر-ژىلدىغان ئاۋازى كۆڭلۈمنى بەكلا پاراكەندە قىلىۋەتتى.

مەن قىيىن كۈندە قالدىم، ئائىلەم بۇزۇلۇپ كېتىشى مۇم-كىن. ئەمدى كۆرۈشمەيلى.

— بولدى، كۆڭلىڭىزنى چۈشەندىم، ئەر كىشى دېگەن زادى بىرسىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئوچۇق دېمەيدۇ، كۆڭلىڭىزدە بىرلا مېنىڭ بارلىقىمغا تولۇق ئىشىنىمەن، ئازراق ۋاقىت ئۆت-سۇن، بۇ ئىشلارمۇ بېسىقىپ قالىدۇ.

ئۇنىڭ تەمكىن، سالماق ئاۋازى مېنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ يىغلايدۇ، تېلېفوندا ۋارقىراپ - جارقىرايدۇ، مېنى ئالدامچى، يۈزسىز، ئادەم ئەمەس، دېگەندەك سۆزلەر بىلەن تىللاپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم.

ھاياتتا ئۇتسىنىمەن دەپ قولنى كۆيدۈرۈۋالىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ.

بىر يۈتىنى ئاياپ ماڭىدىغان توختەك موماينىڭ ماڭا ئالى-يىپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتكىنى يادىمدىن كەچتى. بۇ مومايمۇ ئاشۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان چېغى. خوتۇنۇمغۇ مەيلى، مۇنۇ موماينىڭ ماڭا كۆز ئالايتىپ يۈرۈشىنى پەقەت چۈشەنمىدىم.

— ھېچكىمنىڭ يامانغا يانتاياق بولغۇسى كەلمەيدۇ.

ناۋادا مەن موماينىڭ ماڭا يامان كۆزدە قارىغانلىقىنى دېسەم خوتۇنۇم چوقۇم شۇنداق دەيدۇ. ئۇ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ھېسداش-لىقىغا ئېرىشىشى مۇمكىن ئىدى. باشقىلار مېنى ۋىجدانسىزلىق-تا ئەيىبلىسە، شاللاق بىرنېمىكەن دەپ تىللىسا ئۇنىڭ كۆڭلىدە مەمنۇنلۇق، رازىمەنلىك پەيدا بولىدىغانلىقىنى جەزم قىلدىم.

مېنىڭ ئارزۇلىرىمنىڭ بىرىمۇ ئەمەلگە ئاشمايدىغان بولدى.

مەن چامادانغا ساقال ئالغۇچنى سېلىۋېتىپ ئۇھ تارتىپ قويدۇم.

كۆك رەڭلىك چامادانغا نەرسە-كېرەكلىرىنى سېلىۋاتقان ئا-دەمگە نەزەر سالدىم، كۆڭلى پەرىشان بۇ ئادەم مەن ئىدىم. مەن

ئۆزۈمگە سەپسېلىپ قارىدىم. ئۆزۈمنىڭ ئەپتىگە، يۈرىكىگە نەزەر سالدىم.

ئۇنىڭ شۇنداق شېرىن خىياللىرى بولغان.

ئىستەكلىرى بىر-بىرىدىن چىرايلىق ئىدى.

ئارزۇلىرى يۈرىكىدە بېلىقتەك ئۈزۈپ ئوينايتتى.

ئۇ دىمىق ئىسسىقتا تەرلەپ ئولتۇرۇپ تاماكا چەككىنىچە تاتلىق ئارمانلارنىڭ قوينىغا كىرىپ كېتەتتى.

كىتاب ئوقۇۋېتىپ كۆزلىرى تېلىپ ئۇيقۇسى كەلگەن چاغلاردا ئۆزىنىڭ قىلماقچى بولغان، هازىرغا قەدەر قىلالمىغان ئىشلىرى، ئۇندىن باشقا چىرايلىق ئارمانلىرى توغرىلىق كۆڭۈل-لۈك خىياللارغا چۆمۈلۈپ كېتەتتى.

ئىككى مو يەردە باغ بىنا قىلىش ئىستىكى ئەمەلگە ئاشسا، يەكشەنبە كۈنلىرى ئاشۇ باغدا ئىشلىسە، تاللارنى پۇتىسا، كۆك-تاتلارنى ئوتىسا، بىرنەچچە قوي بېقىپ، يېڭى تۇغۇلغان قوزىلار-نىڭ ئاۋايلاپ دەسسەپ، تەمتىرەپ مېڭىشلىرىنى، ئانا قوينىڭ ئۇستىبېشى هۆل قوزىلىرىنى يالاشلىرىنى تاماشا قىلسا ...... باغدىكى ئېگىز ئۆرۈك، جىگدىلەرنىڭ شېخىغا قونۇۋالغان كاك-كۇكلارنىڭ سايراشلىرىنى ئاڭلاپ، يۇمشاق كۆك قۇمدا هۇزۇرلى-نىپ يانپاشلىسا ......

ئۇ ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا خوتۇنىغا ئىككى مو يەردە باغ قىلىش خىيالىنىڭ بارلىقىنى دېگەندە خوتۇنى پوپايكا توقۇۋاتقا-نىدى. شۇ چاغدا تار ئۆي ئىسسىقتىن دىمىق بولۇپ كەتكەنىدى.

— نېمىشقا ئىككى مو يەردە باغ قىلىدىغان بولۇپ قالدى-ڭىز، بەش-ئالتە مو بولسا ياخشى ئەمەسمۇ.

خوتۇنى بېشىنى كۆتۈرمەي مۇشۇ گەپنى قىلغاندا ئۇ هەيرانلا قالغانىدى.

— بەش-ئالتە مو يەر نەدە تۇرۇپتۇ، ئىككى مو بولسا يېتەر-لىك.

— ئىزدىسە تېپىلىدۇ.

ئۇنىڭ باغ بىنا قىلىشى خوتۇنىغا ھېچقانچە تەسىر قىلمايدىغاندەك قىلاتتى، ئۇ دېگەندەك بەش- ئالتە مو باغ قىلسىمۇ خوتۇنى يەنىلا بۇنداق ئىشلارغا قىزىقمايدىغاندەك قىلاتتى.

ئۇ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۆزى بىنا قىلماقچى بولغان، كاككۇكلار سايراپ تۇرىدىغان باغنى بەك تولا خىيال قىلدى، ئەمما خوتۇنى ئۇ باغنى بىرەر قېتىممۇ سوراپ قويمىدى. ئۇ نۇرغۇن ۋاقتىنى باغ بىنا قىلىش ئىستىكىنىڭ كۆيدۈرۈشى بىلەن ئۆتكۈزدى. شۇنچە ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ ئىشىكنى يەڭگۈشلىۋېتىش، ھويلىغا بىر تۈپ دەرەخ تىكىش دېگەندەك ئارزۇلىرى ئەمەلگە ئاشمىغاندەك، باغ بىنا قىلىش خىيالىمۇ خىيال پېتى قېلىۋەردى.

ئۇ ھېلىقى ئىككى پارچە كىتابنى چامادانغا سېلىپ بولۇپ ئېلىۋەتتى، ئارقىدىن يەنە ئۇبدان جايلاشتۇرۇپ سېلىپ قويدى. ئۇ بۇ ئىككى پارچە كىتابتا كىشىنىڭ ئەتىسى ھەققىدە يول كۆرسىتىدىغان بىرەر خاسىيەت باردەكلا ھېس قىلاتتى، ئەمما تا ھازىرغىچە ئوقۇپ بولالمىدى. ئۇ بەزىدە بۇ كىتابلارنى مەڭگۈ ئوقۇپ بولالمايدىغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇ كىتابلارغا خاتا نەرسە يېزىلمايدۇ، دېگەن گەپكە نېمىشقا ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. كىتاب بولغانىكەن چوقۇم توغرا بولىدۇ، دەيدىغان بىر تۇيغۇ كىچىكىدىن باشلاپ كاللىسىدا ھۆكۈمران ئىدى. تۇنجى قېتىم ياخشى كىتابلارمۇ، يامان كىتابلارمۇ بولىدۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلىغاندا ھەيران قالغانىدى. شۇ گەپنى دېگەن كىشى ناھايىتى بىپەرۋا ھالدا: بەزى ئادەملەر ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش ئۈچۈن كىتاب يازىدۇ، ئۇنداقلارنىڭ يازغانلىرى ساپلا يالغان بىرنېمىلەر، دېگەنىدى. ئۇ كىتاب ھەققىدە دېيىلگەن بۇنداق ھاقارەتلىك گەپنى ناھايىتى ئۇزۇنغىچە خىيالىدىن چىقىرىۋېتەلمىدى. نېمە ئۈچۈن خاتا گەپلەر كىتاب قىلىپ يېزىلىدۇ، دېگەننى ئويلاشقا رىغبىتى بولمىدى. ئۇنىڭ باشتىن- ئاخىرى ئويلايدىغىنى كىتابلارغا ئەڭ توغرا سۆزلەر يېزىلىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت بولدى.

مەن ئورومچە نەرەر سىيىنوبىسىپ دادامنىڭ بەك جىق بىر-نەرسىلەرنى يازغانلىقىنى ئويلاپ قالدىم.

دادامنىڭ كىتابلىرى، قارا چىراغنىڭ يورۇقىدا مۆكچىيىپ ئولتۇرۇپ بىرنېمىلەرنى يازغان ئۇلۇغۋار قىياپىتى يادىمغا يەتسە ئاجايىپ تۇيغۇلار ئىچىدە قالاتتىم.

ئۇنى-بۇنى يازىدىغان، توختىماي كىتاب ئوقۇيدىغان ئىمىن ھەسەن بىلەن قارا چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلاشقاندا مۇشۇ توغرىلىق سوراپ بېقىۋىدىم، ئىمىن ھەسەن قوللىرىنى ئاچچىق بىلەن سىلكىپ قويۇپ:

— بەزى ئادەملەر قىلغىلى قىلىق تاپالمىغانىدەك ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى، گەپلىرى تاققا - تۇققا، تەتۈر ئادەملەرنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىغۇلۇق، بەزىلەر ئالدىمىزغا ئۆز-ئۆزىلىشىنىڭ كويىدا يۈرىدۇ، — دېگەنىدى.



كەلگۈسى توغرىلىق يېزىلغان بۇ كىتابنى ئىمىن ھەسەن كۆرگەنمۇ - يوق بىلگىلى بولمايدۇ. بىراق، بۇ كىتابنى قالايمىقان بىرنېمىلەر دېيىلگەن كىتاب، دېگىلى بولمايدىغاندەك قىلاتتى.

مەن سىلكىنسەم بولاتتى. روھىمدىكى چاڭ-توزانلار سۈپۈ-رۈلۈپ كەتسە ئوبدان بولاتتى.

مەن ئۆزۈمنىڭ ئۆتكەن كۈنلىرىمنى كۆز ئۆڭۈمدىن ئۆت-كۈزدۈم. ئۆز-ئۆزۈمگە باشقا بىر ئادەمنىڭ نەزەرىدە قاراپ باق-تىم، باشقا بىر دۇنيانىڭ يوچۇقلىرىدىن ئۆزۈمگە نەزەر سالدىم.

خوتۇنۇم ھەربىر ھەرىكىتىمنى كۆزىتىپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ شۇ ھالدا ئاشخانا ئۆيدە يا بولمىسا مېھمانخانىنىڭ بۇلۇڭىدىكى ساپادا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا مېنىڭ نېمە قىلماقچى بولغىنىمنى پەرەز قىلىپ بولالماي رەللە بولۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ھېچ ئىش بولمىغاندەك بەخىرامان ئولتۇرغان بو-لۇشىمۇ مۇمكىن... كۆل رەڭ مۈشۈك ئۇنىڭغا يۇمشاق دۈمبى-سىنى سۈركەپ تۇرۇۋاتسا كېرەك. ئەتىگەنلىرى ناشتا قىلىۋات-قاندا، گېزىت ئوقۇغاچ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقاندا، مۈشۈك چېقىر

كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ ئىپادىسىز قاراپ تۇراتتى. بۇنداق چاغدا مۇشۇك كۆزۈمگە بەكلا بەتبەشىرە كۆرۈنۈپ كېتەتتى. مۇشۇكنىڭ ئۇزۇن بۇرۇتلىرى ناھايىتى كۈلكىلىك ئىدى. خوتۇنۇم مۇشۇككە نان چايناپ بېرەتتى. ئۇ ھەرقېتىم يۇمشاق چاينالغان ناننى مۇ- شۇكنىڭ تازا پاكىز بولمىغان كىچىك تەخسىسىگە سالغانلىرىدا كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالاتتى.

— بىز نېمىشقا مۇشۇك باقىمىز، چاشقان يەيدىغان يىر- گىنچلىك بىرنەرسە ئەتراپىمىزدا بىز بىلەن تەڭ مېڭىپ يۈرسە قانداق بولىدۇ؟

— بۇ مۇشۇك چاشقان يېمەيدۇ، كۆرمەيۋاتامسىز، ئۇ ئادەم- دىنمۇ پاكىز.

خوتۇنۇم شۇ گەپنى دەپ بولۇپ، ماڭا يالتتىدە قاراپ قوي- دى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق سوغۇق قاراشلىرى جان- جېنىمىدىن ئۆتۈپ كېتەتتى. مۇشۇكنىڭ قاراشلىرىمۇ كۆزۈمگە بىر قىسمىلا كۆرۈ- نەتتى.

يامغۇر ياغقان يەكشەنبىدىكى ئىش يۈز بېرىپ ئىككى يىل- دىن كېيىن خوتۇنۇم مۇشۇ كۆل رەڭ مۇشۇكنى بېقىۋالدى. جان — جانىۋارغا ئامراق بولسامۇ، نېمىشقىدۇر بۇ مۇشۇككە بەك ئۆچ ئىدىم. ماڭا خۇددى ئايالىم ئۆزىنىڭ نەزەرىدىكى بۇ ۋاپاسىز دۇن- يادا مۇشۇ مۇشۇك ئارقىلىق مېھرىگە ئېرىشمەكچى بولغاندەك تۇيۇلۇپ قالاتتى.

مەن بۇ مۇشۇك بىلەن توختەك مومايىنىڭ بىر يەرلىرى ئوخشايدىغاندەك ئويلايتتىم.

— يېشى قىرىقتىن ئاشقاندىمۇ ئاشنا ئويناپ يۈرۈش دېگەن ئادەمنىڭ قىلىقىمۇ، ئېرىڭىز بەكلا ئوسال ئادەمكەن قىزىم، ئۆ- زىڭىزگە پۇختا بولۇڭ.

مەن ئىچكىرىكى ئۆيدە تۇرۇپ توختەك مومايىنىڭ خوتۇنۇمغا شۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇ مېنى ئۆيدە يوق دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. مەن دېرىزىدىن ئۇلارغا قاراپ تۇرغاند-

دىم. موماي شۇ سۆزلەرنى دەۋاتقاندا مۇشۇكنىڭ دۇمبىسىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ ئولتۇرغانىدى.

ــــ چاشقان تۇتمىسا ئۇنى مۇشۇك دېگىلى بولمايدۇ.

ــــ مۇشۇك دېگىلى بولمىسا نېمە دەيمىز، چاشقان تۇتسۇن ـ تۇت- مىسۇن ئۇ بەرىبىر مۇشۇك تۇرسا.

مەن مۇشۇكنىڭ خوتۇنۇم چايناپ بەرگەن ناننى قىزغۇچ تىللىرى بىلەن يالاپ ئاستا يېيىشلىرىگە قاراپ كۆڭلۈمگە ياماش- قان ئەلەم ھەم غېرىبلىقنىڭ دۇت ـ بوغۇناقلىرىدىن تىنالمايلا قالدىم.

مۇشۇكنىڭ بېشىنى يېنىك سىلكىتىپ خوتۇنۇم چايناپ بەرگەن ناننى يېيىشلىرىگە بەكلا ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدىم. يامغۇر ياغقان يەكشەنبىدىن ھازىرغىچە ئون يىل بولۇپتۇ. مەن كۆزۈمگە سەت كۆرۈنىدىغان مۇشۇككە، مۇشۇككە نان چايناپ بېرىدىغان خوتۇنۇمنىڭ سوغۇقلۇق چىقىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ ئون يىل ئۆتۈپ كەتكىنىنى تۇيمايلا قالغانىدىم.

ــــ مەن ئەمدى كەلمەيمەن، مېنى ساقلىماڭلار.

بۇ گەپلىرىمگە خوتۇنۇممۇ، مۇشۇكمۇ پەرۋا قىلمىدى. بەل- كىم ئاڭلىمىغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇ چاغدا سىرتتا ناھا- يىتى كۈچلۈك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. بەلكىم پەس ئۇچقان ئايرو- پىلاننىڭ ئاۋازى بولسا كېرەك. يىگىناغۇچ تۇتۇپ ئوينايدىغان بىر بالا چەت ـ چۆرىلىرى جىگدە بىلەن چىتلانغان، جىگدىلەرگە ئۆرىدانلار يامىشىپ ئۆسكەن باغدا يالغۇز ئويناپ يۈرەتتى. يىگىنا- غۇچ ئۇنىڭغا ئايروپىلاندەك، ناھايىتى ئېگىز ئۇچۇپ كېتىۋاتقان، بالىنىڭ تەسەۋۋۇرىغا سىغمىغۇدەك سىرلىق نەرسە بولغان ئايرو- پىلان، يىگىناغۇچ بولۇپ كۆرۈنەتتى.

بالىلىقنىڭ شادىمان خىياللىرى، تاتلىق ئارمانلىرى، شې- رىن ئارزۇلىرى توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان مەھەللىدىكى كونا ئۆيدە يۈرىكىدە ئوت يېنىپ تۇرىدىغان بالىنى گۈزەل ھاياجانلارنىڭ ئىسسىق باغرىدا ئەللەيلەتتى. ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ

بۇ دۇنيانىڭ سوغۇققا مايىل مەسخىرىلىك تەبەسسۇملىرى ئالدىدا گاڭگىراپ قالغانلىرىدا بالىلىقى يادىغا يېتىپ قالاتتى.

مەن ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، ھېلىقى گەپنى يەنە بىر قېتىم دېدىم، ئۇلار بۇ قېتىم پەرۋا قىلمىغان ھالەتكە كىرىۋال-غاندەك قىلاتتى. مۈشۈك چېقىر كۆزلىرىنى مىت قىلىپ قويمى-دى، خوتۇنۇم كەشتىسىنى تىكىۋەردى، مۈشۈنداق چاغدا ئۇنىڭ قولىغا يىڭنە كىرىپ كەتسە بولاتتى، مۈشۈك ئېچىنىشلىق مى-ياڭلاپ كەتسە بولاتتى. مەن ئۆيدىن چىقىپ كېتىمەن، دېگەن گەپنى تۈنجى قېتىم قىلىۋاتاتتىم. خوتۇنۇمنىڭ پەرۋاسىزلىقى مېنى ھەيران قالدۇرۇۋەتتى. مېنىڭچە مەن، ئۆيدىن چىقىپ كې-تىمەن، دېگەن گەپنى ئىلگىرى دېمىگەن بولۇشۇم مۇمكىن، چا-مادانني ئېلىپ مېڭىشىممۇ تۈنجى قېتىملىق.

يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىدە ئۆزۈم ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان قارا رەڭلىك بىرنەرسىنىڭ پەيدا بولغىنىنى، ئاندىن بۇ نەرسىنىڭ قارا تۇتۇندەك يېيىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

چامادان ئېغىر ئىدى، قۇياشنىڭ پارلاق نۇرى جىلۋە قىلغان كۆك ئاسماننى، ھاياتنىڭ ئىسسىق تىنىقلىرىدىن ئىلىپ كەت-كەن، گۈللەر ئېچىلغان كەڭ دالىنى سېغىندىم. ھەيۋەتلىك بۇ-لۇتلار بىپايان ئاسماندا ئۈزۈپ يۈرەتتى، يامغۇر توختىغانىدى. قۇشقاچ توپلىرى پات-پات باش ئۈستۈمدىن پۇرۇلداپ ئۇچۇشۇپ ئۆتەتتى.

توختەك موماي بىر پۇتىنى سۆرەپ ئاستا كېلىۋاتاتتى، ئۇ بىر تەرىپىنىڭ تاسمىسى ئۈزۈلۈپ كەتكەن قارا كىلىيونكا سومكا كۆتۈرۈۋالغانىدى. سومكىدىن سولاشقان غولپىياز بىلەن كەرەپشە كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

قولۇم - قوشنىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى توختەك موماي، دې-يىشەتتى. مومايىنى بۇنداق چاقىرىشىدىن خەقلەرنىڭ ئۇنى كۆزگە ئىلمايدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى، مەن بەزىدە مومايغا ئىچ ئاغرى-تىپ قالاتتىم، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا «توختىخان ئانا» دېگەن ئا-

تاق نىسىپ بولمىغانلىقىنى چۈشىنەلمەيتتىم.
توختەك موماي چامادان كۆتۈرۈپ ماڭغىنىمنى كۆرۈپ خۇنسىز كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ ماڭا تەئەججۇپ بىلەن قاراپ قويدى. كۆڭلۈمدە ئۈمىد ھەم خۇشاللىققا ئوخشايدىغان بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى. نەچچە يىللاردىن بۇيان قوشنا ئولتۇرغان موماي كۆزۈمگە بۈگۈن باشقىچە ئىسسىق كۆرۈنۈپ كەتتى. مومايىنىڭ كۆزگە ئاسانلىقچە سىغدۇرغىلى بولمايدىغان ئەپتىگە قاراپ مۇشۇنداق مومايلارنىڭ ھاياتىنىڭ يالدامىلىرى ئىكەنلىكىنى، تۇرمۇشنىڭ تەۋەررۇكلىرى بولۇشقا مۇناسىپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ كەتتىم. موماي مېنىڭ ئەمدى قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىمنى بىلمىسە كېرەك. موماي بىلەن ئوبدانراق خوشلىشىپ قويايمىكىن، دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدىم. مەن يوقاپ كەتسەم مېنى ئەسلەيدىغانلارنىڭ ئىچىدە مۇشۇ مومايمۇ بولۇشى مۇمكىن ئىدى.
بىردىنلا مومايىنى يۈلىۋالغۇم، ئۇنىڭ بىلەن بىردەم ئولتۇرۇپ مۇڭداشقۇم كەلدى. مۇشۇ موماي ھەم مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان يالغۇز قېرىلارنىڭ يۈرىكىدە بېسىلىپ، توپا بېسىپ كەتكەن ناھايىتى نۇرغۇن ھەسرەتلىرى بار، ھايات ئۆتتۈپ كەتكەن، تۇرمۇش تاشلىۋەتكەن بۇنداق تەنھا مومايلارنى ياد ئېتىدىغانلار، ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغانلار نەدە تۇرۇپتۇ. بىز ھەممىمىز كۆز ئالدىمىزدىكى دۇنيانىڭ توپىلاڭ يوللىرىدا كېتىۋاتقان ئادەملەر، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئالدىدا كېتىۋاتقانلارنىڭ بارغانسېرى قەدىمىمىز قىسقىراپ بىرلەپ- ئىككىلەپ ئارقىدا قېلىشقا باشلايمىز، ئالدىدا مېڭىشقا، ھېچ بولمىسا كىشىلەرنىڭ كەينىدىن يېتىشىپ مېڭىشقا جېنىمىزنىڭ بارىچە كۆچەيمىز، بىراق بارا-بارا ئارقىغا تاشلىنىپ، ئاخىرىدا ئالدىدا كېتىۋاتقانلارنىڭ ئايىغىدىن كۆتۈرۈلگەن توپا-چاڭلارنىڭ ئارىسىغا كۆمۈلۈپ يوقاپ كېتىمىز، دۇنيانىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىمىز... مەن بۇ گەپلەرنى بىر يەردىن ئاڭلىغان ياكى بىرەر كىتابتىن ئوقۇغان بولۇشۇم مۇمكىن، يا بولمىسا جاھاننىڭ ئىشلىرىغا تىكىلىپ

تۇرىدىغان كۆزلىرىم ماڭا: سەن ياشاۋاتقان دۇنيا مۇشۇنداق بولىدۇ، دەپ ئۇچۇر بەرگەندۇ. مۇنۇ موماي ئۇنتۇلۇپ كەتكەن، چاڭ مانانلار ئارىسىدا، هاياتنىڭ يوللىرىدا تىرمىشىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ بىرى. مەن بۇ مومايىنىڭ يۈرىكىدە بۇ دۇنياغا بولغان مېهرى هەم ئۈمىدى ئۆچمىدى، دېگەنلەرنى ئويلىدىم. مېهىر هەم ئۈمىد مۇشۇ دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق نەرسىلەر ئىدى.

مومايغا قاراپ خوتۇنۇمنىڭ مەڭگۈ ياش چىقمايدىغان كۆزلىرىنى ئەسلەپ قالدىم، مومايىنىڭ مۈكچەيگەن قەددى كىشىنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرەتتى، بۇ دۇنيانىڭ شېرىنلىكى ئالدىدا ئۇنىڭ ئالدامچىلىقلىرىنى كەچۈرۈشكە بولىدۇ. نەچچە يىل ئىلگىرى قانداقتۇر بىر ئىش بىلەن مومايىنىڭ ئۆيىگە كىرگەن چېغىمدا ئۇنىڭ ياش ۋاقتىدا چۈشكەن سۈرىتىنى كۆرگەن، ئۇ چۆرىلىردىگە چىرايلىق نەقىش ئىشلەنگەن رەڭسىز سۈرەت ئىدى. سۈرەتتىكى قىزنىڭ مەڭزىدىكى زىناق كۈلۈپ تۇراتتى، يەنە بىر جۈپ كۆزىمۇ كۈلۈپ تۇراتتى. قىزنىڭ زىيادە قويۇق هەم قېلىن قاشلىرى ماڭا بىر قىسما تۇيۇلغانىدى. نېمىشقىدۇر بۇ قارا هەم قويۇق قاش بۇ قىزنىڭ جامالىغا نۇقسان يەتكۈزۈۋاتقاندەك، كۆڭلۈمگە پەقەت ياقمىغانىدى.

سۈرەتتىكى ئاشۇ چىرايلىق، قويۇق قارا قاشلىرى كۆزگە سەل بىر قىسما كۆرۈنىدىغان گۈزەل قىزنىڭ مۇشۇ دۈمچەك مومايغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئويلاش كىشىنى بىئارام قىلىدۇ. بۇنىڭ سىرلىرىنى بىلىش ئۇچۇن نۇرغۇن ۋاقىت كېتىدۇ. قېرىغاندا ئادەم مۇشۇنداق بولۇپ قالىدۇ، دېگەن گەپنى هەممە ئادەم بىلىدۇ. ياشلىق گۈللىرىنىڭ قانداقلارچە تىۋىشسىز، جىمجىتقىنا سولىشىپ، توزۇپ كەتكىنىنى، قېرىلىقنىڭ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنى، روهىنى قانداقلارچە ئىسكەنجىگە ئېلىپ، هاياتنى زەبۇن قىلىدىغانلىقىنى بىلمەك تەس. سۈرەتتىكى ئاشۇ قىزنىڭ دۈمچەك مومايغا ئايلىنىپ قېلىشىنى ئەسلەشمۇ، ئويلاشمۇ مۈشكۈل، كېلىشمىگەن ئىش. شۇنداقلا قارىغاندا بۇ يەردە سېهىر

ئەپسۇن، جادۇگەرلىك بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.
— بۇ سىزنىڭ ياش ۋاقتىڭىزمۇ.
— شۇنداق.
— بەك چىرايلىقكەنسىز.
— شۇنداق، ئەمما ئەمدى بۇنىڭ نېمىگە پايدىسى. مەن ئۇ كۈنلەردە ئۆزۈمنىڭ بىر كۈنلەردە قېرىپ ھېچكىم قاراپ قويمايدىغان ھالغا كېلىپ قېلىشىمنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم.

مەن بۇ مومايىنى ئاجايىپ چۆچەكلەرنى بىلىدۇ، دەپ ئويلايتتىم، ئۇنىڭ يەنە بېشىدىن ناھايىتى نۇرغۇن قىسمەت، كەچمىشلەرنىڭ ئۆتكەنلىكىگە ئىشىنەتتىم، ئۇنىڭ تۇرقىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان غېرىبلىق، بىچارىلىك ئادەمنى ساراسىمىگە سالاتتى. ئۇنىڭ بالىلىرى بىرەر ناھەق ئىشقا چېتىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن بولۇشى، نەۋرىلىرىدىن خېرىئىنغا كۆنۈپ قېلىپ ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىۋەتكەنلەر چىققان بولۇشى مۇمكىن. مومايىنىڭ ئېرىنى ساقاللىرى قىزغۇچ، كۆزلىرىدىن ۋەھشىيلىك تېمىپ تۇرىدىغان قىمارۋاز ھالىتىدە ئويلايتتىم. مېنىڭ بۇنداق خىياللىرىم بىر قېتىم ئەمەس، بىرنەچچە قېتىم بولغان. موماي قىشنىڭ زېمىستان سوغۇقىدا، يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقلىرىدا دۇنيانىڭ جىمى ۋەھىمىسىنى يۇدۇۋالغاندەك دۈمچىيىپ، ھەسرەتلىك تەرزدە ئالدىمدىن ئۆتۈپ كەتكەندە ياكى مەن مومايىنى يانداپ ئۆتكەنلىرىمدە، بولۇپمۇ مومايىنىڭ ۋۇجۇدىدىن تارقىلىدىغان قانداقتۇر بىرنەرسىنىڭ قويۇق ھىدى بۇرنۇمغا ئۇرۇلغاندا، مومايىنىڭ قىمارۋاز ئېرىنى، ناھەق ئۆلۈپ كەتكەن ئوغلىنى، خېرىئىن چېكىدىغان نەۋرىسىنى يەنە بىر قانداق ئىشلارنى ئويلاپ كېتەتتىم.

بۇلتۇر كۈز كۈنلىرىدە توختەك موماي بىزگە قوشنا بولۇپ كۆچۈپ كەلگەندە ئىككى يىگىت مومايىنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، جايلاشتۇرۇشۇپ بەرگەنىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن مەن بۇ مومايىنى بىرەرسىنىڭ يوقلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرمىدىم.

تۆگمەننىڭ كويلىسىدىن، كونا ئازمىلاردىن كېلىدىغان نەم-لىشىپ چىرىگەن ياغاچنىڭ ۋە لاي سۇنىڭ ھىدى بىلەن توختەك موماينىڭ ۋۇجۇدىدىن تارقىلىدىغان پۇراق ئۇزاققا قالماي يەر يۈزىدىن يوقاپ كېتىدىغان نەرسىلەر بولۇشى مۇمكىن.

نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ماڭا پەرۋا قىلمايدىغان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بىراق مەن، ھامان بىر كۈنى مېنى كەچۈرىدۇ، دەپ ئويلاپ، كۆزلىرىگە تەمە بىلەن قارايدىغان خوتۇنۇمغا مۇشۇ خىياللىرىمنى ئېيتقىنىمدا، گەپلىرىمنى ئاڭلىغان ئايالىم چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەستىن: «ھەممىسى ساراڭنىڭ خىيالى بوپتۇ.» دېگەنىدى.

# ئىككىنچى باب



چامادان بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى. يامغۇر بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا يېغىۋاتاتتى.

سان- ساناقسىز ئادەملەر ماڭغان، ماڭىدىغان يولدا كېتىۋېتىپ كۆڭلۈمنىڭ قاراڭغۇلۇققا پېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم.

ئادەم دېگەننىڭ بەزىدە بىرەر ئادەم كېلىپ ئۆزىگە تەسەللىي بېرىشىنى ئارزۇ قىلىدىغان چاغلىرى بولىدۇ. ئادەم ئۈچۈن بۇ دۇنيادا ھەممىدىن مۇھىم بولغىنى ئادەم. ئادەملەر بىر-بىرىگە ئوتتەك قىزغىن مۇئامىلە قىلسا، بىرىنىڭ يىغىسى ئۈچۈن تەڭ يىغلىسا، كۈلكىسىگە تەڭ جور بولسا ئاندىن بۇ جاھان ئادەم ياشايدىغان جاھانغا ئايلىنىدۇ.

مەن نۇرغۇن قېتىم مۇشۇنداق خىياللارنى قىلغان، مۇشۇنداق ئويلىغانىدىم. ئەمما، كۆڭلۈمنى شۇنچە ئاختۇرۇپمۇ ئۆزۈمنىڭ كىملەر ئۈچۈن ياش تۆككىنىمنى، كۈلگىنىمنى، يەنە باشقىلارنىڭ مەن ئۈچۈن قاچان شادلىنىپ يا قايغۇرۇپ باققانلىقىنى ئەسلىيەلمىدىم.

يامغۇرلۇق يەكشەنبىدىكى ئىشتىن كېيىن مۇشۇنداق خىياللارنى تولا قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. قاپقارا چاچلىرى چېچىلىپ تۇرىدىغان، كۆزلىرىدىن ئوتتەك بىر ھەۋەس يېنىپ، ئۇدۇل يۈرەككە تۇتىشىپ كېتىدىغان ئاشۇ قىزنى ئويلىساملا گاڭگىراپ

قالاتتىم. مەن ھە دېگەندە ئۆزىنى يۇتۇنلەي بېغىشلىغىلى بولماي-دىغان، يەنە ۋاز كېچىشمۇ تەس بولغان بىر كېچىككە كىرىپ قالغاندەك قىلاتتىم.

ماڭىدىغان يول ئاخىرلىشىپ قالغاندەك، كەينىگە مېڭىش مۇمكىن بولمىغاندەك بۇرۇقتۇملۇق ئىچىدە تېپىرلايتتىم. كۆلۈپ تۇرۇپ كۆلەلمەيدىغان، مېڭىپ تۇرۇپ ماڭالمايدىغان، ئۆزۈمنىڭ جىسمىدىن، روھىدىن گۇمانلىنىدىغان ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغاندەك ياكى چۈشۈپ قالغاندەك ئىدىم. ھەسرەت-نادامەت دېگەن نەرسىنىڭ يىرگىنچلىك توزانلىرىنى يۇرقۇپ، كىشى يۈ-رىكىگە بوراندەك بۆسۈپ كىرىدىغانلىقىنى ئويلاپ كېتەتتىم. بۇ خۇددى ھىدى يامان نەرسىلەرگە چۆپىن، پاشا-كۆمۈتا دېگەندەك نېمىلەرنىڭ ئولىشىۋالغىنىغا، قاشاسىز ھويلىغا ئىت-مۈشۈك-لەرنىڭ خالىغانچە كىرىپ - چىققىنىغا ئوخشايتتى. تار كوچى-دىكى ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى يول بويىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تاماكا چەككەن، غازاڭلىرى تامام چۈشۈپ كەتكەن تېرەكتىكى تاشلاندۇق قۇش ئۇۋىسىغا قاراپ تۇرغان چاغلىرىمدا يۇرىكىم ئوچۇقچىلىقتا قالغاندەك، ئۆزۈمگە تەئەللۇق ھەممە نەرسە جىمى جاھانغا ئاشكارا ھالدا ئىسسىق قايىنغان باياۋاندا تاشلىنىپ يات-قاندەك ھېس قىلاتتىم. ھەممە نەرسە ئاشكارا بولۇپ كەتكەندىمۇ يۈرەكتىكى سىرلار، يۈرەكنىڭ ئۆزى پىنھاندا ساقلىنىشى كېرەك ئىدى. ھاياتىمغا نەزەر سېلىپ بېقىشىم زۆرۈر ئىدى، ئۆز يۈرد-كىمگە ئىگە بولالمىغىنىمنىڭ ۋەجىنى بىلىشىم كېرەك ئىدى، خوتۇنۇم مېنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى، دېيىشتىن ئۇ-يۇلاتتىم. ئالدىنقى قېتىم كەچمىشلىرىمدىن خۇلاسە چىقارماقچى بولغاندىم. بۇنىمۇ قىلىپ بولالمىدىم. تېرىچىلىك قىلىدىغان ئاغىنەم ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ: ئادەمدەك ئىشتىن بىرەرنىمۇ قىلالماپتۇق جۇمۇ، ئىسىت، دېگەندە، ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بول-غىنىنى بىلەلمىگەنىدىم. ئۇنىڭ ئادەمدەك ئىش قىلىش، دېگەن گېپىدە، ئادەمدەك بولۇشنىڭ ئادەتتىكى ئىش ئەمەسلىكى چىقىپ

تۇراتتى. تېرىچى بۇرادىرىم ئادەمدەك ئىش قىلالماپتۇق، دېگەندە نېمىنى كۆزدە تۇتقىنىنى بىلگىلى بولمايدۇ، بىراق مەنمۇ شۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ ئادەمدەك قىلغان ئىشىمدىن نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى دەپ بېرەلمەيدىغانلىقىمنى ئۇنىسىز ئېتىراپ قىلغانىدىم. نۇرغۇن ئويلىنىشلاردىن كېيىن: بۇنداقلار يالغۇز مەنلا ئەمەس، دەپ ئۆزۈمگە تەسەللىي بەرگەنىدىم.

ئىمىن ھەسەن ئادەمدەك ئىش قىلالىدىمۇ ـ يوق، دېگەنلەرنى ئويلىغان چاغدا قانداق ھېسسىياتتا بولىدىغاندۇ.

تېرىچى ئاغىنەمنىڭ گېپىنى ئىمىن ھەسەنگە دەپ باقاي دەپ يەنە دېمىدىم. ئىمىن ھەسەن مېنىڭ بەزى ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگىنىمدىن نارازى ئىدى. ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ خىلى بىلەن ئەسرار بولۇشى كېرەك، تايىنى يوق ئادەملەر بىلەن تولا ئارىلاشسا ئادەم بەتخۇي بولۇپ قالىدۇ، دېگەن گەپنى ئىمىن ھەسەن تولا دەيتتى.

ئىمىن ھەسەن يەنە، سابىت نۇرنىڭ ئىسلاش قاۋاقخانىلاردا ئۇدۇل كەلگەن بىركىملەر بىلەن ئۇلپەتلىشىپ ئولتۇرغىنىدىن، شۇنداق سورۇنلاردا دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتقىنىدىن نارازى بولاتتى.

ئىمىن ھەسەن سابىت نۇرنىڭ قىلىقلىرىدىن ئۆزىگە يامان نام يۇقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

— بىر يۇرتتا بىر ئادەم سۇتكە سۇ قوشسا شۇ يۇرتتىكى باشقا سۇتچىلەرنىڭ ھەممىسى ساختىپەز، قىزىلكۆز ئاتىلىپ قالىدىغان ئىش بار. سابىت دېگەن ئاداش بىلەن بىر كەسپتە بولۇپ قالغىنىمدىن نومۇس قىلىپ قالىمەن.

ئىمىن ھەسەن بىزنىڭ ئۆيدە قىزىل چاي ئىچىپ ئولتۇرغاندا شۇنداق دېگەنىدى. شەھەردىكى باشقا ئادەملەرنىڭ، كىمنىڭ ياش تۇرۇپ قورساق سېلىپ كەتكەنلىكى، كىم بىلەن كىمنىڭ ھاراق سورۇنىدا جېدەللەشكىنى، قايسى قىزنىڭ يولدىن چىقىپ كەتكىنى، مۇشۇنداق مېڭىۋەرسە ئۇنىڭ بېرىپ كىملەرنىڭ ئۆيدە-

نى بۇزۇش مۇمكىنلىكى بارلىقى دېگەندەك ئىشلار توغرىسىدا ئۇزۇن باش قاتۇرغاندىن كېيىن، گەپ چۆرگىلەپ يەنە سابىت نۇرغا كېلىپ توختىدى، شۇ چاغدا ئىمىن ھەسەن ئاچچىقلاپ تۇرۇپ :

— سابىت نۇرغا دەپ قويۇڭ ئۇكا، ناخشا ئوقۇدۇم دەپ ئاغزىغا كەلگەننى دەۋەرمىسۇن، «كۆزۈڭ كورمۇ ئەي جاناب، نەدە قالدى ۋىجدانىڭ» دېگەن ناخشىسىنى كىمگە دارىتمىلاپ دېگىنىد- نى گاس، گاچا ئادەممۇ بىلىۋالالايدۇ. بۇ ئېنىقلا سايىم مۇدىرنى تىللاپ ئوقۇغان بىرنېمىسى ئۇنىڭ ... دىققەت قىلسۇن، ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلمىسۇن ... دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى.

ئىمىن ھەسەن شۇنداق دېگەندە مەن ھەيرانلا قالغانىدىم.

بۇ گەپنى سابىت نۇرغا دېۋىدىم ئۇ كۈلۈپ كەتتى.

— قاراڭ بۇ ئىمىننى، خېلى غەرەز ئاڭقىرىدۇ دېسە دەۋاتقان گېپىنى، سايىم مۇدىر دېگەن كىم، مەن نەدىن بىلىمەن، بۇ ئۆزى شۇنداقلا ئېيتىلغان ناخشا، مەن ئۇنى سايىم مۇدىرنى تىللاي دەپ ئەمەس، ۋىجدانى ئۆلگەن، ئاق-قارىنى پەرق قىلالمايدىغان بىر قىسىم كىشىلەرگە دوققا بولسۇن دەپ ئوقۇغان ناخشا ئۇ .....

سابىت نۇر، ئىمىن ھەسەن يەنە مەن، ئىمىن كاۋاپچى دې- گەنلەر تۇرمۇشنىڭ ئۆزىمىز كىرىۋالغان يوللىرىدا قوللىرىمىز- نى پۇلاڭلىتىپ، پات-پات كەينىمىزگە قاراپ قويۇپ مىڭلىغان خىياللارغا ئەسىر بولۇپ كېتىپ بارىمىز. ئۇزۇن چاچلىق ئادەم بىلەن سەلىم موزدۇز بىر-بىرىگە مىختەك، زىقتەك سۆزلەرنى قىلىشىپ بىر-بىرىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەپ كۈن كەچۈرىشىدۇ. توختەك موماي ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش ۋۇجۇدى مۇكچىيىپ، رو- ھى قېرىپ ھالسىرىغان، ھاردۇق يەتكەن ئادەملەرنىڭ قورۇلۇپ كەتكەن يۈرەكلىرىدىكى ھەسرەتلىرى بۇ دۇنيادا مەڭگۈلۈك سىر پېتى قېپقالىدۇ.

كۆك رەڭلىك چامادان كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان ئادەم يامغۇرنىڭ سالقىنى بىلەن يېقىشلىق بىر ھالغا كەلگەن ھاۋانى سۈمۈرۈپ

راھەتلىنىپ نەپەس ئالدى. يول بويىدىكى ئېگىز بىنالار، ھەر تە-رەپكە تارتىلغان يوللار، سىم توساقلار، دەل-دەرەخلەر، يامغۇرلۇق بۇلۇتلار ئېسىلىپ تۇرغان ئاسمان... ئۇ مۇشۇ نەرسىلەر مەن ياشاۋاتقان دۇنيانىڭ ئۆزى شۇ، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. سىرلىرىنى ئۇقۇپ بولغىلى، نەگە بېرىپ نەدە توختىشىنى، ئاقىۋەتتە نېمە بولۇشىنى بىلگىلى بولمايدىغان دۇنيانى ئادەملەر پەيدا قىلغان. ئادەملەر بولغاچقا دۇنيا ئاجايىپ-غارايىپ بولىدۇ. ئۇ ئۇلۇغ كىچىك تىنغىنىچە: سان-ساناقسىز ئادەملەر بەزىلىرى بىر-بىرىنى يۆلەپ، بەزىلىرى بىر-بىرىنىڭ يوللىرىغا ئورا كولاپ، تىكەن تاشلاپ دېگەندەك كۈلكىلىك ھەم ئېچىنىشلىق ھالدا كۈن كەچۈرىدۇ، دەپ شىۋىرلىدى. كۆك رەڭلىك چامادان كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان كىشى ئۆزىنى مەسخىرە قىلغان ھالدا: مەن تېخى ئادەم بولۇپ بولالمىدىم، ئادەم بولالمىدىم، دەپ نادامەت چېكىدۇ. ئادەم دېگەن قانداق بولسا بولىدۇ، دېگەننى ئويلىغان چاغلىرىدا گاڭگىراپ قالىدۇ.

— بۇ مەرەز يەر يۈزىدىن يوقالغان كۈنى، بۇ يەردىكى ئادەملەر ئوڭشىلىدۇ.

ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ سەلىم موزدۇزنى شۇنداق دېگەنلىكىنى مەن ئاڭلىغان.

بۇ يەردىكى ئادەملەر ئوڭشىلىدۇ، دېگەندە ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ زادى نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى مەن ئوبدان بىلىمەن، ئەمما جىق كىشىلەر بۇنى چۈشەنمەيدۇ، كۆڭۈللىرىدە ھەممە ئادەم نورمال، ئوڭ تۇرسا بۇ ساراڭنىڭ نېمە دېگىنى بۇ، دەپ ئىچىدە ئۇنى تىللايدۇ.

— بۇ ساراڭنى يەر يۇتقان بولسا ئوبدان بولاتتى، قاراڭلار، چاچ دېگەننىمۇ مۇشۇنداق ئۇزۇن قويامدۇ، مۇنكىر- نەكىرلەر ئاشۇ چاچلىرىدىن ئېسىپ ۋەيلۇن دوزاختا تاشلايدۇ ئۇنى.

سەلىم موزدۇز ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنى شۇنداق قارىغاندا مەن ئۇنىڭ يېنىدا ئىدىم. سەلىم موزدۇزنىڭ شۇ سۆزلىرىنى

دەۋاتقاندىكى سۆز ئاھاڭىدىن كىشى ھەيران قالاتتى. ئىككى ئادەم ئارىسىدا بىر-بىرىگە ئۆلۈم، دوزاخ تىلىگۈدەك نېمە ئۆچمەنلىك بولغىيدى، دەپ ھەيران قالىمەن.

— تۆۋەنكى مەھەللىدىكى سىدىق توختىنىڭ قوي، ئۆچكىلىرى ئىتلار بىلەن تالىشىپ دوغا چۈشىدىغان بوپتۇ، ئۇنىڭ داڭقى چىققان قارا ئىتىنى بىر ئۆچكىسى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئۇ قارا ئىتىنىڭ بەدىنى تىتما-تىتما بولۇپ ساق يېرى قالماپتۇ.

سەلىم موزدۇز شۇنداق دەۋاتقاندا ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— ئۇ قويلار بىر-بىرى بىلەنمۇ چىشلىشىدىغان بولارمىدى.

ئارىدىن بىرسى يۇمشاق ئاۋازدا شۇنداق دېگەندە سەلىم موزدۇز قوللىرىنى شىلتىپ قويۇپ ۋارقىرىدى:

— ئەلۋەتتە، شۇنىڭ بىلەن سىدىق توختى ھەربىر قويىنى ئايرىم بىردىن ئېغىلغا سولاپ بېقىۋاتقان گەپ...

— ئالامەت ئىش بوپتۇ... بىر كۆرۈپ كەلسەك بولغۇدەك.

ياشقا كىچىكرەك بىرسى شۇنداق دېگەندە ئۇزۇن چاچلىق ئادەم چىدىغۇچىلىكى قالمىغاندەك تەرىنى بەكلا سەت پۈرۈشتۈرۈپ ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئاناڭنىڭ قېشىدا قوي دېگەننىڭ بىر-بىرىنى چىشلەشكىنىنى كۆرگەنمۇ سەن؟ ھۇ پوق يېگەن كالىكومشا...

— نېمە بولدى تىللاپ، سەلىمكام شۇنداق دەۋاتسا؟

— بىرسى پوقنى ھەسەلكەن دېسە، سەنمۇ ھەئە، دەپ يەپ باقامسەن؟ نېمانداق دۆت نېمە سەن؟

ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ پەيلى بەك يامان كۆرۈنەتتى، بىر نېمە دېسە ئۇرۇۋېتىدىغاندەكلا كۆرۈنەتتى. ھېلىقى يىگىت شۈمشىيىپ، ئاستا يەنە بىرسىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى.

— ئۇغۇ بىر ساراڭ، شۇنداق گەپلەرنى دېسۇن، قالغانلىرىڭ نېمىشقا ھە دەپ قاراپ تۇرىسىسەن؟

ئۇزۇن چاچلىق ئادەم تاماكىسىنى كۈچەپ شورىدى، تاماكا قالدۇقى قولىنى كۆيدۈرگەن بولسا كېرەك، قولىنى سىلكىپ قويۇپ يەنە تاماكا ئوراشقا باشلىدى.

— چاچنى گەدەنگە قويۇۋالغان ئادەم ساراڭ بولمايزە تېخى باشقا بىرسى ساراڭ بولامدىكەن ...؟

— نەدە بىر يەردە قوي دېگەننىڭ ئىتنى بوغۇپ ئۆلتۈرگىنى بار..

— نېمىشقا بولمىغۇدەك، ئۇزۇن مۇددەت ئىت بىلەن بىر يەردە تۇرغان قوي بولغاندىكىن، ئىتنىڭ خۇي- پەيلى كىرىپ قالىدۇ ئۇنىڭغا، ئىشەنمىسەڭ بېرىپ كۆرۈپ كەلمەمسەن. — مەن ساراڭ ئەمەس، ساراڭنىڭ گېپىگە كىرىپ قوي ئىتنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ، كۆرگىلى كەلدىم، دېسەم خەق مېنى ساراڭ دېمەمدۇ؟



ئىككىيلەن ئۇزۇن بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ قىزىرىشىپ ئاخىرىدا بايىقىدەك بىر-بىرىنى قارغاشقا ئۆتتى.

سەلىم موزدۇز بىلەن ئۇزۇن چاچلىق ئادەم ئوتتۇرىسىدا بولغان جېدەلنى سابىت نۇرغا دەپ بەردىم.

— سەلىم موزدۇزنىڭ ئۇزۇن چاچ قويغانغا ئۆچ بولۇشى، ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ يالغانغا ئۆچ بولۇشى ھەم بىر-بىرىگە خىرىس قىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، بەزى ئادەملەر ئارىسىدا تەبىئىي ئامراقلىق بولغانغا ئوخشاش يەنە بەزى ئادەملەر ئارىسىدا تەبىئىي ئۆچمەنلىك بولىدۇ. ئۇزۇن چاچ قويسا سىز بىلەن مەن ئىشىمىزنى قىلىپ يۈرۈۋېرىمىز، يالغان ئېيتسا ئۆزىنىڭ ئاغزى، دەپ گېپىنى ئاڭلاپ يۈرۈۋېرىدىغانلار سامانىدەك، دېمەك بۇ يەردە كىشىلەر ئارىسىدا مەۋجۇت بولىدىغان تەبىئىي ئامراقلىق ھەم ئۆچمەنلىك دېگەن نەرسە كۈچىنى كۆرسىتىۋاتقان گەپ.

سابىت نۇرنىڭ گەپلىرى ماڭا مۇجمەل تۇيۇلدى. سابىت نۇر بىلەن جاھاننىڭ ئىشلىرىنىڭ ئاجايىپ بولىدىغانلىقى، كۈلكە بىلەن يىغىنىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقى، توغرا بىلەن

خاتانىڭ پات-پات ئالمىشىپ قالىدىغانلىقى دېگەندەك ئىشلار توغرىسىدا ئۇزاق پاراڭلاشتۇق.

ھەممەيلەن ياشاۋاتىمىز، ياخشىراق يول قايسىدۇر، دېگەندەك ئەتراپقا ئۆمتىلىپ قارىغاچ ياشاۋاتىمىز. ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىرى بىزدىن ياخشىدەك ھېس قىلىپ ئۆزىمىزدىن، ئۆزىمىزنىڭ كۆڭلىرىدىن قانائەت تاپماي كېتىپ بارىمىز.

سابىت نۇر شۇنداق دېگەندە ماڭا بۇ گەپلەر ناھايىتى ياققانىدى.

شۇ چاغدا ئۆزۈم ھەققىدە ئويلاپ باققانىدىم. خوتۇنۇمنىڭ ئوتتەك مېھىر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان چىرايىنىڭ مۇزغا ئايلىنىپ قېلىشىنى مەن كەلتۈرۈپ چىقاردىم. قانداق بولسا مەيلىدى، بىراق مەن شۇ مۇزدەك چىرايدىن ئايرىلالماي، ئاشۇ مۇزدەك چىرايىنىڭ سوغۇقلۇقىدا تېنەپ، توڭۇپ تىترەپ ياشايدىغان كۈن-گە قالغاندەك قىلاتتىم.

ئۇششاق بارماقلىرى تولىمۇ ئىسسىق، قارا چاچلىرى چىڭ-چىلىپ تۇرىدىغان ئاشۇ قىزنىڭ ئىسسىق مېھرى يۈرىكىمگە تە-سەللىي بېرىپ تۇرسىمۇ، كۆڭلۈمنىڭ يەنە بىر يەرلىرىدە ئەپتە-دىن شىۋىرغان ئۇچۇپ تۇرىدىغان خوتۇنۇمغا بولغان مېھرىم يو-قالماي تۇراتتى. مەن بەزىدە ئادەمنى خوشلۇق ھەم خاپىلىققا گىرىپتار قىلىدىغان نەرسىنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى مېھىر-مۇ-ھەببەت بولسا كېرەك، دېگەنلەرنى ئويلاپ قالىمەن.

تاشتىن قاتتىق يولدا كېتىۋېتىپ بۇ دۇنيانىڭ مەن ئويلى-غاندەك دۇنيا ئەمەسلىكىنى، بۇ ئىش چوقۇم ئۇنداق بولىدۇ، ما-ۋۇ ئىش جەزمەن مۇنداق بولىدۇ، دېيىشكە بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەندەك بولدۇم. ئارمانلىرىمىز قانچىلىك چىرايلىق بولسۇن، جاھاننىڭ بىزنىڭ نېمە ئويلىشىمىز، نېمىنى ئارزۇ قىلىشىمىز بىلەن پەرۋايى پەلەك ئىكەن.

مەن ياخشى ياشيالمىغان بولۇشۇم مۇمكىن، ئەمما يامان ئىشمۇ قىلمىدىم، يامغۇرلۇق يەكشەنبىدىكى ئىشنى بىر تاسادى-پىيلىق دېيىش مۇمكىن، ئۇنداق ئىشلارنى قىلىۋاتقانلار ساماد-

دەك، پالاكەتكە ئۇچراپ جىنايەتنىڭ ئۈستىدە تۇتۇلۇپ قالغىنىم مېنى نەس باسقىنى. بۇنى جىنايەت دېگىلى بولماس، بۇ بىر سە-ۋەنلىك، بەك دېگۈسى كەپكەتكەنلەر خاتالىق دېسە بولار. بۇ ئىش مېنىڭ تۇگىشىپ كەتكىنىمدىن بېشارەت بەرمەيدۇ. مەن يەنە يو-لۇمنى تاپالايمەن. خوتۇنۇم قانداق ئويلىسا مەيلى، باشقىلار قانداق ئويلىسا مەيلى، پۈتۈن جاھان مېنى تۈگەشتى دېسىمۇ مەيلى، ئەمما مەن تۈگەشمەيمەن، مەن ئۇچۇن ئەڭ مۇھىمى ئۆزۈمنىڭ تۈگەشمەيدىغانلىقىمغا ئىشىنىش. جېنىم چىقىپ كەتكۈچە قارشى قىرغاققا قاراپ ئۈزمىسەم بولمايدۇ.

مۇشۇنداق ئويلىغان چاغلىرىمدا روھلىنىپ قالاتتىم.

— ئۇ ئەمدى تۈگەشتى.

يامغۇر ياغقان يەكشەنبە كۈنىدىكى ئىش يېپىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئەتراپىمدا يۈرىدىغان بىرسى شۇنداق دەپتۇ. مەن دەسلەپ راستلا تۈگىشىدىغان ئوخشايمەن، دەپ ئويلىغانىدىم. بىلدىمكى ئادەم دېگەن ئۇنداق ئاسان تۈگىشىدىغان نەرسە ئەمەسكەن. يىرىك قوۋزاقلىق غولى، يوغان - يوغان شاخ پۇتاقلىرى تامام قۇرۇپ كەتسىمۇ، تېگىدىن بىر يەردىن بىخ چىقىرىپ كۆكلەيدىغان توغراق يا بولمىسا جىگدىگە ئوخشاش تاپىنى يەرگە تېگىپ تۇرسا جاھاننىڭ شامىلىنى يەپ، كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرگىلى بول-دىكەن.

مەن بىرسى مېنى «ئۇ تۈگەشتى» دېگەندە مۇشۇنداق خى-ياللارنى قىلغانىدىم. بۇ مېنىڭ شۇ چاغدىكى ناھايىتى جىق خى-ياللىرىمنىڭ بىر قىسمى بولۇشى مۇمكىن.

ئارقىدىن يەنە بەزى ئادەملەر مېنىڭ تۈگىشىشىمنى ئارزۇ قىلسا كېرەك، دېگەنلەرنى ئويلاپ كەتتىم.

شۇ چاغدا كۆڭلۈم تاشتەك قاتتىق، ئېغىر، سوغۇق بولۇپ كەتتى.

چامادانىم ئېغىر ئىدى، بۇ چامادانىدا ئىككى پارچە كىتاب بار. مەن تېخى ئوقۇپ باقمىغان، ئىچىدە نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى

بىلمەيدىغان ئىككى پارچە كىتاب. كىتابنى يازغان ئادەملەر ئۆزىنىڭ، باشقىلارنىڭ ئەتكى، كېلەر يىلقى، بۇنىڭدىن ئون يىل، يىگىرمە يىل كېيىنكى تەقدىر، كەلمىشىنى بىلەلەيدىغان، بېشارەت بېرەلەيدىغان قالتىس ئادەملەر بولۇشى مۇمكىن. مەن مۇشۇ كۇنگىچە ئۇلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى، كەلگۈسىنى قانداق تەسەۋۋۇر قىلغانلىقىنى بىلەلمىدىم. ئەمما بۇ كىتابتا چوقۇم ئاجايىپ ياخشى گەپلەرنىڭ بارلىقىغا، يامغۇرلۇق يەكشەنبىدىكى پالاكەتكە ئوخشاش ئىشقا يولۇقۇپ سەرسان بولغانلارغا، بارار-تۇرار جايى ئېنىق بولمىغانلارغا مەدەت بېرىدىغان، توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان سىر، ھېكمەتلەرنىڭ مۇشۇ كىتابتا بارلىقىغا ئىشىنىمەن.

كىتابتا مۇنداق بىر گەپ يېزىلغان بولۇشى چوقۇم ئىدى:

ئىمكان بار يىقىلماسلىق كېرەك، يىقىلماسلىق، يىقىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشمۇ ھاياتتا ناھايىتى مۇھىم، ئەمما يىقىلىپ كەتكەندە چوقۇم يەنە تىرمىشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىش كېرەك، يىقىلغاندىن كېيىن ئۆز جايىدا يېتىۋەرگەنلەرنى نەس باسىدۇ.

مەن بۇ كىتابتا مۇشۇنداق گەپلەر يېزىلغان، دەپ ئويلايتتىم.

دادامنىڭ قىپقىزىل ئوت يالقۇنلىرى ئىچىدە كۆيۈپ كەتكەن خاتىرىلىرىدە چامادانىدىكى كىتابلاردا يوق، قالتىس گەپلەر يېزىلغان بولغىيدى. مەن بەزىدە دادامدىن قالغان ئاشۇ نەرسىلەرنى كۆرەلمىگىنىم ئۈچۈن قانداق مېڭىشنى بىلەلمەي يۈرگەن بولۇشۇم مۇمكىن، تولا تېنەيدىغانلىقىمنىڭ سەۋەبى مۇشۇ دەپ ئويلاپ قالىمەن.

قولۇمدا بار كىتابنى نېمىشقا ئوقۇمايدىغاندىمەن. بۇ كىتابنى نېمىشقا ئوقۇمىغانلىقىمنى بىلەلمىگىنىم قىزىق بىر ئىش. بەلكىم مەن بۇ بەك مۇھىم كىتاب، مەزمۇنى بەك چوڭقۇر، ھازىرچە ئوقۇشقا سالاھىيىتىم توشمايدۇ، دەپ ئويلىغان بولۇشۇم مۇمكىن.

ئىمىن ھەسەننىڭ شۇنداق دېگىنى يادىمدا:

— بەزى ئادەملەر كىتابنى شەكىلگە ئوقۇيدۇ، بىكارچىلىق-
تىن ئوقۇيدىغانلار، قىزىقىپ ئوقۇيدىغانلار، كاللىنى ئىشلىتىپ
ئوقۇيدىغانلار بولىدۇ، قەستەن كىتاب ئوقۇيدىغان قىياپەتكە كى-
رىۋالىدىغانلارمۇ بولىدۇ. يەنە بەزى ئادەملەرنىڭ بەزى كىتابلارنى
چۈشىنەلىشى ناتايىن.

مەن بەلكىم بەزى كىتابلارنى چۈشىنەلمەيدىغان بەزى ئادەم-
لەر ئىچىدە بولۇشۇممۇ مۇمكىن. مەن مۇشۇنداق ئويلىمىسام
بولاتتى، نېمىشقا مۇشۇنداق ئويلايدىغانلىقىمنى چۈشەنمەيمەن،
مەن ئۆزۈمنى بەزى نەرسىلەرنى چۈشىنەلمەيدىغان، بىلەلمەيدى-
غان، قىلالمايدىغان ئادەمدەك ھېس قىلاتتىم، بۇ يىقىلغاندىنمۇ
بەتتەر ئىشمىكىن دەيمەن.

— سىز توختىماي كىتاب ئوقۇيسىز، بىلىدىغانلىرىڭىز
جىق بولسا كېرەك.

— كىتابلارنى ئۇيقۇم كەلمىگەندە ئوقۇيمەن، بىرسىمۇ ئې-
سىمدە قالمايدۇ.

— ئۇنداق ئەمەستۇ، بۇنداقتا يامان بوپتىغۇ.

— يامان بولىدىغانلىقىنى مەنمۇ بىلىمەن، بىراق نېمە ئامال
دەيسىز. بىزنى باشقىدىن ئادەم قىلىپ چىقىدىغان كىتاب تېخى
يېزىلمىدى.

مەن ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان بىر ئادەمگە كۆرەڭ-
لىك بىلەن شۇنداق دېگەنىدىم.

بۇ ئىمىن ھەسەننىڭ بايىقى گەپلىرىنى يۇتۇپ بولالماي
يۇرگەن كۇنلىرىم ئىدى.

كەلگۇسىدىن بېشارەت بېرىدىغان ئىككى پارچە كىتابنى
ئوقۇپ چىقسام بولاتتى. كەينىگە تارتماي ۋاقتىدا ئوقۇسام پايدى-
سى تېگەتتى. «بەزى ئادەملەر سىزنى كىتاب سارىڭى بولۇپ قاپ-
تۇ، دەپ يۇرۇشىدۇ.» خوتۇنۇم مۇشۇ گەپنى دېگەندە مەن تېخى
چامادانىمدىكى ئىككى پارچە كىتابنى ئوقۇش نىيىتىگە كەلمىگە-

نىدىم. ھەر كۈنى ئوقۇيدىغىنىم قەدىمكى زامانلاردىكى خان ـ پا-
دىشاھلار توغرىسىدىكى، بۇرۇنقى قالتىس نوچى، پالۋانلار توغ-
رىسىدىكى، ئاشىق ـ مەشۇقلار توغرىسىدىكى، كاتتا باينىڭ قى-
زىنىڭ پادىچى تازغا كۆيۈپ قالغانلىقى، چۆلدە يالغۇز كېتىۋاتقان
يىگىتكە پەرىزات ئۇچراپ جىمى تەسلىكلىرى ھەل بولغانلىقى،
باياۋاندا خىزىرغا يولۇققان ئادەملەرنىڭ ئارمانلىرىنىڭ قانغانلى-
قى، قۇرۇپ كەتكەن دەريادىن پارقىراپ تۇرغان گۆھەر تېپىۋالغان
كىشىنىڭ يەتمىش پۇشتىغىچە يېسىمۇ ئېشىپ قالىدىغان بايلىق-
قا ئىگە بولغانلىقى توغرىسىدىكى قىلىن، سەھىپىسى ئۇزۇن
كىتابلار ئىدى. ھازىر يادىمدا قالمىغىنى بىلەن گۆھەر ئۇچراپ
قالسىكەن، خىزىرغا يولۇقۇپ قالسامكەن، دېگەندەك خىياللارغا
غەرق بولغان چاغلىرىم تالاي بولغان بولۇشى ئېھتىمال.
مەن بايا دېگەندەك كىتابلارنى بەك جىق ئوقۇپ كەتتىم.
كەلگۈسى توغرىسىدا يېزىلغان كىتابتىن ئىككىسى يېنىمدا
بولسىمۇ ھازىرغىچە ئوقۇيالمىدىم، مەن بۇ كىتابتا قالتىس گەپ-
لەرنىڭ دېيىلگەنلىكىگە ئىشەنچ قىلالاتتىم، ئۇنىڭ مەن كەبى ئا-
دەملەرگە پايدىسى تېگىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالاتتىم. بىراق كى-
تابتا نېمىلەرنىڭ يېزىلغانلىقىنى بىلمەيتتىم.
باشقىلارنىڭ مېنى كىتاب سارىڭى دېگىنى خوتۇنۇمغا قانداق
تەسىر قىلغانلىقىنى ئۇقالمىدىم.
ئىمىن ھەسەن بىلەن قېنىق قارا چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ
قىلغان سۆھبەتلىرىمىزدە كىتابلار توغرىسىدا نۇرغۇن گەپلەر
بولاتتى، ئۇ ماڭا ئاشۇ كىتابلارنى يازغان ئادەملەرنىڭ ئاجايىپ
ئىشلىرىنى، ئۇلارنىڭ بىركىمگە دېگىلى بولمايدىغان سەتچىلىك-
لىرىنى، قانداق ئوسال ئىشلارنى قىلغانلىقىنى بىر-بىرلەپ
سۆزلەپ بېرەتتى. ئاندىن خورسىنغان ھالدا:
— بىرنېمە يازىدىغانلارنىڭ يازغان نەرسىسىنى ئوقۇسا بو-
لىدۇ، ئۆزىنى كۆرسە ئادەم غىققىدە بولۇپ قالىدۇ، — دېگەنىدى.
ئىمىن ھەسەن شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا مەن كىرسىن چىراغ-

نىڭ قارا تۆتەكلىرىگە بۆلۈنۈپ مۆكچەيگىنىچە بىرنېمىلەرنى يېزىۋاتقان دادامنى يادىمغا ئالغانىدىم. ئىمىن ھەسەن ئاخىردا، قايسى بىر ئاشخانا خوجايىنىنىڭ پات ئارىدا خوتۇنىنى قويۇپ بېرىپ ئۆزىدىن ئون يەتتە ياش كىچىك بىر قىزنى خوتۇنلۇققا ئالىدىغانلىقى توغرىلىق، يەنە يازىدىغانلارنىڭ ئىچىدە بەزىبىر سويمىلارنىڭ ئالدىپەشلىك قىلىۋاتقانلىقىنى دەپ بىرنەچچەيلەن- نى تازا تىللىدى.

— قاراپ تۇرۇڭ، بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى ئاشۇ نېمە- لىرى بۇرنىدىن بۇلاق بولىدۇ، ئۇنى قىلدىم، بۇنى قىلدىم دەپ ئالچاڭشىپ كەتسە بولمايدۇ، ئۇلار ئۇنداق ئىشلارنى قىلسا بىز نېمە قىلىمىز، بىز بار يەردە ئۇلارغا بۇنچىۋالا سەكرەپ كېتىش- نى كىم قويىدى، ئىگىسى بار جاھان بۇ، — دەپ قوللىرىنى شىلتىپ قويىدى.

كەلگۈسىدىن بېشارەت بېرىدىغان بۇ كىتابلارنى نېمە سە- ۋەبتىن ئوقۇماقچى بولۇپ قالغىنىمنى مەندىن ھېچكىم سوراپ باقمىدى. قارا چاچلىرى چېچىلىپ تۇرىدىغان ساباھەت ماڭا ئا- شۇ كىتابلارنى سوۋغا قىلغاندا دەرھال ئوقۇماقچى بولغانىدىم. ئەتىدىكى، كېلەر يىلقى، كەلگۈسىدىكى ئىشلارغا قىزىقماسلىق بىر غەلەت بولۇشى مۇمكىن. كەلگۈسى توغرىسىدا يېزىلغان مۇ- شۇ ئىككى پارچە كىتابنى ئوقۇماقچى بولغىنىمنى ئاڭلىغانلار مېنى كەلگۈسىگە ئېتىبار بېرىدىغان ئادەم دەپ ئويلىشىدۇ. مەن بۇ كىتابلارنى ئۆيدىن چىقىپ كېتىشنى خىيال قىلغاندىن باشلاپ، بولۇپمۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشنى ئىرادە قىلغاندىن كې- يىن ئوقۇماقچى بولغان بولۇشۇم مۇمكىن، ئۆيدىن چىقىپ كېتى- شىم بىلەن بۇ ئىككى كىتابنىڭ چوقۇم باغلىنىشى بار، دېگىلى بولمايدۇ.

ھېچنېمىگە ھېساب بولمايدىغان ئۆيدىن بالدۇرراق چىقىپ كەتسەم، مېنىڭ ھېچنېمىگە ھېساب ئەمەسلىكىمنى بىلىدىغان ئادەملەر ئاز بولىدۇ. ئەر-خوتۇنلارنىڭ جېدىلىدە ئەرلەر ئۆينى

تاشلاپ چىقىپ كېتىدىغان جاھان بولغىلى خېلى بولدى. ئۇزۇن چاچلىق ھېلىقى ئادەممۇ بىر چاغدا ئۆيىنى تاشلاپ بېرىپ چىقىپ كەتكەن. مەن ئۇنى ئەر كىشى دېگەنمۇ مۇشۇنداق بولامدۇ، دەپ زاڭلىق قىلغانىدىم.

ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنى ئاشكارا، يوشۇرۇن مەسخىرە قىلىدىغانلار كۆپ.

سەلىم موزدۇز ئۇنى دائىم مەسخىرە قىلىدۇ:

— ئەر كىشى تۇرۇپ قويۇۋالغان چاچلىرىنى قاراڭلار ئۇنىڭ، خۇددى قوتۇر ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىدەك ... چاچ دېگەننى ھەللىسىدە قويىدىغان گەپ.

مەن كۆڭلۈمدە ئۇنى ئۇزۇن چاچلىق ئادەم دەپ ئاتايمەن، ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلاتتىم.

بۇ كىشىنىڭ چېچىنى مۇنداق ئۇزۇن قويۇۋېلىشىنىڭ بىرەر سەۋەبى بارمىكىن، دەپ ئويلايمەن، ئەمما ئۆزىدىن بۇنىڭ ۋەجىنى سورىغىلى بولمايدۇ.

سەلىم موزدۇز:

— ئەر كىشى چاچنى خوتۇن خەقتەك ئۇزۇن قويۇۋالسا خوتۇنى ياراتمايدۇ. شۇڭا ئۇ پات-پات خوتۇنىدىن تاياق يەپ تۇرىدۇ، — دېگەندە ئارىدىن بىرەيلەن:

— خوتۇنى ئۇنى ئۇرمايدۇ، خوتۇنى ئۇنىڭ تايىقىغا خۇمار، ئۇ مەست بولۇپ قالغاندا خوتۇنىنى ئۇرىدۇ. — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سەلىم موزدۇز كۆزلىرىنى ئالايتىپ سۆزلىگۈچىگە ئۇدۇل قاراپ ۋارقىرىدى:

— ئۇكام، قولىنى يۇيۇپ نان يېگەندەك گەپ قىلە، خوتۇنىدىن تاياق يېيىش بىلەن خوتۇنىنى ئۇرۇش دېگەن ئەمەلىيەتتە ئىككىسى بىر گەپ، ئۇرغان ئادەم تاياق يەپ قالىدۇ، تاياق يېگەنمۇ بىر كۈنى ئۇرىدۇ، سەنغۇ بۇنداق گەپنىڭ تېگىگە يېتەلىگەندىن ئەمەس، — دېگەنىدى.

سەلىم موزدۇزنىڭ بۇ گېپى ھەر يادىمغا يەتسە يۈرىكىم بىر

ئاسقىدۇ. سەلىم موزدۇز شۇ گەپلەرنى دېگەندە مەن تېخى ئۆ-زۈمنىڭ تار كوچىدىكى ئۆيۈمدە چىرايلىق كۈن كۆرۈۋاتاتتىم. بۇ شەھەردىكى ھەممە رېستورانلاردا توي بولۇپ، پۈتۈن شەھەرنىڭ كوچىلىرىنى تويدىن يانغان مەستلەر قاپلاپ كېتىشتىن بۇرۇنقى گەپلەر ئىدى.

قاپقارا چاچلىرى چېچىلىپ تۇرىدىغان، ئۇششاق بارماقلى-رىدىن نەمخۇش ئىسسىقلىق كېلىدىغان مېھرىبان قىز بىلەن تېخى تونۇشمايتتىم.

ئۇزۇن چاچلىق ئادەم، سەلىم موزدۇز، مېنىڭ خوتۇنۇم يەنە چىرايلىق ساباھەت دېگەنلەر مەن بۇ دۇنيادا بىرگە ياشايدىغان ئادەملەر ئىدى. مېنى تونۇيدىغان بىرمۇ ئادەم بولمىغان دۇنيانى تەسەۋۋۇر قىلغان چاغلىرىمدا قورقۇنچتىن تىنالماي قالاتتىم. ئۆيدىن چىقىپ كېتىش خىيالى كاللامنى چىرمىۋالغان كۈنلەردە قاراڭغۇ تار يولدا ئېزىپ قالغاندەك ھالغا چۈشۈپ قالغاندىم.

قۇياش نۇرىنى سېپىپ تۇرىدىغان بۇ كەڭ جاھاندا بىز بىر-نېمىلەرگە كۈلۈپ يەنە بىر ئىشلاردىن سۆيۈنۈپ ياشايمىز. ھەممە ئىشنىڭ خاھىشىمىزچە بولۇشىنى شۇنچە تەمە قىلىمىز. ساباھەتنىڭ ماڭا كەلگۈسى توغرىسىدىكى كىتابنى سوۋغا قىلىشى، مېنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدىكى كىتابنى ئوقۇماقچى بولۇشۇممۇ ماڭا ئۈيغۇن بىرەر گەپ چىقىپ قالامدىكى، دېگەنلەرنى ئويلىغى-نىمدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن.

مەن قانداق ياشىسام بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي جېنىم بەك قىينىلىپ كەتتى. ئادەم دېگەن بۇ دۇنياغا كەلگەندىكىن خۇشال ھەم رازىمەنلىك تۇيغۇسىدا ياشىيالىسا بولىدىكەن، دېگەنلەرنى تولا ئويلايمەن. بۇلارنى ئىمىن ھەسەن ئاڭلىسا ئۇنىڭ نېمە دەي-دىغانلىقىنى، سابىت نۇرغا دېسەم ئۇنىڭ قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، مەن جىق ئىشلاردا ئاشۇ ئىككىسىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئۆگىنىپ قالغاندەك قىلاتتىم. پات-پات خەقتىن تىل ئىشتىپ، تاياق يەپ يۈرىدىغان سابىت نۇرنى، ئىمىن ھەسەن ئۆزىنى تۇزەپ

يۈرمەيدۇ، قالايمىقان ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ يۈرىدۇ، يازغان نېمىلىرىنىڭ كاساپىتىدىن هامان بىر كۈنى بېشىغا كالتەك يەي-دۇ، دەپ يۈرسىمۇ مەن ئۇلارنىڭ هەر ئىككىسىنى يامان دېگۈم كەلمەيتتى، بۇ ئىككىيلەن بىر-بىرىنى تازا يارىتىشماي پېتىش-ماي يۈرۈشسىمۇ مەن هەر ئىككىسى بىلەن چىقىشىپ ئۆتەلەيت-تىم. سابىت نۇرنىڭ ئىمىن ھەسەننى خەجلىمەيدىغان پۇلى، ئىشلەتمەيدىغان بىلىمى ئەڭ كۆپ ئادەم، دېگەنلىرىنى توغرىدەك ئويلاپمۇ قالاتتىم. سابىت نۇر ئىمىن ھەسەننىڭ قورسىقىدىكى ئۇمىچى خۇددى ئىسسىقتا ئېسىپ قويۇپ ۋاقتىدا يېمەي سې-سىپ، چىرىپ كەتكەن گۆشكە ئوخشاش ھېچكىمگە نەپ بەرمەي-دۇ، دېگەنلىرىنى ئاڭلىسام بىرقىسما بولۇپ قالاتتىم، بىراق بۇنداق گەپلەرنى ئىمىن ھەسەنگە دېگىلى بولمايدۇ-دە.

— ئەھھە.

بىرەيلەننىڭ قاتتىق يۆتىلىشىدىن چۆچۈپ بېشىمنى كۆ-تۈردۈم.

— بۇ جاھاننىڭ خاپىلىقىنى ئۆزۈملا تارتىپ ئۆتۈپ كېتەي دېسەم، سىزگە نېمە بولدى ئەمدى.

ئالدىمدا غېنى گاڭ كۆزۈمگە ئەندىشىلىك تىكىلىپ تۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قانداقراق.

مەن ئوڭ قولۇمدىكى چامادانني سول قولۇمغا يۆتكەپ ئۇنىڭ بىلەن ئالدىراش كۆرۈشتۇم. غېنى گاڭنىڭ يوغان ئالقانلىرى ئوتتەك ئىسسىق ھەم يىرىك ئىدى.

— قانداق بولاتتى، ياخشى ئەمەس، ئاتا-بوۋامدىن قالغان زېمىندىن ئايرىلىپ قالدىم ئۇكام.

— نېمە بولدى؟

— سىز تېخى ئاڭلىمىدىڭىزما؟

— ياق، نېمە گەپتى؟

— توۋا، سىز ما جاھاندا بارمۇ-يوقمۇ، بۇ گەپ پۈتۈن شەھەرگە پۇر كەتكەندى، سىزنىڭ ئۇقمىغىنىڭىز قانداق ئىش

ئەمدى، خۇدا ئادەمنىڭ ئەسكىسىنى ماڭا بىر تۇغقان قىلىپ بې-رىپتىكەن، يېرىم قەدەم كېلىدىغان يەرنى ئۆزىنىڭ قىلىپ ئۆي سالماقچى بولۇپ، مەن بىلەن قېرىشىۋاتىدۇ. ماڭا ھار كەلدى ئۇكام. بۇ جاھاندا ناھەقچىلىق زادى قاچان تۈگەيدۇ؟

مەن غېنى گاڭ توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاڭلىغانىدىم، دادىسى تەقۋا ئادەمكەنمىش، ئىككى بالىسى پاسىل تالىشىپ ئۇ-رۇشۇپ، ئىككىلىسى ئاچچىقىدا ھاراققا بېرىلىپ داڭدار ھاراق-كەشلەردىن بولۇپ قالدى، دېيىشىپ يۈرەتتى. بۇ گەپلەرنى سە-لىم موزدۇز دېمىگەن، بىراق سەلىم موزدۇزنىڭ مۇشۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بولۇپ:

— ئۇ ئىككى بىر تۇغقان پاسىل تالىشىپ ئۇرۇشۇپ دەردى-نى سىغدۇرالماي ھاراققا ئۆگىنىپ قاپتۇ، ھازىر ھاراققا نان چىلاپ يەيدىغان بولۇشۇپ قاپتىمىش، ھاراق ئىچمىگەن كۈنى ئۇدۇل كەلگەن ئادەمنى ئۇرۇپ، تېپىپ، چىشلەيدىغان بولۇپ قاپتۇ، ئازراق ئىچىۋالسا ئاندىن نورمال ئادەمگە ئۆزگىرىدىكەن. ھەر ئىككىسى قىش - ياز دېمەي يېرىم قەدەم پاسىلنىڭ ئۈس-تىگە ئورۇن سېلىپ يېتىپ ساقلايدىكەن، — دېگەنلىرىنى ئاڭ-لىغانىدىم.

قاراپ تۇرۇپ سىز توغرىلىق مۇشۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغا-نىدىم دېگىلى بولمايدۇ-دە.

— سىزگە بىر گەپنى دەي دەپ يۈرەتتىم، قانداق بولار.

— دەۋېرىڭ.

— ئۇكا، سىز ئىشەنچلىك ئادەم، راست گەپنى دەي، ئاي يوقاپ كەتكىلى بەك ئۇزۇن بولدى قاراڭ.

— نېمە؟

— ئاسماندىكى ئاينى دەيمەن، مەن ئاينى كۆرمىگىلى يې-گىرمە يىلدەك بولدى، خەقلەردىن سورىسام ئاي بار دەيدۇ، بۇرۇن قانداق بولسا ھازىرمۇ شۇنداقمىش، بىراق مەن كۆرەلمەيۋاتىمەن. بۇ نېمە ئالامەتتۇ؟

مەن ئاسمانغا قاراپ قويدۇم، مەن مۇشۇ كەمگىچە ئاسماندا
ئاي بارمۇ- يوقمۇ، دېگەنگە دىققەت قىلمىغانىكەنمەن.

— نېمە دەيدىغانسىز.

— ھېلىقى گۇي مەن بىلەن قېرىشىپ پاسىل تالىشىپ
ئاشۇ يەردە ياتقان دەسلەپكى يىللاردا بىرنەچچە قوشنىمىز بۇنداق
قىلساڭلار بولمايدۇ، ئەل - كۈنىنىڭ ئالدىدا سەت تۇرىدۇ، دەپ
نەسىھەت قىلغىلى كىرىپتىكەن، ھېلىقى ئىنساپسىز جوھۇت
ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىمدىغان، جاننى بەرسەم بېرىمەن، پا-
سىلنى بەرمەيمەن دەۋاتىدۇ، مانا ئەمىسە دەپ مەنمۇ شۇ يەردە يې-
تىۋاتىمەن. شۇ كۈنلەردە قوشنىلارنىڭ ئىچىدە سابىت نۇر دەي-
دىغان بىرسى بار ئىدى، پات-پات ھېلى ئۇ، ھېلى بۇ سەۋەب بى-
لەن خاپىلىق تارتىپ يۈرىدىغان ئادەم، شۇ كۈنى ئۇ: قاراڭلار،
ئاسماندىكى ئايمۇ ئىككىڭلارغا ئاچچىقلاپ قاپىقىنى تۈرۈۋاتىدۇ،
بولمىسا مۇنداق تالىشىپ يۈرگىچە بۇ ئۆينى سېتىپ، پۇلىنى
يېتىم - يېسىرلار مەكتىپىگە ئىئانە قىلىۋېتىڭلار، شۇ چاغدا
جېدەلمۇ بېسىقىدۇ، قېرىنداشلارمۇ ئىناق ئۆتەلەيسىلەر دەۋاتى-
دۇ، ئاچچىقىمدا بىرنى قوياي دەپ بولغۇچە مېنىڭ ھېلىقى نا-
ئەھلى ئىنىم چاچراپ قوپۇپ ئۇنىڭ ياقىسىدىنلا ئالدى. مېنىڭ-
چە ئوبدان قىلدى، بىز شۇ يەرنى دەپ قىشنى قىش، يازنى ياز
دېمەي يوتقانغا پۈتۈن كىرىپ پۈتۈن چىقىۋاتساق ئۇنى بىكارغا
بېرىۋەتسەك قانداق بولىدۇ، جان ئاچچىقىدا مېنىڭ ھېلىقى ئى-
نىم سابىت نۇر دېگەننى نەچچە تەستەك سالدى. قولۇم - قوش-
نىلار ئارىلىشىپ جېدەلنى پەس قىلىپ، سابىت نۇرنى ئېلىپ
كەتتى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، ئاينىڭ قاپىقى تۈرۈلسە قانداق
بولىدىكى، دەپ قارىسام، ئاسماندا ئاي يوق، نېمە بولغاندۇ دەپ
باللىرىمنى چاقىرىپ سورىسام، ئۇلار ئاسماندا ئاي بار دېدى،
بىراق مەن كۆرەلمىدىم. شۇندىن باشلاپ كۈندە ئاسمانغا قاراي-
مەن، بىراق ئاينى كۆرەلمەيمەن، بۇ نېمە ئىشتۇ ئۇكام؟

— تاڭ، مەنمۇ بىلمىدىم، بۇ قانداق گەپكىن ئەمدى.

ــ بىركىمگە دېمەك جۇمۇ، سىزنى ئۆز كۆرۈپ دەۋاتىمەن، ئاي نەگە كەتكەندۇ؟!

غېنى گاڭ مەندىن ئۈمىدسىزلەنگەن بولسا كېرەك، كۆزۈمگە قاراپ بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، قولىنى سىلكىپ كېتىپ قالدى، ئۇنىڭ مەزمۇت گەۋدىسى، يوغان قوللىرىنى ئويلاپ قالدىم. ئېيتىلىشىچە غېنى گاڭنىڭ دادىسى تۇگەپ كېتىپ قورۇ ھەم باشقا بىساتلار تەقسىم قىلىغاندا ئۇ ئىنىسى بىلەن بىر قەدەم يەرنى تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قالغانىكەن، ئىككى بىر تۇغقان كېلىشەلمەي ھاراقكەش بولۇپ كەتكەن، دېگەن گەپلەر بار. ئۇ شۇ خاپىلىق بىلەن تويتوغرا يىگىرمە بەش يىل ھاراق ئىچىپتۇ، ھازىرغىچە ئاشۇ بىر قەدەم يەرنى يېرىم قەدەمدىن تەقسىم قىلىشالماي ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى شۇ پاسىلغا ئورۇن سېلىپ يېتىشىدۇ، دېگەندەك گەپلەر بار. بۇ گەپنى يالغۇز سەلىم موزدۇز دېگەن بولۇشى ناتايىن.

غېنى گاڭنىڭ يىرتىق كىيىملىرى يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ھەر ئىككىمىز نەپسى-ھەۋەسنىڭ قولىغا ئايلىنىپ گۆلدەك كۆڭلىرىمىزنى نابۇت قىلغانلار ئىدۇق.

غېنى گاڭ بىلەن پەرقىمىزنىڭ ئازلىقىنى ئويلاپ چۆچۈپ كەتتىم.

مەن يولنىڭ ياقىسىدا تۇرۇپ قولۇمدىكى چامادانىنى سول قولۇمدىن ئوڭ قولۇمغا يۆتكىدىم. يولنىڭ چېتىگە ئەسكى ـ تۇسكى نەرسىلەر تاشلاپ قويۇلغانىدى. تام ياقىلاپ سوكۇلداپ كېتىپ بارغان ئىتقا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئۇنىڭ دۇمبىسىنى چىقىرىپ، قۇيرۇقلىرىنى قىسىپ مېڭىشلىرىدىن قاتتىق تاياق يېگەنلىكى ياكى قانداقتۇر بىرنېمىدىن بەكلا قورقۇۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. ئىت بېقىشقا خۇمار ئادەملەر بار، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا كۆنچىقىشتىن سوققان بوران توپا-چاڭلارنى ئۇچۇرۇپ يۈرگەن بىر سەيشەنبە كۈنى، ئىت تالاشتۇرىدىغان بىر كىشى ئىتنىڭ بەزى خۇيلىرى ئادەملەرنىڭكىدىن ياخشى، دېگەندە

بىرمۇنچە ئادەملەر غوتۇلدىغان بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇنىڭ ئالدىغا
بېرىپ ئاغىز ئاچقىنى يوق، دېيەلمىگەنىدى. مەن ئىت توغرىسىدا
پاراڭلىشىۋاتقان ئاشۇ ئادەملەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا
ئىككى مو يەردە باغ بىنا قىلىشنىڭ خىيالىغا ھەلەك بولۇپ
كەتكەنىدىم. ئۇ چاغلاردا مەن تېخى كەلگۈسى توغرىسىدىكى كىتابنى ئوقۇش خىيالىغا كەلمىگەن، ئىككى مو باغنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ كۆركەم، ئارزۇيۇمدىكىدەك چىرايلىق باغ قىلىشنىڭ كويىدا بېشىم قېتىپ تۇراتتى. چۆرىسىنى جىگدە، چىلان شاخلىرى بىلەن چىتلاش كېرەكمۇ ياكى تىكەنلىك سىم بىلەن قورشاش كېرەكمۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ يۈرەتتىم، بولمىسا ئۇنى خىش تام سوقۇپ دېۋار قىلىپ چىقسامىمۇ بولىدىغاندەك قىلاتتى. ئەتىدىن كەچكىچە باغنىڭ ئوي-خىيالى كاللامنى چىرماپ كەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ ھېلىقىلارنىڭ ئىت ھەم ئۇنىڭ خاسىيەتلىرى ھەققىدىكى تالاش- تارتىشلىرىنى ئاڭلاپ ئۈلگۈردۇم.

— ئىشقىلىپ ئىت ۋاپاسىز نەرسە ئەمەس، — سېمىز يۈزلىرىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان ھېلىقى ئادەمنىڭ داڭلىق ئىتى بولسا كېرەك، ئۇ ئاشۇ ئىتىنىڭ ئەقلى ھەم تالىشىشتىكى ماھارىتى بىلەن ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان ئادەمدەك قىلاتتى. مەن ئىتى ئۇتۇپ چىقسا ئۆزى ئۇتقاندىنمۇ بەتتەررەك خۇش بولۇپ كېتىدىغان، ئېشىكىنىڭ بەك ھاڭرايدىغىنىدىن، خورىزىنىڭ بەك ئۇنلۇك چىللايدىغىنىدىن سۆيۈنۈپ ئۆزىنى جاھاندا بىر سانايدىغان ئادەملەرنى كۆرگەن. مەن قىزىل يۈزلۈك بۇ ئادەمنى خۇددى شۇنداق كىشىلەرنىڭ بىرى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. ئىتنى چوڭ بىلىدىغان ئادەم خوتۇن بىلەن ئىتنى سېلىشتۇرىدىغان باشقىلارنى يېقىن قىلغاندا يەنە بىرەيلەن:

— نېمىلا بولسۇن ئىتنىڭ يۈزىدە تۈكى بار، — دېدى.
— ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ.

ئۇ بىرنى دەپ، بۇ بىرنى دەپ، ئاخىرى تالاش - تارتىش بولۇپ كەتتى. مېنىڭ شۇ چاغدا ئىمانىم قىرىق گەز ئۆرلىدى.

ئەمما چاندۇرمىدىم. ئىتنى كۆككە كۆتۈرگەن ئادەم كۆزۈمگە بەكلا يېقىمسىز كۆرۈنۈپ كەتتى. مېنىڭمۇ شۇ چاغدىكى خىياللىرىم ئىككى مو باغدىن يۆتكىلىپ خوتۇنۇمغا كۆچتى. ئۇ تېخى مەن ئۆزۈمنىڭ خوتۇنۇمنىڭ نەزەرىدە قانداقراق ئادەملىكىم ھەققىدە ئويلانمىغان چاغلىرىم ئىدى. شۇ گەپلەردىن كېيىن ئاندىن خوتۇنۇم بىلەن ئىككىمىز ياشاۋاتقان ئۆيدە مەن زادى كىم؟ دېگەن مەسىلىنى خىيال قىلىشقا باشلىغان بولۇشۇم مۇمكىن، مېنىڭ بۇ خىياللىرىم يامغۇرلۇق يەكشەنبىدىكى ئىشتىن ئىلگىرى پەيدا بولغانمۇ ياكى كېيىنمۇ ھازىر بۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن. بۇ توغرىدىكى ئويلايدىغانلىرىم قانداق بولۇپ ئاۋۇپ ئاقىۋەت كۆك چامادانىنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشكە يەتكەنلىكىنى ئويلىسام، بىردە بەك ئۇزۇن، بىردە بەك قىسقا تۇيۇلىدۇ.

ئۇنىڭ مېنى كەچۈرمىگىنى، كۆڭلىدە مېنىڭ يوقلۇقۇمنى ئىسپات قىلىدۇ.

ئويلايدىغانلىرىم بەك تولا ئىدى. كىچىكىدە يىگىناغۇچ تۇتۇپ ئوينايدىغان بالا ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزى بىلەلمەيدىغان، ھەل قىلالمايدىغان جىق ئىشلارغا دۇچ كېلىپ قېلىۋاتاتتى. سۇپسۈزۈك بىپايان ئاسمان قەھرىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئايروپىلان، ئارغامچىدەك سوزۇلغان ئاپئاق ئىزلار، قاغا، پاختەكلەر ئۇۋا سالغان ھەيۋەتلىك تېرەكلەر، چاڭگىلار چىرمىشىپ كەتكەن چىتلاق، ۋىچىرلىشىپ توختىمايدىغان قۇشقاچلار... بۇ ئادەمنىڭ شۇنداق چىرايلىق خاتىرىلىرى بار ئىدى. ئاشۇنداق پاك ئەسلىمىلىرى بار ئادەمنىڭ كۆڭلى بەك بىئارام بولاتتى.

ئۇنىڭ مېنى كەچۈرمىگىنى، مېنى بەك چوڭ كۆرۈدىغىنىدىن بولۇۋاتىدۇ.

مەن يەنە مۇشۇنداق ئويلاپمۇ قالاتتىم.

ھېلىقى ئىت جانسىز سوكۇلداپ كۆزدىن يىتتى. بۇ جاھاندا ئادەمگە قارىغاندا ئىتنى تولا ئويلايدىغان ئادەملەرنىڭ بارلىقىدىن

گۇمان قىلغىلى بولمايدۇ. بەزى ئادەملەردىن بەزى ئىتلار بەختـ-
لىك بولۇشى مۇمكىن. بۇ گەپنى مەن دېمىگەن، باشقىلارمۇ قىلـ-
مىغان. بۇ مۇشۇنداق ئىگىسى يوقلا بىر گەپ.

چامادانىنى ئوڭ قولۇمدىن سول قولۇمغا يۆتكەۋاتقان شۇ دەمدە بىرسى سوراپ قالدى.

— نەگە ماڭدىڭىز؟

ئۇزۇن چاچلىق ئادەم ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى. بىر چاغلاردا ئۇنىڭ ئىسمىنى مەمەت سالجىمۇ يا ئەمەت سالجىمۇ ئىشقىلىپ شۇنداقراق بىرنېمە ئىدى، دەپ ئاڭلىغانىدىم. زادى نېمە ئىكەنـ-
لىكىنى ئېنىق بىلمەيمەن. بۇ كىشىنىڭ ئۇزۇن چاچلىرى ماڭا غەلىتە كۆرۈنەتتى، يەنە ئاشۇ ئۇزۇن چاچلىرىنى بۇ كىشىنىڭ دۇنيادىكى بىردىنبىر بەلگىسى بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتىم. مەن دەماللىققا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم، خەقلەر بۇ كىشىنى يالغاندىن مەست بولۇۋالىدۇ، دېيىشىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇندىن تارتىپ كۆپ ئەسرارچىلىقىممۇ يوق ئىدى. باشـ-
قىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ بىرەر ئىشقا قورسىقى كۆپكەن كۈنلەردە يالغاندىن مەست بولۇۋېلىپ خوتۇنىنى تازا ئۇرىدىغان ئادىتى بار ئىكەن. ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ ئېرىنىڭ مەستلىكتە ئۇ-
رۇشلىرىنى ئېغىر ئالمايدىكەن، «مەستلىكتە ئۇرۇپ سالدى» دەپ ئۆزىگە تەسەللىي تېپىپ يۈرەرمىش. يەنە بەزى ئادەملەرنىڭ كۇس- كۇس گەپلىرىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ خوتۇنى ئېرىنىڭ تا-
يىقىغا خۇمار بولۇپ قالغان ئىكەن، ھەپتە - ئون كۈندە ئېرىدىن تاياق يېمىسە خۇيلىنىپ قالغۇدەكمىش، بىر ئامالىلارنى قىلىپ ئې-
رىنى تېرىكتۇرۇپ تايىقىنى يېۋالىدىكەن، بىراق ئېرى ھاراق ئىچمەي ساق ھالەتتە ئۇرسا خوتۇنى بەك ئېغىر ئالىدىكەن، ئاچچىـ-
قىدا ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ بېرىۋالىدىكەن، مەست بولۇپ ئۇرسا ئاندىن خۇمارى بېسىلىپ، كۆڭلى تەسكىن تاپارمىش.

ئۇزۇن چاچلىق ئادەم كۆزۈمگە مەستتەك كۆرۈنمىدى.

— كاماندىروپكىغا مېڭىپسىز-دە.

— شۇنداق، ناھايىتى ئۇزۇنغىچە قايتىپ كەلمەيمەن.
ئۇنىڭ ئۇزۇن چاچلىرىغا قاراۋېرىشنى سەل بىئەپ ھېس قىلىپ قالدىم.
— بىلدىم، كۆرۈشكىچە خۇداغا ئامانەت، جان نەدە كۆكلىسە، شۇ يەردە تۇرسا ئوبدان بولىدۇ.
ئۇنىڭ بىلەن باش ئىشارىسى قىلىپ خوشلاشتۇق، بۇمۇ خوشلىشىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى، بۇ كىشىنىڭ مۇشۇنداق خوشلاشقان ياكى مۇشۇنداقراق سالام قىلغان بىلەن پەقەت خۇشى يوق ئىدى، ئۇ خېلى يىللار ئىلگىرى سالام-سائەتمۇ باش ئىشارىسى بىلەن بولغىلى تۇردى، بىر چاغلاردىكىدەك ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، ئېگىلىپ سالام قىلىدىغان ئادەملەر قالمىغىلى تۇردى، ئىلگىرىكىلەردىن بىزگە سالامنىڭ ئەسلىسى ئۇدۇم قالمىغان چېغى، دەپ ۋايىسغانلىرىنى ئاڭلىغانىدىم. شۇ چاغدا بىز-بىرسىنىڭ ئوغلىنىڭ سۈننەت تويىدا پولۇ يەۋاتاتتۇق.
كۆپ گەپ قىلمايدىغان بىر ئادەم: جاھان دېگەندە ھەممە يەرنىڭ پاسكىنىلىشىپ كەتكىنىدىن ئاھ ئۇرىدىغان، ئۆزى يۇزىنى يۇيمايدىغان ئادەملەرنىڭ بارلىقىدىن گۇمان قىلغىلى بولمايدۇ، دېگەن.
مەن مىڭ تۇرلۇك تەمە بىلەن ئەتراپقا قاراپ قويدۇم، ھېلى يېنىمدىن كەتكەن ئۇزۇن چاچلىق كىشىنىڭ يۇزلىرى مورلانغاندەك تۇراتتى. مەن ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ جىقراق گەپ قىلىشنى، يىراقتا كەتمەكچى بولغانلىقىمنىڭ سەۋەبنى سورۇشتۇرۇشنى، يىراقتا كېتىشنىڭ بولمىغۇر ئىش ئىكەنلىكىنى، كەتكەندىمۇ قايتىپ كەلمەيمەن دەپ تولۇق ئىرادە بىلەن يولغا چىقىشنىڭ پەقەت قاملاشمايدىغانلىقى توغرىلىق ۋەز ئېيتىپ بېرىشنى شۇنداق ئارزۇ قىلغانىدىم، بىراق ئۇ كىشى ئۇنداق گەپلەرنى قىلمىدى. ئۆزۈمنىڭ خىياللىرىمدىن ھەيرانلا قالدىم. ئۇزۇن چاچلىق ئادەمگە بىركىمنىڭ يىراق يەرلەرگە كېتىشى نورمال ئىشتەك، بۇنداق ئىشنىڭ سۆزلەپ يۈرۈشكە، سەۋەبنى

بىلىپ بېقىشقا ئەرزىگۇدەك يېرى يوقتەك بىلىنسە كېرەك.
— بۇ مەھەللىنىڭغۇ تۇرغۇچىلىكى قالمىدى زادى.
ئۇزۇن چاچلىق ئادەم باش لىڭشىتىپ خوشلىشىۋېتىپ شۇنداق دېدى.
چۆچۈپ جايىمدا تۇرۇپ قالدىم. ئۇزۇن چاچلىق ئادەم ئىلگىرى بۇ مەھەللىدە ئوغرى-يالغان جىقىيىپ كەتتى، پاھىشىۋازلار كۆپىيىپ كەتتى، يەنە قىمار ئويناىدىغان، كۇنلىرىنى هاراقكەشلىك بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ئادەملەر ئاۋۇپ كەتتى، دەپ قاقشاپ بەرگەن چاغدا بايىقى گېپىنى بىر قېتىم دېگەنىدى.
— بولۇپمۇ يالغانچىلار ئەڭ كۆپىيىپ كەتتى، ھەممە بالا-قازا يالغانچىلىقتىن كېلىۋاتىدۇ.
ئۇزۇن چاچلىق ئادەم بۇ گەپنى دېگەندە تاماكىسىنى كۇچەپ شوراپ، يەرنى قاتتىق تەپكەنىدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدا يورغىلاپ كېتىۋاتقان سەلىم موزدۇزغا ئۆچمەنلىك، نەپرەت بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىنىڭ ئوتتەك يېنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەنىدىم.
— يالغاننى راستقا ئوخشىتىپ ئېيتقانلارنىڭ تىلىنى كېسىۋېتىش كېرەك.
ئۇزۇن چاچلىق ئادەم بۇ گەپنى دەپ بولۇپ قانائەت قىلمىغاندەك:
— يالغانغا ئىشىنىۋەرگەن ئادەمنىڭ كاللىسىنى يانجىش كېرەك، — دېگەنىدى.
ئارقىدىن ئۇ گەپلىرىنىڭ تازا چەك باسمىغانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بىئارام بولغان ھالدا:
— بۇ خەقكە مىڭ قىلغان بىلەن بىكار، ئامال يوق، — دەپ تاماكىدىن يەنە بىرنى تۇتاشتۇرغانىدى. ئۇنىڭ قېقىلىپ-يۆتىلىپ تۇرۇپ تاماكا چېكىشلىرى مېنى بەكلا بىئارام قىلاتتى.
قۇياش مۇزدەك نۇرلىرىنى سېپىپ كۆكتە ئېسىلىپ تۇراتتى.
ئۆيدە كىشىگە سالقىن تەسىر بېرىدىغان ئەتىرنىڭ سۇس ھىدى بار ئىدى. بۇ پۇراق ئۆيىنىڭ تاملىرىغا، تورۇسىغا، ئۆيدىكى كى-

گىز ـ كېچەكلەرگە يوقالماس بولۇپ سىڭىپ كەتكەندەك قىلاتتى.
خوتۇنۇم بۇرۇندىن مۇشۇ ئەتىرنى ئىشلىتەتتى.
ــ كېتىمەن دەمسىز، بۇ مۇمكىن ئەمەس.
مەن يوپۇرماقلىرىنى قۇرت يەپ كەتكەن تېرەكنىڭ تۈۋىدە ئولتۇردۇم، تۇگۇلۇپ ـ تۇگۇلۇپ ماڭىدىغان قارامتۇل يىرگىنچ-لىك قۇرتلار پات-پات كۆزۈمگە چېلىقاتتى. تېرەكنى قۇرت يەي-دۇ، مېنىڭ روھىمنى، ۋۇجۇدۇمنىمۇ خۇددى مۇشۇ قۇرتقا ئوخ-شاش يەيدىغان، مۇشۇ قۇرتتىنمۇ يىرگىنچلىك نەرسىلەر بار. بۇ نەرسىلەرنى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىدى، مەنمۇ كۆرمىدىم، ئەمما ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمگە پاسكىنا ئاياغلىرى بىلەن نۇرغۇن ئىزلارنى قالدۇرۇپ ئۆلگۈردى.
ــ بۇنىڭ مۇمكىن بولمايدىغان نېمىسى بار.
ــ سىزدە ئۆيدىن چىقىپ كەتكۈدەك جۈرئەت يوق.

يىراقتا قالغان خوتۇنۇمنىڭ مۇزدەك سوغۇق، لىققىدە مەس-خىرە تولغان ئاۋازى يەرنىڭ تېگىدىن، تېرەكنىڭ تۆشۈك ـ تۆ-شۈك بولۇپ كەتكەن شالاڭ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن ئاڭلاندى. مەن تېرەكنىڭ تۈۋىدە كېتىۋاتقان ماڭدامچە قۇرتنىڭ غەلىتە ھەم كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان قىياپىتىگە قاراپ ئولتۇردۇم. خوتۇنۇمنىڭ ئەزەلدىن كۈلكە يۈگۈرۈپ باقمىغاندەك كۆرۈنىدىغان چىرايىدا سوغۇق ھەم ئىپادىسىز بىر جىلمىيىش بار ئىدى، ئۇ-زۇنغىچە كۈلۈپ باقمىغان ئادەملەر كۈلۈشنى ئۇنتۇپ قالسا كې-رەك. شۇڭا ئۇنىڭ كۈلكىسى ھېچ كۈلكىگە ئوخشىمايۋاتاتتى. بىر زامانلاردا كۈلكىسى جاھانغا بىر ئىسسىقلىق، بىر ئارام-بەخش تۇيغۇ ئاتا قىلىدىغان ئايالنىڭ كۈلكىدىن مۇنچىۋالا يىراقلىشىپ كەتكىنىدىن مەن ھازىرغىچە ھەيران. مېنىڭ گۇنا-ھىم بار دېسە، يامغۇر ياغقان يەكشەنبە كۈنى، ئەمەس ئىشتىن بىرنى قىلىپ، بۇ دۇنيا بەكلا موھتاج بولغان كۈلكە ئۆچمەيدىغان بىر چىرايىنى يوقىتىپ قويغىنىم بولۇشى مۇمكىن، ئەڭ يامىنى بۇ چىرايىنىڭ بۇرۇنقىدەك كۈلۈپ تۇرىدىغان ھالغا كېلىشىگە

ئىشەنچ قىلغىلى بولمايتتى. ئەگەر كەلگۈسى توغرىسىدا بىرنېمە يېزىش ماڭا نېسىپ بولۇپ قالسا، مەن بىر يەرلەرگە كۆلكىگە ئېرىشىش ھەممىدىن مۇھىم، دەپ يېزىپ قويىمەن، ئارقىدىن يە- نە كۆلكىنىڭ راست ھەم ساختىسى ھەققىدە بىرمۇنچە گەپلەرنى دېيىشىم مۇمكىن. مەن مۇشۇنداق بىر گەپلەرنى قىلسام ياكى مۇشۇنىڭدەك بىرنېمىلەرنى يېزىپ يۈرسەم، ئۇ نېمىشقا مۇ- شۇنداق خىياللارنى قىلىدىغاندۇ، دەپ ئويلايدىغان ئادەم چىقارمۇ؟ كۆلكىگە تەشنا ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى بىلىدىغانلارنىڭ كۆپ ئە- مەسلىكىنى مەن بۇرۇنلا ھېس قىلغان.

— سىزدە ئۈنچىلىك جۈرئەت يوق.

ئەگەر ئۇ مۇشۇنداق گەپنى قىلىپ قالسا، مەن ئۆزۈمنىڭ جۈرئىتىم بارلىقىنى ئىسپاتلاشقا مەجبۇر بولۇپ قالىمەن. مەن بەزى نەرسىلەرنى ئاللىبۇرۇن ئىسپاتلاپ بولغاندەك قىلىمەن، قولۇمدىكى كۆك رەڭلىك چامادان، يەنە ئۈنىڭدىكى مەن ھازىر- غىچە ئوقۇپ بولالمىغان ئىككى پارچە كىتاب، ئەڭ مۇھىمى ئۆ- زۈمنىڭ غېرىبانە يۈرىكىم ھەممىگە شاھىت بولۇپ تۇرۇپتۇ. مەن چامادانىدىكى كىتابلارنى خىيال قىلىپ قالدىم، بۇ كىتابلارنى چوقۇم ئوقۇشۇم كېرەك، دەپ ئويلىشىم باشقىلارنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە مېنىڭدىن ئۆتە ياخشى ئويلايدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىد- كىمدىن ياكى ئۆزۈمنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە ئۆزۈمنى قايىل قىلا- لىغۇدەك ئويلىيالايدىغانلىقىمغا جەزم قىلالمىغىنىمدىن بولغاندۇ.

مەن ئەسلىدە ئۆزۈمنى بىلىشىم كېرەك ئىدى. مەن يەنە ئە- تە مۇنداق بولىدۇ، ئۆگۈن مۇنداق بولىدۇ، دېيەلىسەم بولاتتى. كېلەركى ئايدا، كېلەركى پەسىلدە، كېلەركى يىلدا بولىدىغان ئىشلارنى بىلىشىم كېرەك ئىدى. ئېغىرلىقىدىن بىلەكلىرىمنى تالدۇرۇۋەتكەن ئىككى پارچە كىتاب ماڭا مۇشۇنداق بىر ئىشلار توغرىسىدا ئۇچۇر بېرىشى مۇمكىن.

دادامنىڭ قىپقىزىل ئوتتا كۆيۈپ كەتكەن خاتىرىلىرى يا- دىمدىن كەچتى.

# ئۈچىنچى باب



چاسا سىمونت كېسەكلىرى بۇزۇلۇپ ئۇ يەر- بۇ يەرلىرى ئويمان بولۇپ قالغان يولدا كېتىۋېتىپ بىر چاغلاردا مۇشۇ يول بويىدا ناھايىتى يوغان قارا تېرەكلەرنىڭ، قارا سۆگەتلەرنىڭ، قۇچاق يەتمەيدىغان سەگۇ تېرەكلەرنىڭ بارلىقىنى ئەسلەپ قالـدىم. قاچاندىن بۇيان بۇ يولنىڭ تار كېلىپ كېڭەيتىلگەنلىكى، يول بويىدىكى خىزىردەك كۆرۈنىدىغان قېرى دەرەخلەرنىڭ قومۇرۇپ تاشلانغانلىقىنى تازا بىلىپ كەتمەيمەن.

چامادانىمنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەتكىنىنى ھېس قىلغىنىمچە كېتىۋېتىپ بەك جىق نەرسىلەرنى ئويلىدىم. ئىككى ئادەم بار يەردە دېگىلى بولمايدىغان، قاملاشمىغان ئويلىرىممۇ كۆپ ئىدى.

ئالدىمدا كەڭ بىر يول تۇراتتى، بۇ يولدا سەلىم موزدۇز-نىڭ، توختەك مومايىنىڭ، ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ، مەسچىتنىڭ ئىمامى دامان قارىمنىڭ، توخۇ كاۋىپى ساتىدىغان جېلىلنىڭ، تولا گەپ قىلىپ ئادەمنى زېرىكتۈرىدىغان ساتىراش ئوبۇلنىڭ، يەنە مېنىڭ خوتۇنۇمنىڭ، يامغۇرلۇق يەكشەنبىدە مەن بىلەن تەڭ شەرمىسار بولغان ساباھەتنىڭ ... يەنە مەن بىلىدىغان، بىلمەيدىغان بىركىملەرنىڭ ئىزى قالغانىدى. بۇ يول شۇ ئادەملەر ماڭ-غان، تولا مېڭىپ كونىرىتىۋەتكەن يول ئىدى، بۇ ئادەملەرمۇ مۇشۇ يولدا تولا مېڭىپ ئۆزلىرىمۇ كونىراپ كەتكەنىدى. بۇ يول

مېھرى ئىسسىق، چىرايلىق يول ئىدى. مەن بۇ يولدا ماڭغىلى بەك ئۇزاق بولغانىدى. ئېگىز ئازمىدىن سەكرەيدىغان، يىڭناغۇچ تۇتۇپ ئوينايدىغان چاغلاردىن تارتىپ مۇشۇ يولدا مېڭىپ كېتىۋاتاتتىم. ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن بىرىمىزنىڭ ئىزىغا بىرىمىز دەسسەپ ناھايىتى ئۇزاق ماڭغان ئىدۇق. قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن بۇ يولدا بۇ دۇنياغا ئوچۇق چىراي قاراپ باقمىغىلى بەك ئۇزاق بولغان خوتۇنۇمنىڭ ھەم خوتۇنۇمغا ئوخشايدىغان نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئىزى قالغانىدى. بەزىدە ئۆزۈمنى مېڭىپ كۆنگەن مۇشۇ يولدىن چەتنەپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالاتتىم. مەن ئەمدى قىزىل چاينىڭ ھىدى كېلىدىغان چەينەكنىڭ جوغىسىدىن يالتىراپ قۇيۇلغان چاينى ئىچەلمەسلىكىم، پاكىز داستىخاندىكى يۇمشاق نانلارنى يېيەلمەسلىكىم، تال قېرىمىنىڭ ئەتراپىدا ئالچاڭشىپ مېڭىپ يۈرىدىغان توخۇلارغا دان تاشلىيالماسلىقىم مۇمكىن. ئىككى مو يەردە تۈرلۈك مېۋىلەر ئايىنىغان بېغىم بولسىدى، دېگەندەك خىياللارنى داۋاملىق قىلالىشىمۇ ناتايىن. ئاشۇ ئىككى مو باغنىڭ ئالدىدىكى سۇلىرى شىرىلداپ ئاقىدىغان ئېرىقنىڭ بويىدىكى يۇمشاق كۆك قۇمدا يېتىپ چاي ئىچسە، كاككۇكنىڭ سايرىغىنىنى ئاڭلىسا قانداق ياخشى. پاكىز داستىخاندىكى نان بىلەن بىرنەچچە ساپاق قىزىل ئۈزۈم بولسا ... پاكىز داستىخان جانغا باشقىچە راھەت بولۇشى مۇمكىن.

كۆك چامادانغا نەرسىلىرىنى سېلىپ ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەن، نەگە بېرىشىنى بىلمەيدىغان ئادەمنىڭ ئۇنداق باغلاردا ھۇزۇر سۈرىشىنى خىيال قىلماق تەس. مەن شۇ ھالدا ئىلگىرى ماڭا تەئەللۇق بولغان ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم قېلىۋاتقاندەك، ئىلگىرىكى ھاياتىمدىن، ئۆزۈمگە تەئەللۇق بارلىق ئۆتمۈشۈمدىن، بارلىق ھېس - تۇيغۇلىرىمدىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتىم.

مەن جىق نەرسىلەردىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدىم، بۇ نەرسىلەر مەن ئۈچۈن زۆرۈر نەرسىلەر ئىدى. شېرىن تۇيغۇ-

لىرىم توزۇپ كېتىۋاتاتتى.

يۈرىكىمنى سەگىتىپ تۇرىدىغان ئەستىلىكلىرىم ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتاتتى.

كۆڭلۈمگە ئۆچمەس ئوتلارنى يېقىپ تۇرىدىغان ئارمانلىرىمنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ كېتىۋاتاتتى.

مەن مۇشۇنداق ئويلاشتىمن، دۇنياغا مۇشۇنداق نەزەردە قاراشتىن بەك بىزار ئىدىم. دۇنياغا مۇشۇنداق نەزەردە قارىغان ئادەملەرنىمۇ يامان كۆرەتتىم. ئۆلۈم قورقۇنچلۇق بولسىمۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۇنى خىيال قىلىپلا يۈرۈش قاملاشمايدىغان ئىش.

سۆيۈلۈش شېرىن بولسىمۇ بىراق ئۇنىڭمۇ كىشىنى بىزار قىلىدىغان چاغلىرى بولىدۇ. قۇياش نۇرى پارلاپ تۇرىدىغان بۇ دۇنيادا بىزنىڭ ھاياتىمىز ئاستا-ئاستا، ئۆز يولى بىلەن داۋام قىلىپ كېتىپ بارىدۇ. بىزنىڭ يۈرىكىمىزدىكى قانائەت بارغانسېرى ئۆز كۈچىنى يوقىتىۋەتكەندەك قىلىدۇ. مەن بەزىدە يۈرىكىمدە سەككىز جەننەتنىڭ ھۇزۇرىنى يالماپمۇ يەنە تويمايدىغان، تولمايدىغان بىر بوشلۇقنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمەن.

ئۆزۈمنىڭ نېمىشقا بەزى نەرسىلەردىن ۋاز كېچەلمەيدىغانلىقىمنى، نېمىشقا بەزى نەرسىلەرگە مۇنچىلا باغلىنىپ قالغانلىقىمنى بىلەلمەيتتىم. تاماكىنى تاشلىيالمايدىغانلىقىمنى، مېنى تونۇيدىغان، ھۆرمەتلەيدىغان ئادەملەردىن يىراقلىشالمايدىغانلىقىمنى، خوتۇنۇمدىن، تونۇشلىرىمدىن، دوستلىرىمدىن، قولۇم - قوشنىلىرىمدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ يەتكەندە جاھان دېگەننىڭ قىلدام قان تومۇرلاردەك ئايرىپ چىققىلى بولمايدىغان يىپلار بىلەن ئورىلىپ كەتكىنىنى، بۇ يىپلارنىڭ بەك چىگىشلىكىنى، ئۇنىڭ چىگىشلىشىپ كەتكەن يەرلىرىنى، تۇگۈنچىلىنىپ قالغان يەرلىرىنى ئاسان يەشكىلى، ئاجراتقىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇغاندەك بولدۇم.

نېمىلا بولسۇن ئاچچىقىم بېسىلغۇدەك بىر ئىش قىلىپ

باققۇم كەلدى.

خوتۇنۇمنىڭ مۇزدەك تەلەتى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ يۈ-رىكىم سىقىلىپ كەتتى.

چامادانىنى چۆرۈۋەتمەكچى بولۇپ يەنە توختاپ قالدىم. خى-ياللىرىم بىلەن كۆز ئالدىمدىكى دۇنيانى ئارىلاشتۇرۇپ قويغان چاغلىرىمنى ھەسرەت بىلەن يادىمغا ئالدىم.

— سەن نېمىشقا ماڭا پەرۋا قىلمايسەن؟

— پەرۋا قىلماي نېمە قىلدىم؟ بىر ئوبدان كۈتۈۋاتىمەن، يەنە رازى بولمىسىڭىز مېنى يولغا سېلىپ قويۇڭ.

— مۇشۇ گەپنى بەك جىق دەپ كەتتىڭ، تايىنلىق مېنىلا يولغا سېلىپ قوي بولمىسا.

— ئۇمۇ بولىدۇ.

— مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ساراڭ بولۇپ قالسام ئاندىن كۆڭلۈڭ تىنىدۇ سېنىڭ، شۇنداقمۇ؟ ئۇ ئىشلارغىمۇ ئون يىل بولاي دېدى، نېمە تۈگىمىگەن ئاداۋەت بۇ؟

— مەن ئاداۋەت ساقلىمىدىم، نېمە قىلغۇڭىز كەلسە شۇنى قىلمامسىز.

— مەن سېنىڭ نېمەڭ، گەپ قىلە.

ئۆزۈمنىڭ ئاۋازىدىن ئۆزۈم چۆچۈپ كەتتىم. كەشتە تىكىپ ئولتۇرغان ئايالىم دىڭگىدە چۆچۈپ ماڭا تىكىلىپلا قالدى.

— نېمە بولدىڭىز؟

— ھېچنېمە.

— ئەمىسە نېمە ۋارقىراپ يۈرىسىز ئادەمنى قورقۇتۇپ؟

— مەن ۋارقىرىمىدىم.

— ۋارقىرىدىڭىز.

— ساڭا شۇنداق ئاڭلىنىپ كەتكەن چېغىۋا.

— سىز ساراڭ بولۇپ قالسىڭىز ماڭا كەلگۈلۈكنىڭ ھەممىسى كېلىدۇ.

خوتۇنۇمنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ بەكلا بىسە-

رەمجان بولۇپ كەتكەنلىكىنى چۈشەنگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ قاراش-لىرىدىن: «نېمىشقا تامدىن تارشا چۈشكەندەك گەپلەرنى تولا قى-لىسەن؟» دېگىنىنى ئۇققىلى بولاتتى. ئۇ ئىلگىرىمۇ «تاغدىن - باغدىن سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدىڭىز، گېپىڭىزنىڭ يا بېشى يا ئاخىرى يوق» دېگەندەك قىلغان. ئۇ شۇنداق دېگەن بولۇشىمۇ، يا مەن ئۇنىڭ شۇنداق دېگەنلىرىنى خىيال قىلغان بولۇشۇممۇ مۇمكىن.

خوتۇنۇم ئەنسىز، ئەندىككەن، قورققان هالدا چەكچىيىپ قاراپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرى بەكلا چىرايلىق كۆرۈنەتتى، خو-تۇنۇمنىڭ ئەنسىز هالىنى كۆرسەم يۈرەكلىرىم يايراپ كېتەتتى.

مۇشۇ هالدا ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىنى بىلگۈم كې-لەتتى. ئۇ مېنىڭ مۇشۇنداق بولۇپ قالغىنىمنى ئۆز گۇناهىنىڭ جازاسى دەپ ئويلىسا كېرەك، ياكى بولمىسا كۆڭلىدە خۇش بو-لىدىغاندۇ. مېنىڭ قالايمىقان سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغىنىمنى خوتۇنۇمدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئادەملەر بىلىپ قېلىشى مۇمە-كىن.

بەزى ئادەملەر مېنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىمنى بىلسە بىرگە مىڭنى قوشۇپ ئاجايىپ-غارايىپ چۆچەكلەرنى توقۇپ چى-قىدۇ.

يولنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە سەلىم موزدۇز كېلىۋاتاتتى، ئۇ مېنى كۆردى، مەن كۆرمىگەن بولۇپ ئۆتۈپ كېتەي دەپ تۇرۇ-شۇمغا ئۇ قولىنى سىلكىپ قويدى. بۇ ماڭا توختاپ تۇرۇڭ، دې-گىنى ئىدى. سەلىم موزدۇز ئالدى - كەينىگە قارىغاچ يولنى كېسىپ ئۆتۈپ مەن تەرەپكە كېلىۋاتاتتى.

نەچچە قەدەم نېرىدا بىر تىلەمچى كۆزلىرىنى يۇمۇپ بىرنې-مىلەرنى پىچىرلىغاچ يۆكۈنۈپ ئولتۇرغانىدى. ئۇ ماڭا، قىينىلىپ كەتكەندەك كۆرۈندى. يامغۇر سۈيىدىن نەملىشىپ كەتكەن قاتتىق يولدا ئۇنىڭ ئولتۇرمىقىمۇ ئاسان ئەمەس ئىدى.

مەن مۇشۇ ئادەمنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالماپتىمەن. بۇمۇ تەقدىرنىڭ ماڭا ئوڭ كۆزدە قارىغىنى.

ئۆزۈمنى ئاشۇ نەم، قاتتىق يەردە ئۆلتۈرغان هالدا ئويلاپ قورقۇپ كەتتىم. يۈرىكىم ئىتتىك ـ ئىتتىك سوقۇپ كەتتى. تىلەمچىگە قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدىم.

سەلىم موزدۇزنىڭ سول مەڭزىدىكى تارتۇققا بۇرۇندىن دىققەت قىلاتتىم، ماڭا ناۋادا مۇشۇ تاتۇق بولمىسا بۇ كىشىنى تونۇغىلى بولمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى، ئۇنىڭ مېنى كۆرۈپلا ئىشارە قىلغىنىدىن، مېنى ئىزدەپ يۈرگىنىنى بىلگىلى بولاتتى، بەلكىم ماڭا نەسىھەت قىلغىلى كەلگەندۇ، ئەمما مەن بۇ ئەپتىم بىلەن ئاسان ئېرىمەيدىغاندەك قىلىمەن. مەن زادى چىقىپ كېتىپ ئېرىنى كەچۈرمەيدىغان ئايالنىڭ، مۇز چىراي ئايالنىڭ، پەرۋاسىز قىياپەتكە كىرىۋالغان ئايالنىڭ يالغۇز قالىدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويۇشۇم كېرەك، ئۇنىڭغا پۇشايمان دېگەننىڭ ئادەمنى بەكلا قىينايدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشۇم كېرەك. سەلىم موزدۇز يىراقتىنلا ماڭا دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى، ئەمدى قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىمنى بىلىدىغان كىم بار، مۇشۇ سەلىم موزدۇز بىلىپ قالغان بولسا كېرەك. ئۇ يېنىمغا كېلىپ ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇردى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىچ ئاغرىتىش بىلەن ئۆچمەنلىكنى كۆرگەندەك بولدۇم. تۇرۇپلا ئۇنىڭدىن رايىم يېنىپ قالدى، مەن مېڭىۋەرمەكچى بولدۇم، يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، بىر ئادەم بىلەن ئۇچراشقاندىكىن نېمىلا بولسۇن بىرنېمە دەپ گەپلىشىپ مېڭىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى هېس قىلساممۇ يەنە كۆڭلۈم تارتمايۋاتاتتى.

— سىزگە دەيدىغان گەپ بار ئىدى.

مەن چامادانىمنى ئوڭ قولۇمدىن سول قولۇمغا يۆتكەپ قاراپ تۇردۇم، ئۇ بىر ئۆمۈر كۈن خورۇم بىلەن هەپىلىشىپ يىرىكلىشىپ كەتكەن قوللىرىنى سوزدى. قوللىرىمنى سىقىۋاتقان

شۇ دەمدە سەلىم موزدوز كۆزىنى مەندىن ئالمىدى. مەن ئۇنىڭ تارتۇقىغا قاراپ باشقا بىرنېمىلەرنى خىيال قىلىپ ئولگۇردوم.

— نېمە گېپىڭىز بار ئىدى؟

سەلىم موزدوزنىڭ سول مەڭزىدىكى تارتۇقى ئادەمنى بىر قىسمىلا قىلىپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئالىپاساق، پورۇم-پورۇم قورۇق باسقان تارتۇقى كىشىنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرەتتى. مېنىڭ يىراق يەرلەرگە كەتمەكچى بولغىنىمنى بىلىپ قالغان بولسا، كۆڭۈل ياسىماقچى بولسا كېرەك. مەغرۇر شادىمانلىق كۆڭلۈمگە يەڭگىل شامالدەك راھەتلىك يېيىلدى.

— پولىڭىزنى يىتتورۇپ قويۇپتىكەنسىز، قايتۇرۇپ بېرەي دەپ سىزنى ئىزدەپ يۈرەتتىم.

سەلىم موزدوز قويۇن يانچۇقىدىن سارغۇچ كونۋېرتنى چىقىرىپ ماڭا تەڭلىدى. مەن ئۇنىڭغا پۇلۇم يوقاپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ قاپتىمەن. پۇلى يوقاپ كەتكەن ئادەم بىلەن پۇل تېپىۋالغان ئادەمنىڭ رەڭگىرويى ئوخشىمىسا كېرەك.

— مېنىڭ پۇلۇم يوقاپ كەتمىگەن، باشقا بىرسىگە بېرىڭ.

— سىز بىلمەيسىز، ھەممەيلەن سىزنى پۇلى يوقاپ كەتكەن، دەپ يۈرۈشىدۇ.

— مېنىڭ پۇلۇم يىتمىگەن، ماڭا ئېسىلىۋالماڭ.

سەلىم موزدوز ئاچچىق بىلەن كانىيىنى قىرىپ قويدى. مەن ئۇنىڭ سول مەڭزىدىكى تارتۇقىغا، كۆزلىرىگە قاراشقا پېتىنالمىدىم، بۇ يەردىكى جامائەت ئىشلىرى سەلىم موزدوزنىڭ قولىغا رويابقا چىقمايدۇ، كىمنىڭ ئوغلىغا كىمنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىش، كىم بىلەن كىمنى ئاجراشتۇرۇۋېتىش، كىمنىڭ ئۆيىنى كىمگە سودا قىلىپ قويۇش، قۇدۇقنى قەيەرگە قېزىش، بىرسىنىڭ دادىسىنىڭ يىل نەزىرىسىگە نەچچە جىڭ گۈرۈچ، نەچچە جىڭ سۇ يېغى ئىشلىتىش، دېگەندەك ئىشلار مۇشۇ كىشىنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن بىر باشقا چىقىدۇ.

بايىقى تىلەمچى كۆرۈنمەيتتى. مەن ئەنسىزلىك ئىچىدە

ئەترابقا قاراپ قويدۇم. تىلەمچىنىڭ يوقاپ كېتىشى بىلەن بو-لۇۋاتقان گەپلەرنىڭ، يەنە مېنىڭ يا بېشى يا ئايغى يوق خىيال-لىرىمنىڭ بىر يەرلىرى باغلىنىشلىق چىقىپ قالمىسكەن، دەپ ئويلاپ كەتتىم.

— سىز نېمىنى بىلىسىز، پۇلىڭىز يىتىپ كەتكەچكە ئەھۋالىڭىز مۇشۇنداق بولۇپ قالدى، ياخشى كۆڭلىڭىز يامىنى بو-لۇپ قالسا تارتقۇلۇق ھەممىمىزگە بولىدۇ، ئۆزۈڭ تىنچ، قوشناڭ تىنچ، دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ، بىتەلەي سۇغا چىقسا كالا كۆلگە تېزەكلەپتۇ؛ ئالدىرىماڭ يارەي، سىزگىمۇ بارەي؛ توققۇز قىزنىڭ تولغىقى بىر تۇتۇپتۇ، دېگەندەك نېمانداق تۈگىمەيدىغان ئىشلار بۇ؟

سەلىم موزدۇزنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئالىيىپ كەتكەنلىكىنى، ئاغزىدىن كۆپۈك چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

سەلىم موزدۇزنىڭ يالغان گەپ قىلىدىغانلىقىنى مەنلا ئە-مەس ھەممە ئادەم بىلىشى مۇمكىن، بۇ خۇددى ئىمىن كاۋاپچى-نىڭ خوتۇنىدىن قورقىدىغانلىقىنى، ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ مەست بولۇپ قالغاندا خوتۇننى ئۇرسا، ئۇ خوتۇننىڭ خۇمارىنىڭ بېسىلىدىغانلىقىنى ھەممەيلەن بىلگەندەكلا بىر ئىش. سەلىم موزدۇز توغرىسىدا، ئىمىن ھەسەن توغرىسىدا ئويلىنىپ قالات-تىم، مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئامراق ئىدىم، شۇلارنىڭ سۆز-لىرىنى ئاڭلىسام كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ پاراڭلىـ-رىنى سېغىنىپ قالاتتىم، بۇ ئىككىسىنىڭ سۆزلىرى ئاچقان يەرگە بارغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. سەلىم موزدۇزنىڭ گەپلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان بولۇشى ناتايىن، يالغان گېپى بىلەن راست گېپىنى ئايرىغىلى بولماسلىقى مۇمكىن، دەپ ئويلايتتىم. مەنلا ئەمەس، مەندىن باشقا ئادەملەرنىڭ جىمىسى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا خۇشتار ئىدى، نۇرغۇن ئادەم ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىشقا ئامراق ئىدى. كىشىلەر سەلىم موزدۇزنىڭ يالغانلىرىدىن ۋايساپ تۇرۇپ كۈنلەپ - كۈنلەپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلايتتى،

ئۇنى تىللاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر تاۋاقتا ئاش يەيدىغانلار، ئۇنى تۆرگە باشلايدىغانلار، بىر نان تاپسا تەڭ يېمىسە كۆڭلى يېرىم بولىدىغانلار كۆپ ئىدى.
بىر ئادەمگە مۇشۇ توغرىلىق گەپ قىلسام:
— بۇ دۇنيا يارالغاندىن باشلاپ يالغان بىلەن ئۆرە تۇرۇپ كەلگەن، — دېگەنىدى.
نەچچە ئاينىڭ ئالدىدا ئىككى ئادەم سەلىم موزدۇز توغرىلىق ئۇرۇشۇپ قالدى. مەن نەق مەيداندا بار ئىدىم.
— سەلىم موزدۇز ئالىجوقا سۆزلەيدىغان بولۇپ قاپتۇ.
— ئۇنداق ئەمەس، خەقكە يامانلىق تىلىمە.
— يامانلىق تىلىمىدىم، ئۇ راستلا ئوڭ-تەتۈر سۆزلەيدىغان بولۇپ قاپتۇ.
— ساقنى ساراڭ دېسە، بىر چىشلەم گۆشى ساراڭ بولىدۇ، دەيدىغان گەپ بار، خەقكە شۇملۇق تىلەپ نېمە پايدا تاپسەن سەن گۇي ... سەلىم موزدۇز يالغان ئېيتسا ساڭا نېمە يامانلىقى تەگدى ... بۇ يەردە سەندەك ئادەم بولمىسمۇ بولىدۇ، ئەمما سەلىم موز-دۇز بولمىسا بولمايدۇ ...
يەنە نۇرغۇن گەپلەر بولدى، سىلكىشىش، تارتىشىش، ئىت-تىرىشىش، مۇشتلىشىش بولدى، ئاخىردا بىرسىنىڭ ئىككى چىشى تۆكۈلۈپ، يەنە بىرسىنىڭ بىر قولى سۇندى.
ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىمدىن سەلىم موزدۇزنىڭ خەۋەر تاپ-قان-تاپمىغانلىقىنى بىلەلمىدىم.
بېشىم قايغىلى تۇردى. خوتۇنۇمنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى، كۆل رەڭ مۇشۇكنىڭ چېقىر كۆزلىرى، ئۇزۇن بۇرۇتلى-رى كۆرۈنگەندەك بولدى. ئاندىن يەنە سەلىم موزدۇزنى كۆرگەن-دەك بولدۇم. مەن مۇشۇنداق هالدا يىقىلىپ قالسام، قالايمىقان سۆزلەپ قالسام ياكى يەنە بىر قانداق بولۇپ قالسام بولمايتتى.
— بۇ پۇل مېنىڭ ئەمەس، بۇنى ئالسام بولمايدۇ.
— ئارتۇق گەپ ئېشەككە يۇك، ئاچنىڭ قەدرىنى توق بىل-

مەس دېگەن، گەپ بار... ئاپئاق ـ ئاپئاق توشقانلار دېگەن ناخشىنى ئاڭلىغانمىدىڭىز.

— ياق.

— ئەمىسە ما پۇلنى ئېلىپ دەردىڭىزگە داغ ئېتىڭ، ئېشىكىم نە بىلۇر كۈنجۈرە ناۋاتنىڭ قەدرىنى، دېگەندەك ئىش بولغىلى تۇردى. جاھاندا كۆڭۈلدىن يۇگۈرۈك نەرسە يوق. تاھىر - باينىڭ كونا بېغىدىكى جىگدىنىڭ تۈۋىدە يېتىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان ئادەم يوق، مانا مەن ھازىر شۇ يەردىن كەلدىم. ئۇ يەردە كېچىچە ئوتقاش كۆتۈرگەن ئادەملەر بەزمە قىلىدىكەن... تارتىنماي ئېلىۋېرىڭ، ئۆزىڭىزنىڭ پۇلى... بۇ مەھەللىدە مەن بولمىسام بۇ خەقنىڭ كۆرىدىغان كۈنى بار.

نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا بىر كىشىنىڭ ئۇھسىنىپ: سەلىمدىنمۇ قۇرۇق قاپتۇق، ئەمدى ئۇنى يالغانچى دەپ تىللىماڭلار... دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم.

مەن كۆرۈۋاتقان نەرسىلەرنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى، بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ مېنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ خىيالى ياكى راست ئىش ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قالدىم. سەلىم موزدۇز بىر زاماندا قارلىغاچ يوقاپ كەتسە ئادەمنىڭ نەسلى قۇرۇيدۇ، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ يۈرگەندە مەن كۆڭلۈمدە پەقەت ئىشەنمىگەنىدىم، ئارقىدىن سەلىم موزدۇز يا ئېلىشىپ قاپتۇ، ياكى بولمىسا ئېلىشىپ قېلىشقا ئاز قاپتۇ، دېگەنلەرنى ئويلىغانىدىم، ئەمما نېمىشقىدۇر شۇنىڭدىن كېيىن ئەزەلدىن دىققەت قىلمىغان قارلىغاچ دېگەن جانىۋارنى ئىزدەيدىغان بولۇپ قالدىم. مەن ئۇ كۈنلەردە قارلىغاچ بىلەن ئادەمنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بارلىقىنى تازا بىلىپ كەتمەيتتىم. ھازىرمۇ ئانچە بىلمەيمەن.

شۇ چاغدا سەلىم موزدۇزنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان بىر ئادەمنىڭ ھەسرەت بىلەن ئۇھ تارتىپ:

— توۋا، قارلىغاچ ئازىيىپ كەتكىلى تۇردى، ئەمدى قانداق قىلارمىز — دېگىنى يادىمدا. ئۇزۇن ساقاللىرى تۇگەل ئاقىرىپ

كەتكەن بۇ كىشىنىڭ چىرايىغا قاراپ مەن توختەك مومايىنى يادىمغا ئالغاندىم. شۇ چاغدا توختەك موماي بىلەن مۇنۇ بوۋاي ئوتتۇرىسىدا ئىلگىرى قانداقتۇر سىرلىق بىر ئىشلار بولۇپ ئۆتكەندەك ياكى بولمىسا بۇنىڭدىن كېيىن يۈز بېرىدىغاندەك ئويلاپ قالغاندىم.

چامادان بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى، ھېلىقى كىتابلارنى تاشلىۋېتىشنى ئويلىدىم، ئەمما جۈرئەت قىلالمىدىم. بۇ كىتابلارنى تاشلىۋەتسەم نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم، ھازىرغىچە بۇ كىتابلارنى ئوقۇمىغانلىقىم بىر ھېسابتا بۇ كىتابلارنى تاشلىۋەتكىنىم بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئەمما ئوقۇمىساممۇ يېنىمدا بولسا يۈرىكىم توق تۇراتتى. مەن نەچچە قېتىم خەقلەرنىڭ كەلگۈسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى كىتابنى ئوقۇپ ئولتۇرماي، كەلگۈسى توغرىسىدىكى كىتابنى ئۆزۈم يازسام بولاتتى، دېگەنلەرنى ئويلاپ قالغاندىم. ئەمما، بۇنداق ئويلاشتىنمۇ، خەقلەرنىڭ مۇشۇنداق ئويلىغانلىقىمنى بىلىپ قېلىشىدىنمۇ قورقاتتىم.

دادامنىڭ ئوت يالماپ كەتكەن كىتابلىرىنى كۆرەلىگەن بولسام بۈگۈنۈم مۇنداق بولماس ئىدى. ئۆيدىن يامانلاپ چىقىدىغان تايىنى يوق كۈنگە قالماس ئىدىم. دادام ماڭا دەيدىغانلىرىنى، ھەربىر كۈننى قانداق ئۆتكۈزۈش، ھەربىر قەدەمنى قانداق بېسىش، دېگەندەك مۇھىم ئىشلارنى ئاشۇ خاتىرىلىرىدە مەن ئۈچۈن يېزىپ قالدۇرغان بولغىيدى. كۆزگە سىغمايدىغان تايىنى يوق ئىشلارنى، شۇ جۈملىدىن كوچىدا يېرىم يالىڭاچ ئادەملەرگە يولۇقۇپ قالغاندا مېنىڭ نېمە قىلىشىم كېرەكلىكىمنى كىرسىن چىراغنىڭ سارغۇچ نۇرى ئاستىدا ئولتۇرۇپ، بىرمۇبىر پۈتۈپ قويغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلگەن ئادەم قالتىس ئادەم.

مەن قارا چاچلىرى چېچىلىپ تۇرىدىغان نازۇك قىز سوۋغا قىلغان كەلگۈسى توغرىسىدىكى كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا ئۇزاق

قاراپ تۇرۇپ كەتكەن شۇ دەمدە كىتاب يېزىپ قالسام بىرىنچى قۇرنى مۇشۇنداق باشلىماقچى بولغانىدىم. دادام يازغان كىتابمۇ خۇددى مۇشۇنداق باشلانغان، دەپ ئويلايتتىم. ئارقىدىن يەنە ئا-دەمنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلگەن ھەم ئادەمگە ئۇلۇغلۇق مۇقامىدا مۇئامىلە قىلغان ئادەم ئۇلۇغ ھېسابلىنىدۇ، دېگەنلەرنى يازماقچى بولغان كىتابنىڭ بىر يەرلىرىگە قىستۇرۇپ قويماقچى ئىدىم. ئەمما، يازماقچى بولغانلىرىمنى كىتاب دەپ ئاتاشقا پېتىنالمى-دىم. بىر ئادەم ماڭا: بەك جىق ئادەملەر كىچىكىدىن باشلاپ ئۆز ئەقلىدىن گۇمانلىنىپ چوڭ بولىدۇ، دېگەنىدى. بۇ گەپنى ئىمىن ھەسەن دېمىگەن، سابىت نۇرمۇ دېمىگەن.

كۆز ئالدىدىكى دەريادىن كېچىپ ئۆتەلەيدىغانلىقىغا ئىشى-نىپ تۇرۇپ شۇ دەريادىن بىر ئۆمۈر ئۆتمەيدىغان ئادەملەر بار.

كونۋېرتنى تۇتقان قوللىرىم تىترەپ كەتتى، چامادان كۆ-تۈرگەن سول قولۇم تېلىپ كەتكەنىدى، بايا ھېلىقى كىتابلارنى سالمايدىغان گەپكەن، كىتاب دېگەن ئېغىر نەرسە. سەلىم موزدۇز كەكلىك يورغىلىغاندەك غىرىلداپ مېڭىپ كەتتى، مەن ئۇنىڭ بىرنېمىدىن قورققاندەك، ئەندىشىلىك دۈمچىيىپ مېڭىشلىرىغا قاراپ تۇرۇپلا قالدىم.

خەقلەر سەلىم موزدۇزنى مۇشۇ ئەتراپتا داڭقى چىققان ھۈ-نەرۋەن ئىدى، دېيىشىدۇ، ئۇ تىككەن ئاياغلارنىڭ داڭقى بارمىش-كەن. ئىمىن ھەسەن سەلىم موزدۇزنىڭ گېپىنى قىلىۋېتىپ:

— ئۇنىڭ جاھانىنىڭ ئىشلىرى، مەھەللىدىكى كەلدى-كەتتى ئىشلار توغرىسىدىكى پاراڭلىرى ھەممە ئادەمنى ھەيران قالدۇر-دۇ، بۇ خىلدىكى گەپلەرنى سىز بىلەن مەنمۇ قىلالمايمىز، ئەمما سەلىم موزدۇزنىڭ ئاغزىدىن باشقىچە بىر كارامەت بىلەن چىقسا كېرەك، دىققەت قىلدىڭىزمىكىن، بىزنىڭ بۇ يەرلەردە كىشىنى ھەيرانۇ ھەس قىلىدىغان، قايىل قىلىدىغان ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلار ھەم مۇشۇ خىل ئىشلار توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنىڭ ھەممىسى سەلىم موزدۇزنىڭ نامىغا ماڭىدۇ.

سەلىم موزدوز بىرسىنىڭ ئىككى ئايلىق بولغان بالىسىنىڭ يەتتىنچى قەۋەتتىن چۈشۈپ كېتىپ ھېچنېمە بولمىغانلىقىنى، بۇنىڭغا جىمى ئادەمنىڭ تاڭ قالغانلىقىنى، بەك جىق ئادەملەرنىڭ ئەقلىگە سىغدۇرالمىغانلىقىنى بىمالال سۆزلەيتتى. ئالىملارنىڭ بۇ بالىدا چوقۇم بىر كارامەت بار، دەپ تەكشۈرۈپ يۈرگەنلىكىنى ھېكايە قىلاتتى. سەلىم موزدوز بالىنى تەكشۈرگەنلەرنىڭ سۆزىدىن نەقىل ئېلىپ، بۇ بالىدا قۇشلارنىڭ، بولۇپمۇ كەپتەرنىڭ ئالاھىدىلىكى بار ئىكەن، بۇ بالىغا يەنە بىر-ئىككى يىلدىن كېيىن قانات چىقىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار ئىكەن، دېدى، دېگەندەك گەپلەرنى ھۇزۇرلىنىپ سۆزلەيتتى. بىر قارىغاندا سەلىم موزدوز ھەممە ئادەمنىڭ ئۆز سۆزىگە چىن پۈتىدىغانلىقىغا ئىشەنسە كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن خەقلەرنىڭ ئىشىنىش - ئىشەنمەسلىكى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر تىيىندەكمۇ قىلاتتى.

يامغۇر گاھ توختاپ، گاھ سىمىلداپ تۇراتتى. شەھەرنىڭ توغراق قوۋزىقىغا ئوخشايدىغان تېرىسى يامغۇر سۈيىگە چىلىشىپ باشقا بىر ھالغا كېلىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئېگىز جايدىن گۈرۈلدەپ چۈشۈۋاتقان لاي سۇغا مەزمۇت تاقاق ياغاچتىن سەكرەيدىغان، چاچلىرى قاغا قانىتىدەك قارا، بەكمۇ چىرايلىق بالىلار، ئازما بويىدىكى قۇم دۆڭنىڭ كۈننىڭ نۇرىدا يېقىملىق ئىسسىپ ئانا باغرىدەك تارتىملىق بولۇپ كېتىشلىرى، ئۆلسىمۇ كۆزى يۇمۇلمايدىغان بېلىقلار ... يىڭناغۇچ، كەپتەر، مۇشۇكياپىلاق، يەنە بالاپانلار...

يۇرىكىمدىكى ھەسرەت-نادامەتلىرىمنىڭ تايىنى يوق، ئەمما شۇ ھەسرەتلەرنىڭ قولىغا ئايلىنىپ كۆنلىرىمنى قۇمغا سىڭىپ يوقاپ كېتىدىغان لاي سۇدەك ئۆتكۈزۈۋاتىمەن، دەپ ئويلايدىغان بىر ئادەم كۆك رەڭلىك چامادانىنى كۆتۈرۈپ شەھەرنىڭ يامغۇر سۈيىدىن ھۆل بولغان يوللىرىدا ئاستا كېتىپ باراتتى. ئۇ سەلىم موزدوزنىڭ گەپلىرىنى يادىدىن چىقىرالماي خېلى ئاۋارە بولدى. ئۆزىنى تىلەمچىنىڭ ئورنىدا قويۇپ ئويلىغانلىرىدىن

ھەيران قالدى. چېقىر كۆزلىرىدىن مۇدھىش بىر مەنا چاچراپ تۇرىدىغان مۇشۇكنى، ساپسېرىق قوناقلارنى تالىشىپ يەيدىغان، بىر-بىرلەپ ئۆلۈپ تۈگىگەن توخۇلىرىنى يادىغا ئالدى. ھويلىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا چاشقان دورىسى قويۇپ يۈرگەن خوتۇنىنىڭ ئېغىشكەندە ئالدىغا چۈشۈۋالغان چاچلىرىنى ئارقىسىغا تاشلاشلىرىنى، سۇ تېمىپ توختىمايدىغان جومەكنى ئوڭشاپ بېرىمەن، دەپ پۇلنى ئېلىپ يوقاپ كەتكەن رېمونتچى بالىنى، خوتۇنىنىڭ مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ۋايسىغانلىرىنى ئەسلەپ قالدى. ئازدىن يەنە، مەن مۇشۇنداق تۇتامى يوق بىر ئىشلارنى ئويلاپ يۈرمىسەم بولاتتى، دەپ ئۇھ تارتتى. ئادەم دېگەن بۇ دۇنيادا نېمىنى ئويلىغۇسى كەلسە ئويلاپ، نېمىنى قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلىپ ياشىسا ياخشى، مېنىڭ توخۇلارنى، مۇشۇكنى، يەنە بىر قانداق ئىشلارنى ئويلىشىممۇ ئۆزۈمنى ئەيىبلىگۈدەك ئىش ئەمەس، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. چامادانىدىكى كەلگۈسى توغرىلىق يېزىلغان كىتابتا ئادەمنىڭ ھەربىر مىنۇتىنى ئۆزگە ياراشقان ساپ كۆلكە بىلەن ئۆتكۈزۈشكە تىرىشمىقى زۆرۈر، دېگەن گەپلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدىغان بۇ ئادەمنىڭ كۆك رەڭلىك چامادانى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەتكەندەك ئىدى.

شەھەرنىڭ تاشتەك قاتتىق يوللىرىدا ئاستا كېتىۋېتىپ كۈلۈپ قويدۇم.

جاھاننىڭ كەڭرىلىكىنى ئەمدى ھېس قىلىۋاتقاندەك كۆڭلۈمنىڭ بارغانسېرى يەڭگىللىشىپ يۇمشاق، شېرىن تۇيغۇلارنىڭ ۋۇجۇدۇمغا ھۇزۇرلۇق بىر سېزىم بىلەن ئاستا-ئاستا تاراۋاتقانلىقىنى سەزدىم. جىق ئادەملەر مېنى بىغەم كىشى دەيدىغاندۇ، يەنە بىركىملەر ئىككى خۇيلۇق ئادەم، دەپ باھا بېرىشىمۇ مۇمكىن. ھېچكىم مېنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىمنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيتتى. خوتۇنۇممۇ بىلمەيتتى. توختەك موماي، سەلىم موزدۇز يەنە بىركىم دېگەنلەرنىڭمۇ ھېچقايسىسى بىلمەيتتى. ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىمنى بىركىملەرنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيت-

تىم، يەنە خەقلەرنىڭ ئۇقماي بىخەۋەر قېلىشىدىن قورقاتتىم.

ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىمنى سەلىم موزدۇز بىلسە نېمە دەر؟

ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىم بىلەن باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشى ھەققىدە ئويلانغاندا، نېمىشقا بىرىنچى بولۇپ سەلىم موزدۇزنى يادىمغا ئالغانلىقىمنى بىلەلمىدىم. مەنلا ئەمەس يەنە نۇرغۇن ئا-دەملەر مۇشۇنداق ئەھۋالدا سەلىم موزدۇزنى خىيال قىلىشى مۇمكىن ئىدى.

سەلىم موزدۇز مېنىڭ كۆك رەڭلىك چامادانىنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىمنى، چامادانىدا كەلگۈسى توغرىسىدا يې-زىلغان ئىككى پارچە كىتاب بارلىقىنى، بۇ كىتابنى قارا چاچ-لىرى چېچىلىپ تۇرىدىغان، كۆزلىرىدىن ئۇدۇل يۇرەككە تېگى-دىغان ئىشق ئوتلىرى يېنىپ تۇرىدىغان قىزنىڭ سوۋغا قىلغان-لىقىنى بىلسە نېمىلەرنى دەر؟ خەقلەرنىڭ ئۇنى بىرقانداق سۆز-لەيدىغان بولۇپ قاپتۇ، دېگىنى راست بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەمما قاچاندىن باشلاپ ئېگىز-پەس سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىدىغان ئادەم يوق.

نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىرنەچچەيلەننىڭ سەلىم موزدۇز توغرىلىق قىلىشقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالغانىدىم:

— سەلىمنى بىلمەيسىلەر، ئۇ نېمىشقا يالغان گەپ قىلى-دۇ؟ بۇنىڭ سىرى بار، ئۇ بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئادەملەرنى مازاق قىلىش ئۈچۈن يالغان گەپ قىلىدۇ.

— ئۇ بىزنى نېمىشقا مازاق قىلغۇدەك.

— نېمىشقا بولاتتى، ئۇ بىزنى كىم نېمە دېسە گېپىنىڭ راستى قايسى، يالغىنى قايسى دېمەي، ئاق-قارىسىنى، پايدا-زىيىنىنى ئىلغىماي ئىشىنىۋېرىدىغان دۆتلەر، دەپ مازاق قىلىدۇ.

— ئۇ يالغۇز كېتىۋېتىپ شۇنداق دېدى، مەن دەرەخنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ئاڭلىدىم. بىزنى يالغانغا گول بولىدىغان ئېشەك-باشلار، دېدى.

— ما يالغانچىنى قاراڭلا ...

— مەن تۇيدۇرماي ئارقىسىدىن ئەگەشتىم، ئۇ توختىماي سۆزلەپ ماڭدى، ئۇنىڭ گېپىچە يالغان گەپكە داۋاملىق ئىشىنىدۇ. ۋېرىدىغان، يالغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ چىن پۈتىدىغان ئادەملەرنىڭ ئەقلى هايۋانچىلىكمۇ يوقكەن.

— ما گەپنىڭ سېسىقلىقىنى، قېشىمدا بولسا بىر قويۇپ چىشىنى تۆكۈۋېتەتتىم مەن سەلىم دېگەننىڭ ... بىزنى مۇشۇنداقمۇ ئانىي تاپامدۇ ...

— ئۇ بىزنى ئەخمەق، دۆت، كالىكومشا ... يەنە بىرنېمە دېگەندەك گەپلەر بىلەن تىللىغان بولسا بۇ ئاهانەتكە چىدىغىلى بولمايدۇ جۇمۇ ... هۇ بەچچىخەر ...

ئۇرغۇن كىشى سەلىم موزدۇزنىڭ ئۆزلىرىنى ئالدىغانلىقىدىن خاپا بولۇشتى، ئارقىدىن ئالدىسىمۇ مەيلىدى، بىراق بىزنى تىللىغىنى، دۆت قاتارىدا سانىغىنى بەك ئوسال ئىش بوپتۇ، دەپ رەنجىشتى. ئارىسىدىكى قىزغۇچ ساقاللىرى تىكلىشىپ تۇرىدىغان بىرەيلەن ئاچچىق بىلەن يەرنى تېپىپ تۇرۇپ:

— باشقىسىنىمۇ قويايلى، هايۋانچىلىك ئەقلى يوق، دېگىنى قانداق گەپ ئۇ؟ خەپ ... — دەپ ۋارقىدى.

خەقلەر ئۇنى-بۇنى دېيىشىپ بىرمۇنچە غۇدۇراپ، قېيدىشىپ تارقاپ كېتىشتى.

مەن بىر چەتتە تۇرۇپ ئەته يا ئۆگۈن هېچبولمىسا مۇشۇ هەپتە ئىچىدە سەلىم موزدۇز بىلەن مۇنۇ ئادەملەر ئارىسىدا چوقۇم قاتتىق جېدەل چىقىدۇ، بۇلار سەلىم موزدۇزنى يانجىۋېتىشى، ئۇرۇپ مېيىپ قىلىپ قويۇشى مۇمكىن، دېگەنلەرنى ئويلاپ تېنىم شۈركىنىپ كەتتى.

ئىككى كۈن ئۆتۈپ بىرمۇنچە ئادەم سەلىم موزدۇزنى ئوراپ تۇرۇشاتتى، ئۇلارنىڭ ئىخلاس ۋە مۆمىنلىك پارلاپ تۇرغان چىرايلىرى بەكمۇ چىرايلىق ئىدى. سەلىم موزدۇز دەسلەپ دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى يانتاقلىق دۆڭنىڭ بىر كېچىدە ئورنىدىن قوزغىلىپ، بۇ قاتقا ئۆتۈپ قالغانلىقىنى ئۇزاق سۆزلىدى. ئاندىن

ئون نەچچە يىللار بۇرۇن ئىككى پۇتى ئۇششۇپ قېلىپ سېسىپ كەتكەچكە ئوڭ پۇتى كېسىۋېتىلگەن مەمەت توكۇرنىڭ مېيىپ پۇتىنىڭ كۆكلەشكە باشلىغانلىقىنى، ئىككى پۇتىنىڭ ئالىلبۇرۇن تەڭلىشىپ قالغانلىقىنى، ھازىر پۇت-بارماقلىرى ئۆسۈۋاتقانلىقىنى، پات ئارىدا تىرناق چىقىدىغانلىقىنى ھېكايە قىلدى.

سەلىم موزدۇزنىڭ سۆزلىرىنى ناھايىتى جىق ئادەم ئاڭلاۋاتاتتى.

قىزغۇچ ساقاللىرى تىكلىشىپ تۇرىدىغان ئادەمنىڭ چىرايىدا شۇنداق چىرايلىق تەبەسسۇم بار ئىدى.

سەلىم موزدۇز قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويغان كونۋېرتقا قاراشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتىم.

ئۇ نېمىشقا شۇنچە ئادەم ئىچىدىن مېنى تاللىغاندۇ. ئۇنىڭ ئېلىشىپ قالغىنى ياكى ئېلىشىپ قېلىۋاتقىنى راست بولسا، ئالمىشىپ قالغان ئىش بارمىدۇ-يا.

— سەلىم موزدۇز يالغاندىن ئېلىشىپ قالغان بولۇۋالغان-مىكىن دەيمەن.

ئىمىن ھەسەن شۇنداق دېگەندە ئۇزۇن چاچلىق ئادەممۇ يېنىمىزدا بار ئىدى، ئۇ بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:

— مېنىڭچە ئۇنىڭ ئېلىشىپ قالغىنى راست، پەقەت بىز بايقىيالمايۋاتىمىز، يالغاندىن مەست بولۇۋالغىلى بولىدۇ، ساراڭ بولۇۋالغىلى بولمايدۇ، — دېدى.

قولۇمدىكى كونۋېرت بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەتتى. پېشانەمدىن، ئىككى چېكەمدىن، بويۇنلىرىمدىن قويۇلغان تەرلەر مېنى ئېقىتىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. مەن ئۆزۈمنى كونۋېرت ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم، ئاندىن دەسلەپ ئەللىك سوملۇق پۇلدىن ئىككىگە، ئاندىن يۈز سوملۇق پۇلغا ئۆزگىرىپ قالغاندەك سەزدىم.

ئادەم پېتى تۇرۇۋەرگىنىم ياخشىمۇ ياكى پۇلغا ئايلىنىپ قالغىنىم ياخشىمۇ.

مەن ئادەم پېتى تۇرسام قەدرىم يۇقىرى بولامدۇ ياكى پۇلغا ئايلىنىپ كەتسەممۇ.

قورقۇنچتىن ۋۇجۇدۇم سوغۇق تەرلەپ كەتتى.

مەن پۇل دېگەن قولنىڭ كىرى، دېگەن گەپنى بەك تولا دەي-دىغان ئادەملەرنىڭ ئەۋلادى.

مەن پۇل دېگەن قولنىڭ كىرى، دېگەن گەپنى بەك تولا دەي-دىغان، تولا دەۋىرىپ مۇشۇ گەپنىڭ توغرىلىقىغا ھەممە ئادەمنى ئىشەندۈرگەن ئادەملەرنىڭ ۋارىسى.

دادام، دادامنىڭ دادىسى ئۇنىڭ دادىسىنىڭ دادىسى مۇشۇ گەپلەرنى بىر-بىرىگە ئۆگىتىپ كەلگەنىكەن. مېنىڭ دەۋرىمگە كەلگەندە مەن بۇنداق گەپتىن سەل گۇمانلىنىپ قالدىم.

ئۆز گۇمانىمدىن ئۆزۈم قورقاتتىم، پۇل دېسە جېنىنى بې-رىدىغان تۇتۇرۇقسىز ئادەم بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەيتتىم.

مەن ئىلگىرى مۇشۇ توغرىلىق ئويلانغان چېغىمدا، پۇل دې-گەن قولنىڭ كىرى، دېگەن سۆزدىن پۇلنىڭ كۇرسىنىڭ بەك تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىنى سەزگەندەك بولدۇم. بۇ گەپنى دېگەن ئا-دەم پۇلنى پۇل قاتارىدا ئەمەس، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان بىر-نېمە قاتارىغا چىقىرىۋەتكەندەك قىلاتتى.

ماڭا بۇ گەپنى ئۆگىتىپ قويغانلار بىر كۈنلەردە ئۆزىنىڭ پۇشتىنىڭ پۇلنىڭ ئازلىقىدىن، يەتكۈدەك پۇلى يوقلۇقىدىن ئۆزىنى بىچارە چاغلاپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغان بولغىي-دى. چۆرىلىرى يىرتىلىپ كەتكەن كۆك رەڭلىك چامادانغا كەل-گۈسىدىن بېشارەت بېرىدىغان ئىككى پارچە كىتابنى سېلىپ چىقىپ كېتىۋاتقان پۇشتىنىڭ پۇل ھەققىدە ئۇزاق ئويلاپ كەت-كەنلىكىنى، سەلىم موزدۇز پۇل سالغان كونۋېرتنى بەرگەندە پۇل توغرىسىدا نۇرغۇن گۇمانلارغا پاتقانلىقىنى ئۇلار ھەرگىز بىل-مەيتتى.

مەن بۇ دۇنيادىكى نۇرغۇن جىنايەتلەرنىڭ ھەم پالاكەتچى-لىكلەرنىڭ مەنبەسى پۇلدىن بولىدۇ، دېگەن گەپكە بۇرۇندىن ئى-

شەنمەي كېلىۋاتاتتىم، ئىشەنگۈم بولسىمۇ، بۇ سۆزنىڭ بەزى يەرلىرىنىڭ توغرىلىقىنى كۆڭلۈمدە بىلىپ تۇرسامىمۇ، يەنە جا-ھىللىق بىلەن ئىشەنمەيۋاتاتتىم، خوتۇنۇمنىڭ مۇزدەك پوزىتسى-يە بىلەن مېنى كەچۈرمەسلىكى ۋە ماڭا پەرۋا قىلماسلىقىنى نامراتلىقىمدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەنلەرنى ئويلىغان چاغلىرىمدا، ئۆزۈمنىڭ بۇ خىيالىدىن ئۆزۈم ھەيران قالغاندىم. خىياللىرىم، ئوي-پىكىرلىرىم بىر-بىرى بىلەن زىتلىشىپ تۇراتتى، بىر-بىرىگە تىغ كۆتۈرەتتى، تەرلەپ، پىشىپ بىر-بىرى بىلەن ياقا سىقىشاتتى. خىيالىمنىڭ بىر تەرىپى نامراتلىقتىمۇ خوتۇنۇم بىلەن ناھايىتى ئوبدان ئۆتكەن چاغلىرىم بولغانغۇ، دې-سە، يەنە بىر تەرىپى ئۇ كۈنلەردە ئامال يوق شۇنداق ئۆتكەن، شۇڭا يامغۇرلۇق يەكشەنبىدىكى ئاشۇ ئىشنى باھانە قىلىپ مې-نىڭدەك كىتابقا دۆم چۈشكەن، ئەمما پۇلى يوق بىرسىدىن قۇ-تۇلاي دەپ ئويلىدى، دەپ چالۋاقايتتى.

— نامراتلىق مېنىڭ گۇناھىم ئەمەس.

مەن شۇنداق ۋارقىرىدىم، پېشانەمدىن بۇژۇلداپ تەر قۇ-يۇلاتتى.

— گۇناھىڭىز بولمىغان بىلەن شەرىپىڭىزمۇ ئەمەس، بىز نېمىشقا ئادەمدەك ياشىمايمىز؟

— قانداق ياشاۋېتىپتىمىز؟

— گېپىمنى چۈشەنمىدىڭىزمۇ؟ نامرات بولغاچقا بىزگە ئوخشاش ئادەملەرگە نېسىپ بولىدىغان بەخت بىزدىن يىراقتا، بىرنى ئىككى قىلالماي تېنەپ - تەمتىرەپ ياشاۋاتىمىز.

— ئەمىسە قانداق قىلىسەن؟

— بىلمەيمەن، بىلەلىگەن بولسام بۇ كۈنگە قالمايتتىم.

ئىلگىرى مەن خوتۇنۇم بىلەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇشۇنداق دېيىشىپ قالىدىغاندەك ئويلايتتىم. ئەمما، ھازىرغىچە قارىشىپ تۇرۇپ بۇنداق دېيىشىپ باقمىدۇق. خوتۇنۇم بىرنى دېسەم بىرنى دەيتتى، ئۇنىڭ كىتابلاردىكى سۆزلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان

گەپلىرى جان ـ جېنىمدىن ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بىلەن جاھاننىڭ ئەڭ تاتلىق نېمەتلىرىدىن تەڭ بەھر ئېلىپ قىن-قىنىمغا پاتماي يۈرگەن كۆڭلەردىمۇ ئۇنىڭ مۇشۇنداق تولدۇرۇپ سۆزلىشى، كىتابتىكى بىلەن ئوخشاش ياكى ئوخشاپراق كېتىدىغان سۆزلەرنى قىلىشى دىتىمغا پەقەت ياقمايتتى. شۇنداقتىمۇ، دېسەم كۆڭلىگە كېلەرمۇ، دەپ بۇ توغرىلىق تىنىپ باقمىغاندىم. ئەتراپىمىزدىكى ئادەملەرنىڭ بىزنى قان چىقارماي قىينايدىغان قىلىقلىرىغا بىرنېمە دېيەلمەي ياشاپ قېرىپ كەتسەك كېرەك.

بەزىدە پۇل توغرىسىدا جىق ئويلايتتىم. ئۆزۈمنىڭ نېمىدەپ پۇل توغرىلىق جىق ئويلايدىغان بولۇپ قالغىنىمنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپ بولالمايتتىم. ئېھتىياج بولمىغاندا پۇل ئارتۇقچە نەرسە، دەپ ئويلايتتىم، يەنە ئېھتىياجنىڭ بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا تېنىگەن ئىتتەك قەدەمدە بىر بىزگە يولۇقۇپ تۇرىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتىم. ماڭا نېسىپ بولمىغان، مېنى تولا چاغلاردا زار قىلىدىغان ئۇ نەرسىگە چىن كۆڭلۈمدىن ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدىم.

— پۇل بىلەن جاننى قۇتقۇزغىلى، ۋاقىتنى تېجىگىلى، ئارزۇغا يەتكىلى، نىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

خوتۇنۇم شۇنداق ئويلاردا بولسا كېرەك. مەن ئۇنى مۇشۇنداق ئويلايدۇ، دەپ گۇمان قىلاتتىم. ئۇنىڭ بىلەن ئەزەلدىن پۇل توغرىلىق قىزىرىشىپ باقمىغانىدىم، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ پۇلغا نىسبەتەن ماڭا پەقەت ئوخشىمايدىغان خىياللىرى بارمىكىن، دەپ پەرەز قىلاتتىم.

مەن بۇ دۇنياغا، بۇ دۇنيادىكى مېنىڭ ئىرادەم بويىچە بولمايدىغان ناھايىتى نۇرغۇن ئىشلارغا قانداق باھا بېرىشنى بىلەلمەيتتىم.

توختىماي كىتاب ئوقۇيدىغان، جاھاننىڭ نۇرغۇن سىرلىرىنى بىلىدىغان نامرات ئادەم بىلەن، ئىسمىنى يازالمايدىغان، ھەددى ـ ھېسابسىز بايلىققا كۆمۈلۈپ كەتكەن باي ئادەمنى كۆرسەم

گاڭگىراپ قالاتتىم.

مېڭىسى ساز بولمىغان بىرسىنىڭ قول شىلتىپ بىر ئا-قىلغا يول كۆرسىتىۋاتقىنىنى كۆرسەم، ھەم جىق يەرلەردە شۇنداقلىقىنى بىلگەن چېغىمدا ھەيران قالاتتىم.

پۇلنىڭ كارامىتىمۇ مېنى ھەيران قىلىدىغان ئىشلارنىڭ ئىچىدە ئىدى.

مەن ئاتا-بوۋامدىن نارازى بولمىدىم، ئۇلار قولنىڭ كىرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدىغان پۇل دېگەن نەرسىنىڭ نەرخى زىيادە ئۆسۈپ، ئادەمنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالغان ھاياتقا ئاچچىق بىلەن كۈ-لۈپ قويدۇم.

مەن يۈز سوملۇق پۇلغا ئايلانغان شۇ دەقىقىدە، ھاياتقا بول-غان كۆچلۈك مەسخىرە يەر يۈزىنى لەرزىگە سالدى.



ياز كۈنىنىڭ دەمنى سىقىدىغان كەچلىكى خوتۇنۇم جىمجىت ئولتۇرۇپ كەشتە تىكىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭغا ئۈنسىز قاراپ ئول-تۇراتتىم.

ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ چۆرىسى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— كۆزۈڭ قىزىرىپ كېتىپتىغۇ؟

— تالادا بوران چىقىۋاتىدۇ، ئىشتىن كېلىپ بولغىچە توپا كىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك.

مەن بۇنداق گەپلەرگە ئىشىنىدىغان ئەخمەق بولمىسام. ئۇ ئۆزىنى غورىگۈل تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمەن، دەپ ئويلايدۇ. بىراق، ماڭا راست گېپىنى دېمەي، يالغان- ياۋىداق گەپلەر بىلەن مېنى گوللاشىنىڭ كويىدا يۈرىدۇ. سەلىم موزدۇزنىڭ گەپلىرىگە ھەممە ئادەم ئىشەنسىمۇ مەن ئىشەنمەيمەن.

خوتۇنۇم بىلەن ئىككىمىزنىڭ خۇشال- خۇرام ياشىشىمىزغا توسالغۇ بولغان نەرسىلەرنى بىرمۇبىر ئويلاپ چىقىشىم كېرەك ئىدى. يامغۇرلۇق يەكشەنبىدىكى ئىشقا مەن ئۇنىڭدىن كەڭ قورساق بولۇشنى تەلەپ قىلسام بولمايدۇ، ئەمما ئۇ كەڭ قورساق بولسا بولىۋېرەتتى. ئۇنىڭ كەڭ قورساق بولالماسلىقىنىڭ بىر

سەۋەبىنى پۇل بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ ئويلايدىغان خىيالىنىڭ قاچان كاللامغا كىرىۋالغىنىنى بىلەلمىدىم.

سەلىم موزدۇز ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. مەن قولۇمدىكى كونىۋېرتنى نېرىدىكى شالاڭ ئۆسكەن چىملىققا تاشلىۋەتتىم.

كۆڭلۇم ئەمىن تاپسا بولاتتى.

چامادانىدىكى كىتابلارنى ئوقۇشۇم كېرەك ئىدى. كۇز شامالىلىرى غۇرۇلداپ تۇرغان بىر ئاخشىمى دادامنىڭ ھەسرەتلىك قىيايەتتە ئولتۇرۇپ كېچىلەپ كىتاب يازىدىغانلىقىنى، يازىدىغانلىرىنىڭ بەك جىقلىقىنى، تېبابەتكە دائىر كىتابلارنى كۆچۈرىدىغانلىقىنى، ئۆتمۈشكە، بۇگۈنگە، كەلگۈسىگە تەئەللۇق ئىشلار توغرىسىدا ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى كىتاب قىلىپ يازىدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇنىڭ كىتابلىرىنى كۆرۈش ماڭا نېسىپ بولمىغانلىقىنى قارا چاچلىرى چېچىلىپ تۇرىدىغان قىزغا ئۇزاق سۆزلەپ بەردىم. يەنە ئانامنىڭ نادامەتلىك ئۇھسىنىشلىرىنى دەپ بەردىم.

سۆزۈم تۈگىگەندە يېرىم كېچە بولغانىدى. ئۇ نازۇك بارماقلىرى بىلەن قولۇمنى سىلاپ تۇرۇپ، مۆرەمدىن بېشىنى ئېلىپ كۆزلىرىمگە قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە يۇلتۇزنىڭ يورۇقى چاقناپ تۇرغاندەك ئىدى.

— بۇنى سىزگە سوۋغا قىلاي، ئوقۇپ بېقىڭ.

ئەتىسى ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان چاغدا ئۇ چىرايلىق سۇلياۋ خالتىغا سېلىنغان ئىككى پارچە كىتابنى ماڭا سۇندى.

ساباھەت بۇ كىتابنى ماڭا سوۋغا قىلغان چاغدا سىم-سىم يامغۇر يېغىپ تۇراتتى.

كىتابلارنىڭ ماۋزۇلىرى قىزىل رەڭ بىلەن چىرايلىق يېزىلغانىدى.

— كەلگۈسى توغرىسىدىكى كىتابلار، بەك ياخشى.

ساباھەت كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. قاپقارا چاچلىرىغا يامغۇر تامچىلىرى سىلىق تۆكۈلەتتى. شۇ چاغدا، مەن بۇ قىزنى رەنجىتىپ قويسام بولمايدۇ، دەپ ئويلىدىم.

شەھەرنىڭ ھاۋاسى بەتبۇي ئەمەس ئىدى. كۆك رەڭلىك چا-
مادان كۆتۈرۈۋاتقان ئادەم ماڭىدىغان يوللىرىنىڭ بەك ئۇزاقلى-
قى، ئەزىمەتلەردەك ياشىماقنىڭ تەسلىكى، ئۆزىگە ئىگە بولۇپ،
ئۆزىنى باشقۇرۇپ كۈن ئېلىشقا ئېرىشىشنىڭمۇ ئاسان ئەمەسلى-
كىنى ئويلاپ چامادانىنى كۆتۈرگىنىچە يوللارنىڭ بۇزۇلغان ئويۇق-
لىرىغا چۈلغىنىپ قالغان يامغۇر سۈيىگە تىكىلىپ قاراپ قال-
دى. بۇ سۇلار مەينەتلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ بەكمۇ پاكىز، بەكمۇ
يېقىشلىق يامغۇر سۈيىنى نېمىگىدۇر بىرنەرسىگە ئوخشىتىپ
بولۇپ، يەنە ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى.

# تۆتىنچى باب

ئۆيدىن چىقىپ كېتىش كېرەك.

ئىسسىق ھاۋا دەمنى سىقىدىغان جىمجىت ئاخشامدا تۇساتتىن مۇشۇنداق قارارغا كېلىپ قېلىشىمنى ئويلىمىغانىدىم. ھويلىسى تار، ئىچى چىرايلىق جابدۇلغان ئۆي ماڭا شۇنداق سوغۇق، يات كۆرۈندى. بۇ ئۆينى مەن يوق ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىۋىدىم ھېچنېمىنى بىلەلمىدىم. مەن بولسام قانداق بولىدىغانلىقىنى، بولمىسام قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمىدىم.

ئۆيدىن چىقىپ كېتىش، دېگەننىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئەستايىدىللىراق ئويلاپ بېقىشىم كېرەك ئىدى. يۇرتتىن چىقىپ كېتىپ قايتىپ كەلمەيدىغانلار، ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنچە يوقاپ كېتىدىغانلار بولغان، چىقىپ كېتىش ھەم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قايتىپ كەلمەسلىكنىڭ سەۋەبلىرى جىق، چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇشنىڭ سەۋەبى لاي سۇ ئىچىدىكى بېلىقتەك كۆزگە كۆرۈنمىگەن بىلەن بىر يەردە بولمىسا، بىر يەردە مەۋجۇت.

ئەگەر باشقا خوتۇن ئالغان بولسام قانداق بولار ئىدى.

باشقا خوتۇن ئالغان بولسام مۇشۇ كۈنگە قالمايدىغانلىقىمنى، ئىشلارنىڭ مۇنداق بولمايدىغانلىقى توغرىلىق جىق ئويلىدىم، ئەمما بۇنىڭدىن باشقا خوتۇننى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم. خوتۇنۇم ھەققىدە ئويلاۋېتىپ بالىلىق قەلبىمدە خاتىرىسى قالغان

قەمبەرنىسانى ئويلاپ قالدىم. تولىمۇ چىرايلىق، ھاكاۋۇر قەم-
بەرنىسانى خەقلەرنىڭ قۇرت چۇشكەن ئالمىغا ئوخشاتقىنى يا-
دىمدا.

گىتار چالىدىغان بىرسى بىلەن يامان گېپى چىقىپ قالغان
قەمبەرنىسا يەنە يادىمغا يېتىپ قالدى، بۇنىڭدىن ھەيران قالدىم.
قەمبەرنىسانى پات-پات ئەسلەپ قېلىشىمنىڭ بائىسى نېمىكىن.
مېھرى ئىسسىق، يېڭى پىشقان ناندەك يۇمشاق، لەززەتلىك مە-
ھەللىدىن ئايرىلىپ شۇنچە يىللاردىن بۇيان ئۇنى قايتا كۆرمى-
دىم. مەن نەچچە ئاينىڭ ئالدىدا توختەك مومايننىڭ كۆڭۈلنى
غەش قىلىدىغان چىرايىغا قاراپ ھەسرەت چەككەن چاغدا قەم-
بەرنىسانى يادىمغا ئالغانىدىم.

چىقىپ كەتسەم قايتىپ كەلمىكىم تەس، قايتىپ كەلگەن
تەقدىردىمۇ ئۆيدىكى ھالىم ئىلگىرىكىدىنمۇ بەتتەر بولۇپ كې-
تىشى مۇمكىن. ھەم نامرات ھەم ۋاپاسىز ئەرنى بۇ خوتۇننىڭ
كېرەك قىلىشى ناتايىن.

قىزىق ئىش، نېمىشقا مەن چىقىپ كېتىمەن؟ نېمىشقا ئۇنى
چىقىرىۋەتمەيمەن؟

جىمجىت ئولتۇرۇپ ئۆزۈمنىڭ بۇ خىيالىدىن نومۇس قى-
لىپ كەتتىم. بىر ئاجىز خوتۇننى ئۆيدىن چىقىرىۋەتسە ئۇ نەگە
بېرىپ، نەدە تۇرۇشى مۇمكىن. ئەر بولغاندىكىن تالادا قېلىپ
ئۆلسەم مەيلىكى، خوتۇن كىشىدىن ئۆي تالىشىپ تالاغا چىقىرى-
ۋېتىدىغان ئىشنى قىلمايمەن.

بۇرۇنلاردا ئېرىدىن كۆڭلى ئاغرىغان ئاياللار ئاتا-ئانىسىنىڭ
ئۆيىگە يامانلاپ باراتتى. ھازىر ئۆي ئىجارە ئېلىپ سىرتتا ئول-
تۇرىدىغان بوپتۇ.

بىر كىشى ماڭا مۇشۇ گەپلەرنى دەپ بەرگەن.

تورۇس قاپقاراڭغۇ كۆرۈنەتتى. يانىدىكى ئۆيدە ئايالىم
ئۇخلاۋاتىدۇ.

— نېمىدەپ بۇ ئۆيگە چىقىۋالدىڭ؟

— مەن پاسكىنا ئادەم بىلەن بىر ئۆيدە تۇرمايمەن.

— تۈزۈك گەپ قىل، مەن يەنىلا بۇرۇنقى مەن، ئازماس ئاللاھ دەپتىكەن.

— ئارتۇق گەپنىڭ پايدىسى يوق، سىز بۇلغىنىپ كەتكەن ئادەم. ئەقىدەمنى يەر قىلدىڭىز.

— ئىككىنچىلەپ ئۇنداق يولغا ماڭمايدىغانغا قەسەم قىلىپ بېرەي، ئەمدىغۇ بولار.

— بۇ قەسەمنى كىمگە قىلىپ بېرىسىز؟

— ئەلۋەتتە ساڭا.

— ماڭا كېرىكى يوق، دېدىمغۇ، بۇنىڭدىن كېيىن نېمە قىلغۇڭىز كەلسە شۇنى قىلىڭ، باشقا خوتۇن ئالسىڭىزمۇ مەيلى، كۆڭلىڭىز تارتقاننى قىلىڭ، ئەمما مېنى كەچۈرگىن دەپ بېشىمنى ئاغرىتماڭ.

شۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقاندا خوتۇنۇم بەكمۇ يات ھەم سوغۇق كۆرۈندى. ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ مېنى زادىلا كەچۈرمىگەن بۇ خوتۇننىڭ كۆزۈمگە يىرگىنچلىك كۆرۈنۈۋاتقانلىقىدىن ھەيران قالدىم.

يىڭناغۇچ تۇتۇۋالغان چاغدىكى خۇشاللىقلىرىم، شۇ چاغدىكى تۇيغۇلارنىڭ لەززىتىنى پەقەت قايتىلىغىلى بولمايدىغاندەك قىلاتتى.

ئۆيدىن چىقىپ كېتىشنى نىيەت قىلغان كۈنلەردە بەك جىق ئىشلارنى ئويلاپ كەتكەنىدىم، خىياللىرىم بەك جىق ئىدى. يوللاردا غېرىبانە مېڭىشلىرىم، تاكسى شوپۇرلىرى بىلەن تاماكا چېكىشكەچ دەرد ئېيتىشىشلىرىم، يامغۇردا تالادا قالغانلىرىم، تونۇش-بىلىشلەردىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ ئارقا كوچىلارغا كىرىۋېلىشلىرىم، ماڭا ھەمدەرد بولىدىغانلارنى ئىزدەپ تەلمۈرۈشلىرىم ... بىرمۇبىر خىيالىمدىن كېچەتتى. خىياللىرىمنىڭ بىرىنىمۇ ئاخىرىغا چىقىرالمايتتىم. كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ كېتەتتى، ئاخىرى ئۆز-ئۆزۈمگە: «نېمە بولسا بولار ... ئاۋۋال چى-

قىپ كېتەي» دەپ ۋارقىرىدىم. شۇ چاغدا خوتۇنۇم ياندىكى ئۆيدە ئۇخلاۋاتقانىدى. كۆڭلۈمدە ئۆرىدىگەن ئاچچىق سىېزىم ئۇيقۇمنى قاچۇرۇپ مېڭەمنى قوچۇيتتى. ئەتىسى بېشىم ئاغرىپ تولىمۇ ھارغىن ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— نېمە بولدىڭىز؟

خوتۇنۇم چاي كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆك رەڭلىك گۈلدار چەينەكنىڭ بېغىنى مەھكەم تۇتۇۋالغان ئاشۇ قوللىرى كۆزۈمگە بۇ دۇنيادىكى جىمى نەرسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا تەييار تۇرۇۋاتقان ۋەھشىي قولدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. يېقىندىن بۇيان بۇ خوتۇننىڭ كۆزلىرى، ئاغزى، قولى ماڭا شۇ قەدەر قورقۇنچلۇق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۆزۈمنىڭ مۇشۇنداق ئويلايدىغانلىقىمنى خوتۇنۇمغىمۇ، باشقىلارغىمۇ دەپ باقمىدىم.

— ھېچنېمە بولمىدىم.

— كېچىچە جۆيلۈپ چىقتىڭىز.

— مەن جۆيلۈمىدىم.

خوتۇنۇمنىڭ كۆزىگە قاراشقا پېتىنالمىدىم.

— بىرەر ئىشتىن پۇشايمان قىلىۋاتامسىز- قانداق؟ قارىسام تۇگىشىپ كېتىۋاتقاندەك قىلىسىز.

يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ قالدى. باشقىلارمۇ تۇگەشتى دېگەن، خوتۇنمۇ شۇ گەپنى قىلىۋاتىدۇ. بىر يېرىمدىن باشقىلارغا تۇگىشىپ كېتىۋاتقاندەك، ھالىم خارابلىشىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ قېلىۋاتامدىم- نېمە.

— كۆزۈم مىدىرلاپلا تۇرىدىكەن مەن تۇگەشمەيمەن. تۇگىشىۋاتقانلارنىڭ كۆزىگە شۇنداق كۆرۈنۈۋاتسام كېرەك.

— شۇنداقمۇ؟

— ئەلۋەتتە، مېنى بىلىسىز، مەن خاپىلىق كەلسە ئاھ -ۋاھ دەپ ۋايسىماي، تېخىمۇ مەزمۇت تۇرۇشقا كۆنگەنلەردىن.

يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى.

— مەن يالغان گەپلەرنى ئاسانلا بىلىۋالىمەن.

خوتۇنۇمنىڭ كۆزلىرى شۇنداق دەۋاتاتتى.

— سىزگە بىرەر ئىش بولۇپ قالمىسۇن، ئۆزىڭىزنى ئايىاپ يۈرۈڭ.

خەقلەر سەلىم موزدۇزنى ئالاڭزا سۆزلەيدىغان بولۇپ قاپتۇ دەپ يۈرۈشىدۇ، مۇشۇ گەپنى قىلغان ئادەمنىڭ كۆزلىرىدىكى قانائەت ھەم خۇشلۇقتا ئوخشايدىغان بىر نۇرنى كۆرگەندە مەن قورقۇپ كەتتىم، ئۇزۇن چاچلىق ئادەم مەمنۇن بولغاندەك بىر چىرايلىق كۈلۈمسىرەپ تۇرىدۇ. كۇندە دېگۇدەك كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان بۇ ئادەمنىڭ چىرايىدىكى بۇنداق تەبەسسۇمنى مەن تۇنجى قېتىم كۆردۇم. يېقىن ئادەملىرى، كۆز ئالدىدىكى تونۇش-بىلىشلىرى پالاكەتچىلىككە يولۇقسا خۇش بولىدىغان ئادەملەرنى كۆرگەن چېغىمدا قورقۇپ كېتەتتىم. مېنىڭ بۇنداق قورقۇشلىرىم پەقەت تۈگىمىدى. دادامنى ئايرىم ئۆيگە ئەكىرىپ سوراق قىلىدىغان سۈرلۈك ئادەملەر ھويلىمىزغا كىرگەندە، توپىلاڭ يولدا ئېشەك يېتىلەپ كېتىۋاتقان قوشنىمىزنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىقنى ھەر ئەسلىسەم، ئۆزلىرىگە ئوخشاش بىرلىرىنىڭ تەتۈر كەلگەن قىسمىتىدىن شادلىنىش بەزى ئادەملەرگە تەسەللىي بېرىدىكەن، دېگەنلەرنى ئويلىغىنىمدا بۇ دۇنيانىڭ مېھرىگە بولغان سۆيۈنۈشۈمگە بىر قېتىم ئۇششۇك تېگىدۇ.

ناۋادا، مەنمۇ تۇگەشسەم يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرىدىكى ئاچ تۈيغۇلىرى قانائەت تاپىدىغانلار يەنە چىقىدۇ.

ئۇنىڭ ھەم باشقىلارنىڭ مېنى تۈگەشتى، دېيىشىگە باھانە تېپىپ بەرسەم بولمايدۇ.

تۈگەشتى، دېگەن گەپنى قانداق چۈشىنىش مۇمكىن. خەقلەرنىڭ قىمارۋاز بىرسىنى:

— ھەممە پۇللىرىنى ئۇتتۇرۇۋەتتى، ئەمدى ئۇ تۈگەشتى — دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم.

ئۇ بار پۇللىرىنى ئۇتتۇرۇۋېتىپتۇ. بار پۇلنى سورۇۋېتىش بىلەن پۇل تاپالماسلىقنىڭ پەرقى قانچىلىك؟

مەن ھەممە ئىشنى قىلالىشىم مۇمكىن، پۇلمۇ تاپالىشىم مۇمكىن، ئەمما نېمە ئۈچۈن پۇل تېپىشقا ھېرىس بولمىغىنىمنى بىلمەيمەن. ھەممە ئادەم كەينىدىن يۈگۈرۈۋاتقان نەرسىگە مېنىڭ بىپەرۋا قارىشىم توغرا ئەمەستەك قىلىدۇ. ئۆزۈمنى شۇنچە زورلاپمۇ شۇ يولغا كىرەلمەيۋاتىمەن.

پۇلغا ئايلىنىپ چۈش كۆردۈممۇ ياكى پۇلغا ئۆزگىرىپ قالسام قانداق بولار، دەپ خىيال قىلدىممۇ ئېسىمدە يوق، سەلىم موزدۇزنىڭ پۇرۇم - پۇرۇم قورۇق باسقان يىرگىنچلىك تارتۇقىدىن سىقىلغانلىرىم، ئۇنىڭ ماڭا پۇل تەڭلىگەنلىرى زادى بولغان ئىشلارمۇ ياكى مېنى قارا باستىمۇ، بۇنىمۇ تازا بىلىپ كېتەلمەيمەن. ئىشقىلىپ مۇشۇنداق بىر ئىشلارنىڭ كاللامدىن ئۆتكىنى ئېسىمدە. خەقلەر مۇشۇنداق خىيالىمنى ياكى مۇشۇنداق چۈش كۆرگەنلىكىمنى بىلسە بىرمۇنچە گەپ تاپىدۇ، بۇنى خوتۇنۇم بىلسە قانداق ئويلاپ قالار.

دەسلەپ ئەللىك سوملۇقتىن ئىككىگە، ئاخىردا يۈز سوملۇق پۇلدىن بىرگە ئايلانغان ئۆزۈمنى قاسساپنىڭ، گەزلىمىچىنىڭ، بانكىرنىڭ، قىمارۋازنىڭ، پاھىشەنىڭ، كالا گۆشى ئۇگرىخانىسى ئاچىدىغان پور خوجايىننىڭ يەنە دىۋاننىڭ قوللىرىدا پۇرلىشىۋاتقاندەك سېزىشكە باشلىدىم. خوتۇنۇمنىڭ، كۆل رەڭ مۇشۇكنىڭ كۆزىگە ئېگىز ھەم سەت كۆرۈنىدىغان ۋۇجۇدۇم يوقاپ كەتتى. مەن يىرتىلغان بىر قىزىل پۇلنىڭ يوللاردا ئۈچۈپ يۈرگىنىنى كۆردۈم. ئاندىن ئۇنى سېمىز بىر خوتۇن قولىغا ئېلىپ يوپكىسىنى قايرىپ، تەرلەپ، نەملىشىپ كەتكەن يوتىسىنى قىسىپ تۇرغان پايپاقلىرى ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويدى.

— ناۋادا مەن پۇلغا ئايلىنىپ كەتسەم قانداق قىلىسەن؟

— ھېچنېمە قىلمايمەن، يېتىم - يېسىرلارغا ئىئانە قىلىۋېتىمەن.

— ئېشىپ قالغىنىنىچۇ.

— دىۋانىلەرگە بېرىمەن.

— ئۆزۈڭ ئېلىپ قالامسەن؟

— ياق، ۋۇجۇدى پاكىز بولمىغان ئادەم پۇلغا ئىلانسا ئۇنداق پۇلنى خەجلىگىلى بولمايدۇ.

مۇشۇنداق چۈش كۆرگەن بولۇشۇم مۇمكىن ياكى مۇشۇنداق خىياللارنى قىلغاندىمەن.

يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈپ ئۆتكەن ئاچچىق ھەم چىدىغۇسىز نەپرەتتىن يىقىلىپ قالغىلى تاسلا قالدىم. تۇرۇپلا بۇلتۇر كۈزدە چاشقان دورىسى يەۋېلىپ ئۆلۈپ كەتكەن ھېلىقى ئادەم يادىمغا كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمىنىڭ سەۋەبىنى ھېچكىم بىلەلمىدى. چاشقان دورىسى يەۋېلىپ ئۆلۈپتۇ، دېگەن گەپ بولدى، بىراق نېمە سەۋەبتىن ئۆلۈم يولىنى تاللىغانلىقىنى بىلىدىغان ئادەم بولمىدى. مەن ئۇ كىشىنى بۇرۇن بىر قېتىم كۆرگەن، ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نامىزىغا باردىم، كېچىكىپ قاپتىمەن، مەھەللىگە كىرىشىمگە كىشىلەر جىنازىنى ئېلىپ ماڭغانىكەن. جىنازا ئېغىر تونچە چاپان كىيىۋالغان بىرنەچچە كىشىنىڭ مۈرىسىدە قەبرىستانلىققا قاراپ سىلجىپ كېتىپ باراتتى. مەن شۇ چاغدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئەخمەق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلگەندەك بولدۇم. كۆرگەنلىرىمنى، ئويلىغانلىرىمنى سابىت نۇرغا ئېيتىپ بېرىۋىدىم، ئۇ كەڭ ئالىقانلىرىنى مۈرەمگە قويۇپ بىرمۇنچە گەپ قىلدى.

— بىز ئەقلىمىز، پۇتىمىز ھەم بىلىكىمىزدە بار كۈچ بىلەن بۇ دۇنيانىڭ مەسخىرىلىك ھېجىيىپ تۇرغان يۈزىگە كېلىشتۈرۈپ نەچچە تەستەك ئۇرالىساق، ئۆلۈم ھەم بەختسىزلىك بىلەن قېرىشىپ، تىركىشىپ ياشىساق ئاندىن ئادەمگە ئوخشىيالايمىز، ھايۋانلار جېنىدا ئۆلۈم بىلەن قارشىلىشىدۇ، بىز ئادەم تۇرساق.

سەلىم موزدۇز ئاغزىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ، چاشقان دورىسى ئىچىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتكۈچىگە ئاچچىق قىلىپ ۋارقىرىدى. گېپىنىڭ ئاخىرىدا:

— بېلىمىزنى چىڭ باغلاپ كۈن ئۆتكۈزمىسەك بولمايدۇ

ئۇكام، ئاغرىغانلار دورا يېمىسە، يىقىلغانلار تۇرغىلى ئۇنىمىسا، سۇدا قالغانلار قىرغاققا ئۈزمىسە، توڭلىغانلار ئوت قالىمىسا بۇ قانداق جاھان بولۇپ كېتىدۇ. تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغان نەدە بار دېسە، شۇ تۇخۇمنىڭ ئاشۇ تاشتا دەردى بار، دەپتىكەن. ئېشەك ئۆلسە كۆتى غېجەك تارتىپتۇ، دېگەندەك ما خەقنى ئەتە ئەتىگەندە ئەمەت توخۇناقنىڭ ئۆيىگە نەزىرگە دېسەم بىرسىمۇ كەلمىدى. سىزگە بىرسى سەدىقە بەرسە تارتىنماي ئېلىڭ. ياق دېسە كۇفرىلىق بولىدۇ...

مەن سەلىم موزدۇزنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدىم. ئۇنىڭ بۇ گەپلەرنى نەدىن تاپقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. بىراق ئىشەنمەي بولمايدۇ، مۇشۇ گەپلەرنى سەلىم موزدۇز ماڭا ئۆز ئاغزى بىلەن دېدى. مەن سەلىم موزدۇزنى مۇنداق گەپلەرنى قىلار، دەپ ئويلىمىغان.

— جان تاتلىق، ئەمما ئۇ كۆتۈرگۈسىز دەرىجىدە ئازابتا قالغاندا، كىشى ئۇنىڭدىن تېزرەك قۇتۇلۇپ كەتسەم، دەپ ئويلايدۇ.

بۇ گەپنى دېگەن ئادەمنى مەن ئىككىنچى كۆرمىدىم.

چامادان بارغانسېرى ئېغىر تۇيۇلۇۋاتاتتى. مەن كۆك رەڭلىك چامادانني ئېلىپ يىراق - يىراقلارغا كەتمەكچى بولۇۋاتاتتىم. بىر زامانلاردا سودا قىلىپ بېيىپ كەتكەن، خەقلەر خېروئىن سودىسىغا چېتىلىپ قاپتۇ، دەپ گەپ تاپقان ئاغىنەمدىن ماڭا قالغان كونا چامادانني كۆتۈرۈپ كېتىۋاتىمەن. پۇلنى دەپ ئاشۇنداق خەتەرلىك ھەم پاسكىنا سودىغا ئارىلىشىپ قالغان ئاغىنەمنى بەزىدە ھەسرەت بىلەن يادىمغا ئالىمەن. ئۇ يوقاپ كەتكىلى ناھايىتى ئۇزۇن بولدى. دۇنيانىڭ قايسى بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدا يۈرۈدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. شۇ ھالدا ئۇنىڭ ھېچنېمىسى بولمىسىمۇ تىرىكلىكى بىلەن ساقلىقى بولسىلا بولىدى، دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدىم. ئۇنىڭ بىلەن ساق - سالامەت كۆرۈشسەم، ئۇنىڭ باشتىن كەچۈرگەنلىرىنى ئاڭلىغاچ تازا بىر مۇڭداشسام، ئاندىن ئېرىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرمەيدىغان خوتۇندىن تارتقان ئەلەملىرىنى ئۇنىڭغا دەپ بەرسەم، دەپ ئويلايتتىم،

ماڭا ئاشۇ ئاغىنەم دەردىمنى چۈشىنىدىغاندەك، ھالىمغا يېتىددغاندەك بىلىنەتتى. ماڭا خۇددى ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولساق ئىككىمىز جاھاننىڭ خېلى - خېلى خاپىلىقلىرىنىڭ قېپىنى يىرتالايدىغاندەك سېزىلەتتى. بۇ دۇنيا بىزنى پاسكىنا بۇلۇڭلارغا ئىتتىرگەنسېرى، بىز شۇنچە تىركەشمىسەك بولمايدۇ، دېگەنلەرنى ئويلايتتىم.

ئۇ ئاغىنەم پۇلنى دەپ جاھاننىڭ مەن بىلمەيدىغان بىر يەرلىرىدە، مەن چۈشەنمەيدىغان كۆڭۈلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ، پۇلغا نىسبەتەن مەندە بىر كىملەرگە دېگۈدەك، دەپ ئىشەندۈرگۈدەك بىرەر پىكىرمۇ يوقتەك قىلاتتى. دادامنىڭ، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ، يەنە ئۇنىڭ دادىسىنىڭ پۇل دېگەن قولنىڭ كىرى، دېگىنى، پۇل دېگەن نەرسىنىڭ ۋاي دەپ كەتكۈچىلىكى يوق بىرنېمە بولۇپلا قالماي، يەنە كىرغا ئوخشاش ھېلى بار، ھېلى يوق ئىكەنلىكىگىمۇ ئىشارە قىلىنسا كېرەك.



خىيالىمنىڭ يەنە قانداق بولۇپ پۇلغا قېيىپ كەتكىنىنى ھېچ بىلەلمەيلا قالدىم. كۆزۈمگە ھەممە نەرسە پۇلغا ئايلىنىپ كەتكەندەك، پۇل رەڭگىگە كىرىپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ قېلىۋاتاتتى. كىشىگە ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان قاسساپنىڭ، ئاۋازى پۈتۈپ قالغان ساتىراشنىڭ، كالتە ئىشتان كىيىپ، كۆكسىنىڭ يېرىمىنى ئوچۇق قويۇپ، كىچىككىنە پىستە كۆچۈكنى كۆتۈرۈۋالغان پاھىشەنىڭ، لىققىدە كۆمۈر باسقان ماشىنىسىنى تېز ھەيدەپ كېتىۋاتقان شوپۇرنىڭ خىيالىنى پۇل ھەم پۇلنىڭ دوزاخنىڭ ئوتىدەك كۆيدۈرگۈچى ۋەسۋەسىلىرى قاپلاپ كەتكەندەك ھېس قىلىپ قالدىم.

مەن مۇشۇنداق ئويلىمىسام بولاتتى. پۇلنىڭ قانداق بولۇشى، كىملەرنىڭ قانداق ئويلاردا بولۇشىنى ئويلاپ يۈرمىسەم ئوبدان بولاتتى.

— پۇل دېگەن نەرسە مېنىڭ يانچۇقۇمدا تۇرسا مەيلى، بېشىمغا مىنىمەن دېسە تۇفى دەيمەن.

مەست بوپقالغان بىرسى شۇنداق دېگەن. مەن جاھاندا قۇلاق-نى يارغۇدەك ياڭراپ تۇرىدىغان ناھايىتى ئۇلۇغ گەپلەرنى ئۇنتۇپ كەتتىم، ئەمما ئاشۇ مەستنىڭ ھېلىقى گېپى يادىمدا.

— پۇلنى نېمانچە چوڭ بىلىمىز. سەن پۇلنىلا ئويلايدىغان خوتۇنكەنسەن ...

يامغۇر ياغقان يەكشەنبىدىكى ئىش ئۆتۈپ سەككىز يىلدىن كېيىن ئىمىن كاۋاپچىنىڭ دۇكىنىدا چىلاشقۇدەك ئىچىپ چىد-قىپ خوتۇنۇمغا شۇنداق ۋارقىرىدىم. مەيدەم بىئارام بولۇۋاتاتتى، ئىمىن كاۋاپچىنىڭ ھېلىقى سېمىز ھەم سەت خوتۇنى كاۋاپنى خام - خۇتىلا پىشۇرغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

— نومۇس قىلىڭ، مەن ئەزەلدىن پۇلنى ئويلاپ باقمىدىم.

— ئەمىسە نېمىشقا قاپىقىڭ ئېچىلمايدۇ؟

— ماڭا لازىمى پاكىز تۇرمۇش.



چامادان ئېغىر ئىدى. كاللام ئېغىر ئىدى، خىياللىرىم ئې-غىر ئىدى، ۋۇجۇدۇم ئېغىر ئىدى. جاھاندىكى جىمى ئېغىر نەر-سىلەر مېنى بېسىۋالغاندەك قىلاتتى.

— سىز زادى نەگە كەتمەكچى؟

ھېچكىم مەندىن بۇنداق سورىمىدى. ھېچكىم ھېچكىمدىن بۇنداق سوئال سورىمايدۇ، بەزى ئادەملەرنىڭ نەگە بېرىپ، نەدە تۇرغىنىنى بىرمۇبىر سورايدىغان، سۈرۈشتۈرىدىغان ئادەملىرى بولىدۇ، نەگە كەتمەكچى بولۇۋاتىسىز؟ دەپ سورايدىغان ئادەملىرى بولىدۇ، ئەمما بەزى ئادەملەردىن ھېچكىم بۇنداق سورىمايدۇ.

راست، مەن نەگە بارىمەن، كېتىمەن دېگەن بىلەن كېتىدى-غان يەرنى بىلگىلى بولمىسا قانداق قىلغۇلۇق.

بارىدىغان يېرىنى بىلەلمەي تۇرۇپ بىر يەرلەرگە بارغۇسى كېلىش، يەيدىغان نېمىسىنى بىلەلمەي تۇرۇپ بىرنېمىلەرنى يې-گۈسى كېلىش، دېگەننىڭ ھەممىسى قاملاشمىغان ئىشلار جۇم-لىسىگە كىرىدۇ.

چۆرىسىدىكى ئېگىز تېرەكلەردە كاككۇك، تۇمۇچۇق يەنە مەن

نامىنى بىلمەيدىغان ئالللىقانداق قۇشلار سايراپ تۇرىدىغان، ئىدى. شىكى ئالدىدا بىر ئېرىق سۈزۈك سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان باغ بىنا قىلىش خىيالى ماڭا ياماشقىلى ناھايىتى ئۇزۇن بولدى، ئەمما بۇ باغنى ھازىرغىچە بىنا قىلالمىدىم، مېنىڭ ۋاپاسىزلىقىمدىن ئاپ. تاپ چىرايى مۇزغا ئايلانغان خوتۇنۇمنىڭ ئەپۇسىغا ئېرىشىمەن دەپ ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم، كەلگۈسى توغرىسىدا يېزىلغان كىتاب ئالىقىنىمدا تۇرۇپ ئۇنى ئوقۇشقا رىغبەتىم بولماي قالدى، مەن نېمە قىلىشىنى پەقەتلا بىلەلمەي قېلىۋاتقان ئادەم ئىكەنمەن، دېگەنلەرنى ئويلىغىنىمدا ئۆزۈمنى يەڭگىلەپ كەتكەندەك ھېس قىلىمەن.

چامادانىم ناھايىتى ئېغىر ئىدى. چامادانىدا قارا چاچلىرى چېچىلىپ تۇرىدىغان نازۇك ساباھەت سوۋغا قىلغان ئىككى پارچە كىتاب بار ئىدى. شۇ كۈنى ئاشۇ ئىشلار بولمىغان بولسا بۇگۈن مەن كوچىغا چىقىپ كۆك رەڭلىك چامادانىنى كۆتۈرۈپ گاڭگىراپ يۈرمەس بولغىيدىم، دەپ ئويلىغانلىرىمدا كۆڭلۈم مانىلىشىپ كېتىدۇ، ئاندىن يەنە ئاشۇ قىز ئاتا قىلغان سىرلىق ھەم ئوتتەك مېھرلىك تۇيغۇلارنىڭ ئەستىلىكلىرى ۋۇجۇدۇمغا راھەتلىك سېزىم بېرىدۇ.

شەھەر كوچىلىرىنى تويدىن تارىغان مەستلەر قاپلاپ كەتكەن شۇ كۈنى مەن شامالداپ كېلەي دەپ سىرتقا چىققانىدىم، چۈشتىن كېيىنكى دىمىق ھاۋا تېخى تارىمىغانىدى. پۈتۈن شەھەردىكى رېستورانلاردا توي بولغانىدى، بۇگۈن نۇرغۇن ئادەم قەپەسكە كىرىپ مۇرادىغا يېتىدۇ، ھاياتنىڭ زېرىكىشلىك ھەم ئۇزۇن چىغىر يوللىرىدا ھاڭۋېقىپ ياشاشقا باشلايدۇ.

قىيا-چىيا بىلەن كېتىۋاتقان مەستلەرنىڭ ئىچىدە كۆڭلەكلىرىنى سېلىپ كىندىكىنىڭ ئۈستىنى يالىڭاچ قويۇپ كېتىۋاتقان بىرنەچچەيلەن پەقەت كۆزۈمگە سىغمىدى. كىيىم كىيىش-كىيمەسلىك خەقنىڭ ئىشى بولسىمۇ بىراق شۇ چاغدا مەن شۇنچە ئادەم ئارىسىدا، كۆپكۆندۈزدە كىيىمسىز كېتىۋاتقان باللارغا

قاراپ ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم. ئادەمنىڭ ئادەم بولۇشىدا كىـ
يىم دېگەننىڭ ئۆزى ئادەمنىڭ تېرىسىدىنمۇ مۇھىمدەك قىلاتتى.
شۇ چاغدا دەرەخنىڭ قوۋزىقى، قوي-ئۆچكە، ئات-ئېشەكلەرنىڭ
تېرىلىرى، هايۋانلارنىڭ مېڭىسى، ئەقلى، غۇرۇرى بىلەن ئادەمـ
لەرنىڭ ئەقىل، هايا-نومۇسلىرى توغرىسىدا بىرمۇنچە نەرسىلەرـ
نى ئويلاپ كەتكىنىم ھېلىمۇ يادىمدا.

— نېمىگە ئالىيىسەن؟

يېرىم يالىڭاچتىن بىرسى ئالدىمغا دېۋەيلەپ كەلدى.

— مەن ئالايمىدىم.

— ئالايدىڭ، تېخى غوتۇلداپ بىزنى تىللىدىڭ.

— سەن ئىت يا چوشقا بولمىغاندىكىن، كوچىدا مۇنداق ياـ
لىڭاچ يۈرمە.

— نېمە كارىڭ، بۇ جاھان سېنىڭمىدى؟ بۇ كوچىنى سەن
سېتىۋالغانمۇ؟

— بۇ جاھان مېنىڭ، بۇ كوچىمۇ مېنىڭ، گېپىڭ بارمۇ؟

نۇرغۇن ئادەم تاماشا كۆرۈپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن، بەزىـ
لەر ئۇھ تارتقان، يەنە بەزىلەر جېدەلنىڭ بالدۇر تۈگەپ قالغىنىـ
دىن ئەپسۇسلانغان بولۇشى مۇمكىن، قارا كۆزلىرىدىن تەگسىز
تەشنالىق چېقنىداپ تۇرغان قىزنىڭ دېيىشىچە ئۇ مېنىڭ بېـ
شىمنى يۆلىگەن چاغدا ھوشسىز ئىكەنمەن. بىرمۇنچە ئادەم بىر
بولۇپ بىر ئادەمنى ئۇرىدىغان جاھاندا ياشاپ قالغىنىمدىن خېلى
كۆنلەرگىچە قورقۇپ يۈردۈم.

ناھايىتى ئۇزاق بىر يەردە يول تاپالماي تەمتىرەپ يۈرگەن
ئادەملەر ئارىسىدا مەنمۇ باردەك قىلاتتىم. ئۇلارنىڭ ھەم مېنىڭ
يول تاپالماسلىقىمىز، يول ئىزدىمىگەنلىكتىن بولسا كېرەك، دەپ
ئويلايتتىم، ئۆزۈمنىڭمۇ مۇشۇ خىلدىكى ئادەملەر ئارىسىدا ئىـ
كەنلىكىمنى ئويلاپ كۆزلىرىمگە ياش ئالاتتىم. مەن ئۆزۈمدىن
يىراقلىشىپ كەتكەندەك، ئۆزۈم ئۆزۈم ئەمەستەك، قولۇم قول
ئەمەستەك، كۆزۈم كۆز ئەمەستەك، ئويلىغانلىرىم، خىياللىرىم،

ئارزۇلىرىم، سۆيۈشلىرىم، سۆيۈلۈشلىرىم مېنىڭ ئەمەستەك، ماڭا تەئەللۇق ئەمەستەك ئويلاپ قالاتتىم.

بۇ دۇنيا ناھايىتى ھەيۋەتلىك يالغان ـ ياۋىداقلار بىلەن تولغان دۇنيا.

كېتىۋېتىپ مۇشۇنداق ئويلاپ قالدىم. مېنى جىق ئادەملەر ئالدىغاندەك، مەنمۇ جىق ئادەملەرنى ئالدىغاندەك ئويلاپ قالدىم، خوتۇنۇمنىڭ بىر چاغدىكى كۈلكىلىرىمۇ يالغاندەك، ھازىرقى مۇزدەك چىرايىمۇ يالغاندەك، يېغىۋاتقان يامغۇر، سوقۇۋاتقان شاماللارمۇ يالغاندەك تۇيۇلۇپ قالدى. كاللامغا كىرىۋالغان زەھەردەك ھېسلاردىن ئۆزۈمنى بەكلا بىچارە ھېس قىلىپ قالدىم. ئارقىدىن ئۆزۈمنىڭ خىياللىرىمدىن ئۆزۈم سەسكىنىپ كەتتىم.

سىم ـ سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. مەن ئوتتەك يېنىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىكى ئىشق ـ ھەۋەس كىشى ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالىدىغان قىز بىلەن شەرمەندىلەرچە ھالغا چۈشۈپ قالغان ئاشۇ يامغۇرلۇق يەكشەنبىنى يادىمغا ئالدىم.

يەكشەنبە بولسىلا يامغۇر ياغىدىغان ئىشمۇ ـ نېمە.

سەلىم موزدۇزنىڭ كىمدۇر بىرسىنىڭ قورسىقىدىن ئەللىك مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يىلان چىققانلىقى توغرىلىق گېپىنى ئاڭلىغان كۈنىمۇ خۇددى مۇشۇنداق سىم ـ سىم يامغۇر ياغقاندەك قىلغان.

— تۆۋەنكى مەھەللىدىكى سەيدى پاسارنىڭ قورسىقىدىن ئەللىك مېتىرلىق بىر يىلان چىقىپتۇ، بىچارىنىڭ قورسىقى تويمىغىلى يىگىرمە، ئوتتۇز يىلدەك بوپتىكەن، تەكشۈرتۈپتىكەن قورسىقىدىن يىلان چىقىپتۇ، توملۇقى بىلەكتەك كېلىدىغان يىلانكەن، كۆزى تۆتكەن، ئۇزۇنلۇقى ئەللىك مېتىر چىقىپتۇ، دوختۇرلار ئۇ يىلاننى ئىككى سائەتتە تارتىپ چىقىرىپ بوپتۇ.

شۇ چاغدا توپ ئىچىدىكى بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بالىلىقىنى يادىغا ئالدى. يىڭناغۇچ تۇتۇۋالسا، ئايروپىلان تۇتۇۋالدىم، دەپ ئويلايدىغان بالىنىڭ ناھايىتى كونا باغدا ئۆيى بار ئىدى. ئۆينىڭ

ئالدىدىكى سۇ لايلىنىپ ئېقىپ ئاياغ تەرەپتىكى ئازمىغا قويۇلاتتى. بالا شۇ كۆللەردە باغنىڭ چۆرىسىدىكى يوغان پاخپاق جىگدىلەرگە، سۆگەت، تېرەكلەرگە يامىشىپ ئۆسكەن قويۇق ئۇرىدانلارنىڭ ئىچىدە ناھايىتى يوغان چار يىلانلار بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتى.

— توۋا قىلدىم، نېمىدېگەن ئۇزۇن، چار يىلانمىكەن؟

ساقاللىرى قىزغۇچ بىر ئادەم مۇلايىملىق بىلەن سەلىم موزدۇزغا قارىدى.

— شۇنداق، قىزىل چار يىلانكەن.

— كۆرۈپ كەلسەك بوپتىكەن، بەك ئۇزۇنكەن، ئەللىك مېتىر دېگەن مۇشۇ يەردىن مەسچىتكىچە كېلەرمۇ؟

— ياق، ئۇنىڭدىن ئۇزۇن، چوڭ يولغىچە كېلىدۇ.

— ئۇ يىلان ھازىر نەدىكەن؟

— قېچىپ كەتمەي قالامدۇ، يىلان دېگەن يامان نەرسە ئۇ.

ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ ئورۇق ۋۇجۇدىنىڭ تىترەپ كەتكىنىنى كۆرۈپ قالدىم.

— ھەي، مۇشۇمۇ گەپمۇ، بەش مېتىر دېسىمۇ بىر نۆرى، ئەللىك مېتىر دېگەن قانداق گەپ ئۇ، مۇشۇ گەپكىمۇ ئىشىنىپ يۈرۈشەمسەن دۆتلەر ...

ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ ئاغزىدىن كۆپۈك قايناپ قالغاندى. ئۇنىڭ بىر كۆزى قىزىرىپ تۇراتتى. نۇرغۇن ئادەم بۇ كىشىنى ئۇزۇن چاچلىق ئادەم دەپ ئاتىسا كېرەك، سەلىم موزدۇز ئۇنى ئۇزۇن چاچلىق ساراڭ دەيدۇ، مەن بۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى بىلىۋالسام بولاتتى.

— چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا ئادەملەرنىڭ كاللىسىغا ھېچنېمە كەلمەيدۇ. قارا ـ قارا قۇشلارىم، كەينىڭدىكى نېمىلىرىڭ، دېگەن ئويۇننى ھازىر ھېچكىم ئوينىمايدىغان بولۇپ قالدى.

— ھېلىقى يىلاننى كۆرگەزمە قىلسا بولغۇدەك ... ئاجايىپ ئىش بوپتۇ ...

بىرمۇنچە ئادەم بىرسىنىڭ قورسىقىدىن چىققان ئەللىك مېتىرلىق يىلاننىڭ رەڭگى، توملۇقى، كۆزلىرى يەنە بىر قانداق-لىقى توغرىسىدا تالاشقا چۈشكەنىدى، ئۇزۇن چاچلىق ئادەم غىې-رىبانە بىر هالدا تاماكىسىنى كۈچەپ شوراۋاتاتتى.

— ئاشۇ يىلاننى ساتسا نەچچە پۇلغا ئالار.

بىرەيلەن شۇنداق دېدى. مەن چۆچۈپ كەتتىم. بىر ئادەمنىڭ قورسىقىدىن يىلان چىققان بولسا بۇ خۇددى بالا-قازادەكلا بىر ئىش ئىدى. ئۇنى سېتىپ پۇل قىلىشنىڭ كويىغا چۈشكەن ئادەم كۆزۈمگە بىر قىسمىلا كۆرۈندى. ئۇ ئاتا - بوۋىسىدىن پۇل دېگەن قولنىڭ كىرى، دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلىماي چوڭ بولغاندەك قىلاتتى.

سەلىم موزدۇزنىڭ ماڭا كونۋېرتتا پۇل بەرگىنى قانداق ئىش.

خىيال.

چۈش.

رېئاللىق.

غايىب تۇيغۇ.

غەلەت هاياجان.

ئاۋازى بوغۇق ئىككى ئادەم ئۇزاق بىرنېمىلەرنى دېيىشتى، مەن كونۋېرت ئىچىدە مىجىقلىنىپ تۇرۇپ هەممە گەپلەرنى ئاڭلىدىم:

— هېلىقى ئىككى مىڭ كوينى بەردىڭلىمۇ؟

— هەئە، بەردىم، — بۇ سەلىم موزدۇز ئىدى، ئۇنىڭ پىور-لەشكەن تارتۇقى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى بەك پاراكەندە قىلىدۇ، سە-لىم موزدۇز نېمىشقا مۇنداق ئۇزۇن ساقال قويىدىغاندۇ.

— ئالدىمۇ؟

— ئالدى، دەسلەپتە تەسرەك ماقۇل بولدى، ئارقىدىن خۇش-لۇقتىن يىغلاپ كەتتى، مۇت، زەهەر بولسىمۇ يۇت، دېگەن گەپنى جىق ئادەم ئاڭلىغان، پۇلۇم يوقاپ كەتمىگەن، دەپ تۇرۇۋېلىپ تەس ئالدى.

سەلىم موزدۇزنىڭ ئاۋازى غاراڭ-غۇرۇڭ ئىدى، ئۇ مۇشۇ

غاراڭ-غۇرۇڭ ئاۋازى بىلەن سان-ھېسابىنى بىلىپ بولغىلى بولمايدىغان ئاجايىپ گەپلەرنى جاھانغا يايغان ئادەم. بۇرۇنلاردا سەلىم موزدۇزنى بىلمەيدىغان بىرسى ئۇنىڭ راست گەپ قىلمىغانلىقىدىن نارازى بولغاندا ئەتراپىدىكى بىرنەچچەيلەن ھېلىقى ئادەمنىڭ ياقىسىدىن گۇۋۇشلەپ تۇرۇپ: خەققە يامانلىق ئىلىپ كېلىدىغان راست گەپتىن، بىراۋغا زەرەرى تەگمەيدىغان يالغان گەپ ئەۋزەل، سەلىم دېگەندەك گەپلەرنى دېيىش سەن لالمىنىڭ قولىدىن كېلەمدۇ؟ دەپ ھېلىقىنى تىللاپ ھالىنى قويمىغانىكەن.

— بوپتۇ، سەدىقە-زاكات دېگەننىڭ شۇنداق نامرات ئادەملەرگە يەتكىنى خوپ.

— ئۇنىڭغا سەدىقە توغرا كېلەرمۇ دەيمەن - دە.

— توغرا كەلمەيدىغان نېمىسى بار، بىر مىسكىننىڭ كۆڭلى شادىمان بولسا تۇگىمەس ساۋاب بولىدۇ ئەمەسمۇ.



— بىراق ئۇ پېقىر، مىسكىن قاتارىغا كىرمەسمىكىن، توققۇزى تەل ئادەم تۇرسا، شۇڭا پۇلنى قايتۇرۇۋېلىپ ھېلىقى توختەك مومايغا بەرسەك ...

— ئۇ پېقىر - مىسكىندىنمۇ بىچارە ئادەم، ئۇ پۇلسىزلىقىدىن خوتۇنۇم ماڭا قارىمىغىلى ئون - يىگىرمە يىل بولدى، دەپ يىغلاپ يۇرۇپتىمىشقۇ.

— شۇنداق ئىش بارمىكەن.

— ئۇ ئۆتكەندە ئېشەك سۇيىدۇكىنى چىلاشقۇچە ئىچىپ، ئەقلىنى يوقاتقاندا شۇ گەپلەرنى دەپ يىغلاپ يۇرۇپتۇ.

— ئۇنىڭ ئۆزىگە يەتكۇدەك دەپنە - دۇنياسى بار ئىدى.

— بولغىنىلا ھېساب ئەمەس، ئۆزىدە شۇنداق نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلمىگەن، شۇكۇر قىلمىغان ئادەمنى مىسكىن دېمەي بولماس، ئۇ پۇلنى ئۇنىڭدىن ئىلىۋالىدىغاننىڭ گېپىنى قىلىشمايلى.

— مەن ئەسلىي توختەك مومايغا بېرەيلىمىكىن دېگەن.

— بايىدىن بېرى مەن تامغا گەپ قىلدىممۇ، توختەك موماي بۈگۈنگە تاپسا شۇكۇر قىلىدۇ، ئەتىسىگە ئاشسا شادلىنىدۇ،

بىراق بىزنىڭ مۇنۇ بىچارە ئۇنداق ئەمەس، ئۆمرىدىن ئېشىپ قالغۇدەك مال ـ دۇنياسى بولسىمۇ يەنە كۆزى تويمايدۇ، بۇنداق ئادەمگە ئىچ ئاغرىتمىساق قانداق بولىدۇ.

بۇ گەپلەر خۇددى مېنىڭ ئۈستۈمدە بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى، سەلىم موزدۇز كونۋېرتنى ماڭا بەرگەندە سەسكىنىپ كەتكەنىدىم، ئۇنى خەقلەر ئەقلىدىن ئېزىپ قاپتۇ، دەپ يۈرۈشىدۇ، بىراق يەنە ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىدىغانلار، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىدىغانلار، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئالىدىغانلار، كۈنلەپ ـ كۈنلەپ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدىغانلار بار. مەن نەدە يۈرۈپ خوتۇنۇم ماڭا قارىمىغىلى ئون يىل يا يىگىرمە يىل بولدى، دېگەن گەپلەرنى دەپ يۈرگەنىدىمەن. مەست بولسام كىمگە نېمە دېدىم، نەدە يۈرۈپ، نەدىن قوپتۇم، دېگەنلەرنى پەقەت يادىمغا ئالالمايمەن. خەقلەرنىڭ مېنى تۈگەشتى، دېگىنى بىكارغا چىقمىغانمۇ ـ نېمە. يەنە بۇ گەپنى خوتۇنۇممۇ دېدى.

سەلىم موزدۇز ئەقلىدىن ئازمىغان بولسا، ھېلىقى پۇلنى ھەقىقەتەن ماڭا بەرمەكچى بولغان بولسا، ھەم ماڭا بەرگەن بولسا، مەن نېمىگە ئوخشاپ قالدىم.

مەن تۆت كوچىدا يالىڭاچ قېلىپ چۈش كۆرگەن بىرسىنى كۆرگەنىدىم. ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ چۆرىسىدىكى قوقاقلارنى ئېھتىيات بىلەن سىلاپ تۇرۇپ:

— ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەر ئارىسىدا يالىڭاچ يۈرۈپ ئىزا ـ ئاھانەتتىن ئۆلگۈدەك بولغانىدىم، ئويغىنىپ چۈشۈم ئىكەنلىكىنى بىلىپ دوزاختىن قۇتۇلغاندەك خۇش بولۇپ كەتتىم، مەن ئەزەلدىن شۇ كۈندىكىدەك خۇش بولۇپ باقمىغان، — دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

سەلىم موزدۇز بىلەن ئىمامنىڭ سۆزلىرىنىڭ راست دېيىلگەن گەپلەر يا خىيالىم ئىكەنلىكىنى، يا چۈشۈم ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. قانداقلا بولسۇن مۇنداق گەپلەر قەدىم ئەييامدىن ھازىرغا قەدەر دېيىلىپ كەلدى. مىسكىنگە قول ياپماق ساۋابنىڭ

كاتتىسى سانىلىپ كەلدى. يەنە تۇگمىدەك ئىش قىلسا تۆگىدەك
داۋراڭ قىلىدىغان ئىشلار ئاۋۇپ، تولا سۆزلەپ ساۋابنىڭ ھالىنى
قويمايدىغان زاماندا ياشاۋاتىمىز. ئىلگىرى ۋۇجۇدىدىن مىسكىن-
لىكنىڭ سېسىق ھەم بەتبۇي ھىدى پۇرقىراپ تۇرىدىغان توختەك
مومايىنى ئىچ ئاغرىتىش بىلەن يادىمغا ئالاتتىم. يامغۇر ياغقان
يەكشەنبىدىكى ئىشتىن كېيىن ئۇ خوتۇن ماڭا يىرگىنچلىك
مەخلۇققا قارىغاندەك قارايدىغان بولۇپ قالدى. قېرىپ جۇلۇقى
چىقىپ كەتكەن بىر ئايالنىڭ بىر ئەرنىڭ يامان يولغا ماڭغىنى
ئۈچۈن كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك ساقلىشىنى پەقەت ئەقلىمگە سىغ-
دۇرالمىدىم. بۇ دۇنيانىڭ بەك ئۇزۇن، بەك ئۇزاق، بەك چىگىش
يوللىرىدا تولا مېڭىپ، كۆرمىگىنى قالمىغان، دۇنيا ئۇنتۇپ
كەتكەن بىر خوتۇننىڭ ماڭا يامان كۆزدە قارايدىغان قىلىقلىرى
مېنى ھەيران قالدۇرۇۋەتتى. شۇ قەدەر كونىراپ، پەقەت ھالى
قالمىغان بىر مومايىنىڭ ئىشق-مۇھەببەتكە چېتىشلىق ئىشلار-
دىمۇ ھەق-ناھەق تۇيغۇسىنىڭ يەنە ئۆرىدەپ تۇرغانلىقىنى پەقەت
چۈشىنەلمىدىم. مەن شۇ چاغدا: ئادەم قېرىپ ھالى قالمىسىمۇ
كۆزى مىدىرلاپلا تۇرسا، ئىشق بالاسىنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن نېرى
بولالمايدىكەن، دېگەنلەرنى ئويلىغان ھەم ئۆزۈمنىڭ بۇ خىياللى-
رىمنى ئانچە توغرا تاپمىغانىدىم. موماي ماڭا ئۆچمەنلىك قىل-
سىمۇ، ئۇنىڭغا يەنە ئىچ ئاغرىتاتتىم. ئەمدى مەيلى خىيالىمدا
بولسۇن ياكى باشقىلارنىڭ ئاغزىدا بولسۇن توختەك مومايدىن
بىچارە بولۇپ كېتىپتىمەن. ئۇنىڭدىن ئۆتە ھالدىكى ئادەم قانداق
بولار. توختەك موماي مۇشۇ ئەتراپتىكى ئەڭ بىچارە ھەم يىر-
گىنچلىك ياۋاشلارنىڭ بىرسى. مۇنۇ سەلىم موزدۇز بىلەن ئى-
مامنىڭ مېنى ئاشۇ مومايغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان ئو-
رۇندا، دەپ بىلىشىگە بەرداشلىق بەرمەك تەس، چىدىغىلى بول-
مايدۇ.

كونۋېرتنى چۆرۈۋەتمەكچى بولۇپ جۈرئەت قىلالمىغىلى
تاسلا قالغانىدىم.

نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىرنەچچەيلەن زېرىككەننى تۈزىمىز دەپ ساز-پاز چېلىشقاچ ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرۇپ قالدۇق، چىرايىدىن غېرىبلىق يېغىپ تۇرىدىغان ياش دۇتارچىنىڭ ئاۋا-زىدىكى مۇڭ دۇتارنىڭ يۇمشاق كۈيى بىلەن قوشۇلۇپ يۈرەكلەرنى ئېزىۋېتەتتى.

— ھەي قەلەندەر، تۇرە ئورنۇڭدىن، دۇكاننىڭ ئىشلىرىغا يېتىشەلمەي ئۆلگۈدەك بولسام، سەن بۇ يەردە ئولتۇرامسەن؟

ئايال كىشىنىڭ بومراق ئاۋازدا ۋارقىرىشىدىن ھەممەيلەن چۆچۈپ كەتتۇق، ئىمىن كاۋاپچىنىڭ سېمىز خوتۇنى بىزگە قەھرى بىلەن قاراپ تۇراتتى.

— ساڭا ھاراقكەش، دىۋانىلەر بىلەن ئارىلاشما دەپ نەچچە دېدىم، سېنى قانداق قىلسام بولار.

ھەممەيلەن ھاڭ - تاڭ بولۇپ قېتىپلا قالدۇق.

ئىمىن كاۋاپچىنىڭ خوتۇنى گازىر، پۇرچاقلار بىلەن چالا يېيىلگەن توخۇ گۆشى بار داستىخانغا دەسسەپ ئۆتۈپ، ئېرىنىڭ ياقىسىدىن سۆرەپلا سورۇندىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

باشقىسىمۇ مەيلى، ئىمىن كاۋاپچىنىڭ خوتۇنىنىڭ ئېرىنى قەلەندەر دېيىشى، ئارقىدىن يەنە بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنى دىۋانە دېيىشى بەكلا ئوغامنى قايناتتى. خوتۇنلارنىڭ كۆزىگە ئەرلىرى قەلەندەر، دىۋانە كۆرۈنىدىغان زامان بولۇۋاتامدۇ- نېمە؟

— تازا تاياق قېپى خوتۇنكەن، كېلىشتۇرۇپ جاجىسىنى بېرە، ئۇرۇپ قاش- قاپىقىنى كۆكەرتىپ قويساڭ سېنى تىللى-مايدىغان بولاتتى.

— قورقىدىكەنمەن ئاداش.

— بۇنىڭ قورقىدىغان نېمىسى بار، مۇشۇنداق كېتىۋەرسە گەجگەڭگە مىنىدۇ ئۇ.

— قانداق قىلىمەن، مەن جۇرئەت قىلالمايدىغان، قورقىدى-غان ئىشلار تولىكەن، خوتۇنۇمنى قويۇۋېتىشتىن قورقىمەن، مې-نى ئانىي تاپقانلارنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ قۇلاق تۈۋىگە قويۇشتىن

قورقىمەن، قۇلاق تۇۋىگە ئۇرۇلماسلىقىمدىن قورقامدىمەن ياكى تاياق يەپ كېتىشىمدىن قورقامدىمەن، بۇ ماڭا قاراڭغۇ. ئۆيدە ئۇچۇپ يۈرگەن چىۋىننى ئۆلتۈرۈشتىن قورقىمەن، چىۋىننىڭ ئۆلۈكىنىڭ يەيدىغان نەرسىگە چۈشۈپ كېتىشى مېنى ۋەھىمىگە سالىدۇ.

— نېمىدەپ يۈرىدىغانسەن.

مەن ئىمىن كاۋاپچىغا قاراپلا قالدىم. بەزى ئادەملەرگە ھەقىـ قەتەن ئامال يوقكەن.

كېيىن مۇشۇ توغرىدىكى گەپلەرنى سابىت نۇرغا دەپ بېرىـ ۋىدىم، ئۇ نەچچە يەردىن يېرىلىپ كەتكەن دۇتارنى سازلىغاچ ئولتۇرۇپ:

— قاراڭ، ئىنسانلار ئايغا چىققان، جاھاننىڭ جىمى سىرـ لىرىنى بىلىپ، ھەتتا ماشىنا ئادەملەرنى ياساپ يۈرگەن مۇشۇ دەۋرىدىمۇ ئەر بىلەن خوتۇننىڭ مەسىلىسى ھەل بولمىسا، ئەر ئەردەك، ئايال ئايالدەك بولالمىسا، ئائىلىنىڭ ئورنى مۇقىم بولـ مىسا پاجىئە دېگەن بۇنىڭدىن ئارتۇق بولمايدۇ، — دېدى.

مەن ئۇنىڭ دانىمۇ دانە سۆزلىرىنى دېگەندەك ئاڭقىرىپ كېـ تەلمىسەممۇ، بىراق مۇشۇ گەپلەر توغرىمىكىن، دەپ ئويلاپ قالدىم.

بۇ گەپلەرنى يەنە ئىمىن ھەسەنگىمۇ دېدىم، ئىمىن كاۋاپـ چىنىڭ كۆزۈمگە بەكلا سەت كۆرۈنىدىغان بەتبەشىرە خوتۇنىنىڭ كۆتەكتەك ئولتۇرغان ئادەملەرنى ئەيمەنمەي دىۋانە دەپ تىللىغىـ نىنى ھېچ يۇتۇپ بولالمايۋاتاتتىم.

ئىمىن كاۋاپچىنىڭ خوتۇنىنىڭ دېگەنلىرىنى ئىمىن ھەـ سەنگىمۇ ئېيتىپ بەردىم. ئىمىن ھەسەن قېنىق دەملەنگەن قارا چاينى ئوتلاپ قويۇپ بىردەم جىم بولۇپ قالدى، ئاندىن ئۇھ تارـ تىپ قويۇپ:

— مەن سىزگە ئىلگىرىمۇ دېگەن، پەس، چۈكۈنەم ئادەملەر بىلەن ئارىلاشماڭ دەپ، ئۇنىڭ سىزنى دىۋانە دېگىنى قانداق گەپ، سىز بىلەن بىزمۇ بىر داستىخاندا غىزا يەيدىغان ئادەملەر تۇرساق.. ئۇنىڭدەك تەربىيە كۆرمىگەن خەق بىلەن ئارايىش بوـ

لۇپ كۆڭۈلگە كىر قوندۇرۇپ يۈرمەڭ، — دېدى.

ئىمىن ھەسەن گېپىنى تۈگىتىپ مېنىڭ پىيالەمگە چاي لىقلاپ قويدى، ئۆزۈم شىر نىسىنىڭ رەڭگىدىكى قارا چايدىن ماڭا تونۇش بىر ھىد ئاڭقىپ تۇراتتى، ئارقىدىن ئۇ قايسى بىر ئىدارىنىڭ باشلىقىنىڭ شوپۇرى بىلەن خوتۇنىنىڭ تېپىشىپ قالغانلىقىنى، باشلىقىنىڭ بۇنى بىلمەيدىغانلىقىنى، بىلىپ قالسا شوپۇرنىڭ ئىشسىز قالىدىغانلىقى توغرىسىدىكى گەپلەرنى دەپ بەردى. تۆت تامنىڭ ھەممىسىگە لىققىدە كىتابلار تىزىلغان كۆتۈپخانىدا ئۇنىڭ قىزغىن پاراڭلىرى تۈگىمەيتتى. پۈرژىنىسى بوزۇلغان ساپادا بىئارام بولۇپراق ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋاتاتتىم.

مەن ئىمىن كاۋاپچىنى بەك بىچارە ئادەم دەيتتىم. مېنى ئۇنىڭدىن ئۆتە بىچارە دەيدىغانلار بار ئىكەن. مەن بارغانسېرى ئېغىر بىلىنىۋاتقان چامادانىمنى كۆتۈرۈپ كېتىۋېتىپ يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدىم. كوچىدا يېرىم يالىڭاچ يۈرگەن ئەخمەقلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ ئاخىردا نىشانسىز كېتىۋاتقان ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم.

دادىسى توختىماي كىتاب يازىدىغان بىر بالا دادىسىنىڭ نېمىلەرنى يازغانلىقىنى بىلەلمەي، ئەر يەتكەندىن كېيىن، كەلگۈسى توغرىسىدا ناھايىتى مۇھىم گەپلەر يېزىلغان، دەپ ئويلايدىغان ئىككى پارچە كىتابنى ئوقۇشقا رىغبەت قىلالماي، كۆك رەڭلىك چامادانىنى كۆتۈرۈپ تىنىقلىرى سوغۇق شەھەر كوچىسىدا كېتىپ بارىدۇ. ئۇ پات-پات سىمىلداپ يامغۇر يېغىۋاتقان ئاسمانغا قاراپ بۇگۈنمۇ يەكشەنبە، يەنە يامغۇر ياغدى، دېگەنلەرنى ئويلىدى. ھايات ھارغىن كۆزلىرىنى پات-پات ئۇنىڭغا تىكىپ قوياتتى، شەھەر بىزارلىق بىلەن يامغۇرلۇق ھاۋادا چوقچىيىپ تۇراتتى. ئۇ ئېغىر ھۆل چاپان كىيىۋالغاندەك يېقىمسىز بىر تۇيغۇنىڭ تاپىنىدىن چوققىسىغىچە يىرگىنچلىك قۇرتلاردەك ۋۇجۇدىغا ئۆمىلەپ چىقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى.

# بەشىنچى باب

چامادانىمنى ئوڭ قولۇمدىن سول قولۇمغا يۆتكىدىم.
جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان ئاسفالت يولدا ئادەملەر شالاڭ ئىدى.



يەتتە-سەككىز ياشلاردىكى بالىنى يۆلەپ كېتىۋاتقان ياش ئانا ئوغلىغا كايىپ ۋارقىرايتتى.
— نېمىشقا دىققەت قىلمايسەن؟
— باللار بىلەن قوغلاشماق ئوينىغان، ئالدىمدا ئورەك بار-لىقىنى بىلمەپتىمەن.
— خەقنىڭ باللىرى ئەجەب چۈشمەپتىغۇ ئورەككە، سەن نېمىشقا چۈشۈپ كەتتىڭ؟
— باشقا باللار مېنىڭ كەينىمدە ئىدى.
— ھۇ ياغاچ قۇلاق، ساڭا دائىم ئالدىغا ئۆتۈۋالما، باشقا با-للارنىڭ كەينىدىن ماڭ، دەيمەنغۇ، گەپ ئاڭلىمىساڭ مۇشۇنداق بولىدۇ مانا.
ئانا ئاقساقلاپ مېڭىۋاتقان ئوغلىنى يۆلەشتۈرۈپ كېتىپ قالدى.
ھېلىقى بالىغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى.
ئۇنىڭغا ئاچچىقلايدىغان، تەنبىھ بېرىدىغان ئانىسى بار ئى-كەن، مېنىڭمۇ ماڭا شۇنداق تەنبىھ بېرىدىغان ئانام، دادام يەنە شىرەم تۇغقىنىم بولغان. ئاچچىقى يامان دادامنىڭ كۆتكەن يې-

ىردىن چىقالماي نۇرغۇن تاياق يېگەنلىرىم، ئانامنىڭ ئاچچىق بىلەن ۋارقىراشلىرى، قولىغا چۈشۈپ قوغلاشلىرى، ئار-قىدىن مېنى يۇمشاق باغرىغا بېسىپ ياش تۆككەنلىرى يادىمدا. بۇلاردىن كۆرە شىرەم تۇغقىنىمنىڭ ماڭا ئاچچىق بىلەن دېگەن-لىرىنى ئۇزۇنغىچە ئۇنتۇيالمىغانىدىم.

ئۇ نۇرغۇن يىللار بۇرۇنقى بىر ئەتىيازلىقى بولغان ئىش ئىدى. شۇ يىلى دەرياغا كەلكۈن كېلىپ كۆۋرۈكنى كەلكۈن بۇ-زۇۋەتكەنىدى. بوۋايلار كەلكۈن دېگەن كۆزدە كېلىدىغان، ئەتىيازلى-قى كەلكۈن كەلدى، دېگەن قانداق گەپ، دەپ ھەيران قېلىشقانىدى.

شۇ كۈنلەردە شىرەم تۇغقىنىم بىلەن كوچىدىلا ئۇچرىشىپ قالدۇق.

ئۇ سالىمىمغا ئانچە ئېرەنشىپ كەتمىدى. تۇغقىنىمنىڭ پارقىراپ تۇرغان چىرايىدا سۇرلۇك كۆلۈمسىرەش بار ئىدى. ئۇ-نىڭ چىرايىدىكى كۆلۈمسىرەش مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك ئەمەس، مېنى ئۇرۇۋاتقاندەك تەسىر بەردى.

— ئاڭلىسام سېنى تولا كىتاب ئوقۇيدۇ، دەيدىغۇ.

خۇش ياقار- ياقماس تىنچلىق -ئامانلىق سورىشىشتىن كېيىنلا ئۇ شۇنداق سورىدى. ئادەملەرنىڭ سوغۇق كۆزلىرىدىن خىرەلەشكەن نەپرەتلىك دۇنيا مېنى پايلاپ تۇرغاندەك ئىدى. ھەربىرىمىزنىڭ خۇشاللىق دۇنياسى، خاپىلىق دۇنياسى بار. بىز بۇ ئىككى دۇنيا ئارىسىدا موكىدەك پىرقىراپ يۈرىمىز. گاھ ئۇ دۇنيادا، گاھ بۇ دۇنيا ئارىسىدا لەيلەيمىز. مەن يۈرىكىمنى ئېغىر بىرنەرسە بېسىۋالغاندەك بولۇپ قالدىم.

— ھەئە.

— تولا بىرنېمە ئوقۇيدىغان ئادەمنىڭ كاللىسى چاتاق بو-لىدۇ، دىققەت قىلىپ يۈر جۇمۇ، ئالىجوقا گەپلەرنى دەپ يۈرمە. ئوڭ-تەتۈر بىرنېمىلەرنى دەپ يۈرسەڭ بىزگىمۇ ياخشى ئەمەس.

بىرنېمە دېسەم ئۇ مېنى ئۇرىدىغاندەكلا قىلاتتى.

— بىزنىڭ مەھەللىدە قولىدىن كىتاب چۈشمەيدىغان بىر

ساراڭ بار ئىدى، يېزا باشلىقى بىلەن ئېتىشىشىپ ئاخىرى ئۆزى زوڭ قالدى، شۇنىڭدىن كېيىن سەندىن ئەنسىرەپ قالدىم، ئۆزى بىلەنلا كەتسىغۇ مەيلىدى، ھېلىقى ساراڭنىڭ تۇغقانلىرىمۇ خاپىلىقتا قالدى.

— تەتۈر گەپقۇ بۇ، — مەن ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىدىم، — كىتاب ئوقۇيدىغان ئادەمنى بىرنېمە دېسىڭىز قاملاشمايدۇ. ھەممە ئىشتا ئالدىدا ماڭىدىغانلار كىتاب ئوقۇيدىغانلار تۇرسا ... يەنە ئۇنىڭغا يالا چاپلىسا جاھان قانداق ئالدىغا ماڭىدۇ.

— مانا كىڭىز كىتابنىڭ پايدىسى، جاھاننىڭ ئالدىغا مېڭىشى يا كەينىگە مېڭىشى بىلەن سېنىڭ نېمە كارىڭ، مەن بىر كۇنمۇ مەكتەپكە بارمىغان ئادەم، خەت تونۇمايمەن، قارىسام سېنىڭ كاللاڭ مېڭىچىلىك ئىشلىمەيدىكەن، دېگەن گەپلىرىڭگە قاراپلا بىلدىم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— ھەرقانداق ئىشنى بىرىنچى بولۇپ سەن قىلما. داداڭنىڭ كۇننى كۆرگۈڭ يوقتۇ.

كىرسىن چىراغنىڭ يۇمشاق، غېرىبانە يورۇقىدا ئولتۇرۇپ مۇكچەيگىنىچە بىر ئۆمۈر كىتاب يازغان دادامنىڭ سوراقچىلار ئۆيىمىزگە كەلگەندە قورقۇشتىن تاتىرىپ كەتكەن چىرايى، تاڭ يېڭى سۈزۈلگەن چاغدا ئۇستىگە لىققىدە نەرسە-كېرەك ئارتىلغان ئېشەكنى ھەيدەپ ھويلىمىزدىن چىقىپ كېتىۋاتقان كۆرۈنۈشى يادىمدىن كەچتى. چىرايلىق كۆزلىرى تەشۋىشلىك چاقناپ تۇردىغان ئانامنىڭ توشقاندەك ئەندىكىپ تۇرغان قىياپىتىنى ئەسلىسەم يۈرىكىم ئېچىشىدۇ.

شىرەم تۇغقىنىمىز بىلەن شۇ گەپلەرنى دېيىشكەندىن كېيىن ئۆزۈمنى دائىم ئاچا يولغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۆزى خالاپ قىلماقچى بولغان ئىشىدىن ئۆزى بىرىنچى بولۇپ گۇمانلىنىپ ياشاش تەس ئىش. ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتا مەن قىلغان مۇشۇ ئىشنى باشقىلارمۇ قىلغان بول-

غىيمىدى، خەق ئالدى بىلەن قىلىپ باقىقان بولسا ئاندىن مەن قىلسام بولاتتى، دېگەنلەرنى ئويلايدىغان ئادەملەر ناھايىتى جىق بولسا كېرەك. زەن سالسام مەنمۇ شۇنداق ئادەملەرنىڭ بىرىكەن. مەن، ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ مىجەزىمدىن بىردە شۇنداق رازى بولات. تىم، بىردە مۇشۇنداق ئويلايدىغىنىمدىن بىزار بولاتتىم. تۇرۇپلا ئىچىم پۇشۇپ: ئەسلىي مەن باشقىلارغا ئەمەس، باشقىلار ماڭا ئەگەشسە بولاتتى، دەپ ئاچچىق يۇتاتتىم.

بۇ نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىكى خىياللىرىم ئىدى، ئۇ چاغدا تېخى ئۆيلەنمىگەن، مېنى پەقەت كەچۈرەلمىگەن ھازىرقى خوتۇ. نۇم ئىككى ئۆرۈلگەن توم چېچىنى سويلىتىپ، تاكاسلاپ مېڭىپ يۈرىدىغان ئوماق قىز ئىدى. يۈرىكىمنى مىڭلارچە ئوتتا كۆيدۈ. رۈپ يۈرگەن ئاشۇ ئىككى ئۆرۈم چېچى بار قىز مېنىڭ جىق ئىشلاردا ئالدىدا مېڭىشىمنى، جىق ئىشلارنى بىرىنچى بولۇپ قىلىشىمنى ئارزۇ قىلاتتى.

— ھەممىنىڭ ئالدىدا مېڭىڭ، سىزدە شۇنداق كۈچ بار.

شۇنداق دەۋېتىپ قىزنىڭ ئاق ھەم يۇمشاق بىلەكلىرى تىترەپ كەتكەنىدى.

نۇرغۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن مەن ھەممىنىڭ ئالدىدا مېڭىشقا بولمايدىغانلىقىنى، باشقىلارغا ئەگىشىپ مېڭىشنىڭ ئەڭ بىخەتەر بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم.

— بۇنداق ئويلىماڭ، ھەممە ئادەم بۇنداق ئويلىسا بولمايدۇ، بولمىسا تۇگىشىپ كېتىسىز.

خوتۇنۇم يامغۇر ياغقان يەكشەنبىدىكى ئىش يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى ماڭا شۇنداق دېگەن. ئۇنىڭ قولىدا گۈلدار كۆك چەي. نەك بار ئىدى. ئاخشام جىق ئىچىپ كېتىپ بەك ئۇسساپ كەت. كەچكە ناۋات چاي قىلىپ بېرىشنى ئېيتقانىدىم.

ھازىر ئالدىدا مېڭىش، كەينىدە مېڭىش دېگەندەك گەپلەرنى ئويلىمايدىغان بولۇپ قالغاندەك قىلاتتىم.

ئاقساقلاپ كېتىۋاتقان ئاشۇ بالا ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن

خۇددى مەندەك ئويلىشى مۇمكىن ئىدى.

مېنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىم باشقىلار ئۈچۈن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان ئىش بولۇشى مۇمكىن.

— سەن نېمىشقا ئۆيدىن چىقىپ كەتمەكچى بولىسەن، ئەخمەق؟

ھېچكىم مەندىن بۇنداق سوراپ باقمىدى.

— مەن مۇشۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتسەم ئاندىن بۇ ئۆيدە، بۇ مەھەللىدە ئۆزۈمنىڭ بار بولسام قانداق بولىدىغانلىقى، بولمىسام قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەلەيمەن، مەن شۇنى بىلىپ باقماقچى.

مەن ھېچكىمگە بۇنداق جاۋاب بېرىپ باقمىدىم. مەن بىرەر ئادەمنىڭ مۇشۇنداق سوئال سورىشىنى ھەم ئۇنىڭ سوئالىغا ئاشۇنداق جاۋاب بېرىشنى كۆپ ئويلىغان.

— بار بولساڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، يوق بولساڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىشىڭنىڭ نېمە ھاجىتى.

— ئۆلگەنلەر ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ، تىرىك تۇرۇپ ئۇنتۇلۇپ كەتسەم قانداق بولىدۇ؟!

يۈرىكىمنىڭ پىنھان بىر يەرلىرىدە مەن تونۇمايدىغان بىر جۈپ كۆز ماڭا زەھەردەك ئاچچىق نەزەردە تىكىلىپ تۇراتتى.

— سېنى كىم ئۇنتۇپ كەتتى؟ يوقىلاڭ گەپ قىلما.

— مېنىڭچە نۇرغۇن ئادەملەر مېنى ئۇنتۇپ كەتتى، ھەتتا مېنى بىلىدىغان ئادەم يوق، ھەتتا خوتۇنۇم بىلەن مۇشۇكۇممۇ شۇنىڭ ئىچىدە.

كۆڭلۈمدىكى بىر قارا سايە بىلەن ئۇزاق زاكونلىشىپ قالدىم.

بۇ قارا سايە مېنى ئەڭ قىيىن سوئاللار ئارىسىدا تەڭلىككە سالغىلى ئامراق. يىراقلارغا كېتىشكە ئۈندىگەن ھەم يەنە بۇنداق قىلىشىنىڭ تايىنى يوق ئىش ئىكەنلىكىنى ماڭا ئۇقتۇرۇپ قويىدىغىنىمۇ مۇشۇ.

— سەن خوتۇنۇڭنى چۈشەنمەيسەن.

— چۈشىنەي دېسىمۇ چۈشەنگىلى بولمايدىغان ساراڭكەن ئۇ.

— ئۇ ساراڭ ئەمەس، سەن كاللاڭدىن كېتىۋاتىسەن. ئۇنىڭدىن گۇمان قىلما.

— مەن گۇمان قىلمىدىم.

— يالغان ئېيتما، گۇمان سېنى ساراڭ قىلىپ قويىدۇ.

— ئۇنىڭدىن گۇمان قىلمىسام كىمدىن گۇمان قىلىمەن. ئۇ مېنى ئۇن يىلدىن بۇيان كەچۈرمىدى.

— ئۆزۈڭدىن ئۆتكەن، سەۋر قىل.

يۈرىكىمگە ئورنىشىۋالغان، زەھەرلىك كۆزى بار سايە بىلەن بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ، جىق ھەرەج تارتىپ كەتتىم.

ئىزدەشمەيدىغان بولۇپ كەتكەن شىرەم تۇغقىنىمنىڭ ماڭا يەۋەتكۈدەك قارىشىدىن يۈرىكىم ئاسقىپ كەتتى. مېنىڭ تۇغقانلىرىمنىڭ، جەددى-جەمەتىمنىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنالىشىم تەس.

تۇغقىنىمنى خىيالىمدىن نېرى قىلالماي جىلە بولۇپ كەتتىم. قايسى ئىشىم ئۇنىڭغا تەتۈر كۆرۈنۈپ قالغاندۇ. داداڭدەك كۈنگە قالغۇڭ يوقتۇ، دېگىنىنى، دادامنىڭ ئاكا يوللۇق تۇغقىنى تۇرۇپ دەۋاتقان گېپىنى. ئادەم دېگەن جاننى ئاغرىتماسلىق ئۇچۈن ھەر نەرسىدىن كەچسە كېرەك.

ئۆتمۈشتىكى ئىشلار يادىمدىن كەچتى، بولۇۋاتقان ئىشلار خىيالىمنى چۇلغىۋالدى.

ئاندىن ھېلىقى كونۋېرتتىكى پۇل ...

ئاندىن مىسكىنىنىڭ كۆڭلىنى شاد ئېتىشنىڭ ساۋابى توغرىسىدىكى گەپلەر...

يامغۇرلۇق قارا بۇلۇتلار تارقاپ ئاسمان سۈزۈلدى. يامغۇرلۇق يەكشەنبىدىكى ئىشلارنى تامام ئۇنتۇپ كەتسەم بولاتتى. بۇلۇت تارقىغان ئاسمان چىرايلىق ئىدى. مېنىڭ كۆڭلۈممۇ يورۇغاندەك بولدى. قۇياشنىڭ پاك نۇرلىرى زېمىننى، مېنىڭ ئەتراپىمدىكى يوللارنى، ئۆيلەرنى يورۇتۇپ تۇراتتى. قۇياش نۇرى شەھەرنىڭ ئېغىر تۇيغۇلىرى قىمىرلاپ يۈرگەن يوللارنى، شەھەر-

نىڭ يەر تېگىدىكى تومۇرلىرىنى، شەھەرنىڭ قاتتىق يۈرىكىنى يورۇتۇپ تۇراتتى.

يالتىراق خالتىغا سېلىنغان گۆشنى ساڭگىلىتىپ كې-تىۋاتقان بىر كىشى يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ شىلەپىسىنى قىڭغىر كىيىۋالغانىدى. نېپىز يالتىراق خالتىدىكى ئىككى ناننى مەيدىسىگە بېسىپ كېتىپ باراتتى.

سەلىم موزدۇزنىڭ يالغان گېپىنى ئاڭلايدىغان، ئىشىنىدى-غان ئادەملەر ئىچىدە مۇشۇ كىشىمۇ بولۇشى مۇمكىن. ئۇ يەنە دىۋانىلەرگە سەدىقە بېرىدىغان، تاپقان پۇلىنىڭ ئۆشرىسىنى ئاي-رىيدىغان ئادەم بولۇشىمۇ مۇمكىن.

سەدىقە بېرىدىغان ئادەملەر بىلەن سەدىقە ئالىدىغان ئادەملەر بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

مەن چۆچۈپ كەتتىم، مەن نېمىشقا ئۆزۈمنى باشقىلاردىن سەدىقە ئالىدىغان ئادەم تەرىزىدە ئويلاپ قالغاندىمەن. ئىمام بىلەن سەلىم موزدۇزنىڭ گەپلىرى يادىمدىن كەچكەندە، مەن شۇنداق پەس ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانلىقىمنى كىمدىن كۆرۈشنى بىلەلمەي قالدىم. قولۇمدىكى چۆرىلىرى قىرچىلىپ كەتكەن كۆك چا-ماداندا لىق پۇل بولغان بولسا مېنىڭ دۇنيارىمنىڭ مەنىسى قانداق بولار ئىدى. ئېچىل داستىخان، ئالتۇن ساڭگىلايدىغان ئې-شەك دېگەندەك گەپلەر بىكارغا پەيدا بولمايدۇ. مەندىن بۇرۇن يا-شىغان نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ شۇنداق بىر قۇدرەتنىڭ ئىگىسى بولغۇسى كەلگەن چاغلىرى بولغان، ئارزۇسىدىكى ھەممە نەرسى-گە ئېرىشىشنى تەمە قىلىپ شۇنداق بىر ھېكايىلەرنى توقۇپ چىققان بولغىيدى. مۇشۇنداق ئارمانغا ئىگە بولۇش تەس بولمى-سىمۇ، ئىش يۈزىدە ئۇنىڭدەك ئېچىل داستىخانلارنىڭ كىشىگە نېسىپ بولماسلىقى ئادەمنى ئېچىنىشلىق يىغلىتىدۇ.

نېمىشقا بىر چامادان پۇلنىڭ خىيالى كاللامغا كىرىپ قال-غاندۇ. سەلىم موزدۇز بىر ئۆمۈر يالغان سۆزلەپ كەلگەن ئادەم بولسىمۇ بىرەرسىگە مېنىڭ بىر چامادان پۇلۇم بولغانلىقى ياكى

شۇنداق پۇلۇم بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىم توغرىلىق گەپ قىلىپ باقمىغان. مېنىڭ ھېلىقىدەك ئارزۇيۇم يالغانچى ئادەملەرنىڭمۇ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدۇ ياكى ئەقلىگە سىغمايدۇ.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.
تونۇش ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتىم، قاپىقى يېرىلغان، ئوڭ زاڭقى كۆكىرىپ، ئىششىپ كەتكەن سابىت نۇرنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم.
— سىزگە نېمە بولدى؟
— بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىم.
— سىزنى بۇ تۇرقىدا ئۇرۇشۇپ قالدى، دېگىلى بولمىغۇدەك، تاياق يېدىم دەڭا بولدى.
— بىر سارائغا يولۇقۇپ قالدىم ... ناخشائدا مېنى تىللاپسەن، دەپ مۇشۇنداق ئۇرۇۋەتتى.
— كىمكەن ئۇ؟
— ئىسمى غېنى گاڭ، يېرىم قەدەم يەرنىڭ خاپىلىقىدىن سەۋدايى بولۇپ قالغان نېمە، نامى چىققان ھاراقكەش، خەقلەردىن ئاڭلىسام، كىم بولسۇن قېشىغا بېرىپ، پالانى سېنىڭ يامان گېپىڭنى قىلىۋاتىدۇ، دېسىلا، بارغانچە بېرىپ ئۇرۇپلا كېتىدۇ، دەيدۇ.
— خەقنىڭ زىتىغا تېگىدىغان بىرنېمىلەرنى ئوقۇمىسىڭىز بولمامدۇ سابىتكا.
سابىت نۇرنىڭ قىياپىتى كۈلكىلىك ئىدى، ئەمما مەن كۈلەلمىدىم.
— يامان ئادەملەرنىڭ زىتىغا تەگمەيدىغان، پەس ئىشلارغا زىخ سانجىمايدىغان نەرسىنى يازدىم، ناخشا قىلىپ ئوقۇدۇم، دەپ يۈرگەنىنىڭ نېمە پايدىسى ئۇكام.
— ئاۋارىچىلىك تاپقۇچە خەقلەردەك كۆيدۈم - پىشتىم، ئۆلەي، تىرىلەي دەپ بىرنېمىلەرنى دەپ ئۆتسىڭىزمۇ بولىدىغۇ، قاراڭا بولۇپ كەتكىنىڭىزنى. نېمە جاپا بۇ سىزگە؟

— كۆيدۈم ـ پىشتىم، سەن ياخشى، مەن ئۇبدان دېگەندەك نېمىلەرنى كۆتۈرۈپ چىققۇچە، يازىدىغان ئىشنى قىلمىساملا بولمىدىمۇ، سىزمۇ مېنى چۈشەنمەيدىكەنسىز، ئەكىلىڭە تاماكىدىن بىرنى.

ئۇنىڭغا نېمە دېيىشنى بىلەلمەيلا قالدىم. سابىت نۇر پەردشان هالدا كەتتى.

ئۇ مېنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىمنى سورىمىدى.

ئۇ قولۇمدىكى چامادانىمغا دىققەت قىلمىدى.

بۇ دۇنيادا نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ماڭا مۇشت تەڭلىگەنلىرىنى، يامان كۆزدە قارىغانلىرىنى، مەن تۇغرىلىق چوقۇم بىرەر شۇم خىيالغا كەلگەنلىكىنى، مېنىڭ تۈگىشىشىمنى ئارزۇ قىلغانلىرىنى، يىقىلىپ چۈشكەنچە قايتا قوپالماسلىقىمنى تەمە قىلغانلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلالاتتىم، ئۆزۈمنىڭ مۇشۇنداق ئويلىرىمدىن، مۇشۇنداق ئويلايدىغان خۇيۇمدىن، مۇشۇنداق خۇي پېئىلغا گىرىپتار بولغىنىمدىن قورقاتتىم، بىزار بولاتتىم.

مەن بىلەن ئۇنداق يا مۇنداق ئىشى بار ئادەملەرنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالاتتىم، خەقلەرنىڭ مەن تۇغرىلىق دېمەكچى بولغانلىرىنى ئۆزۈملا دەپ، ئۇلارنى هەيران قالدۇراتتىم. بىراق، ئۇلار هەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى بىلىۋالغىنىمنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمايتتى. ئۇلار ئېتىراپ قىلمىغانسېرى خەقلەرنىڭ ئوي-خىيالىدىكىنى بىلىۋالغانلىقىمنىڭ راستلىقىغا تېخىمۇ ئىشىنەتتىم.

ۋۇجۇدۇم هارغىنلىقتىن، ئۈمىدسىزلىكتىن خالىي هالدا شۇنداق يېنىك هەم راهەت تۇيغۇغا بۆلۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. شۇ هالدا بىپايان كۆكتە ئاپئاق پاكىز بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرگەندەك، سان ـ ساناقسىز تۇرنىلار ئاپئاق بۇلۇتتەك ئۇچۇپ بېرىپ بۇلۇتلارغا قوشۇلۇپ كەتكەندەك، ئۆزۈمنىمۇ بىر تۇرنا بولۇپ ئاشۇ تۇرنىلارغا، ئاندىن بۇلۇتلارغا قوشۇلۇپ كەتكەندەك هېس قىلىپ قالدىم. بىر ئادەمنىڭ تۈگمەس ـ پۈتمەس شېرىن خىيالى بىلەن

يەنە بىر ئادەمنىڭ كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئاجايىپ-غارايىپ يالغانلىرىنى قوشۇشقا مۇمكىن بولسا قانداق نەرسە پەيدا بولىدۇ.

— بۇ پۇلنى مېنىڭ ئەمەس دېگىنىڭىز قاملاشمىدى، بايلىقىڭىز تۈگىلۈكتىن تېشىپ كەتسىمۇ، بۇنچە كۆپ پۇل يوقاپ كەتسە مېنىڭ ئەمەس دەپ تۇرۇۋالسىڭىز بولمايدۇ. ئەقلى دۆمبىسىگە ئۆتۈپ قالغان ئادەملەر نېمىنى بىلىدۇ، پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا دەپتىكەن، قىزى بارنىڭ نازى بار، دېگەننى مۇشۇنداق يەردە دەيمىز، ئالتۇن باش داداڭدىن، پاخما باش ئاناڭ ياخشى، دېگەن مۇشۇ.

— نېمانداق باش-ئاخىرىنىڭ تايىنى يوق گەپ بۇ.

— ئەقلىڭ شۇنچىلىك، — دېدى سەلىم موزدۇز بىردىنىلا تەرىنى تۇرۇپ.

سەلىم موزدۇزنىڭ تارتۇقىدىكى يىرگىنچلىك قورۇقلار كۆز ئالدىمغا كەلدى. كۆڭلۈم شۇنداق غەش بولۇپ كەتتى.

ئەخلەت ئارىسىدىن بىرنېمىلەرنى ئىلغاپ تېرىپ يۈرىدىغان بوۋاي يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كەتكەن چاغدا سەلىم موزدۇز بىلەن ئۇزۇن چاچلىق ئادەم دوقمۇشتا تۇرغانىدى، بۇ ئىككىيلەننىڭ بىللە تۇرغىنىدىن ئەجەبلىنىپ قالدىم. بۇ، كۈن پاتارغا يېقىن چاغ ئىدى. سەلىم موزدۇز ئۇزۇن چاچلىق ئادەمگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ، نەپرەت بىلەن ئالىيىپ قويدى.

— سەمەت گاچىنىڭ ئاچا قۇيرۇق قويى ساپلا ئۆچكە تۇغىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

— بىدئەت گەپ قىلما، ئاغزىڭ مايماق كېتىدۇ. قوينىڭ ئۆچكە تۇغۇشى خۇدانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىش، يالغان گەپ قىلدىم دەپ مۇشۇنداقمۇ دەمسەن؟

— ئىشقىلىپ يالغانغا ئىشىنىدىغان دۆت بولغاندىن، يالغان گەپ قىلغان ياخشى.

سەلىم موزدۇز بىلەن ئۇزۇن چاچلىق ئادەم تاكاللىشىۋاتقان شۇ دەمدە مەن تاماكا چېكىۋاتاتتىم. ئىمىن ھەسەننىڭ ئۆيىدىن

قايتىپ كېلىۋېتىپ ئۇلار پاراڭلىشىپ تۇرغاننىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالغانىدىم.

ئۇلارنىڭ تاكاللىشىشلىرىنى ئاڭلاپ خەقلەرنىڭ خىيالىنى بىلىۋالىدىغانلىقىم توغرىسىدىكى خىياللىرىم ئۈزۈلۈپ قالدى.

قولۇم تېلىپ كەتتى. چامادانني يەنە بىر قولۇمغا ئالماشتۇردۇم. چامادان بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىپ باراتتى. مەن چامادانني تاشلىۋېتىشنى ئويلاپ باقمىدىم، ئۇنى تاشلىۋېتىشكە جۈرئەت قىلالىشىم ناتايىن. بۇ چامادانغا مېنىڭ كىيىملىرىم، يەنە كەلگۈسى توغرىسىدا يېزىلغان ئىككى پارچە كىتاب قاچىلانغان. مەن بۇ كىتابنى تېخى ئوقۇپ باقمىدىم، مەن كېتىۋېتىپ بۇ كىتابتا كەلگۈسى توغرىسىدا نېمىلەر يېزىلسۇن، ئۇ مېنىڭ يۈرىكىمدىكى ئۈمىدكە، يېنىپ تۇرغان ئوتقا دەخلى بېرەلمەيدۇ، دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم. سەلىم موزدۇز يالغان گەپلىرى بىلەن، بىز كۈن ئېلىۋاتقان بۇ جاھاننى قانچىلىك سىرلىقلاشتۇرسۇن ياكى قورقۇنچلۇق سۈرەتتە سۆزلىسۇن ھەممىسى بىر تىيىن، سەلىم موزدۇزمۇ، مەن ئوقۇمىغان كىتابلارمۇ ھاياتنىڭ مەنىسىنى ئۆزگەرتەلىشى ناتايىن، ھايات ئۆز رىتىمى بويىچە ئۆزىنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ مېڭىۋېرىدۇ. ئادەملىك سۈپەتكە ئىگە بولغىنىمىزنىڭ ئۆزى بىز ئۈچۈن تۈگىمەس شەرەپ... دېگەندەك ئۇزۇن ھەم مۇجمەل ئىشلارنى ئويلاپ ماڭدىم.

— بىز جان تىكىپ ياشايمىز.

— نېمىشقا؟

— ياشاش ئۈچۈن كەلگەن تۇرساق.

بۇ گەپلەر ئاغزىمدىن ناھايىتى تېزلا چىقىپ كەتتى. مەن ئەندىكىپ ئەتراپقا قاراپ قويدۇم.

ئىلگىرى مۇشۇنداقراق مەنىسى بار بىر ناخشىنى ناھايىتى مۇڭلۇق ئېيتىدىغان بىر ئادەم بىلەن سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرغىنىم ئېسىمدە. مەيلى ناخشىدا نېمە دېيىلسۇن بىزنى ياشاشتىن ۋاز كەچتۈرەلەيدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق. ئۆيدىن چىقىپ

يىراقلارغا كېتىش، ھەتتا قايتىپ كەلمەسلىكمۇ ياشاشنىڭ يەنە بىر خىل ئۇسۇلى. ناھايىتى پاكىز بىر كىشى: ئادەم سەكراتتا يېتىپمۇ ئۆمۈر ھەم ئۆلۈم تەلەپ قىلىشى كېرەك، دېگەن بىر گەپنى قىلغان. بىكاردىن ــ بىكار ئۆلۈم يولىنى تاللىغان ئادەمنى كەچۈرۈشكە بولمايدۇ. ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ھېلىقى ئادەمنى جىنازىغا سېلىپ ئېلىپ كېلىۋاتقان، تونچە چاپان كىيىۋالغان بىرنەچچە ئادەمنىڭ چىرايى كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ياش يۇقى ئەمەس ئىدى.

خوتۇنۇمنىڭ قىز ۋاقتىدىكى ۋىلىقلاپ كۈلۈشلىرى يادىمدىن كەچتى، كېيىن ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى ئۆزگىرىپ كەتتى، شۇنداقراق كۈلسىمۇ ماڭا بۇرۇنقىدەك چىرايلىق ئاڭلانمايتتى. ئىككى ئۆرۈم چېچى ھېلىمۇ بار، بىراق ھازىر ماڭا بۇرۇنقى جەزىبىسىنى يوقاتقاندەك كۆرۈندۇ. قالايمىقان بىرنېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم. مەن بۇ دەمدە بۇنداق باش- ئايىغىنىڭ تۇتامى يوق خىياللارنى قىلىپ يۈرمەي، ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى بىر ياقلىق قىلسام بولاتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن توختىماي ئويلىسام، پەقەت بىرلا ئىشنى ئويلىسام بولاتتى. خوتۇنۇم ۋە مۇشۇك، يەنە مەن ئۈچىمىزدىن بەرپا بولغان ئۆيدە مېنىڭ ئورنۇم پۈتۈنلەي بەربات بولدى، دېگەن ئويۇم توغرىمۇ يا خاتامۇ ... ئويلىغانلىرىمنى ھېچكىم بىلەلمەيدۇ. مېنىڭ بۇنداق ئويلىرىمنى بىركىم بىلسىمۇ كۈلۈپلا قويۇشى مۇمكىن.

خوتۇنۇمنىڭ خىيالى زادى نېمىدۇ؟

ئۇنىڭ قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ ھېچنېمە بىلمىگەندەك، ھېچنېمە كۆرمىگەندەك ئولتۇرۇۋېلىشىدىن ھەيرانلا قالدىم ...

مەن چىقىپ كېتىۋېتىپ ئىشىكنى قىيا ئوچۇق قويۇپ قويدۇم، ئىشىكنىڭ ئېتىلگەن ياكى ئېچىلغان شەپىسى كەلمىدى.

خوتۇنۇمنىڭ كەيپى بۇرۇنقىدەكلا ئىدى. مەن ئۇنىڭ ماڭلاي چاچلىرى چۇشۇپ يېرىمىنى يېپىۋالغان يۈزلىرىگە نەزەر سال-

دىم. ئۇ كۆزۈمگە كۆلۈمسىرەۋاتقاندەك كۆرۈندى، كۆرۈندى ئە-
مەس، كۆلۈمسىرەپ تۇراتتى.

ئۆيىمىز شۇنداق پاكىز ئىدى. ئەتىر ھىدى ئاڭقىپ تۇرات-
تى. داغلىق رەسىمدىن بىرنەچچىنى ئاسمەن دەپ يۈرگەن تام
ئاپئاق پېتى تۇراتتى. مەن ھازىرغىچە داغلىق رەسىملەرنى تاللاپ
ئاخىرىنى چىقىرىپ بولالماي يۈرەتتىم. مۇقام، مەشرەپ، سەنەم
يەنە نان، ئەتلەسلەر سىزىلغان نەچچە پارچە رەسىمنى تاللىماقچى
بولغانىدىم. بۇ خىياللىرىمىز خۇددى تۇرلۇك مېۋىلەر تىكىلگەن
ئىككى مو باغ بىنا قىلىش خىيالىغا ئوخشاش ئەمەلگە ئاشماي
مۇشۇ كۈنگە كەلدى.

— بىز ئاجرىشىپ كېتەيلى.

ئايالىمنىڭ چىرايلىق، ئەمما تاتارغان چىرايىدا قان دىدارى
يوق ئىدى.

— نېمىشقا؟

— بۇ ھەر ئىككىمىزگە ئايان.

— خام-خىيال قىلما، مەن سېنى قويۇپ بەرمەيمەن.

— سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي.

— دېدىمغۇ، مەن ئاجراشمايمەن.

قاتتىق ۋارقىراشتىن چۆچۈپ كەتتىم، ئايالىم يۈزىنىڭ يېر-
ىمىنى يۆگىۋالغان چاچلىرىنى سۈلكەتلىك بىر تەرزدە كەينىگە
تاشلاۋېتىپ ماڭا قارىدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى يالقۇن بولۇپ يېنىۋا-
تاتتى.

— نېمە دەۋاتىسىز؟

— ھېچنېمە، مەن ھېچنېمە دېمىدىم.

— ئاجراشمىغان ياخشى، بىز نېمىشقا ئاجرىشىمىز.

ئۇنىڭ چاقچاق قىلغىنىنى يا راست گەپ قىلغىنىنى بى-
لەلمىدىم، مەن بۇ خوتۇننى چاقچاق قىلىشنى بىلمەيدۇ، جاھا-
دىكى ھەممە گەپنى راست دەپلا چۈشىنىدۇ، دەپ ئويلايتتىم.
سەپسېلىپ قارىسام ئۇنىڭ تەلەتىدىن مۇز يېغىپ تۇرۇپتۇ. مەن

بۇ خوتۇن ئەمدى مەڭگۈ كۈلمەسلىكى مۇمكىن، دېگەنلەرنى خىيال قىلدىم.
— كۈلۈپ يۈرسەڭ بولمامدۇ.
— كۈلەلمەيمەن.
— نېمىشقا؟
— يۈرىكىم نابۇت بولغان ئايالمەن. بۇنداق ئاياللار كۈلەلمەيدۇ، مېنىڭ يالغان كۈلگۈم يوق.
مەن ئىلگىرى ئىككىمىز هامان بىر كۈنى مۇشۇنداق بىر گەپلەرنى دېيىشىمىز، دەپ ئويلايتتىم، ئەمما ئۇنداق پۇرسەت كەلمىدى.
بايا چامادانىنى كۆتۈرۈپ ماڭسام ئۇنىڭ پەرۋا قىلماسلىقى، ئۇنىڭ مېنىڭ چىقىپ كەتمەكچى بولغىنىمنى، ئەمدى قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ پەرۋا قىلماسلىقى غەلىتە بىر ئىش. مېنى ئىدارىسىغا نۆۋەتچىلىك قىلغىلى ماڭدى يا بولمىسا نەچچە كۈنلۈك كاماندىروپكىغا ماڭدى، دەپ ئويلايدىغاندەك.
— مەن بۇ ئۆيدە بولمىسام قانداق بولىدۇ؟
مەن خوتۇنۇمدىن مۇنداق سوئالنى سوراپ باقمىدىم. سوراشقا پېتىنالماسلىقىم مۇمكىن.
— هېچنېمە بولمايدۇ.
ئۇ هېچقاچان، هېچنېمە بولمايدۇ دەپ باقمىدى. چۈنكى مەن مۇشۇنداق جاۋابقا لايىق سوئال سوراپ باقمىدىم.
— مەن ئۆلۈپ كەتسەم قانداق قىلىسەن؟
— هېچنېمە قىلمايمەن، جان خۇدانىڭ، ئەلھۆكمىلىللا دېمەي نېمە چارە.
ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن، ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرگەن بىر ئادەم ئۇشتۇمتۇت يوقاپ كەتسە، ئېرەنسىپ كەتمەيدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. مۇزدەك سۆزلەردىن جاھانغا مۇزدەك شىۋىرغان تارقاپ، ئىككى ئادەم ئارىسىدا ھۆۋلاشقا باشلىدى.
ئاشۇ يەكشەنبە كۈنى يامغۇر ياغقانىدى، شۇ كۈنى ئەتىگەن

تۇرسام يامغۇر يېغىۋېتىپتىكەن، نەچچە كۈندىن چىقىۋاتقان بوران توختاپ، يامغۇر ياغقىنىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالدى. دېرىزە ئەينەكلىرىگە تاراسلاپ تېگىۋاتقان يامغۇر تامچىلىرىنىڭ ئاۋازى شۇقەدەر يېقىملىق ئىدى. مەن يوتقاننى سىيرىپ قويۇپ پەردىنى قايرىدىم، يامغۇر مېنىڭ تار ئۆيۈمنىڭ سىرتىدىكى كەڭ جاھانغا ئىللىق بىر سېزىم بېرىپ شارىلداپ چۈشۈۋاتاتتى.

— ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ ھۇرۇن مۇشۇكۇم، ناشتا قىلايلى.

خوتۇنۇمنىڭ ئۇيقۇغا قانغان چىرايلىق كۆزلىرىدە شادىمان كۈلكە بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن، قاپقارا چاچلىرى مۈرىسىدە يېيىلىپ تۇراتتى، ئۆرۈۋېلىشقا ئۈلگۈرمىگەن بولسا كېرەك. ئۇزۇن ئۇخلاش كىيىمى، مۈرىسىدە يېيىلىپ تۇرغان قارا چاچلىرى، خۇمارلىشىپ تۇرغان كۆزلىرى مېنى باشقىچە قىلىپ قويىدى.

— يېنىمغا كەل ...

— ياق، — ئۇ شوخلۇق بىلەن كۈلدى، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ۋىلىقلاپ كۈلۈشلىرى بۇرۇنقى كۈلۈشلىرى بىلەن ئوپئوخشاش ئىدى.

— نېمە بولدى؟

— ۋاق بولۇپ كەتتى، بولدى تۇرۇڭ، ناشتا قىلىپ تويغا بارمىساق بولمايدۇ.

ئۇ ئىشىك كېشىكىگە يۆلىنىپ ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى. چىرايىدىكى كىشىنى مىڭلارچە سەۋدالارغا سالىدىغان ئوتتەك تەبەسسۇم شۇ قەدەر مۇلايىم ھەم ئىسسىق ئىدى.

— بولىدۇ، ھازىر چىقاي.

مەن ئاچ تۈيغۇلىرىمنى تەستە بېسىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم، يامغۇر توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. دېرىزىنىڭ سىرتىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان تېرەكنىڭ يېشىل يوپۇرماقلىرى يامغۇر تەسىرىدىن لەرزان تەۋرىنەتتى، نەم يوپۇرماقلارغا يامغۇر تامچىسى تېگىپ پەيدا بولغان ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم.

ناشتىدىن كېيىن خوتۇنۇم كىيىملىرىنى كىيىپ راسلىنىپ

بولدى، شۇ كۈنى ئۇنىڭ بىر دوستىنىڭ ئوغلىنىڭ بۆشۈك تويى بولاتتى.

— ئەجەب تەييار بولۇپ بولالمىدىڭىز، بىللە ئىشلەيدىغان ئادەمنىڭ ئىشى، بالدۇر بارمىسام بولمايتتى.

— مەن تېخى ساقىلىمنى ئالمىدىم.

— ئەمىسە مەن ماڭغاچ تۇراي، چاپسانراق چىقىڭە...

ئۇ چاققان قەدەملەر بىلەن تاكاسلاپ چىقىپ كەتتى، مەن ئۇنىڭ قاملاشقان تۇرقىغا زوقلىنىپ قاراپ قالدىم، بىر ئىسسىق مېھرنىڭ يېقىملىق خۇمارى يۈرىكىمنى يەنە بىر قېتىم سىلاپ ئۆتتى.

ساقىلىمنى ئېلىپ بولۇپ تۇرسام تېلېفونۇم سايرىدى.

— مەن ساباھەت.

چۆچۈپ كەتتىم، ئىشكنى مەھكەم تاقاپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدىم.

— بۈگۈن يامغۇر يېغىپتۇ، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا.

— ھەئە، مەنمۇ كۆردۈم.

— كېلىڭ، بىلىسىزغۇ، يامغۇر ياغسا غېرىب بولۇپ قالىدىغانلىقىمنى، بۈگۈن يالغۇز قالسام پەقەت بولمايدۇ، چۈشۈم بۇزۇلۇپ قاپتۇ... كۆڭلۈم يېرىم... بۇرۇنقى جايدا كۆرۈشەيلى، سىرتتىن تاماق ئالغاچ كىرىپ كېتەي.

— ماقۇل، سەل تۇرۇپ كۆرۈشەيلى.

ياز يامغۇرىنىڭ يېقىملىق سوغۇقىنى ھېس قىلغىنىمچە كېتىۋېتىپ، ئۆيۈمدىن قايرىلىدىغان دوقمۇشقا كەلگەندە كەينىمگە قارىدىم، مەن ئولتۇرىدىغان ئۆينىڭ تۆمۈر ۋادەكلىك دەرۋازىسى يېپىقلىق تۇراتتى.

يامغۇر توختىماي يېغىشقا باشلىدى، ساباھەت پات-پات دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ قوياتتى.

— يامغۇر ياغسا كۆڭلۈم بەك يېرىم بولۇپ قالىدۇ، بۇ يامغۇر نېمىشقا توختىمايدىغاندۇ.

— نېمىشقا بۇنداق بولىدىغانسىز؟
— ئۆزۈممۇ ھەيران، يامغۇر ياغسا جىق ئادەملەر شۇنداق خۇشال بولۇپ كېتىدىكەن، قىن-قىنىغا پاتماي قالىدىغانلار بار ئىكەن، مېنىڭ شۇنداق كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ قالىدۇ، نېمە ئۈ-چۈنلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.
ئۇنىڭ قاپقارا يۇمشاق چاچلىرىنى سىلاپ يېتىپ ھوزۇرلۇق تۇيغۇدىن مەست بولۇۋاتاتتىم، ياتاقنىڭ سىرتىدىكى كەڭ دۇنيا يامغۇر سۈيى بىلەن يۇيۇلۇۋاتاتتى، يامغۇرنىڭ شىرىلدىغان ئاۋا-زىنى ئاڭلىغاندەك بولاتتىم، ئۇ نازۇك بارماقلىرى بىلەن مۇرەم-نى سىلايتتى.
— بۈگۈن كەتمەڭ.
— بۇنىڭدا قانداق بولار.
— ھېچنېمە بولمايدۇ.
— ئەمىسە يامغۇر توختىغاندا كېتەي.
— ئۇنداق بولسا بۇ يامغۇر مەڭگۈ توختىمىسا بوپتىكەن.
ساباھەت شۇنداق دەپ يېقىملىق كۈلدى، ئۇنىڭدىن كېلىۋاتـ-قان ئەترىنىڭ كۈچلۈك ھىدى دىمىقىمنى قىچىشتۇرۇۋېتىپ باراتتى.
— سىز يامغۇرغا ئۆچتىڭىزغۇ؟
— سىز كەتمەيدىغان ئىش بولسا ئۆچ بولسامۇ يامغۇر توختىماي ياغسۇن.
كارىدۇردا پات-پات مۇلازىملارنىڭ ئۇياقتىن- بۇياققا ماڭغان قەدەم تىۋىشى، پەس ئاۋازدا بىرنېمىلەرنى دېيىشكىنى ئاڭلىنىپ قالاتتى.
— چۈشۈم بۇزۇلۇپ قالدى دەۋاتاتتىڭىزغۇ.
— ھەئە، بۇ چۈشنى دېيىشتىن قورقىمەن.
— نېمە چۈشكەن ئۇ.
ئۇ جىم بولۇپ قالدى.
— قاراڭ، ئادەم مىغ- مىغ كوچىدا كېتىۋاتسام بىرسى

كىيىملىرىمنى تارتىۋالدى، مەن يالىڭاچ قالدىم ... كوچىدا مەن كىرىۋالغۇدەك يەرمۇ تاپالمىدىم، كىيىممۇ تاپالمىدىم، بىر يەرگە قىچىپ كىتەي دەپ يولنى بويلاپ قاچتىم، شۇنچە قىچىپمۇ ئادەم يوق يەرگە بارالمىدىم. ئويغانسام چۈشۈمكەن، قورقۇپ جىنىم چىقتى.

ئۇ گېپىنى توگىتىپ، دىرىلداپ تىترىگىنىچە مىنى مەھكەم قۇچاقلىدى.

چۈشىدە يالىڭاچ قىلىپ ئىغىزىنى قوقاق بىسىپ كەتكەن بىر ئادەم يادىمدىن كەچتى.

— بولدى، ناھايىتى بىر چۈشكەنغۇ شۇ.

ئۇنىڭ نازۇك ۋۇجۇدىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى سەزدىم.

بىز شۇ كۈنى ئىشىك تاقاشنى ئۇنتۇپ قالغان ئىدۇق.

شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ دۇنيادا ماڭا ئەڭ چىرايلىق كۆرۈنىدىغان بىر كۆلكە يوقاپ كەتتى.



مەن كارىۋاتتا يالىڭاچ پېتى يېتىپ ئايالىمنىڭ تاتارغان چىرايىنى، جانىقىدىن چىقىپ كىتەي دەپ قالغان كۆزلىرىنى كۆردۈم. ئۇ مەندىن، ماڭا ئوخشاشلا كىيىمسىز ھالدىكى سابا ـ ھەتتىن نەچچە قەدەم نىرىدىلا يەنە بىر دوستى بىلەن قورقۇنچلۇق تەرزدە بىزگە قاراپ تۇراتتى.

ئۇنى ھېلىقى دوستى بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ قاچاندىن باشلاپ كەينىمگە چۈشكىنىنى بىلمىدىم.

— سىنىڭ ئۇ دوستۇڭ بەك نومۇسسىزكەن. ئىشپىيوندەك كەينىمدىن مارىلاپ يۈرگىنىنى قارا، بىر ئوبدان ئائىلىمىز ۋەيران بولىدىغان بولدى.

ئىمىن ھەسەن بىلەن ئىچىشىپ، شىر كەيپ بولۇپ قايتىپ كەلگەندە خوتۇنۇمغا شۇ گەپلەرنى دىگەنىدىم. بۇ يامغۇرلۇق يەكشەنبىدىكى ۋەقە يۈز بىرىپ ئۈچ يىلدىن كىيىنكى سوغۇق ئەدەپ كەتكەن بىر ئاخشىمى ئىدى.

ئۇ ھىچنىمە دىمىدى. مەست بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ گىپ ـ

يىگە پەرۋا قىلمىغىنى بولسا كېرەك.
خوتۇنۇمنىڭ دوستىنىڭ مۇشۇ قىلىقىدىن نەپرەتلىنىدى-غان، نەپرەتلەنمەيدىغانلىقى ماڭا قاراڭغۇ.
شەھەرنىڭ قاتتىق يولىدا كۆك رەڭلىك چامادانىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان ئادەم باشقا باللارنىڭ ئالدىدا مېڭىپ ئورەككە چۈ-شۈپ كەتكەن بالا بىلەن، ئۆزىنىڭ باللىقىنى سېلىشتۇرۇپ ھېچبىر ئوخشاشلىقنى تاپالمىدى. ئۇ كونا باغدىكى ئۆرۈلگەن تامنىڭ كېسەكلىرىنى بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرىنى قويۇپ مۇنار ياسايتتى، ئارقىدىن ئۆزى ياسىغان مۇنارنى ئۆزى ئۆرۈپ تاشلاپ شۇنداق خۇش بولۇپ كېتەتتى. ياز كۈنلىرى لاي سۇلىرىنىڭ ئېگىزدىن گۈرۈلدەپ چۈشۈشىدىن، ئازمىنىڭ ئۈستىدىكى تاقاق-تىن سەكرەيدىغان قەھرىمانلىقىدىن كۆڭلى سۆيۈنەتتى. يوغان جىگدە، سۆگەتلەرگە چىرمىشىپ كەتكەن باغ چىتلىقىنىڭ ئۇ يەر- بۇ يەرلىرىدىن چىقىپ تۇرغان قۇرۇق قومۇش غوللىرىغا قونۇپ ئولتۇرىدىغان يىڭناغۇچلارنى تۇتۇۋالسا ئالەمچە خۇش بو-لىدىغان بۇ بالا، چوڭ بولۇپ بوگۇنكىدەك يامغۇر ياغقان يەكشەن-بىدە ئۆزى ئۇچۇن بۇ دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم بىرنەرسىنى يوقى-تىپ قويدى. ئۇ كۈنى يامغۇر توختىماي ياغقانىدى. بوگۇنكىدەك گاھ يېغىپ، گاھ توختاپ ھېلى ئاپتاپلىق، ھېلى بۇلۇتلۇق كۈن بولمىغان. كېيىنكى كۈنلەردە كۆزلىرىدىن يۇرىكىدىكى ئوتتەك ھەۋەسلەرنىڭ شولىسى يېنىپ تۇرىدىغان قىز سوۋغا قىلغان كەلگۈسى توغرىسىدىكى ئىككى پارچە كىتابنى چامادانىغا سېلىپ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان چاغدا ئۇ بەكلا غېرىب بولۇپ كەت-تى. شۇ ھالدا ئۇنىڭغا بۇ شەھەرنىڭ يوللىرىنىڭ ئايىغى يوقتەك بىلىنىپ قېلىۋاتاتتى.

# ئالتىنچى باب



تولىمۇ مېھرىبان بوۋىسى يۇمران ئېڭەكلىرىدىن ئەركىلە- تىپ تۇرۇپ: «چوڭ بولغاندا نېمە بولىسەن؟» دەپ سورىسا، «ئاي- روپىلان ھەيدەيمەن» دەپ جاۋاب بېرىپ بوۋىسىنى سۆيۈندۈرۇ- ۋەتكەن بىر بالا نەمخۇش، سوغۇق ۋاقتىنىڭ سۆرەشتۈرۈشى بى- لەن چوڭ ئادەمگە ئايلىنىپ، ئۆمرىدە ئۇنتۇلمايدىغان يامغۇرلۇق يەكشەنبىگە ئوخشاش يەنە بىر يەكشەنبىدە ئۆيىدىن چىقىپ كې- تىپ، شەھەرنىڭ تار يوللىرىدا كۆك رەڭلىك چامادانىنى كۆتۈ- رۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا ئۆزىنى قالتىس چاغلاشقا ھېچ قۇربى يېتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىلگىرىمۇ، ھازىرمۇ ئەتراپىدىكى نۇرغۇن ئادەملەرنى دۆت، ئەخمەق دەپ ئەيىبلەيتتى. كۆڭلىرىنى توختام سۇدەك تايىنسىز ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ، دەپ خەق- لەرنى مەسخىرە قىلاتتى. ئاغزىدىن چىقارمىغىنى بىلەن خېلى - خېلى ئادەملەرنى كۆزگە ئىلمايتتى.

ئۇ بىر زامانلاردا قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى سىڭگەن بۇ- لۇتلارنىڭ ئارىسىدىكى چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتقا، يۈكۈنۈپ ئول- تۇرغان بوۋايغا، غايەت زور توغراققا، دۈگدىيىپ ئولتۇرغان بۇر- كۈتكە ئوخشاپ قالغان بۇلۇتلارغا قاراپ، ھېچكىم قىلمىغان ئا- جايىپ ئىشلارنى قىلالايدىغان بىر كۈچنىڭ ۋۇجۇدىدا غەليان قى- لىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى.

مەن شەھەرنىڭ ئىلمان باغرىدا ئاستا كېتىۋاتقان ئۆزۈمگە

ئۇزاق قاراپ كەتتىم. بىردىنلا روھىمنى، سايىدە ئۆسكەن قو-
مۇشقا ئوخشىسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدىم. بىر چاغلاردا
تاشلاندۇق بىر ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۈنۈپ چىققان قومۇشلارغا
قاراپ تەقدىرنىڭ ئۇنى كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان جايدا ئۈنۈشكە
بۇيرۇغانلىقىدىن ھەيران قېلىپ تۇرۇپلا قالغانىدىم. بۇ قومۇش-
نىڭ ھالى مەن كۆرگەن بەزى ئادەملەر بىلەن، ھەم مېنىڭ بەزى
ھالىم بىلەن ئوخشاشتەك قىلاتتى.

بىر كۈنلەردە چۆرىلىرى قىرچىلىپ كەتكەن چامادانىنى كۆ-
تۈرۈپ نەگە بېرىشىمنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالىدىغانلىقىم ئىل-
گىرى پەقەت يادىمغا يەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن.

ھويلىمىزنىڭ ئەگىن يېنىدىكى قارا سۆگەتنى تىكىپ ئۆس-
تۈرگەن بوۋام كىچىككىمدە ماڭا بەك ئامراقكەنمىش، ئۇ دائىم
مېنى قۇچىقىغا ئېلىۋېلىپ ئەركىلىتىپ:

— چوڭ بولغاندا نېمە بولىسەن؟ — دەپ سورىسا:

— ئايروپىلان ھەيدەيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىدىكەنمەن.

شۇ زاماندا مېنىڭ نەزەرىمدىكى ئايروپىلان دېگەن نەرسە مەن
تۇتۇۋالىدىغان يىڭناغۇچقا ئوخشايدىغان ئاددىي نەرسە، مەن تە-
سەۋۋۇر قىلغاندەك نەچچە غېرىچ كېلىدىغان بىرنېمە بولسا كې-
رەك.

بوۋام مېنىڭ جاۋابىمنى ئاڭلاپ، سۆيۈنۈپ خوش بولۇپ
كېتىدىكەن، ئارقىدىن:

— خۇدايىم دېگىنىڭنى بېرەر بالام، كاتتا ئادەم بولارسەن، —
دەپ پېشانەمگە سۆيۈپ كېتىدىكەن.

بوۋام ئۆلۈپ كېتىپ ھەممەيلەن مۇسىبەتكە چۆمگەن قايغۇ-
لۇق كۈنلەردە ئانام مۇشۇ گەپلەرنى دەپ بەرگەنىدى.

مەن چوڭ بولدۇم، ئايروپىلان ھەيدەيدىغان ئىشنى خىيالمۇ
قىلالمىدىم، ھەتتا ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپمۇ باقمىدىم.

بوۋام مېنىڭ بۈگۈنۈمنى كۆرگەن بولسا ئۈمىدسىزلىنىپ
قالغان بولاتتى.

مەن ئايروپىلان ھەيدەيدىغان ئادەم بولمىغىنىم بىلەن، خىد-يالنى تولا قىلىدىغان ئادەم بولۇپ چوڭ بولدۇم.
مەن نۇرغۇن ئىشلارنى خىيال قىلاتتىم.
ئويلايدىغانلىرىمنىڭ يا بېشى، يا ئايىغى يوق ئىدى.
يامغۇر ياغقان يەكشەنبىدىكى ئىشتىن كېيىن تېخىمۇ خىد-يالچان بولۇپ كەتتىم.
يوقىلاڭ ئىشلارنىڭ خىيالىنى تولا قىلمىسام ياخشىدى، دەپ ئويلايتتىم.
تاپىنىم ئاستىدىكى يولنى بويلاپ ئەتراپىمدىكى ھەممە نەر-سىگە تاماخورلۇق بىلەن تىكىلىپ كېتىپ باراتتىم. تونۇش چىرايلارنى، تونۇش ئاۋازلارنى شۇنداق سېغىنغانىدىم. ئەمما يەنە تونۇش نەرسىلەرنىڭ ئۇچراپ قېلىشىنى، مېنىڭ مۇشۇ ھالىمنى مېنى تونۇيدىغانلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ۋايىم يەيتتىم.
ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىمنى ھېچكىم بىلمەي، جىمجىتلا بولۇپ كېتىشىدىن يەنە ئەندىشە قىلاتتىم.
مېنى بىلمەيدىغان ئادەملەرنىڭ تولىلىقىدىن ھەيران ئىدىم.
مەن بىلمەيدىغان ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن كۆڭلۈم يېرىم بولاتتى.
جاھاننىڭ مەن بىلمەيدىغان بىر يەرلىرىدە ياشايدىغان نۇر-غۇن ئادەملەر بار، بۇ دۇنيادا بىرلا ۋاقىتتا، بىر قۇياشنىڭ نۇرى ئاستىدا، بىر ئاسماننىڭ تېگىدە ئوخشاش ھاۋادىن نەپەسلىنىپ ياشاۋاتساقمۇ مەن ئۇلارنى بىلمەيمەن، ئۇلار مېنى بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ بەزىلىرى ئۆزلىرى بىلمەيدىغان بەك جىق ئادەملەرنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان مۇشۇ دۇنيادا ئۆزى بىلەن تەڭ يا-شاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشى ھەم ناتونۇش ئادەملەر دۇنياسىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قېلىشى مۇمكىن، ئۆزى بىلمەيدىغان ئا-دەملەرنى ھەر خىل تەرزدە كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن.
مۇز ئارىسىدا ياشايدىغان ئادەملەر توغرىسىدا گەپ بولغاندا مۇشۇنداق خىياللارنى قىلغانىدىم.
مەن بەزىدە مەن بىلمەيدىغان ئادەملەرنى ھەرقىسما تەسەۋ-

ۋور قىلىپ باقمەن، ئۇلارنىڭ خىياللىرى، ئويلايدىغانلىرى، مېڭىش - تۇرۇشلىرى باشقىچە بولۇشى مۇمكىن، ئۇلار بىزنى بىلمەسلىكى، چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن.

سەلىم موزدۇز مۇز ئۈيدە ياشايدىغان ئادەملەرنىڭ بارلىقى، قارنىڭ تېگىدە ياشايدىغان ئادەملەرنىڭ بارلىقى، مۇشۇنىڭغا قارىغاندا ئوتتا ياشايدىغان ئادەملەرنىڭمۇ بولۇشى مۇمكىنلىكى ھەققىدە ئۇزاق بىرنېمىلەرنى دېگەندىن كېيىن مەن شۇنداق ئويلىغانىدىم. سەلىم موزدۇزنىڭ دېيىشىچە شۇنداق بىر تائىپە بار ئىكەن، ئۈيى مۇزدىن بولىدىكەن، يوتقان كۆرپىسىمۇ، كارىۋاتلىرى، ياستۇقلىرى مۇزدىن بولىدىكەن، قازان-قومۇچلىرىمۇ مۇزدىن ئىكەن، قىزىق يېرى، ئۇ كىشىلەر مۇز يوق يەرگە بارسا، مۇزدىن ئايرىلسا شەكلى ئۆزگىرىپ ئۇزۇنغا قالمايلا غەلىتە مەخلۇقلارغا ئايلىنىپ كېتىدىكەن، يا بولمىسا ئۆلۈپ كېتىدىكەن.

— توۋا، بىچارىلەر بىزنىڭكىدەك ئىسسىق جايدا كۈن ئالسا نېمە بولار ئىدى، ئاڭلاپمۇ توڭغاندەك بولۇۋاتىمەن، — دېدى ئارىدىن بىرى ھەسرەت بىلەن.

بىرەيلەن ئۆزى بىلمەيدىغان مۇز ئادەملىرىگە ئىچ ئاغرىتىۋاتاتتى.

— ئۇلار دېگەن ئاشۇنداق مۇزدا چوڭ بولغان خەق، سەلىمكام ئىسسىقتا ئۆلۈپ قالىدىكەن دەۋاتامدۇ.

— مۇز قازانلىرى تېشىلىپ كەتمەسمۇ؟

سەلىم موزدۇز مۇز قازاننىڭ گېپىنى قىلغان ئادەمگە ئاچچىق بىلەن ئالىيىپ قويۇپ ۋارقىرىدى:

— ئېرىپ كېتىدىغان- كەتمەيدىغانلىقىنى بېرىپ ئۆزىدىن سوراپ كەل، جاھاننىڭ بىر چېتىدىكى ئۇ خەقنىڭ قازىنىنى مەن نەدىن بىلىمەن، ئېغىز غېرىچلىماي گەپ تىڭشاشنى بىلگىنە سەن ... توقۇمى تۆت تەڭگە، ئېشىكى بەش تەڭگە، دېگەندەك گەپ قىلىدىغان نېمىكەن بۇ، ئۆزۈمنى بىلمەي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن، كونا پالازغا يۆگىنىپ ئۈن كۈن يېتىپتىمەن، دېگەننى ئاڭلىمى-

غانمۇ، تۆمۈرچىلىك يەل بىلەن پادىشاھلىق ئەل بىلەن؛ ئاچنىڭ خىيالى ئاشتا، تازنىڭ خىيالى چاچتا ... قاچان بولىدۇ دېسە تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە يەتكەندە، قۇم چېچەكلىگەندە، دېگەن گەپ بار، بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر پادىشاھ بار ئىكەن، پادىشاھنىڭ ئىككى تاز بالىسى بار ئىكەن ... مەن كۆيمەيمەن بالامغا، بالام كۆيەر بالىسىغا ...

سەلىم موزدۇز ئاغزىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ پات-پات ئارقىسىغا قاراپ قويغىنىچە كېتىپ قالدى.

— مۇزدىغۇ بىر قانداق قىلار ... ئوتتا ياشايدىغانلىرى قانداق قىلىدىغاندۇ ...

بىرەيلەن ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ شۇنداق دېدى.

— ھەي كالۋا، ئوتتا ياشايدىكەن دېمىدى، ياشايدىغانلىرى بولۇشى مۇمكىن دېدى.

— ئىشقىلىپ سەلىمكامنىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپ بولماي قالمايدۇ، بىكارغا دېمەيدۇ ئۇ گەپنى.

— ئوتتا كۆيۈپ ئۆلمەمدۇ ئۇ خەق.

— مۇزدا توڭلاپ ئۆلمىگەندىكىن ئوتتىمۇ كۆيمەيدۇ، جاھاندا ئاجايىپ ئادەملەر بار.

ئىككى ئادەم خېلى ئۇزۇنغىچە ۋارقىراشتى، قىزىرىشتى.

مەن شۇ چاغدا ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ تاماكىسىنى كۆچەپ شورىغىنىچە بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قېتىپ قالغانلىقىنى كۆرگەندىم.

بىز ئاشۇ مۇز ئارىسىدا ياشايدىغان ئادەملەرنى بىلمەيمىز، ئۇلارمۇ بىزنى بىلمەيدۇ.

دۇنيادا بىز بىلمەيدىغان ئىشلار تولا، بىز بىلمەيدىغان ئادەملەر تولا، بىزنى بىلمەيدىغان ئادەملەر تولا.

بىر قارىسا بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس. قول سوزسىلا يېتىدىغان يەردىكى ئادەملەر بىلەن مەڭگۈ يېقىنلاشقىلى بولمايدىغاندەك تۇيغۇدا قالغان ئادەملەر ئۈچۈن ئالەمنىڭ يەنە بىر تەرىپىد-

دىكى خەقلەرنى بىلمەسلىك، چۈشەنمەسلىك نورمال ئىش بولۇشى مۇمكىن.

ئىمىن كاۋاپچى بىر چاغدا:

— ئەتىۋارلىق ئىت بار ئىكەن، ئەتىۋارى يوق ئادەم بولىدىكەن، ھەممە ئادەم بىلىدىغان كەپتەر بولىدىكەن، ھېچكىم بىلمەيدىغان ئادەم بولىدىكەن، توۋا ... — دېگەندە مەن ھەيران قالغاندىم. ئىمىن كاۋاپچىنى مۇنداق گەپ قىلار دەپ پەقەت ئويلىمىغاندىم.

شۇ چاغدا قايسى بىر ئىتاچىنىڭ يۇرتتىكى جىمى ئىتلارنى تالاپ داڭقى چىققان ئىتىنىڭ باھاسىنىڭ نەچچە يۈزمىڭغا چىققانلىقى، ئۇ ئىتنىڭ ھەر كۈنى تونۇر كاۋىپى، سۈت، تۇخۇم دېگەندەك نېمىلەر بىلەن بېقىلىدىغانلىقى، نىياز سەمەتنىڭ خەت كەپتىرىنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكى، نىياز سەمەت بىلەن كەپتىرىنىڭ بىللە چۈشكەن سۈرىتىنىڭ گېزىتكە چىققانلىقى توغرىسىدا گەپ بولۇۋاتقاندا ئىمىن كاۋاپچى شۇ گەپلەرنى قىلغانىدى.

شۇ گەپلەر بولۇپ نەچچە كۈنگىچە ھەممە ئادەم كۆزۈمگە قانداقتۇر يوقىتىپ قويغان بىرنېمىسىنى ئىزدەۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ قالغانىدى.

مەن توختىماي مېڭىۋەردىم، ئاياغ ئاستىمدا كەڭ يوللار، تار يوللار، تۈز يوللار، ئېگىز-پەس يوللار ئۆتۈپ تۇراتتى.

باش ئۈستۈمدىن مەن نامىنى بىلمەيدىغان قۇشلار ئۇچۇپ ئۆتەتتى، ئۇ قۇشلار ماڭا ناتونۇش ئاۋازدا سايرايتتى.

چۆرەمدىن مەن ئىگىسىنى بىلمەيدىغان ماشىنىلار قويۇندەك ئۆتۈپ تۇراتتى.

كۆك ئاسماندا مەن شەكلىنى دەپ بېرەلمەيدىغان بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى.

بۇرنۇمغا نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئاچچىق، سېسىق پۇراقلار ئۇرۇلۇپ قالاتتى.

مېنى مەن بىلمەيدىغان نەرسىلەر ئوراپ تۇرغاندەك ئىدى.

ھېلىقى ئىككى پارچە كىتابنى ئوقۇغان بولسام ياخشى بولاتتى. بۈگۈننىڭ، ئەتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە يېزىلغان ئۇ كىتابتا ئىنسان يۈرىكى ھەققىدە ناھايىتى ياخشى گەپلەر بولۇشى مۇمكىن ئىدى. مەن بۇ ئىككى پارچە كىتابتا ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرى سۆزلەنگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلايتتىم. كەلگۈسى ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى بىلىدىغان ئادەملەرگە نېسىپ بولىدىغان نەرسە.

مەن بۇ كىتابنى ھەر خىل تەسەۋۋۇر قىلىپ باقاتتىم. ئۆيدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانلار، ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلەر، يولدىن چىقىپ پاتقاققا پېتىپ قالغانلار، ئۇستىبېشى مەينەتچىلىكلەر بىلەن بۇلغانغانلار ... قايسى يولغا مېڭىشنى، قانداق مېڭىشنى بىلەلمىگەنلەر ... خۇددى مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ قايسى يولدا ماڭسا توز يولغا چىقالايدىغانلىقى مۇشۇ كىتابتا بار - مىكىن دەپ ئويلايمەن.

يۇمشاق، قاپقارا چاچلىرى چېچىلىپ تۇرىدىغان ساباھەتنىڭ ماڭا بۇ كىتابلارنى سوۋغا قىلىشىدا مەن چۈشىنەلمەيدىغان سەۋەب باردۇ. بەلكىم ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىن گۇمان قىلىدىغان ئادەم، ئەتىسىگە ئىشەنمەيدىغان ئادەم، دەپ ئويلاپ قالغان بولسا كېرەك. دادامنىڭ ئەتە ھەققىدىكى يازغانلىرىنى كۆرەلمىگىنىمدىن بەك ئەپسۇستا قالغانلىقىمنى كۆرۈپ ماڭا ھېسداشلىق قىلىپ بەرگەن سوۋغىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

دادامنىڭ كۆيۈپ كەتكەن خاتىرىلىرىدە يەنە ئاجايىپ گەپلەر يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. دادامنىڭ غەمكىن يېنىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى يادىمغا يەتسە، ئۇنىڭ ئاشۇ كېچىلەپ كىتىر - لىتىپ يازغان نەرسىلىرى ئىچىدە پۈتلىشىپ كەتكەن كىشىلەر - نىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزالايدىغان سىر، ھېكمەت بارمى - كىن، دەپ ئويلايمەن.

يولنىڭ ياقىسىدىكى بىر جايدا ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى.

ئىككى مەستنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئىتتىرىشىۋاتقىنىنى

كۆردۈم.

بىرنەچچە ئىت ئۇرۇشۇۋاتقانلارنىڭ چۆرىسىدە ئۇزۇن قىزىل تىللىرىنى ساڭگىلىتىپ قاراپ تۇرۇشاتتى.

مەست ئادەم دېگەننى بىر قاراپلا بىلگىلى بولىدىغانلىقى قىزىق ئىش. سەلىم موزدۇزنىڭ بىر چاغدا: ئىچىۋالغان خۇمسىلار ئەسلىدىكى ئۆزىگە ئوخشىمايدىكەن، يەنە نورمال ئادەمگىمۇ ئوخشىمايدىكەن، بىر ئوبدان ئوڭ يۈرگەن ئادەم بىردەمدە سارالڭ قېتىش بىرنېمىگە ئايلىنىپ قالسا، بۇ ھاراق دېگەنمۇ بوش نېمە ئەمەسكەن ... دېگەنلىرى يادىمغا يەتتى.

سەلىم موزدۇز مۇنۇ ئىككى مەستنى كۆرگەن بولسا بىرمۇنچە تىللىغان بولاتتى.

مەن ئۇلاردىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايدا، يولنىڭ قىرىدا تۇرۇپ ئۇ ئىككىسىنىڭ جېدىلىگە قاراپ تۇردۇم.

— تاياق يېگۈڭ كەلدىمۇ- نېمە، سەن گۇينىڭ.

— نېمە دەيسەن، ئەتىگەندىن بېرى مەن ئالغاننى يېدىڭ، ئىچتىڭ، يەنە نېمە گېپىڭ بار سېنىڭ؟

— كۆتۈر قەلەندەر، ساڭا كىم مېنى مېھمان قىل دېگەن؟ ھېلى بىكار چىشىڭنى تۆكۈۋەتمەي ...

ئىككى ئادەمنىڭ ئۇرۇشقىنىنى كۆرسەم كۆڭلۈم بەك پاراكەندە بولۇپ كېتەتتى، ئۇلارنى ئۇرۇشۇپ قالمىسكەن دەپ تىلىگەچ بۇ يەردىن ئىتتىكرەك كېتىۋېلىش ئۈچۈن قەدەملىرىمنى تېزلەتتىم.

سەلىم موزدۇز يادىمدىن كېچىپ قالدى. چامادانىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋېتىپ سەلىم موزدۇزنىڭ گەپلىرىنى ئەسلەپ باقماقچى بولۇپ بىرسىنىمۇ يادىمغا ئالالماي ھەيران قالدىم. چاندۇرمىغىنىم بىلەن، مۇشۇ جاھاندا سەلىم موزدۇزنىڭ يالغان گەپلىرىدىن ئەڭ بىزار بولىدىغان ھەم ئەڭ قىزىقىپ ئاڭلايدىغان ئادەم مەن تۇرۇپ يەنە ئۇنىڭ يالغانلىرىنى دەماللىققا يادىمغا ئالالماي قالدىم. مەن ھەيران قالغان ھالدا خوتۇنۇمنى ياد ئەتتىم. بىر چاغلاردا مەن

ئۇنى بۇ دۇنيادا يالغان گەپنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدۇ، بىلسىمۇ ئىشەنمەيدۇ، دەپ ئويلايتتىم. ماڭا تەگكەندىن كېيىن ئۇمۇ يالغان دېگەنگە كۆمۈلۈپ كەتتى.

— نەگە ماڭدىڭىز؟

— كەچتە سىپىنا ئىشلەيدىغان بولۇپ قالدىم.

— نەگە بارسىز؟

— ئاغىنىلەر بىر يەردە ئولتۇرماقچىدۇق، بېرىپ كېلەي.

مۇشۇنداق گەپلەر ھەپتىدە كەم دېگەندە ئىككى قېتىم بولۇپ تۇردى. دەسلەپكى چاغلاردا كۆڭلۈم بىرقىسما بولۇپ قالاتتىم، سەبىيلىك، مېھرىبانلىق نۇرلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بىر كۆزنى ئالدىغىنىمدىن يۈرىكىم ئاغاتتى. كېيىن كۆنۈپلا كەتكىنىمنى بىلمەيلا قالدىم.

ئۆمرىدە يالغان گەپ قىلىپ باقمىغان ھەم يالغان گەپ ئاڭلاپ باقمىغان ئادەمنى بىز نەدىن تاپىمىز؟!

پەقەت تاپقىلى بولمايدۇ.

كەينىمگە قارىسام ھېلىقى باللار بىر-بىرىنىڭ ياقىسىدىن سىقىشقىنىچە مۇشتلاشقىلى تۇرۇپتۇ.

ئادەملەر بىر-بىرىنى ئۇرسا، بىر-بىرىنى تىللىسا، بىرىنىڭ خاپىلىقىدىن بىرى كۈلسە، مەن بۇنداق ئىشنى قانداق چۈشىنىشنى بىلمىدىم، ئىمىن ھەسەن ياكى سابىت نۇر بىلەن مۇشۇ توغرىلىق بىرنېمە دېيىشىپ بېقىش زۆرۈردەك قىلىدۇ.

نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا چوڭ كوچىدا بىرمۇنچە ئادەم بىر ئەيلەننى ئارىغا ئېلىۋېلىپ ئۇرۇپ- تېپىپ ھالىنى قويمىدى. كۆپ-كۈندۈزدە ئادەم جىق كوچىدا يېرىم يالىڭاچ يۈرگەنلەرنى كۆزگە سىغدۇرالمىغان بىر ئادەم قاتتىق تاياق يەپ كەتتى، ئۇ شەھەردىكى جىمى رېستورانلاردا توي بولغان كۈن ئىدى. شۇ كۈنى تويغا كەلگەن ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن، توي يۆتكەيدىغان ماشىنىلارنىڭ جىقلىقىدىن ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەر ھەيران قالغانىدى، توي يۆتكەيدىغان ماشىنىلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭىدىغانلى-

ـرىنىڭ ئالدى تەرىپىگە قىپقىزىل گۈللەردىن يۇرەكنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەنىدى، ناغرا، سۇنايلارنىڭ يەنە قانداقتۇر بىرنېمىلەر-نىڭ شادىمان ساداسى قۇلاقنى ياراتتى. كۈن قىزىلدىن بۇرۇن پۈتۈن كوچىلار تويغا قاتناشقان مەستلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. شۇ كۈنى تېرەكلەر قاراڭغۇ سايە تاشلىغان تار يولدا بىركىملەر قاتتىق مۇشتلىشىپ قالدى. بىر ئادەمنى بىرمۇنچە ئادەم ئۇردى، بىرمۇنچە ئادەم بىر ئادەمنى ئوپچە ئۇردى. بۇنى مۇشتلاشتى دې-مەيمىز، بىر ئادەم تاياق يېدى دېسىلا بولدى.

شۇ كۈنى بىرمۇنچە ئادەمنىڭ قورشاۋىدا قېلىپ تاياق يېگەن ئادەم مەن ئىدىم، ھوشۇمغا كەلگەن چېغىمدا قاپقارا چاچلىرى چېچىلىپ تۇرىدىغان بىر قىز ئاپئاق قول ياغلىق بىلەن يۈزۈمـ-دىكى قانلارنى سۈرتۈۋاتقانىكەن.

كوچا چىرىغىنىڭ يورۇقىدا ھېلىقى قىزنىڭ ئۇزۇن چاچ-لىرى باشقىچە جۇلالىق كۆرۈنەتتى.

— سىز كىم؟

ئاۋازىمنىڭ مۇنداق زەئىپ چىقىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىمەن.

— ئۇلار سىزنى بەك قاتتىق ئۇرۇۋەتتى، تاكسى چاقىراي، دوختۇرخانىغا بارايلى.

مەن ئىنجىقلاپ ناھايىتى تەستە ئورنۇمدىن تۇردۇم.

دوختۇرخانىدا ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي ۋارقىراپ كەتتىم، پېشانەمدىن قارا تەر قۇيۇلدى.

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— ساباھەت.

قارا چاچلىرىنى پات-پات سىلكىپ، كەينىگە ئېتىپ قويىد-دىغان قىزنىڭ چىرايلىق، مۇلايىملىق چىقىپ تۇرغان كۆز چا-ناقلىرىدا ياش ئەگىپ قالغانىدى.

— سىزگە نېمە بولدى؟

خوتۇنۇمنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

شۇ چاغدا مەن تاياق يەپ ھوشۇمغا كەلگەندە تۇنجى بولۇپ

كۆرگەن، ياش ئەگىگەن بىر كۆزنى ئەسلەپ يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ قالدى.

مەن دوختۇرخانىدىن چىقىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن مەن قاتتىق تاياق يەپ ھوشۇمغا كەلگەندە تۇنجى بولۇپ كۆزۈمگە كۆ-رۈنگەن قارا چاچلىرى جۇلالىق، قولىدا ئاپئاق قول ياغلىق تۇتۇپ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالغىنىچە بېشىمدا قاراپ تۇرغان قىز — ساباھەت بىلەن بىر كەچلىكى كۆرۈشتۇم، ئۇنىڭ بويىدىن كې-لىۋاتقان ئەتىرنىڭ كۆچلۈك ھىدىدىن بۇرنۇم قىچىشىپ چۈش-كۈرۈۋەتتىم.

— زۇكامداپ قالدىڭىزمۇ - نېمە؟

— ياق.

— ۋاقتىدا دورا ئىچىڭ.

ئۇ قولىنى ئاستا تارتىۋالدى. مەن يەنە تۇتۇۋالدىم، ئۇ بۇ قېتىم قارشىلىق قىلمىدى.

مەن مۇشۇ دەملەرنى ئۇنتۇپ قالمىدىم، مۇشۇ چاغدىن باشلاپ مېنىڭ كۆڭلىرىمنىڭ بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان تەرزدە ئۆتىدىغانلىقىنى، نۇرغۇن ئادەملەرگە نىسبەتەن خۇشال بولالماي-دىغان، خاپا بولالمايدىغان كۆڭلەرنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش گاراڭ ھالدا بىر ئىسسىق قولنى تۇتقان كۈندىن باشلىنىدىغانلىقىنى ناھايىتى تەستە ھېس قىلدىم. ئېغىر چامادانىنى كۆتۈرۈپ نىشان-سىز مېڭىۋاتقان دەمدە بىزنىڭ كۆڭلىرىمىزنى ئەسلىدىكى يولدىن چىقىپ كېتىشكە ئېلىپ بارالايدىغان تاسادىپىيلىقلارنىڭ ئەترا-پىمىزدا بىزگە پات-پات يولۇقۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ قال-دىم. بىز بىلىپ - بىلمەي يولدىن ئادىشىپ قالىدىغانلىقىمىزنى چۈشىنىپ يەتكەن چاغدا بىز كېچەلمەيدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر، كۆز ئالدىمىزدا بىزگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇۋالىدىكەن. بەزى ئىشلارغا پەقەت ئامال قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلما-مىساق بولمايدىكەن.

بەزى نەرسىلەرگە ئېرىشمەك ئاسان بولغان بىلەن كەچمەك

تەس.

ھەرقېتىم خوتۇنۇمنىڭ مۇزدەك كۆزلىرىگە قارىغىنىمدا، ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ كەتسەم بولمايدىغانلىقىنى سېزەتتىم.

قانداقتۇر بىرنەرسە ئىككىمىزنى مەھكەم باغلاپ تۇراتتى.

شېرىن ھەم مەھكەم بىرنەرسە بىزنى دۇنياغا مەھكەم باغلاپ تۇراتتى.

كۆكتىكى قۇياشنىڭ پارلاق نۇرى جىمى جانلىقنى ھاياتلىق-قا ئۇندەپ يۇرەكلەرگە سېپىلىپ تۇراتتى.

دەل-دەرەخلەرنىڭ قۇدرەتلىك يېشىللىقى كىشىنى ھاياتتىن بەزدۇرىدىغان كۇل رەڭ نەرسىلەرنى زېمىندىن، ئادەملەرنىڭ يۇ-رىكىدىن سۇپۇرۇپ تاشلاپ، ماتانەت بىلەن يېيىلاتتى.

يۇلتۇزلارنىڭ كۆز چېقىپ چاراقلىشى ھاياتنىڭ سىر-ھېكمەتكە تولغان باياۋانلىرىدا يۇرەكلەردە كۆيۈپ تۇرغان ئاتەش يالقۇنلارنى لاۋۇلدىتىپ، كېچىلەرنى ئىسسىق نۇرلارغا بۆلۈپ، مېھىر يىپلىرىنى كەڭ ئالەمگە توزدەك يېيىپ تۇراتتى.

ھەيۋەتلىك تاغلاردىن: ئادەم نېمە بولسا مەيلىكى ياشاشتىن بەزمىسۇن، دېگەن ئەكس سادا گۇرۇلدەپ ياناتتى.

مەن ئېغىر خىياللاردىن تەستە ئاجراپ ئالدىمدىكى غېرىبانە بوشلۇققا قارىدىم، ھەممە نەرسە ناھايىتى بۇرۇنقىغا ئوخشاش كۆز ئالدىمدا يېيىلىپ ياتاتتى.

بايىقى ئىككىيلەن يەنە مۇشتلىشىۋاتاتتى.

شۇ ھالدا مۇشتلىشىپ بىر-بىرىنى بوغۇشۇۋاتقان مۇنۇ ئىككى بالىغا، ماڭا ئۇچرىغان، قارا چاچلىرى يېيىلىپ تۇرىدى-غان، كۆزلىرىدىن مېھىر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ساباھەتنىڭ ئۇچ-رىشى ناتايىن.

مەن تاياق يېگەن ئاشۇ يەكشەنبىدىن يامغۇر ياغقان يەكشەن-بىگىچە توپتوغرا ئۇچ يىل ئۆتتى. ماڭا بەزىدە ئۇچ يىل ئۆتكەن-دەك بىلىنەتتى، بەزىدە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن-دەك بىلىنەتتى.

— سىز زادى نېمە بولدىڭىز؟

ماڭا ئىنچىل يامان كۆزدە قاراپ كەلگەن توختەك موماي شۇنداق دېگەندە مەن توخۇغا دان تاشلاۋاتاتتىم، قېرى چار خوراز بىر پۇتى بىلەن تىك تۇراتتى، يەنە بىر پۇتىنى قورسىقىدىكى پەيلىرى ئارىسىغا تىقىۋالغانىدى. ئۇنىڭ قىپقىزىل تاجى جانسىز رەۋىشتە پەسكە ساڭگىلاپ تۇراتتى، هارغىن كۆزلىرى دەممۇ دەم يۇمۇلۇپ كېتەتتى.

توختەك مومايىنىڭ ماڭا نەسىهەت قىلغۇسى باردەك قىلاتتى. ئۇ يامان يولدىن يېنىشىم كېرەكلىكى، بىر چىرايلىق خوتۇنى بار تۇرۇپ، نەدە بىر قىزلارنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ يۈرگەن ئادەمنىڭ ياخشى كۈن كۆرمەيدىغانلىقى، ئەر كىشى دېگەنگە ئاخىرى بېرىپ ئۆزىنىڭ خوتۇنى ئەسقاتىدىغانلىقى توغرىلىق سۆزلىشى مۇمكىن ئىدى.

مەن ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدىم. توختەك موماي ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويۇپ خىرىلدىدى.

— ئۆزىڭىزنى خوراز بىلەن تەڭ قىلماڭ.

مىكىيانلار مەن چېچىپ بەرگەن ساپسېرىق قوناقلارنى تالىشىپ، بىر-بىرى بىلەن ئىتتىرىشىپ، چوقۇشۇپ قوغلىشاتتى، چار خوراز پېتىنى بۇزماي جىممىدە تۇراتتى. مەن نېمىشقىدۇر بۇ دۇنيادىن ئەڭ نارازى بولىدىغانلار، دۇنيادىن ئەڭ كۆپ نەپ ئالغۇچىلار بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ قالدىم.

— مەن ئۇنىڭدىن ئۆتە بىچارە، بىزنىڭ بۇ قورۇدا ئەركەك زاتىنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق چۈشەلگەن ھالەتتە تۇرىمىز.

— خورازنى ھېچكىم چۈشەپ قويماپتىغۇ.

چۆچۈپ يانغا قارىسام خوتۇنۇم مۈز يېغىپ تۇرغان تەلەتتە بىلەن ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ. توختەك مومايىنىڭ ھەم مېنىڭ دېگەنلىرىمنى ئاڭلاپ تۇرغان بولسا كېرەك. خوتۇنۇمنىڭ سۆز ئاھاڭى جېنىمغا تەگدى، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن مېنىڭ ئۇنىڭ نەزەرىدە بار بىلەن يوقنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالغانلىقىمنى بىرىنچى

قېتىم ھېس قىلغاندەك بولدۇم. مەن بۇ خوتۇننى ئەزەلدىن ئۇ-رۇپ باقمىغان، ئۇرۇشقا باھانە تاپالمىغان بولۇشۇم ناتايىن، ئا-ياللارنى ئۇرغانلارنى يامان كۆرەتتىم.

— ئۇنىڭ پۇت-قوللىرى بىكار تۇرغىنى بىلەن، يۈرىكىنى مەھكەم باغلاپ چىرمىۋەتكەن گەپ.

— كىم؟

— چۆرىسىدىكى مۇشۇ مېكىيانلار. بىز بۇ خورازنى قويۇ-ۋەتسەك بولاتتى.

قاملاشمىغان گەپ قىلىۋاتقىنىمنى بىلىپ تۇرىمەن. بىر خوراز مېكىيانلارنىڭ پۇت-قولىنى چۇشەپ قويۇشىغا سۈكۈت قىلسا ياكى چۇشەلگىنىنى سېزەلمىسە، بۇ ياخشى خوراز ئەمەس. بۇ يەردىكى گەپ خوراز ھەققىدە ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدەك تالاش - تارتىشنىڭ ئايىغى چىقمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئايىغى چىق-مايدىغان تالاش - تارتىشنىڭ ئۆزى جاھاندىكى ئەڭ ئەھمىيەت-سىز مۇشەققەت بولۇشى مۇمكىن. جاھاندا ئەر مۇھىممۇ، ئايال-مۇ، ئاياللار يولدىن چىققاچقا ئەرلەر بۇزۇلۇپ كەتتى، بىر ئۆيدە ئېرى مىيانە بولغاچقا ئايال بەختسىز بولۇپ قالدى، دېگەندەك پاخال جېدەللەردە ئەرمۇ، ئايالمۇ گۇناھنى مەڭگۈ بوينىغا ئالماي-دۇ. شۇڭا خوراز توغرىلىق بولغان ھېلىقىدەك گەپلەرنى دېيىش-نىڭ ئورنى يوق.

— ناھايىتى ياخشى ئويلاپسىز، قويۇۋېتىڭ... خالىغان يې-رىگە كەتسۇن.

خوتۇنۇمنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىن سوغۇق بىر نۇر بالقىپ تۇراتتى، لەۋلىرىدە، چىرايىدا ئۆچمەنلىككە، نەپرەتكە ئوخشايدى-غان يىرگىنچلىك بىرنەرسە بار ئىدى.

مەن بۇ نەرسىگە بەك ئۆچ ئىدىم. بۇ نەرسىدىن بەك بىزار ئىدىم. ئەمما، ئۇنىڭ چېھرىدە بۇ نەرسە دائىم كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.

يۈرەكنى ئېرىتىدىغان مېھىر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بىر

چىرايىنىڭ مۇنداق بولۇپ قالغىنى ئەقلىمگە سىغمايتتى.

ــ مېنىڭ ئۇنى قويۇۋېتىشكە ئامالىم يوق، بۇمۇ ماڭا ئوخشاشلا ئىكەن، ئۇنى كەڭرى تاغقا يا باشقا بىر جايغا قويۇۋەت-سىمۇ يەنىلا مۇشۇ تار قورۇغا كىرىۋالىدۇ، ئۇنىڭ مېكىيانلىرى، ئۆزى كۆنۈپ قالغان قۇما، تاقاقلىرى مۇشۇ يەردە. مەنمۇ تۇر-مۇشىنىڭ كۆندۈرۈشى بىلەن، مۇشۇ خورازدەك كۆنۈپ قالدىم. سەن بىغەرەزنىڭ مۇشۇ توخۇچىلىك كاللاڭ يوق.

مەن ئۇنىسىز هالدا شۇنداق دېدىم. خوتۇنۇم گەپ-سۆزسىز ماڭا قاراپ تۇراتتى.

سەنمۇ ماڭا نىسبەتەن بىر قۇما.

خوتۇنۇم يىغلىشى كېرەك ئىدى، بىراق ئۇ يىغلىمىدى، ئۇ-نى چۈشىنىشكە، ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلايدىغانلىقىنى بىلىشكە كۆزۈم يەتمىدى. مەن قولۇمدىكى چالمىنى ئۆلۈمتۈك خورازغا زەرب بىلەن ئاتتىم، چۆچۈپ كەتكەن خوراز قاقاقلاپ سىرتقا قاچتى، بىر ئوبدان دان يەۋاتقان مېكىيانلارمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن پالاقلىشىپ بىللە قاچتى.

ــ مېنى قورقۇۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغان بولسىڭىز خاتالاشقان بولىسىز.

ــ بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

ــ مەن سىزدىن قورقمايمەن.

ــ راست قورقماسەن؟

ــ مەن سىزدىن نېمىشقا قورقىدىكەنمەن؟

كىچىكىمدە قارلىغاچ بالىسىنى تۇتۇپ ئوينىغىنىم ئېسىمدە يوق. قوللىرىم تىترەشكە باشلىدى. قولۇمنى باشقۇرالماي قال-دىم. كۆكۈش، قىزغۇچ، توپا رەڭ قاناتلىرىدا قىلدەك ئۇششاق سىزىقچىلار بار يىڭناغۇچلارنى تۇتۇپ ئوينايدىغان بىر بالا كەڭ ئېتىزلاردا يۈگۈرۈپ يۈرەتتى، قولىدا جان ـ جەهلى بىلەن گى-ژىلداۋاتقان يىڭناغۇچ بار ئىدى. بالىنىڭ كىچىككىنە يۈرىكى خۇشلۇقتىن جاهانغا سىغمىغانىدى. نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى شا-

دىمانلىقتىن يىرىلغۇدەك بولۇپ كەتكەن بۇ يۈرەك شۇ ھالدا قا-
قىرام ئاپتاپتا قالغان بىر تال ئالمىدەك رەڭگىنى، پۇرىقىنى يو-
قىتىپ قورۇلۇپ كېتىۋاتاتتى.

ئالدىمدىكى يوللار تۈز ھەم بەكمۇ قاتتىق ئىدى.

مەن چامادانىمنى ئېلىپ ماڭغاندا خوتۇنۇم ئۆيدە قالدى. ئۇ
كۆل رەڭ مۈشۈك بىلەن بىللە قالدى. كۆل رەڭ مۈشۈكنىڭ ئا-
شۇ مۇدھىش چېقىر كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ دىرىلداپ تۇرىدىغان
بۇرۇتلىرى ئۇزاققىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى.

ھايات ئىسسىق لەۋلىرى بىلەن بىزنى شېرىن سۆيگەندە،
ئىسسىق باغرىغا بېسىپ مەھكەم قۇچاقلىغان چاغدا بىزنىڭ بۇ
دۇنيادىن كۆتىدىغىنىمىز مۇشۇ ھالنىڭ ئەبەدىي داۋام قىلىشى
بولۇشى مۇمكىن.

كۆك رەڭلىك چامادان كۆتۈرۈۋالغان بىر ئادەم ئاستا قەدەم-
لەر بىلەن شەھەر كوچىلىرىدا ئاستا كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئېغىر
قەدەملىرى، پات-پات ئەتراپىغا قاراپ قويۇشلىرىدىن ئۇنىڭ
كىمدۇر بىرسىنىڭ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۆزىنى يېتىلەپ باشلاپ
مېڭىشىغا تەشنا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى، يۈرىكىگە
دۇنيانىڭ چەكسىز مېھرى لىققىدە تولغان بۇ ئادەم شۇ ھالدا نە-
گە بېرىپ، نەدە تۇرۇشنى بىلەلمىگەندەك قىلاتتى.

چامادانىدىكى ئىككى پارچە كىتابتا نېمىلەرنىڭ يېزىلغانلى-
قىنى بىلىدىغان ئادەم يوق. ساباھەتمۇ ئوقۇمىغان بولۇشى مۇم-
كىن. بىراق، ئۇنىڭدا بىزنى ھاياتنىڭ ئىسسىق قوينىغا باشلاي-
دىغان يولنىڭ خەرىتىسى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. مۇزلىغان كۆ-
ڭۈللەرگە ئوت ياقىدىغان نەرسىلەرنىڭ نەدە ئىكەنلىكى مۇشۇ
كىتابتا كۆرسىتىلگەندەك قىلاتتى. كۆڭلۈمدە بۇ كىتابنىڭ قاپ
ئوتتۇرىسىدا ھاياتتىن بەزگەنلەرنى قاتتىق ئۇرۇش كېرەك، دېگەن
گەپ يوغان ھەرپلەر بىلەن يېزىلغاندەك بىر تۇيغۇ بار ئىدى. ئۇ-
نى ئوقۇپ چىقسام بولاتتى. قاچان ئوقۇيدىغانلىقىمنى بىلمەي-
مەن. بۇ كىتابلارنى نېمىشقا ئوقۇمىغانلىقىمنىڭ بىرەر ئورۇنلۇق

سەۋەبىنى تاپسام بولاتتى.

مەن ئىمىن ھەسەنگە تېلېفون بەردىم، تۇرۇپكىدىن ئۇنىڭ ماڭا تونۇش بولۇپ كەتكەن يەڭگىل، ئېنىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قانداقراق ئەھۋال.

ئۇ تېلېفوننى ئېلىپلا شۇنداق دېدى. ئاۋازىدىن خۇشلۇق، بەختىيارلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىلەن تېلېفوندا قىزغىن ئەھۋاللاشتۇق. كۆڭلۈم يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى.

— ئالدىراش بولمىسىڭىز سىرتقا چىقامسىز، تاماق يېگەچ پاراڭلىشايلى دېگەن.

— بولىدۇ، نەدە كۆرۈشىمىز.

ئىككىمىز كۆرۈشىدىغان جاينى كېلىشىۋالدۇق.

مۇشۇ دۇنيادىكى ناھايىتى نۇرغۇن ئادەم ئىچىدە مەن ئىمىن ھەسەن بىلەن تونۇشىمەن، يەنە سابىت نۇر بىلەن تونۇشىمەن. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى، قىلىۋاتقان ئىشلىرى ماڭا يات تۇيۇلمايدۇ. مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى، قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى ئاسان چۈشىنىمەن. ئارىمىزدا كېلىشەلمەيدىغان ئىشلار يۈز بەرمەيدۇ. ئوخشاش قۇياش نۇرى ئاستىدا ئۆسكەن ئوخشاش ئادەملەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئوت بىلەن سۇدەك چىقىشالماسلىقى، بەزىلىرىنىڭ يېقىنلىشىپ ئىجىل ئۆتۈشىنىڭ سىرى نەدىكىن ...

ئىمىن ھەسەن قولۇمدىكى چامادانغا قاراپ قويۇپ مەن بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى، بىز يولنىڭ ياقىسىدىكى ئاشخانىغا كىردۇق.

— نېمە يەيمىز، — دېدى ئىمىن ھەسەن ئاشخانىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىگە قاراپ قويۇپ.

— لەڭمەن يەيلى.

— لەڭمەننى يەۋەرمەي، بىر يەرگە بېرىپ كاۋاپ بىلەن بىرەر قاپاق چاقايلى، ئۆزۈممۇ زېرىكىپ تۇراتتىم. ئوبدان ئۇچرىشىپ قالدۇق، يۈرۈڭ.

چاي كۆتۈرۈپ كەلگەن كۇتكۈچى چىقىپ كېتىۋاتقىنىمىزنى

كۆرۈپ، بىزگە سەت ئالىيىپ قويدى. مەن ئۇنىڭ ساپما كەش كىيىۋالغان پۇتلىرىنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن تىرناقلىرىغا قاراپ قويدۇم.

بىز سەل نېرىدىكى بىر ئاشخانىغا كىردۇق.

— يەنە ئاشخانىغا كىردۇققۇ، بايا ئىچىشەيلى دەۋاتاتتىڭىز.

— شۇنداق دېمىسەم بولمىدى، ئۇ ئاشخانىنىڭ تازىلىقى ياخشى ئەمەسكەن، ئىشىك ئالدىدا پۇل يىغىپ ئولتۇرغان خوجا-يىن قولىنى كۆڭلىكىنىڭ ئىچىگە تىقىپ، قورساقلىرىنى قاشلاپ ئولتۇرىدۇ، خوجايىنىنىڭ هالى شۇ تۇرسا، تامىقىنى يېيىشكە كۆڭۈل كۆتۈرەمدۇ ئۇنىڭ. يېمەك-ئىچمەككە بەك دىققەت قىلغۇ-لۇق قاراڭ، ئادەمنىڭ روهىي دۇنياسى، مىجەز - خۇلقى، خاراك-تېرى يېمەك-ئىچمىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، دائىم پاسكىنا نەرسىلەرنى يېگەن ئادەملەرنىڭ كۆڭلى قارا، ئىنساپ - دىيانىتى ئاجىز، ۋىجدانى سۇس بولۇپ قالىدۇ.

مەن ئىمىن هەسەننىڭ سۆزلىرىدىن هەيران قالدىم.

ئاجايىپ بىر ئىشلارنى ئويلايدىغان ئادەملەر بار ئىكەن.

ئىمىن هەسەن تاماق يەۋېتىپ چىنە زاۋۇتىدا بىر ئايالنىڭ بىر جېنىغا ئۈچ ئەر بىلەن ئارىلىشىپ، سىرى پاش بولغاندىن كېيىن ئېرىنىڭ ئۇ خوتۇننى چانىۋەتكەنلىكىنى، هازىر مۇشۇ خىلدىكى ئىشلارنىڭ ئاۋۇپ قالغانلىقىنى هېكايە قىلىپ بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا، توزدەك ياسىنىپ يۈرىدىغان بىر ئارتىس قىز پات ئارىدا ئاجرىشىپ كېتىدىكەن...

ئىمىن هەسەن پات-پات ئاغزىنى سۈرتۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىشلىتىپ بولغان قەغەزنى ئۈستەلنىڭ پۇتىغا باغلاپ قويۇلغان قىزىل سۇلياۋ چېلەككە ئەپچىل تاشلاشلىرىغا دىققەت قىلدىم.

— هېلىقى ئىش قانداق بولدى.

— قايسى ئىشنى دەيسىز.

— بىرسىنىڭ مىجىت تاهىرنى مەسخىرە قىلىپ بىرنېمە يازغىنىنىڭ گېپىنى قىلغان ئىدىڭىز...

— قويۇڭا ئۇكام، هازىر كالللىسى ئىشلەيدىغان ئادەم قالـ. ماپتۇ، خېلى- خېلى بىر يەرلەرگە بېرىپ ئەھۋالنى دېسەممۇ ئېرەنشىمىدى، شۇنچە يوغان مەسىلىگىمۇ دىققەت قىلىشمىدى.

— مجىت تاھىرغا دېمىدىڭىزمۇ.

— دېدىم، ئۇمۇ بىر كاللىسىنىڭ تايىنى يوق ساراڭكەن. شۇنچە ئېزىپ ئىچۇرۇپ بىرمۇنچە گەپ قىلسام نېمە دېدى دې. مەمسىز، ئاكا، سىز ياشانغان ئادەم، قېرىغاندا ئارامىڭىزنى بۇز. ماي خاتىرجەم ئارام ئېلىڭ، يا بولمىسا ئۆزىڭىزنىڭ ئىشىنى قىلىڭ، يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلىشىپ ئېلەشتۇرمەڭ، دەپ يۇرىدۇ قاراڭ. ئۇ ئۇسۇپ قالسىمۇ تايىنى يوق باشلىق بولغۇدەك. كىم. لەر دوست، كىملەر دۇشمەن، بىلەلمىگەن ئادەمنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ.

— شۇنداق قىلىپ بۇ ئىشمۇ تۇگەپتۇ-دە، ئىشقىلىپ غەلۋە قىلماي تۇگەپ قالغىنى ياخشىغۇ، نەچچە ۋاراق كېلىدىغان ئۇز. چىلىك نەرسىگە نېمە بولاتتى.

— سىزنىڭ مۇشۇنداق ئويلىشىڭىز بولمايدىكەن جومۇ، ئۇنداق دېگەن بىلەن بولمايدۇ، ھېلىقىدەك ئادەملەر قالايمىقان بىرنېمىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ جاھاننى قالايمىقان قىلسا بولـ. مايدۇ قاراڭ، مجىت تاھىر دېگەن كالىكومشا ئېرەنشىمۇېدى، زايىت قاسىمنى ئىزدەپ باردىم.

— بۇنىڭ زايىت قاسىم بىلەن نېمە ئالاقىسى بار.

— ئالاقىسى بار، زايىت قاسىممۇ مجىت تاھىرغا ئوخشاش ئورا كۆز، يادائىغۇ ئەمەسمۇ، دېمەك ھېلىقىنىڭ يازغىنىدىكى ئورا كۆز، يادائىغۇ، بويى ئېگىز كەلگەن نەپسى بەندىسىنى زايىت قاسىمنى زاڭلىق قىلىش ئۇچۇن يېزىلغان دېسەكمۇ بولىۋېرىدۇ.

— زايىت قاسىم نېمە دېدى؟

— تېگىشلىك جايلارغا مەسىلىنى پاش قىلىپ، قەلەمدىن پايدىلىنىپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرماقچى بولغانلىقنى پاش قىـ. لىدىغان بولدۇق. سىزمۇ تولا كىتاب كۆرىدىغان ئادەم، مۇشۇ

خىلدىكى ئىشلارغا دىققەت قىلىپ قويۇڭ جۇمۇ.

ئىمىن ھەسەننىڭ سالاپەتلىك قامىتى كىشىنى ئەيمەندۈرەتتى. ئۇنىڭ پارقىراپ تۇرغان يۈزلىرى، ئەقىل نۇرى يېنىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى بۇ كىشىنىڭ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

— مەن ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم.

ئىمىن ھەسەن قانداقتۇر بىر گەپنى باشلىماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا بۇ گەپ ئاغزىمدىن پوسۇققىدە چىقىپ كەتتى. ئۇ ماڭا، ئاندىن ئۇستەلنىڭ يېنىغا قويۇلغان چامادانىمغا قاراپ قويۇپ بېشىنى چايقاپ قويدى.

— نەگە باراي دەيسىز؟

— بىلمەيمەن.

— مۇشۇنداق ئىشلار ئاۋۇپ كەتتى قاراڭ، بىزنىڭ قوشنىمىزنىڭ كۈيئوغلىمۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتىكەن، نەچچە ئاي بولدى ئىز- دېرىكى يوق، ئۇ ئاداش ئۆينىڭ ئۇششاق ئىشلىرىغا تولا چېپىلىدىغان خۇيلۇق ئىكەن، بىر كۈنى خوتۇنى تاماق ئېتىۋاتسا ئاشخانىغا كىرىپ، پىيازنىڭ كۆكىنى نېمىشقا تاشلىۋەتتىڭ، دەپ ئۇرۇشقان گەپ، شۇنىڭ بىلەن نەچچە زاماننىڭياقى مۇشۇنداق ئىشلاردىن جىلە بولۇپ، ئىچى پۇشۇپ تۇرغان خوتۇن چۆمۈچ بىلەن بېشىغا بىرنى ساپتۇ، بېشى تۇخۇمدەك ئىششىپ چىقىپتۇ، شۇنىڭغا كۆڭلى رەنجىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئاشۇ قوشنامنىڭ خوتۇنى بارغۇ قاراڭ، دېسەم ئىشەنمەيسىز، ئاجايىپ بىر خوتۇن ئىدى دەڭا...

ئىمىن ھەسەن قوشنىسىنىڭ خوتۇنىنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى ئۇزاق سۆزلىدى، دېيىلىشىچە ئۇ خوتۇن ئون ئىككىنى تۇغقانكەن، باللىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تۇغۇلۇۋېرىپ تەڭ چوڭ بوپتۇ، ئەمما ئۇ خوتۇن كۈندە دېگۈدەك يىغلاپ چىقىدىكەن. سەۋەبى، ئېرىنىڭ تالاغا قارايدىغانلىقىدىن گۇمان قىلىدىكەن...

بېشىم چاراسلاپ كەتتى. ساراڭلىقى تۇتقان بىر خوتۇننىڭ

ئېرىنىڭ بېشىغا چۈمۈچ بىلەن ئۇرۇپ بېشىنى يېرىۋېتىشى، يەنە قانداقتۇر كەينى-كەينىدىن تۇغۇپ 12 بالىغا ئانا بولغانلىقىنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى بارلىقىنى، ئىمىن ھەسەننىڭ نېمە ۋەجىدىن ماڭا بۇ گەپلەرنى دەپ بەرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمىدىم. نورمال شارائىتتا يەنە مۇشۇنداق بىر ئىشلارنى ئەستە ساقلاپ يۈرگەننىڭ يەنە قانداق ئورۇنلۇق سەۋەبى بارلىقىنىمۇ ئۇقالمىدىم.

ئىمىن ھەسەننىڭ سالاپەتلىك قەددى ــ قامىتى كىشىنى سەل ئەيمەندۈرەتتى.

ــ ماڭا بۇ گەپلەرنى نېمىشقا دەپ بېرىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلەلمىدىم، بىر خوتۇننىڭ جىق بالا تۇغۇشى، ئېرىدىن قاقشاپ يىغلىشى بىلەن مېنىڭ نېمە ئالاقەم بولسۇن... مەسىلەن، ئۇ خوتۇن ئېرىنىڭ تالاغا قارايدىغانلىقىدىن گۇمان قىلسا نېمە بوپتۇ... بۇ ئاشۇ خەقنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشىغۇ.

شۇنداق دېمەكچى ئىدىم، دېيەلمىدىم.

بۇ دۇنيادا قىزىلگۈلدەك بالىلار ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىۋاتسا، بىر تال چېچەكنىڭ توزۇپ كەتكىنىدىن ھەسرەت قىلىپ كۆز يېشىنى ئېقىتىپ يۈرىدىغان ئادەملەر بار.

بۇ دۇنيادا ئاقساق ــ چولاق بوۋايلار، كىرلەشكەن ياغلىقى بىلەن يۈزىنى ئوراپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان مومايلار ئۆتۈپ كېتىپ، ئادەملەرنىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەققىدە ئېيتىلغان ناخشىلاردىن مەست بولۇپ، پەيلاسوپ ئاتىلىپ كەتكەنلەر ساماندەك.

جاھان ماڭا رەڭسىز بوغۇناقلار ئارىسىغا كۆمۈلۈپ كەتكەندەك بىلىنىپ قالدى. نېمىگىدۇر بىرنەرسىگە ئىچىم پۇشۇپ ئەسەبلىرىم تارتىشىپ قېلىۋاتقاندەك ئىدى.

مەن كۆڭۈلسىز بىر تۇيغۇلار ئىچىدە ئىمىن ھەسەن بىلەن خوشلاشتىم، خىيالىمنى چامادانىمدىكى ئىككى پارچە كىتاب ئىگىلىۋالدى. بۇ كىتابنىڭ بىر يەرلىرىدە كۆڭلىنى قارا تۇمان بېسىۋالغان ئادەملەرنىڭ يۈرىكىگە ئۈمىد شامىنى يېقىپ، ھايات-

نىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر دەملىرىدىن قانغۇچە بەھر ئېلىشى كېرەك، دېگەن گەپلەر بولۇشى مۇمكىن، دېگەن خىياللار كاللامدىن لىد-پىلداپ ئۆتتى.

شەھەرنىڭ چېتىگە چىقىپ قالغىنىمنى بىلىپ كەينىمگە ياندىم، يولنىڭ ياقىسىدا كىچىككىنە بىر ناۋايخانا تۇراتتى، ئو-رۇق كەلگەن ناۋاي بالىنىڭ پېشانىسىدىن چىپىلداپ تەر قو-يۇلاتتى. مەن ئۇنىڭ ھەسرەتلىك چىرايىغا، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئىشلەشلىرىگە قاراپ، بۇ بالا ئۆزىنىڭ ھۈنىرىدىن، قىلىۋاتقان ئىشىدىن رازى بولمايدىكەن، دېگەنلەرنى پەرەز قىلدىم. ئۆزىنىڭ ئىشىدىن رازى بولىدىغان ئادەملەر بەك ئاز، پادىشاھ بولغانلارمۇ بىر ئەلنى باشقۇرماق تەس، كىچە - كۈندۈز خاتىرجەملىك يوق، دەپ قاقشايمىش، بەلكىم مۇشۇ بالىمۇ جاھاندا ئەڭ قىيىن ئىش ناۋايلىق، بۇنىڭدىنمۇ تەس، بۇنىڭدىنمۇ جاپالىق ئىش يوق، يەنە كېلىپ بۇ ئىشنىڭ ئىش ھەققى بەك تۆۋەن دەپ ئويلاپ ئاندىن مۇشۇنداق قاپىقى تۈرۈلۈپ، چىرايى ئېچىلمايدىغاندۇ. سابىت نۇر بىر چاغدا: ھەي ئۇكام، ئۇنى تەس، بۇنى قىيىن دەيدۇ، ئىشنىڭ ئەڭ تەس، ئەڭ جاپالىقى شائىر بولۇش، بۇنىڭدا سىز بىكاردىن-بىكار جاھاندىكى ناھەق ئىشلار، تەتۈرچىلىكلەر ئۈچۈن ئاھ ئۇ-رىسىز، خەقلەر كۆز قىرىنى سېلىپ قويمايدىغان ئىشلار ئۈچۈن سىز گاھى ئاھ ئۇرۇپ، گاھى شادلىنىپ يۈرىسىز، بېشىڭىزغا توقماق تولا تېگىدۇ ... ئىشقىلىپ مۇشۇنداق، دېگەندە، مەن ھەيران قالغانىدىم.

قاراپ تۇرسام بىر خېرىدار كېلىپ پەشتاختىدىكى نانلارنى بىرمۇبىر ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ساپسېرىق بىرنېمە سۇۋۇشۇپ قالغان قوللىرىنى كۆرۈپ غىققىدە بولۇپ قالدىم، ھېلىقى ئورۇق ناۋاي بالا ئۇنىڭغا شۇنداقلا قاراپ قويۇپ ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن بولۇپ كەتتى. ھېلىقى ئادەم نانلارنىڭ ھەممىسىنى بىرمۇبىر ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپ ئاخىرىدا ئىككى ناننى سۇلياۋ خالتىغا سېلىپ، ئىككى سوم پۇلنى تاشلاپ قويۇپ

مېڭىشقا تەمشەلدى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز، — دېدىم مەن ئۇ كىشىگە يېقىن كېلىپ.

ئۇ بىردە ماڭا، بىردە قولۇمدىكى چامادانىمغا قاراپ قويۇپ تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى:

— نېمە بولدى؟

— نانلارنىڭ ھەممىسىنى مۇنداق تۇتۇپ يەنە تاشلاپ قويۇسىڭىز قانداق بولىدۇ، بۇ ئىشىڭىز قاملاشمىدى، يەنە كېلىپ قولىڭىز بەك مەينەتكەن.

— تۇتسام نېمە بوپتۇ، پۇلنى تەس تاپقاندىكىن مۇشۇنداق تاللاپ، خىللاپ ئالمىز بۇنى، قانداق ...

ھېلىقى ئادەم شۇنداق دەپلا ماڭا سەت بىر ئالىيىپ قويۇپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ بىرنېمىلەرنى دەپ غوتۇلدىغانلىرى قۇلىقىمغا كىردى، بەلكىم مېنى تىللاۋاتسا كېرەك، لېكىن نېمىدەپ تىللىغانلىقىنى بىلەلمىدىم.

— نانلارنى ئۇدۇل كەلگەن ئادەملەرگە تۇتقۇزمىساڭلار بولمامدۇ، — دېدىم ناۋايغا قاراپ.

— سىزنىڭ نېمە كارىڭىز، تۇتسا نېمە بوپتۇ؟

— خەقنىڭ قولى پاكىز بولمىسا، ئۇ تۇتۇپ تاشلاپ قويغان ناننى قانداق يېگىلى بولىدۇ.

— سىز ئۇنىڭ قولىنىڭ پاكىز ئەمەسلىكىنى نەدىن بىلىسىز، بۇ يەرگە كەلگەن ئادەملەرنى قولۇڭ پاكىزمۇ، ئەمەسمۇ دەپ سوروشتۇرۇشكە نەدە چولا، نان ئالسىڭىز ئېلىڭ، بولمىسا ئىشىڭىزنى قىلىڭ.

— ماڭا بۇ ناننى بىكارغا بەرسىمۇ ئالمىغۇدەكمەن.

شۇ ئارىدا ناۋايخانىنىڭ ئىچىدىن شاپاق بۆك كىيىۋالغان بىر كىشى چىقىپ بىردە ماڭا، بىردە ناۋاي بالىغا قاراپ قويۇپ سورىدى:

— نېمە ئىش بولدى؟

ناۋاي بالا خۇشياقمىغاندەك بىر ئاھاڭدا بولغان گەپلەرنى ھېلىقى كىشىگە دەپ بەردى.

— زىيالىي دېگەن مۇشۇنداق ساراڭ كېلىدۇ، كارىڭ بولمىسۇن.

شاپاق بۆك كىيىۋالغان ئادەم شۇنداق دەپ قويۇپ، كەينىگە يېنىپ كىرىپ كەتتى.

مەن ئۇنىڭغا نەرىمنىڭ زىيالىي كۆرۈنۈپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي، خېلىغىچە كاللام قېتىپ كەتتى.

ناۋاي بالىنىڭ، ئىشىڭىزنى قىلىڭ، دېگەن گېپى زىتىمغا تەگدى، بىر چاغدا مەن ئىمىن ھەسەنگە:

— ناباب ئىشنى كۆرۈپ تۇرۇپ ھاي دېمىسە، بۇنداق ئادەمنىڭ ئادەملىكىدىن گۇمان قىلغۇلۇق، — دېگەنىدىم.

ئىمىن ھەسەن قويۇق قارا چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن كەينىگە تاراپ قويۇپ:

— سىز ئۇنداق دېگەن بىلەن، پوققا چالما ئاتسا يۈزگە چاچرايدۇ، دېگەن گەپ بار. جىق ئىشلاردا ئۆزىمىزنى بىلىپ يۈرسەك بولدى، ئارتۇق ئىشلارغا ئارىلىشىش ياخشى ئەمەس، بولمىسا سابىت نۇردەك خاپىلىقتىن قۇتۇلالماي جاھاندىن ئۆتۈپ كېتىسىز، — دېگەنىدى.

خىيالىمنىڭ بىر يەرلىرىدە سابىت نۇر، بىر يەرلىرىدە ئىمىن ھەسەن تۇراتتى. ئىمىن ھەسەننىڭ پارقىراق، قاملاشقان چىرايى بىلەن، سابىت نۇرنىڭ ساقاللىرى ئۆسۈك چىرايى، ئولتۇرۇشاڭغۇ كۆزلىرى، جاھىللىق، كاجلىق مىزىلداپ تۇرغان لەۋلىرى كۆز ئالدىمغا كەلدى.

— ئۇكام سىزگە نەچچە دېدىم، سىڭگەن زاغرىنى يەپ يۈرگىنىمىز خوپ، پۇلنى بەرگەندىكىن ناننى پاسكىنا قولى بىلەن تۇتامدۇ، پاكىز قولى بىلەن تۇتامدۇ، بۇنىڭ سىز بىلەن نېمە ئالاقىسى.

— ئۇ پاسكىنا قولى بىلەن تۇتۇپ قويغان ناننى باشقىلار

يېسە بولمايدۇ- دە.

— ئۇنى سىز يېمىگەندىكىن كارىڭىز نېمە.

مەن ئىمىن ھەسەننىڭ مۇشۇنداق دەيدىغانلىقىنى، كۆزلى-رىمگە سوغۇق نەزەر سالىدىغانلىقىنى خىيال قىلدىم.

— پاسكىنا قولى بىلەنناننى تۇتقان بولسا قۇلاق تۈۋگە تازا سالغۇلۇق سىز ئەسلى، قاراپ تۇردىڭىزما؟

سابىت نۇر ماڭا ئالىيىپ قويدى.

— نان مېنىڭ بولمىغاندىكىن ئارتۇق ئىشقا ئارىلىشىپ قالماي دېدىم.

— ئۇ نان سىزنىڭ بولمىغان بىلەن، ھەممە ئادەم سىزدەك ئويلىسا، خەق سۇيدۇك تامغان قولى بىلەن تۇتۇپ تاشلاپ قويغان ناننى بىر كۈنى سىزمۇ يەپ قالىسىز.

كۆڭلۈم ئېلىشقاندەك بولدى. سابىت نۇر مۇشۇنداق دەيدىغان ئادەم. مەن ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئىشقا يولۇققاندا مۇشۇنداق دەيدى-غانلىقىنى بىلىمەن.

# يەتتىنچى باب

شەھەرنىڭ ئىرماش-چىرماش تار يوللىرىنىڭ بىرىدە بىر ئادەم كۆك رەڭلىك كونا چامادانىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتاتتى، بۇ چاماداندا ئۇنىڭ كىيىملىرى يەنە ئۇ ئوقۇشقا ئۇلگۈرمىگەن، كەلگۈسى توغرىسىدا يېزىلغان ئىككى پارچە كىتاب بار ئىدى. ئۆزىنىڭ نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشىنى بىلەلمىگەن بۇ ئادەمنىڭ نەگە بېرىپ نەدە تۇرۇشى بىلەن، شۇ ھالدا ھېچكىمنىڭ كارى يوقتەك قىلاتتى. ئۇ بۇ دۇنيادا ئادەم بولۇپ ياشاشنىڭ بەك تەس-لىكىنى ھېس قىلغىنىچە، ئاستا قەدەملەر بىلەن كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ خىيالىنى بۇرۇنقى زامانلاردا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار، ئې-گىز ئازمىدىن لاي سۇغا سەكرىگەنلىرى، يىڭناغۇچ تۇتۇۋالسا ئايروپىلان تۇتۇۋالدىم، دەپ سەكرەپ كېتىشلىرى، شەھەردىكى پۈتۈن رېستورانلاردا توي بولغان كۈنى تاياق يېگەنلىرى، بىر قىزنىڭ ئەتىر ھىدى كېلىپ تۇرغان ئاپئاق قول ياغلىق بىلەن يۈزىدىكى قانلارنى سۈرتىۋاتقانلىقى ... تا بۈگۈنگىچە ئۆزىنى كە-چۈرمەي كېلىۋاتقان خوتۇنىنىڭ مۇزدەك تەلەتى ... دېگەنلەر چىرماپ كەتكەنىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئەتە نەگە بېرىشىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولۇشىنى بىلەلمەي قالغانىدى. يامغۇر ياغقان يەكشەنبە كۈنىدى-كى ئىشتىن كېيىن ئۇ بەك جىق ئىشلارنى خىيال قىلىدىغان، جىق ئىشلارنى ئويلايدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. بۇ دۇنيادا ئادەم-

دەك ياشاشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى، خاپىلىق، كۆڭۈلسىزلىك دېگەننىڭ ئادەمگە قەدەمدە بىر پۈتلىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى ... يەنە بىر قانداق ئىشلارنى تولا ئويلايتتى.

— نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەن ھەرقانداق خاپىلىققا باش ئەگمەيمەن، پۈتلىشىپ كېتىشتىن قورقۇپ جىم تۇرۇۋالىدىغان، يىقىلسا تۇرغىلى ئۇنىمايدىغان ناباپ ئىشلارنى قىلمايمەن.

بەزىدە ئۇ ئۆز-ئۆزىگە شۇنداق دەيتتى. ئەمما ھە دېسە ئۆزىنى پۈتلىشىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى، بەزىدە ھەسرەت بىلەن ئۇھ تارتىپ: مەن چارچاپتىمەن، تىك تۇرماق، تۇرمۇشقا بوزەك بولماي ياشىماق نېمانداق تەستۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۇھ تارتاتتى، تۇرمۇشنىڭ «كالا ھارۋىسىدا توشقان تۇتالايدىغان ...» كارامەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئالدىرىماي، ئۆزىنىڭ يولى بىلەن مېڭىپ ئادەمنى چارچىتىپ، ھاردۇرۇپ، كۆندۈرۈپ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ يولىغا كىرگۈزىدىغانلىقىنى، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزىمۇ بىلىپ - بىلمەي تۇرمۇش ئاللىبۇرۇن سىزىپ قويغان يول بەلگىسى بويىچە مېڭىشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى ئۇنىسىز ئېتىراپ قىلاتتى. پۇل، خوتۇن، ئائىلە توغرىلىق باش-ئاخىرى يوق خىياللارغا كۆمۈلۈپ كېتەتتى، بۇ ئۈچ نەرسىنىڭ بىر ئەركەك ئۈچۈن بەك مۇھىملىقىنى ئويلاپ كېتەتتى، ئاندىن بۇ ئۈچىنىڭ ئىچىدە قايسىسىنىڭ ئەڭ مۇھىملىقىنى، قايسىسى قايسىسىنى شەرت قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ بولالماي رەللە بولاتتى، بېشى چاراسلاپ كېتەتتى. تۇرۇپلا يەنە مۇشۇنداق بىرنېمىلەرنى ئويلاپ يۈرگەننىڭ نېمىگە پايدىسى بار، نېمە بولسا بولار، دەپ ئۇدۇل كەلگەنچە كۈن ئۆتكۈزۈپ يۈرسەم بولمىدىمۇ، مەن نېمىشقا ئۇ ياخشى، بۇ يامان دەپ يۈرگۈدەكمەن، دىتىمغا ياقمىغان، مېنى كەچۈرمىگەن خوتۇننى قويۇۋېتىپ ساباھەتنى خوتۇنلۇققا ئالسام، پۇل تاپالمىغان بولسام بارىغا شۈكۈر قىلىپ ياشىسام بولمىدىمۇ، ئائىلە دېگەن كىم بىلەن بولسىمۇ بولىۋېرىدىغان نەرسە، پەقەت مېنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىم پايمال بولمىسىلا بولدى، مەن نې-

مىشقا ئۆز تۇرمۇشۇمغا بىرمۇنچە پىرىنسىپلارنى بېكىتىۋېلىپ ئاندىن ئۆزۈم بويسۇنۇپ بولالماي ئۆز-ئۆزۈمنى چۇشەپ قىيناپ يۈرىمەن، دەپ ئويلايتتى.

مۇشۇنداق خىياللارغا كۆمۈلۈپ كەلگۈسى توغرىسىدا يېزىلغان ئىككى پارچە كىتاب سېلىنغان چامادانىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان ئادەم مەن ئىدىم.

بۇ جاھاندا قىلغۇسى كەلگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلالىغىلى بولمايدۇ. خوتۇنۇمنى قويۇۋېتىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم، نەچچە قېتىم قويۇۋېتىش خىيالىنى قىلىشقا ئۇرۇنغان بولسام، ئەمما يەنە قورقۇپ قالدىم. خوتۇننى قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ، دېگەن خىيال كاللامغا مۇستەھكەم ئورنىشىۋېلىپ ھەممىنى توساپ تۇراتتى، مېنى كەچۈرمەي كەلگەن خوتۇننى قويۇۋەتسەم نېمىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم.

قولۇمدىكى چامادان بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى، سىم-سىم يامغۇر شەھەرنىڭ قاتتىق يوللىرىغا، پاكار مەنزىرە دەرەخلىرىگە، شەھەرنىڭ تۈيغۇلىرى قېتىپ كەتكەن نەم ۋۇجۇدىغا تىرىسلاپ تۆكۈلەتتى.

ئۆزۈمنىڭ ئەتىسىنى كىتابتىن ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ ئەقلىدىن ئىزدىشىم كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدىم، بىراق كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدە يەنە مۇشۇ كىتابلارغا بولغان بىر ئۈمىد يېنىپ تۇراتتى. بەلكىم چامادانىمدىكى كەلگۈسى توغرىلىق يېزىلغان كىتابلاردا مەن ئەقلىمنى يۈگۈرتۈپ بولالمايدىغان، ھېس قىلىپ يېتەلمەيدىغان ھېكمەتلەر بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلايتتىم.

دېلىغۇللۇق دېگەن نەرسە ئادەمنىڭ ھاياتىغا باشتىن - ئاخىرى سالجىدەك چاپلىشىپ تۇرسا كېرەك.

ماشىنىلار، ھارۋىلار، پىيادە ئادەملەر ھەر تەرەپكە مېڭىشىپ يۈرەتتى. ئوغۇت تاغىرىدىكى قانداقتۇر بىرنەرسىنى يۇدۇۋالغان بىر كىشى ئورۇق قارا كالىنى يېتىلەپ كېتىۋاتاتتى. كالا سۆرۈلۈپ تەستە ماڭاتتى. ھېلىقى ئادەم پات-پات كەينىگە يېنىپ كا-

لىنىڭ سۆڭگىچىگە نەچچىنى تىپىپ قويۇپ يەنە ئالدىغا ئۆتۈپ، ئارغامچىنى كۈچ بىلەن سىلكىپ كالىنى يېتىلەپ ماڭاتتى، قارا كالا تۇمشۇقىنى ئالدىغا سوزۇپ تىرەجەپ، تەستە قەدەم ئالاتتى. كالىنىڭ شۇ ھالدا ئارغامچىدىن قۇتۇلۇپ ئۆزى خالىغان تەرەپكە ماڭغۇسى بارلىقى ئىدى، ئەمما تۇمشۇقىدىن مەھكەم باغلىنىۋالغان ئارغامچا ئۇنى سۆرەشتۇرۇپ كېتىپ باراتتى.

بىز ھەممىمىز تۇرمۇشنىڭ كالىلىرى.

بىر ئادەم شۇنداق ئويلاپ كۈلۈپ قويىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ سوغۇق قوللىرىنى سىقىۋاتقان شۇ دەمدە بىر تۇرلۇك ئىچكى ھاياجان يۈرىكىمنى قاساپ ئۆتتى.

ناتونۇش ئادەملەر ئۆتۈشۈپ تۇرغان تار يولدا ئۇزۇن چاچلىق ئادەم بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇزۇن چاچلىق ئادەم يۈرىكىنى يەۋاتقان ئەلەمدىن تىترەپ تۇرۇپ سەلىم موزدۇز سۆز-لەپ يۈرگەن يېڭى گەپلەرنى ئېيتىپ بەردى. سەلىم موزدۇزنىڭ دېيىشىچە، ھازىر چەت ئەللەردە چۇمۇلە بىلەن چىۋىن ناھايىتى قىممەتلىك يېمەكلىككە ئايلىنىپ قاپتىمىش، بىر تال چىۋىن يەۋالغان ئادەمنىڭ نەچچە ھەپتىگىچە قورسىقى ئاچمايدىكەن، بۇنداق بولغاندا كۈندە ئۈچ ۋاق تاماق يەيمەن، دەيدىغان ئاۋارىچى-لىقتىن ساقلىنىپ قالىدىكەن، چۇمۇلە يېگەن ئادەم پەقەت كې-سەل بولمايدىكەن، شۇڭا ھازىر ھە دېسە چىۋىن دورىسى چې-چىپ، چىۋىن ئۆلتۈرۈش، چۇمۇلىلەرنى يوق قىلىشنىڭ كويىغا چۈشكەنلەر ئويلىنىپ ئىش قىلسا بولىدىكەن. كاللىسى ئىشلەي-دىغان ئادەم بولسا مەخسۇس چىۋىنچىلىق شىركەتلىرىنى قۇ-رۇش، چۇمۇلە فېرمىلىرىنى بەرپا قىلىشنىڭ كويىغا چۈشسە بو-لىدىكەن.

ئۇزۇن چاچلىق ئادەم ئاغزىنى بۇزۇپ سەلىم موزدۇزنى تىل-لىدى. سەلىم موزدۇزنىڭ مۇشۇنداق گەپلىرىگە ئىشىنىدىغان ئا-دەملەرنى تېخىمۇ سەت گەپلەر بىلەن تىللىدى، ئۇزۇن چاچلىق

ئادەم ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچە تال تاماكا چەككەندىن كېيىن
ئاچچىقى سەل بېسىلدى. ئىككىمىز سەلىم موزدوز توغرىسىدا
ئۇزاق سۆزلەشتۇق. سەلىم موزدوزنىڭ مەخسۇس مۇشۇنداق گەپ-
لەرنى ئويلاپ تاپىدىغان كاللىسىغا ھەيران قالدۇق، يەنە ئۇنىڭغا
مۇشۇنداق ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان ئادەم بولۇشى مۇم-
كىن، دېگەنلەرنىمۇ دېيىشتۇق، ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ دېيى-
شىچە، سەلىم موزدوز گېپىگە ئىشەنمەيدىغان ئادەمگە بەكمۇ ئۆچ
ئىكەن. بولۇپمۇ يېقىندىن بۇيان گېپىدىن قۇسۇر تاپقانلارنى ئا-
ياپ قويمايدىغان بوپتۇ، ئۇنداقلارنى ئەڭ سەت گەپلەر بىلەن
تىللايدىكەن، يا بولمىسا بېرىپلا ياقىسىغا ئېسىلىدىكەن.

— ئۇ بۇرۇن بۇنداق ئەمەستى، گېپىگە خەق ئىشىنەمدۇ-
ئىشەنمەمدۇ كارى يوقتى، — دېدىم مەن.

— ئۇ ئېلىشىپ قالدى، — دېدى ئۇزۇن چاچلىق ئادەم تا-
ماكىسىنى كۈچەپ شوراپ.

سەلىم موزدوزنىڭ ئېلىشىپ قالغانلىقى ياكى ئېلىشىپ
قېلىشىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئىل-
گىرى بەزى ئادەملەر نۇرغۇن دەلىللەرنى قويغانىدى، ئۇلارنىڭ
ئىچىدە مۇنۇ ئۇزۇن چاچلىق ئادەممۇ بار ئىدى. بىراق، شۇنداق-
تىمۇ سەلىم موزدوزنى ئېلىشىپ قالدى، دېيىشكە كىشىنىڭ تىل-
لى بارمايدىغاندەك ئىدى. باشقىلارنىڭ سەلىم موزدوزنىڭ گېپى-
نىڭ بېشى بىلەن ئايىغى بىر يەردىن چىقمايدۇ، ئادەملەرنىڭ
ئىسمىنى ئالماشتۇرۇپ قويىدۇ، دېگەن گەپلىرىگە ئىشىنىپ سە-
لىم موزدوز بىر قانداق بولۇپ قالدى دېسە، پۈتۈنلەي شۇنداق دەپ
كەتكىلى بولمايتتى.

— زامانى ئاخىرىدا كىمنىڭ گېپىنى قىلسا شۇ كېلىدۇ،
دەيدىغان گەپ بار ئىدى. قاراڭ، گېپىنى قىلىشىۋاتساق ئۆزىمۇ
كەپ قالدى.

ئۇزۇن چاچلىق ئادەم يولنىڭ قارشى تەرىپىنى ئىما قىلدى.
سەلىم موزدوز چاققان قەدەملەر بىلەن بىز تەرەپكە كېلىۋاتاتتى.

سەلىم موزدۇزنىڭ سول مەڭزىدىكى كىشىنىڭ كۆڭلىنى بىرقىسما قىلىپ قويىدىغان، پۇرۇم - پۇرۇم قورۇق باسقان تار - تۇقى يوغىناپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بوپتۇ.

سەلىم موزدۇزنىڭ يىرىك قوللىرى ئۇتتەك ئىسسىق ئىدى. ئۇ ئۇزۇن چاچلىق ئادەمگە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ قويۇپ ماڭا تىكىلدى.

— سىزنى كۆرمىگىلى ئۇزۇن بوپتۇ، ئوبدان تۇرغانسىز، جامائەتنىڭ ئىشلىرىغا ئانچە - مۇنچە ئارىلىشىپ قويۇڭ، يامان ئىشلارنى توسۇپ تۇرمىساق بولمايدۇ، خەقنىڭ خوتۇن قىزلىرىد-نى ئانىي تاپىدىغان ئىشنى كىم قىلسا جاجىسىنى يەيدۇ، ئاجرد-شىپ كېتىمەن دېمەڭ، ئاشنا دېگەن بەرىبىر ئەسقاتمايدۇ. ھاشىم تۇگمەنچىنىڭ سۇ تۇگمىنىنىڭ كويلىسىدىكى يىلانلارنىڭ چوڭ-لۇقى ئادەمنىڭ بىلىدەك بولۇپ كېتىپتۇ، خەقلەرنىڭ ئۇگۇت ئارتىپ بارغان ئات-ئېشەكلىرىنى، يولدىن ئۆتكەن كالا، قويلارنى دەم تارتىپ كېتىدىغان بولۇپ قاپتۇ، مەنغۇ بېشىدا مۇڭگۈزى بار بىر يىلاننىڭ يوغان بىر بۇقىنى شوراپ ئەكىرىپ كەتكىنىنى كۆردۈم. ياخشىلىقتا ياخشىلىق ھەر جايدا بار ياربار، دەپ ناخشا ئېيتىپ يۈرگەن بىلەن، ئېتىزغا قىغ ئەپچىقمىسا بىكار، قاغا گۆشى هارام دەپ كىم دەيدۇ ... سەدىقە لازىم ئادەمنى كۆرسىڭىز ماڭا بۇيرۇپ قويۇڭ ... ھېلىقىنى تاشلىۋەتمىگەنسىز ... خوش مەن ماڭاي... ئاتمىش نەچچە يىلدىن بۇيان ئىشىم تۈگىمىدى مېنىڭ... خەقنىڭ كەينىگە كىرگەنلەر ياخشى كۈن كۆرمەيدۇ ...

سەلىم موزدۇز ئىككى قەدەم ئېلىپ بولۇپ كەينىگە بۇرۇلدى ۋە ئۇزۇن چاچلىق ئادەمگە نەپرەت بىلەن ئالىيىپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

ئىككىمىز بىر-بىرىمىزگە تىكىلىپ بىردەم تۇرۇپ قېلىش-تۇق، ئۇمۇ، مەنمۇ نېمە دېيىشىمىزنى بىلەلمىسەك كېرەك.

— بۇ ئادەم نېمىلەرنى دەيدىغاندۇ ئەمدى.

— ئۇنىڭ نېمىلەرنى دېيىشى مۇھىم ئەمەس، نېمە دېسە ئۆزىنىڭ ئاغزى، يامان يېرى بۇ ساراڭنىڭ مۇشۇنداق گەپلىرىگە ئىشىنىدىغان كالىكومشالار تولا، سەلىم ساراڭ ئاشۇنداق يالغان گەپلەرنى دېگىلى تۇرسا ئاغزىنى ئاچقىنىچە ئۇنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ، يالغانغا چىنپۇتۇش دېگەن يالغان ئېيتقاندىنمۇ خەتەرلىك.

ئۇزۇن چاچلىق ئادەم دەردىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قىيىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

ئەخلەت ئارىسىدىن پۇلغا يارايدىغان نېمىلەرنى يىغىپ ساتىدىغان بىر ئادەم ئۇچ چاقلىق ۋېلىسىپىتىنى كوچەپ تېپىپ يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى. ۋېلىسىپىتنىڭ ساندۇقىدا چۇۋۇلغان قەغەز يەشىك، پىۋا بوتۇلكىسى يەنە توڭلاتقۇنىڭ سۇنۇپ كەتكەن تارتمىسى تاشلاقلىق تۇراتتى. يۈزلىرىنى تامام قورۇق بېسىپ كەتكەن بۇ كىشىنى بىردەمدىن كېيىن يادىمدىن چىقىرىپ قويىدىغانلىقىمغا تولۇق ئىشىنەتتىم، ئۇنىڭ ھەسرەت كۆيۈپ تۇرغان نۇرسىز كۆزلىرىدە ماڭا ناتونۇش نۇرغۇن نەرسىلەر باردەك قىلاتتى. بىزگە ئەڭ تونۇش بولغىنى ئۆزىمىزنىڭ خۇشلۇقى بىلەن خاپىلىقى، يېنىمىزدىكى، ئالدىمىزدىكى ئادەملەرنىڭ يىغىسى بىلەن كۈلكىسىنىڭ سەۋەبىنى بىز ئاسانلىقچە بىلەلمەيمىز، بىز ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىم بولغىنى ئۆزىمىزنىڭ ئىشلىرى.

ۋېلىسىپىتنى كوچەپ تېپىپ كېتىۋاتقان ئادەمگە قاراپ مۇشۇ خىلدىكى ئادەملەر بۇ دۇنيادا مىڭ يىل ياشىسىمۇ پەقەت ئالاقىم بولمايدىغانلىقىنى پەرەز قىلدىم. نەچچە يۈزمىڭ ئادەم ياشايدىغان بۇ يۇرتتا مېنىڭ تونۇيدىغىنىم نەچچە يۈزگە بارماسلىقى مۇمكىن. قالغان شۇنچە جىق ئادەمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ مەن بىلەن ئالاقىسى بولمىغاندەك، مېنىڭ بار-يوقلۇقۇمنىڭ ئۇلار بىلەن ئىشى يوق، شۇڭا مېنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىمگە بەك جىق ئادەملەر كۆڭۈل بۆلىدۇ، دەپ خام-خىيال-يال قىلمىسام ئوبدان بولىدۇ.

ئۇزۇن چاچلىق ئادەم تاماكىنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ئۇلاپ چېكەتتى، تولا تۈكۈرەتتى. بايا ئەخلەت تېرىدىغان ئادەم يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندىمۇ ئۇ يەنە تۈكۈردى، ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭغا ئاچچىق بىلەن ھومىيىپ قويدى، ئۇزۇن چاچلىق ئادەم ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىدى. ئۇ بۇنىڭدەك ئادەملەرنىڭ ھومىيىشلىرىغا پەرۋا قىلىپ كەتمىسە كېرەك.

ھازىرقى ئادەملەر زادى نېمىگە كۆڭۈل بۆلىدىغاندۇ، پۇل ئەڭ دىققەت مەركەزدىكى نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. سابىت نۇرنىڭ دېيىشىچە، پۇل دېگەن نەرسە ئاللىبۇرۇن ئادەملەرنىڭ روھىنى قامال قىلىپ بوپتۇ، ئەمدىكى گەپ بۇنىڭدىن كېيىن پۇلنىڭ ئادەملەرنىڭ ئەقلىنى، روھىنى، ئوي-خىيالىنى بۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەك چىرماپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا قاپتۇ. قەلەندەر چېغىدا جىق پۇل بەرگەن بىلەن ئاز پۇل بەرگەننى ئايرىپ دۇئا قىلىدىكەن. نارەسىدە بالىلارمۇ ئانىسى بىلەن دادىسىنىڭ قايسىسى جىقراق پۇل بەرسە شۇنىڭغا بەكرەك ئامراقلىق قىلىدىكەن.

مەن كۆك رەڭلىك كونا چامادانني ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋاتقان دەملەردە سابىت نۇرنىڭ سۆزلىرىنى يادىمغا ئالغانىدىم.

— جىق ئادەملەر ساراڭ بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ.

ئۇزۇن چاچلىق ئادەم شۇنداق دەپ قويۇپ، تاماكىسىنى كۇچەپ شورىدى. ئۇ ھەدەپ تۈكۈرەتتى، ئاندىن بۇرۇتلىرىنى سىلايتتى، ئاغزىدىن، بۇرنىدىن تاماكىنىڭ ئىسى پۇرقۇراپ چىقاتتى. سەلىم موزدۇز ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ساڭگىلاپ چۈشكەن بۇرۇتلىرىنى، ئۇزۇن چاچلىرىنى يامان كۆرەتتى.

— مۇشۇنداق بۇرۇت قويۇپ يۇرۇش ئۇنىڭغا نېمىگە لازىم بولۇپ قالدى، چاچ دېگەننى مۇشۇنداقمۇ ئۇزۇن قويامدۇ، بۇنىڭ چېچى يا خوتۇن كىشىنىڭكىگە ياكى ئەر كىشىنىڭكىگە ئوخشىمىسا، — سەلىم موزدۇز نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق دېگەنىدى. ئۇنىڭ يەنە:

— بۇنڭدەك ئۇزۇن بۇرۇتى بار ئادەمنىڭ يېگەن غىزاسى مەكرۇھ، — دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم.

شۇ گەپلەر بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، بوران چىققان بىر كۈنى كېچىسى ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنى بىرنەچچە ئادەم تۇتۇۋېلىپ تازا ئۇرۇپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭ چېچىدىن ئارغامچا بىلەن باغلاپ تىراكتورغا سۆرىتىپ كوچىمۇكوچا ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپتىمىش، ئۇزۇن چاچلىق ئادەم ئاللا - توۋا قىچقىرىپ، چالا بوغۇزلىنىپ قالغان ئۆكۈزدەك ھۆركىرەپ شەھەرنى بېشىغا كىيىپتىمىش، ئۇلار ئۇنى پۈتۈن كېچە مۇشۇنداق سۆرەپ يۈرۈپ، تاڭ ئاتارغا يېقىن قويۇپ بېرىپتىمىش. ئۇنىڭ چاچلىرىنىڭ ھەممىسى يۇلۇنۇپ تۈگەپتىمىش، ھېلىقىلار ئۇزۇن چاچلىق ئادەمگە بۇرۇت دېگەننى مۇنداق قويغۇلۇق، دەپ بەكلا ئۇزۇن ھەم توم بۇرۇتلىرىنى ئامبۇردا يۇلۇپ، ئازراقلا قويۇپ قويۇپتىمىش.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن ھەيران قالدۇق، ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ بۇنداق تەتۈر قىسمەتكە دۇچار بولغىنىدىن كۆڭلى يېرىم بولغان ئادەملەرنىڭ ئىچىدە مەنمۇ بار ئىدىم، خەقنىڭ چاچنى ئۇزۇن قويۇشمۇ، بۇرۇتنى توم قىلىشمۇ ئۆزىنىڭ ئىشى تۇرسا، بىرمۇنچە ئادەمنىڭ ئۇنىڭ چېچىدىن سۆرەپ كوچىمۇ كوچا سۆرەشتۈرۈپ يۈرگىنى قانداق گەپ... ئۇنىڭ چېچى بىلەن بۇرۇتى كىمنىڭ نەرگە تاقىشىپتىكەن...

ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇزۇن چاچلىق ئادەم يەنە بۇرۇنقى پېتى كوچىدا پەيدا بولغاندا ھەممەيلەن يەنە ئاغزىنى ئېچىشىپ قېلىشتى، كىمدۇر بىرسىنىڭ ئۆيىدىكى نەزىردىن يانغان كىشىلەر ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنى كۆرۈپ سەلىم موزدۇزغا تىكىلىشتى.

— ئۇ ساپساق يۈرىدۇ.

— جېنى چىڭ نېمىكەن بۇ، — دېدى سەلىم موزدۇز ھەسرەت بىلەن ئۇھ تارتىپ. شۇ چاغدا سەلىم موزدۇزنىڭ كۆزلىرىنىڭ يۇمچۇكلىشىپ، غەلىتە بولۇپ قالغىنىنى كۆرگەن ئادەم بولمىسا كېرەك.

— چاچتىن باغلاپ تىراكتورغا سۆرىتىپ يۇرسە چاچ يۇلۇنۇپ ئادەم چۈشۈپ قالامدىكىن دەيمەن.

— سەن پوقنى بىلمەمسەن، ماڭ بېرىپ ئىشىڭنى قىل، — دېدى چار ساقال بىرەيلەن سۆزلىگۈچىگە ئاچچىق بىلەن ئالدىيىپ، — سەلىماخۇن چۈشۈپ قالدى، دېمىسە ساڭا نېمە ئاقساقاللىق بۇ.

شۇ چاغدا جامائەتنىڭ ئارىسىدا تۇرغان كۆتمەك ساقال بىرەيلەن مۇنۇلارنى ئويلىدى: «بۇ يەردىكى ئادەملەر سەلىم موزدۇزنىڭ يالغان سۆزلىمەي قېلىشىدىن قورقىدۇ، ئۇنىڭغا ئازار يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ، كۆيگەن يامانمۇ، كۆنگەنمۇ دېسە، كۆنگەن يامان دەپتىكەن ...»

ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ چېچىدىن تىراكتورغا سۆرەتكەنلىك توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان يەنە بىرەيلەن جىممىدە تۇرۇپ خىيالىدىن مۇنۇلارنى ئۆتكۈزدى: «بۇ يەردىكى ئادەملەر بىر ئادەمنىڭ چېچىدىن تىراكتورغا سۆرىتىپ كوچا ئايلاندۇرسا قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە دۆت، مۇشۇنداق سۆزلەرگە ئىشەنگۈدەك ھالدا ئەخمەق ئەمەس. بىراق مۇشۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغۇسى كېلىدۇ، يەنە چاچتىن سۆرىتىپ كوچا ئايلاندۇرىدىغان ئىشلارنىڭ بولۇپ تۇرۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.»

— بۇرۇتنى ئامبۇردا يۇلغان بولسا قانچە ئاغرىپ كەتكەندۇ.

— ئۇنىڭ بۇرۇتى ۋاي دېگۈدەك بۇرۇت ئەمەستى.

— بۇ نېمىدېگەن گەپ، بۇ يۇرتتا ئۇنىڭكىدىنمۇ چوڭ، توم بۇرۇتنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن.

— سەن بۇرۇت دېگەننىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيسەن، بۇرۇنقى جاھانلاردا ئاجايىپ بۇرۇتلار بار ئىدى، سېمىز بۇرۇت، بوم بۇرۇت، شاپ بۇرۇت، چاشقان بۇرۇت، ئىشقىلىپ شۇنىڭغا ئوخشاش ... ئۇزۇن چاچلىقنىڭ بۇرۇتى ناھايىتى شۇ شاپ بۇرۇتقا كىرىدىغان بۇرۇت ئىدى، بۇرۇتنىڭ ئەڭ ھەيۋەتلىكى بوم بۇرۇت...

— ئۇزۇن چاچلىقنىڭكىدىنمۇ يوغان بۇرۇت بار دېسە، مەن ئىشەنمەيمەن.
— هازىر بۇرۇت قويىدىغانلار ئازلاپ كەتكەچكە ئۇنىڭ بۇرۇتى چوڭ كۆرۈنۈپ كەتكەن گەپ.
— هازىر نېمىشقا بۇرۇت قويىدىغانلار ئازلاپ كېتىدىغاندۇ.
— ھەممە ئادەمنىڭ ياش تۇرغۇسى كېلىدىغان بولۇپ قالدى، ساقال-بۇرۇتى بارلارمۇ يۇلۇپ كوسا بولۇۋالىدىغان بولۇپ قالدى. جاھان دېگەن مۇشۇنداق قىزىق بولىدۇ. ئەسلى ساقال-بۇرۇت دېگەننى يۇلىدىغان نەرسە ئەمەس، يىلتىزىدىن يوقايدۇ.
— ئۇنداق قىلسا ئاغرىيدىغان تۇرسا.
— خەقلەر سۆلەت ئۈچۈن ئاغرىققىمۇ چىدايدىغان بولۇپ كەتتى. بىر قارىسا ساقال-بۇرۇتنى ئۆستۈرۈۋالسىمۇ مەينەت كۆرۈنۈپ قالىدىكەن.
— هازىر جاھاندا ئاجايىپ بۇرۇتلار، يەنە كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان ساقاللار پەيدا بوپتۇ، سەلىمكامنىڭ دېيىشىچە قايسى بىر دۆلەتتە بىرسىنىڭ ساقىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بەش مېتىردىن ئاشىدىكەن، لېكىن شۇ قالتىس ساقالنىڭمۇ بىر تىيىنغا پايدىسى يوقكەن.
— سەلىم يا باشقا دۆلەتلەرگە چىقىپ باقمىسا، نېمىنى بىلىدۇ، شۇ گەپكىمۇ ئىشىنىپ ۋالاقلاپ يۈرۈشكىنىنى بۇ دۆتلەرنىڭ...
ئۇزۇن چاچلىق ئادەم باشقىلاردىن سەلىم موزدۇزنىڭ ساقال-بۇرۇت توغرىسىدىكى گەپلىرىنى ئاڭلىغاندا شۇنداق دېگەنىكەن.
كېيىنكى كۈنلەردە دېيىلىشىچە بىركىملەر چاچتىن سۆردىتىپ كوچا ئايلاندۇرغانىنىڭ گېپىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزگەنىكەن، ئۇزۇن چاچلىق ئادەم قولىدىكى تاماكىسىنى زەرب بىلەن يەرگە ئېتىپ:
— بۇ سەلىم دېگەن ئابدالنىڭ مېنى شۇنداق بولسىكەن دەپ تىلىگىنى، ئاناڭنى ... — دەپ ئاغزىنى بۇزۇپ يەرنى تېپىپ كېتىپتۇ.

ساقال-بۇرۇت توغرىسىدا يەنە نۇرغۇن گەپلەر بولغان بولۇ-
شى مۇمكىن، ئەمما مېنىڭ يادىمدا قالغىنى شۇنچىلىك. شۇ
پاراڭلار بولۇۋاتقان دەملەردە مەن ئۆزۈمنىڭ خىيالىغا بېرىلىپ
كەتكەنىدىم، مېنىڭ مۇشۇنداق گەپ جىق بولىدىغان چوڭ يەردە
غەلۋە - غوۋۇرلار ئارىسىدا تۇرۇپمۇ ئۆزۈمنىڭ خىيالىغا كېتىپ
قالىدىغان ئىشىم بار، بەش مېتىرلىق ساقىلى بار ئادەم بىلەن
ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنى چېچىدىن تىراكتورغا سۆرەتكەنلىك
ھەققىدىكى گەپ بولۇۋاتقاندا مەن خوتۇنۇم ھەققىدە ئويلىنىۋاتقا-
نىدىم. ئۇنىڭ بىلەن خۇشال ئۆتكەن كۈنلەرنى، ئۇنىڭ ۋىلىقلاپ
كۈلۈشلىرىنى، يامغۇر ياغقان يەكشەنبىنى، ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن
شەھەردىكى جىمى رېستورانلاردا توي بولۇپ كوچىلارنى تويدىن
قايتقان مەستلەر قاپلاپ كەتكەن كۈنى، كۈن قىزىلغا يېقىن يې-
رىم يالىڭاچ ئادەملەر بىلەن بىرنېمە دېيىشىپ قالغانلىقىمنى،
بىرمۇنچە ئادەمنىڭ بىر بولۇپ مېنى ئۇرغانلىقىنى، ئاندىن
چاچلىرى قاپقارا بىر قىزنىڭ بېشىمدا قاراپ تۇرغانلىرىنى ...
يەنە ياتاقنىڭ ئىشىكىنى تاقىمىغان دۆتلۈكۈم ... مەن شۇ چاغدا
ساقال-بۇرۇت توغرىسىدىكى گەپلەرنى تىڭشىغاچ مۇشۇلارنى ئوي-
لىغانىدىم.

شۇ چاغدا گەپ ئۇزۇن داۋاملاشتى، گەپ قىلىدىغانلار، گەپ
تىڭشايدىغانلار، ھەم گەپ قىلىدىغان ھەم گەپ تىڭشايدىغانلار بو-
لۇپ نۇرغۇن ئادەم دۆۋىلىشىپ قالغانىدى. مەن ئۇلارغا بىرمۇبىر
نەزەر سېلىپ، ئارىسىدا قاملاشقان ئادەمدىن بىرسىمۇ يوقكەن،
دېگەنلەرنى ئويلىغانىدىم. بىر چاغدا ئۆتمۈشتىكى ئادەملەرنىڭ
قالتىسلىقى ھەققىدە تولا گەپ قىلىدىغان توختى سابىر گەپ
باشلىدى. ئۇنىڭ سۆزلەۋېتىپ تۇيماي ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدى-
غان خۇيى بار ئىدى. مۇشۇ ئادەمنىڭ ھەسرەت، نادامىتى توغرى-
لىق جىق بىر ئىشلارنى بىلگۈم بار ئىدى. بىراق، ھازىرغىچە
ئۇنىڭ بىلەن بىردەم- يېرىمدەم مۇڭدىشىپ باقماپتىمەن.
ئاڭلاشلاردىن قارىغاندا ياش ۋاقتىدا بۇ كىشىنىڭ خوتۇنى قايسى

بىر ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا تاش توشۇيدىغان شوپۇر بىلەن قېچىپ كېتىپتىكەن، خوتۇنى قېچىپ كېتىش بىلەن خوتۇننى تاشلاپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا مەلۇم جەھەتتىن ئوخشاشلىق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. مەن بۇ كىشىگە ئىچ ئاغ-رىتاتتىم، يەنە بۇ كىشىگە ئۆچ ئىدىم، ئۆچ دېمىگەنىدىمۇ ھېچ بولمىسا خۇشۇم يوق ئىدى. خوتۇنى قېچىپ كەتسە كۆزىنى پار-قىرىتىپ قاراپ تۇرماسلىقى كېرەك ئىدى، دەپ ئويلايمەن. مې-نىڭچە قېچىپ كەتكەن خوتۇننى قايتۇرۇپ كېلىپ دەسسەپ، چەيلەپ، قوپقۇسىز قىلىۋېتىشىمۇ ھېچنېمە قىلماي قاراپ تۇر-غاندىن ياخشى، يا بولمىسا خەقنىڭ خوتۇنىنى ئېلىپ قاچقان ھېلىقى ئەبلەخنىڭ بىر يېرىنى سۇندۇرۇۋېتىش كېرەك. ئىشقى-لىپ بۇنداق ئىشتا نېمە قىلسىمۇ مەيلى، سۈكۈت قىلىپ تۇرسا بولمايدۇ. مەن شۇنداق ئويلىغان بولسامـمۇ، بىراق بۇ كىشىگە سىز مۇشۇنداق قىلىڭ، دەپ ئۆگىتىشكە رايىم بارمايدۇ، مەن بۇ كىشىنىڭ يۈرىكىدە بىر پاتمان دەردى باردەك سېزىمەن. يەنە ئۇ-نىڭ مەست بولۇپ قالغان چېغىدا چوقۇم يىغلايدىغان ئادىتى بو-لۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلايتتىم

توختى سابىر بۇرۇن بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بىر ئىشلارنى سۆزلەشكە باشلىغانىدى.

توختى سابىرنىڭ ئۇدۇلدىكى ئىككى چىشى چۈشۈپ كەتكە-نىدى، ئاغزىدىن تۈكۈرۈك چاچراپ تۇراتتى.

— ... سادىر ھاكىم 200 ئادەمنى تېرەكسايدا ئالتە ئاي ئەمگەككە سالغانىدى، شۇ ئالتە ئايدا بىر قېتىممۇ ئۆيىمىزگە كەلمىگەنىدۇق. سادىر ھاكىمنىڭ كىملىكىنى بىلىدىغان ئادەم يوق، مانا بىز بىلىمىز، قىلدىن قىيىق كەتسە كېلىپلا كاچاتقا سالىدىغان ئادەم ئىدى. مېنىمۇ ئىككى قېتىم ئۇرغان، قالتىس ئادەم ئىدى، ئەجەب سۇرلۇك دەڭلا ... ئىككىنچىلەپ ئۇنداق سۇرى بار ئادەمنى كۆرۈپ باقمىدىم، شۇ ئالتە ئاي ئىچىدە ساقال-بۇ-رۇتلار، چاچلار ئۆسۈپ ئاشىق دىۋانىلەرنىڭكىگە ئوخشاپ قالغان.

هازىرقىلار يا ئوخشاپ كاچاتقا بىرەرنى سالالمىغان ...

— قۇرۇلۇشقا تاش توشۇغان شوپۇلارنىڭمۇ چاچ - ساقال-لىرى ئۆسۈپ كەتكەنمۇ؟

ئۇزۇن چاچلىق ئادەم شۇنداق دەپ چىرتتىمدە تۇكۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ چىچىنى مۇشۇنداق ئۇزۇن قويۇۋېلىشىنىڭ نېمە سەۋەبى بارلىقى ماڭا قاراڭغۇ. مەنلا ئەمەس، يەنە نۇرغۇن ئادەملەر بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيدۇ، چاچ ئۆزىنىڭ، قانداق قويغۇسى كەلسە شۇنداق قويسا بولىۋېرىدىغان ئىش، گەپ شۇنداق دېيىلسىمۇ، بىراق بۇ دۇنيادا ئەتراپىڭدىكى ئادەملەرنىڭ ئىشىغا قاراپ ئىش كۆرىدىغان، سۆزىگە قاراپ سۆزلەيدىغان بىر ئومۇمىي قائىدە بار. بۇ ئادەمنىڭ چېچى باشقىلارغا ئوخشىمىغاچقا قارىغان ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان بىر يېرى باردەك تۇيۇلىدۇ.

بۇ ئوتتۇرىدىكى ئادەملەر خېلى يىللاردىن بۇيان توختى سابىر بار يەردە شوپۇر، خوتۇن كىشىنىڭ تالاغا قاراپ قېلىشى، بولۇپمۇ بىركىمنى بىركىم ئېلىپ قېچىپتۇ، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشتىن ئايىناتتى. جاھاندا بەزىدە مۇشۇنداق ھېچكىم خاتىرىگە پۈتۈپ قويمىغان، ھېچكىم تەستىقلىمىغان بولسىمۇ، ئەمما بىلىدىغانلار چوقۇم رىئايە قىلىدىغان قائىدىلەر بولىدۇ. ھەممەيلەن ئۇزۇن چاچلىق ئادەمگە قاراپ قويۇشتى، بەزى ئادەملەر توختى سابىرغا قاراپ قويۇشتى. بۇ يەردە چېچى ئۆسۈپ ئاشىق دىۋانىلەرنىڭ چېچىغا ئوخشاپ قاپتۇ، دېگەن گەپمۇ دېيىلمەسلىكى كېرەك بولغان گەپ ئىدى، مۇشۇ خىلدىكى گەپلەرنى قىلىشتا ھەممەيلەن دىققەت قىلاتتى ياكى گەپنى ئەگىتىپ قىلىشاتتى.

— سەن ... سەن خۇنپەر. مەن باشقا گەپنى قىلىۋاتسام نېمىشقا مېنى بىرنېمە دەيسەن ... — توختى سابىر ئەلەم بىلەن توۋلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەنىدى، كانىيىدىكى پۇرلەشكەن تېرىلىرى ئارىسىدىكى بوغدىيىكىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن غىلدىرلاپ قالغانلىقىنى جىق ئادەملەر كۆردى.

— مەن بۇ يەردە ھېچكىمنى ھېچنېمە دېمىدىم. ماڭا نېمە ھۆرپىيىسەن ... شوپۇرنىڭ گېپىنى قىلغىلى بولمامدۇ ئەمدى.

مەن توختى سابىرنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالسام قانداق قىلار بولغىيدىم. ئۇنىڭ كۆڭگە قالمىغىنىم پېشانەمنىڭ ئوڭلۇقى، تەقدىرنىڭ ماڭا ئوڭ كۆزىدە قارىغىنى. مەن بەزىدە مۇشۇنداق ئويلايمەن، ئۆزۈمنىڭ مۇشۇنداق خىياللىرىغا بەك ئۆچ بولۇپ كەتتىم. مەن نېمىشقا توختى سابىرنىڭ كۆڭگە قالغۇدەكمەن، مەن جان چىقىپ كەتسىمۇ، قان تۆكسەممۇ توختى سابىردەك كۆڭگە قالسام بولمايدۇ. ئۇنىڭدەك ئۆمۈر بويى تۆگىمەيدىغان، داۋاملىق يوغىناپ، ئېغىرلاپ ماڭىدىغان نادامەتكە قالغان ئادەملەرنىڭ قەھرى بولمايدۇ.

جاھان دېگەن ئۆزۈن، بۇگۈن خوتۇننى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويغاننىڭ ئۆلگىسى توختى سابىر بولغان بولسا، بىر زامانلار ئۆتۈپ خوتۇنغا ئۆينى تاشلاپ بېرىپ چىقىپ كەتكەننىڭ مىسالىدا مەن بولۇشۇم مۇمكىن، شۇ كۈنلەردە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرەيلەن ئۆزىنىڭ ماڭا ئوخشاپ قالمىغىنىدىن شۈكۈر قىلىدۇ ھەم مەندەك ئادەملەرنىڭ قەھرى يوقلۇقى، ئەركەك مىجەز ئەمەسلىكىدىن كۆڭلىدە نەپرەتلىنىدۇ. شۇ چاغدا خەقلەر مېنىڭ قېشىمدا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنگە چېتىشلىق گەپلەرنى دېيىشتىن ئېھتىيات قىلىشىدۇ، بۇ ئېھتىياتنىڭ ئارقىسىدا قورقۇش، ھۆرمەت ياكى ھېيىقىش ئەمەس، ھېسداشلىق، ئىچ ئاغرىتىش يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ. دۇنيانىڭ ئىشلىرى مۇشۇنداق بولىدۇ، توختى سابىرمۇ زامانىسىدا ئوبدانلا جاھان سورىغان كىشى ئىدى، ھازىر خەقلەر ئۇنى كۆزىنىڭ قىرىغىمۇ ئېلىپ قويمايدۇ. نۇرغۇن يىللار بۇرۇن توختى چۇجاڭ دەپ يەتتە پۇكۇلدىغانلار بۇگۈنكى كۈندە ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويۇشمايدۇ.

پات-پات توختى سابىر ھەم ئۇنىڭ قېچىپ كەتكەن خوتۇنىنى ئويلاپ قالىمەن، ئاندىن كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەنمۇ توختى سابىردەك كۆڭگە قېلىشىم مۇمكىن، دېگەندەك خىياللىرىمدىن

ھەيران قالىمەن، بىر ئادەمنىڭ ئادەمدەك ياشىشى ئۈچۈن لازىم بولىدىغىنى يالغۇز پۇل ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرلا ئە-مەسلىكىنى ھېس قىلىمەن. ۋۇجۇدۇم، روھىم ساپساق تۇرۇپ، قەددىمنى تىك تۇتۇپ ياشىماسلىقتا پەقەت ھەققىم يوقلۇقىنى سېزىمەن.

— بولدى، بولدى، قۇرۇق گەپنى قويۇڭلار، قايسى ھاكىم دېدىڭىز ھېلىقىنى.

ئارىدىن ياخشى نىيەتلىك بىرەيلەن گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى.

— سادىر ھاكىم ... قالتىس ئادەم ئىدى، ئۇنداق ئادەم ئاسان چىقمايدۇ.

— ھېلىقى ئۇستەڭ قانداق بولۇپ كەتتى.

يەنە بىرەيلەن سورىدى.

— ھە ... شۇ ... سۇ ئاقمىدى.

— نېمىشقا؟

— ئۇستەڭنىڭ بېشى پەس ئايىغى ئېگىز بولۇپ قاپتىكەن.

نۇرغۇن كۆزلەر توختى سابىرغا تىكىلدى. بىركىملەرنىڭ ئۇنىڭغا بىرنېمە دېگۈسى باردەك، ئۇنىڭغا ئالايغۇسى، مەسخىرە قىلىپ كۈلگۈسى، ھېچ بولمىسا ئىسقىرتىپ قويغۇسى باردەك قىلاتتى. بىراق ھېچكىم ھېچنېمە دېمىدى.

— ھېلىقى نېمىتتى ... سادىر ھاكىم، راستلا قالتىس ئا-دەمكەن جۇمۇ ...

— راست، ئۇنداق ئادەم ھازىر يوق.

توختى سابىر لېۋىنى يالاپ قويدى. ئولتۇرۇشقان كۆزلە-ردە ئىتائەت ھەم ياۋاشلىقنىڭ مەڭگۈلۈك سايىسى جىمىرلاپ تۇراتتى. ئۆتكەن كۈنلىرىگە بولغان سېغىنىشى، ئۆزىنىڭ بۇگۇ-نىدىن بىزارلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

— راست، قالتىسكەن. باشقىلار ئۇستەڭ چاپسا بېشىنى ئېگىز، ئايىغىنى پەس چاپىدۇ، سىزنىڭ ئۇ سادىر ھاكىمىڭىز راستلا قالتىس ئادەمكەن.

قىرىلىقنىڭ يىرگىنچلىك چاڭلىرىدىن بۇلغانغان بىر چىراي گاڭگىراپ قالغاندەك ھاڭۋېقىپ قالغانىدى.

— تەتۈر ئىش قىلىدىغان ئادەمنى خۇدا بىلىپ يۇرسە، خو-تۇن كىشى ئۆيدە ئولتۇرمايدىغان گەپ، شۇنىڭ بىلەن ھەممىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئىش...

ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ توختى سابىرنىڭ يوغان گەۋدىسى سېزىلەرلىك تىترەپ كەتتى، مەن قورقۇپ قال-دىم، ئەگەر توختى سابىر ئېتىلىپ بېرىپ ئۇزۇن چاچلىق ئادەم بىلەن ئۇرۇشۇپ كەتسە نېمە ئىش بولۇپ كېتەر، توختى سابىر ھېچنېمە قىلماي يوغان گەۋدىسى بىلەن بېسىۋالسىمۇ ئۇزۇن چاچلىق ئادەم مىجىلىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

— خە... خەپ... سېنى... بىر كۈنى جاجاڭنى يەيسەن... ئۆزۈڭگە قىلارسەن...

توختى سابىر كېكەچلەپ تۇرۇپ كۆزىدىن ياش ئاققۇزدى.

— ئىتنىڭ قارغىشى پىت ئۆلمەيتۇ، — دېدى ئۇزۇن چاچلىق ئادەم توختى سابىرغا قاراپ خىخىلداپ، — ئەر كىشى ئۆزىنىڭ ئەركەكلىكىنى ئۇنتۇپ قالسا خۇدامۇ قارغايدۇ ئۇنى...

ھەممەيلەن ئۇزۇن چاچلىق ئادەمگە قاراشتى، مەن كۆزۈم-نىڭ قۇيرۇقىدا توختى سابىرغا قاراپ قويدۇم. توختى سابىرنىڭ يۇگۇرۇپ بېرىپ ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ قۇلاق تۇۋىگە بىرنى قويۇشىنى شۇنداق ئارزۇ قىلدىم.

توختى سابىر قولىنىڭ كەينى بىلەن يېشىنى سۈرتۈپ تۇراتتى.

ئۆرە تۇرۇپ پۇتى تېلىپ كەتكەن بىرنەچچەيلەن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېلىشتى، ھەممەيلەن بۇ يەردىكى گەپلەردىن بىزار بولۇپ كەتكەندەك قىلاتتى، يەنە قانداق يېڭى گەپلەر چىقىپ قالار دې-گەندەك ئوي بىلەن كىرىپ كەتكۈسى، تويتىن ئايرىلىپ نېرى كەتكۈسى يوقتەك قىلاتتى.

باھارنىڭ يۇمشاق سەلكىن شاملى غۇرۇلدايتتى. ئۇزۇن

چاچلىق ئادەم ئاچچىق يۆتىلىپ كەتتى، يۆتىلىۋېرىپ ئورۇق دۈمبىسى قىسماقتەك ئېگىلىپ كەتكەندى، توختى سابىر ئۇنىڭغا ئەلەم بىلەن ھومىيىپ قويدى. ئارىسىدا تۇرغان بىرەيلەن ئېچىنىش بىلەن، ئەتىيازدا يۆتەلگەن ئادەملەرنىڭ ئۆپكىسىدە مەسىلە بار، دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئۇزۇن چاچلىق ئادەم تىنىقى - تىنىقىغا ئۇلاشماي غىقىلداپ قېقىلىپ كېتەتتى. بۇنداق ئادەملەر ۋاقتىدا داۋالانمىسا كېسەل چېقىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا چوڭ-كىچىك دېمەي ھەممىلا ئادەمگە شۇنداق چىرايلىق سالام قىلىپ ماڭىدىغان ئۆمەر تارى دېگەن ئادەممۇ خۇددى مۇشۇنداق يۆتىلەتتى. قوشنىلىرىنىڭ دېيىشىچە، ئۆمەر تارى قوي باققىلى ئامراقكەن، جاھان دېگەندە ھەركىمنىڭ بىر ھەۋىسى بولىدۇ، كەپتەرگە، قارچىغىغا، يەنە ئىت تالاشتۇرۇپ، قوچقار سوقۇشتۇرۇشقا خۇمار بولىدىغان ئادەملەر بار، ئەقلى يوق جاندارلارنى ئۇرۇشقا سېلىپ قويۇپ، بىر-بىرىنى چىشلەپ، چوقۇپ باش - كۆزىنى قانغا بويىسا شۇنىڭدىن ھۇزۇر ئالىدىغان ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز، قوي بېقىشقا خۇمار بولىدىغان ئادەملەر بار، ئۆمەر تارى دېگەن ئادەم قويغا بەكلا ئامراق ئىكەندۇق، ساغلىقلىرى تۇغۇپ قوزىلىسا ئېغىلىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ پۇستانى قويۇم بەك قىينىلىپ كەتتى، پالانى ساغلىقىم ھەرەج تارتىپ كەتتى، دەپ كۆز يېشى قىلاركەنمىش. ئۇ ساغلىقلىرىغا ئاياللارنىڭ ئىسمىنى، ئېرىك ياكى قوچقارلىرىغا ئەرلەرنىڭ ئىسمىنى قويۇپ قوياركەندۇق. قايسى بىر قوينىڭ ئىسمىنىڭ گۇلبەشەكەر ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، نى- نى سەتەڭ قىزلارغىمۇ نېسىپ بولمىغان بۇ ئىسمنى ئۆمەر تارى بىر ساغلىق قويىغا قويۇۋاپتۇ. خۇدانىڭ ئادەملەرنىڭ يۈرىكىگە ھەرقىسما ھەۋەسلەرنى سالىدىغانلىقىنى ئويلاپ كېتىمەن، كەپتەرۋازلار بىر كەپتەردە قىرىق خوتۇننىڭ ئىشقى بار، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ يۈرىشىدىكەن، كەپتەر دېگەن ئۇچقۇسى كەلسە ئۇچۇپ، قونغۇسى كەلسە قونۇپ ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىدىغان جانىۋار، بىپا-

يان كۆك قەھرىدە غۇيۇلداپ ئۇچۇپ يۈرگەن كەپتەرلەر نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پوسۇن چىقىرىپ ئۇچۇشلىرىدىن، موللاق ئېتىشلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ ئاسمانغا قاراپ بويىنى قېتىپ قالغانلىرىنى، نەچچىسىنىڭ ئاسمانغا قاراپ مېڭىۋېرىپ بويىنى قاتلىشىپ كەتكەنلىكىنى، يىقىلىپ پۇت-قولىنى سۇندۇرۇۋالغان-لىرىنى، ھەتتا ئۆزلىرىنى ئاسان يەتكىلى بولمايدىغان قىرىق قىزنىڭ ئىشقىدىن ئۈستۈن قويغانلىرىنى بۇ جانۋارلار ئەسلا بىلمەيدۇ. بىلگەن تەقدىردىمۇ ئادەملەرنىڭ مۇشۇنداق ئويلاشلى-رىنى چۈشىنەلمەسلىكى مۇمكىن.

ھېلىقى قويغا ئامراق ئۆمەر تارى قىش - ياز ئۆزى ئامراق قويلىرىغا ھەلەپ ئېتىمەن دەپ قويغا سامان تاسقاپ يۈرۈپ، سا-ماننىڭ ئاچچىق توپىسى بىلەن ئۆپكىسى بۇلغىنىپ تولا يۆتىلى-دىغان بولۇپ قېلىپ، داۋا تاپالماي جاھاندىن كېتىپ قاپتۇ. بۇ-غۇ شۇنداقلا بىر گەپ، يامان يېرى ئۆمەر تارى قويلىرى بىلەن بىللە ئېغىلدا تۆت پۇتلۇق بولۇپ ماڭىدىغان، قويدەك مەرەيدى-غان، ئېغىلدىكى قوچقارلار بىلەن ئۇسۇشىدىغان بولۇپ قاپتۇ-مىشكەن. بۇنداق گەپلەرنى سەلىم موزدۇزدىن باشقىلار دېسە خەقلەرنى ئىشەندۈرەلمەيدۇ، ئەمما سەلىم موزدۇز دېسە ھەممەيلەن چىن پۈتىدۇ.

سەلىم موزدۇزنىڭ ئاغزىدىن تۈكۈرۈك چاچرىتىپ قىلغان سۆزلىرىگە ئېمىشقا ھەممە ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى چۈشىنەل-مەيتتىم.

ئىمىن ھەسەننىڭ قارا چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ قىلغان مۇنۇ سۆزلىرى يادىمدىن كېچىدۇ: جاھاندا گەپنى تەسىرلىك، چىراي-لىق دېيىشنىڭ ئۆزىمۇ قالتىس ھۈنەر، جاھان گەپ بىلەن ئۆرە تۇرىدىغان بولۇپ تۈزۈلگەن، شۇڭا قانداق گەپنى دېيىش ھەم گەپنى قانداق دېيىشنى بىلىشنىڭ ئۆزى كۈننىڭ سىرىقىنى كۆ-رۈش- كۆرەلمەسلىكىڭىزنىڭ ئاچقۇچى.

ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ توختىماي يۆتىلىشلىرىنى كۆرۈپ

قوي بېقىشقا ئامراق ئۆمەر تارى يادىمدىن كېچىپ قالدى.
توختى سابىرغا بولغان ئۆچمەنلىكىم يۈرىكىمنى غاجاشقا
باشلىدى. خەقلەردىن خورلۇق تارتىپلا ياشاۋېرىشنى راۋا كۆرگەن
ئادەمگە كىمنىڭ ئامراقلىقى كەلسۇن. ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ
زەھەرلىك سۆزلىرىنى، سەلىم موزدۇزنىڭ يالغانلىرىنى ئاڭلىساق
مەيلى، ئەمما پۈتۈنسۇرۇك بىر ئادەم خورلۇق تارتسا بۇنىڭغا چىد-
دىغىلى بولمايدۇ. نېمىشقا بەزى ئادەملەرگە كەلگۈلۈك كېلىۋې-
رىدىغاندۇ. كىم كېلىپ مىنسە مۆڭگۈيدىغان، چىچاڭشىپ ها-
ڭىرالمايدىغان ئېشەكلەرنى ھەممە ئادەم ئىشلىتىپ، ئاخىرىدا
ئوت سامان بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ.
— توختى سابىرنىڭ خوتۇنى سەتەڭ بىرنېمە ئىدى. زىلۋا-
لىقتا ئىگەكىم مەن - مەن دېگەن خوتۇنلار ئۇنىڭ قولىغا سۇ
قۇيۇپ بېرەلمەيتتى.
تىنىقىدىن موخوركىنىڭ ھىدى كېلىدىغان بۇ كىشىنىڭ
سارغايغان چىشلىرىغا قاراپ قويۇپ، ماڭا كەلگۈسى توغرىلىق
يېزىلغان ئىككى پارچە كىتابنى بەرگەن نازۇك قىزنى ياد ئەت-
تىم. ئۇنىڭ ئىشقىنىڭ جەلپكار ئوتى يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى
ئېسىمگە كەلدى. يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرى ئېچىشقاندەك بولدى.
ئۇنىڭ يېنىغا بارسام بولاتتى.
ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىمنى ھېچكىمگە بىلدۈرگۈم يوق
ئىدى. كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدە ئۇنىڭ يېنىمغا كېلىپ نازۇك
بارماقلىرى بىلەن قولۇمدىن يېتىلەپ مېڭىشىنى شۇنداق ئارزۇ
قىلىپ كەتتىم.

# سەككىزىنچى باب



باربدىغان يېرىنى بىلمەي مېڭىش ئېغىر ئىش.

چامادانىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋېتىپ ئۆتمۈشنى ئەسلەشمۇ، كېيىنكى كۈنلەرنى خىيال قىلىشمۇ خۇشياقماي يېقىمسىز تۇيغۇلار ئىچىدە قالدىم. چىرىگەن ياغاچنىڭ ھىدى كېلىدىغان ئازمىغا سەكرەپ، بۇزۇلداپ تۇرغان لاي سۇغا شۇڭغۇپ يۈرگەن بالىلىق چاغلىرىمنىڭ خاتىرىلىرىمۇ كۆڭلۈمدە خىرەلىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

— تاينى بار ئىشلارنى قىلالمىدىم، خەپ.

بىر ئادەم ئۆزىچە مۇشۇنداق خىياللارغا پېتىپ تاماكا چېكىپ، يولنىڭ ياقىسىدا قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى كەڭ دۇنيادا تىلغا ئالغۇدەك ھېچنېمە يوقتەك، ھەممە نەرسە خۇددى ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىسىزدەك بىلىنەتتى.

— بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھنىڭ كۈن دېسە كۈن ئەمەس، ئاي دېسە ئەمەس بىر قىزى بار ئىكەن. بۇ قىزنىڭ گۈزەللىكىنى ئاڭلىغان نۇرغۇن يىگىتلەر ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ ۋىسالىغا يېتىشنى ئارزۇلاپتۇ، قىزنىڭ تويلۇقى بەك ئېغىر بولۇپ، قىرىق كۈنلۈك يىراقتىكى غاردا ياشايدىغان دىۋىنىڭ تاپىنى ئاستىدىكى گۆھەرنى ئەكىلىشنى تەلەپ قىلىدىكەن. نۇرغۇن بەرنا يىگىتلەرنىڭ جېنى دىۋىنىڭ قولىدا نابۇت بوپتۇ. شۇ يۇرتتا بىر پادىچىنىڭ يالغۇز ئوغلى بار ئىكەن...

ئۇ كىچىكىدە مۇشۇنداق ھېكايىلەرنى تولا ئاڭلايتتى. يىڭ-ناغۇچنى ئايروپىلان دەپ ئويلاپ يۈرگەن كۈنلىرىدە، تاشلاندۇق كېسەكلەردىن مۇنار ياساپ ئارقىسىدىن ئۆزى ئۆرۈۋېتىپ ھۇ-زۇرلىنىدىغان كۈنلىرىدە مۇشۇنداق ھېكايىلەرنى ئاڭلايتتى. سۇ-زۇك قاناتلىرىدا ئۇششاق سىزىقچىلار بار يىڭناغۇچنىڭ گىژىلداپ جان - جەھلى بىلەن تىركىشىشلىرى، ئىنچىكە، يىرگىنچلىك پۇتلىرى بىلەن بارماقلىرىنى قامالاشلىرى، يىڭناغۇچنىڭ مىد-تىلداپ تۇرغان ئاغزى بىلەن قوللىرىنى چىشلىگەندىكى سېزىم ھېلىمۇ ئۇنىڭ بارماقلىرىدا باردەك قىلاتتى.

مەن شاخلىرى شالاڭ دەرەخلەر ئارىسىدىن، يول بويىدىكى سىمتاناپ تۇۋرۈكنىڭ ئارقىسىدىن، بىر پاتمان غەمنى يۈدۈپ كېتىۋاتقان قەرزدار ئادەمنىڭ كۆزىدىن، دادىسى كىتاب ئېلىپ بەرمەيدىغان بالىنىڭ پەرىشان يۈرىكىدىن كۆك رەڭلىك چامادانىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان ئۆزۈمنىڭ ھارغىن ۋۇجۇدۇمغا، ئۆتمۈش، بۈگۈن، كەلگۈسى توغرىسىدىكى گادىرماچ خىياللىرىمغا ئەنسىز نەزەر سالدىم.

ھەرقانچە يېقىملىق، چىرايلىق، شېرىن بولسىمۇ ئۆتمۈشنىڭ خىياللىرىدىن قۇتۇلۇپ كەتسەم ياخشى بولاتتى، يەنە كەلگۈسى توغرىسىدىمۇ بەك تاتلىق خىياللارنى قىلىپ كەتسەم بولمايدۇ.

ھاياتنىڭ بۈيۈك تىنىقلىرىنى ئاڭلىغاچ تاشتەك قاتتىق يولدا كېتىۋېتىپ مەزمۇت دەسسەپ يۈرۈشنىڭ ھەممىدىن مۇ-ھىملىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم. روھى بەقۇۋۋەت ئادەملەر-دىن بولالىساق دۇنيانىڭ پاشا - كۇمۇتىدەك نادامەتلىرى شامال سوققاندەك يوقىلىشى مۇمكىن ئىدى.

بۇ رەھىمسىزلىك بىلەن مېھىر-شەپقەت ئارىلىشىپ كەتكەن دۇنيا. بۈگۈنكى ھاياتنىڭ مۇشۇ تەرزدە داۋام قىلىشىدا ھەر ئىك-كىسى بىر-بىرىدىن مۇھىم.

بۇ گەپنى سابىت نۇر دېگەن بولغىيدى. ئىمىن ھەسەن دې-گەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئۆتمۈشتە ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ بەك چىرايلىق قىزى، ئا-
جايىپ جاپا-مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ ئاخىردا كۆن بىلەن ئايدىنمۇ
چىرايلىق قىزنىڭ ۋىسالىغا يەتكەن پادىچىنىڭ ئوغلى توغرىسىدا
ئاڭلىغان ناھايىتى نۇرغۇن ھېكايىلەرنىڭ كۆز ئالدىمدىكى مۇنۇ
دۇنيا بىلەن، خوتۇنۇم بىلەن، ئۆزۈمنىڭ خىياللىرى، دادامنىڭ
ھەسرەتلىك ھاياتى، ئەندىكىپلا يۈرىدىغان ئانامنىڭ جىددىي ھا-
لىتى بىلەن قانداق ئالاقىسى بارلىقىنى مەن بىلمەيمەن. مەندىن
باشقا يەنە سەلىم موزدۇزنىڭ يالغانلىرى بىلەن، ئۇزۇن چاچلىق
ئادەمنىڭ دەرد-ھەسرەتلىرى بىلەن، ئۇنىڭ ئېرىنىڭ مەست بول-
غاندىكى تايىقىغا خۇمار بولۇپ قالغان خوتۇنى بىلەن، كىشىنىڭ
كۆزىگە شاخ-پۇتاقلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قۇرۇپ كەتكەن
قېرى سۆگەتتىنمۇ بەكرەك ئاۋارە كۆرۈنىدىغان توختەك موماي
بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بىلەلمەيلا مۇشۇ كۈنگە
كەلدىم.



پادىشاھنىڭ بەكلا چىرايلىق يالغۇز قىزى توغرىلىق ھېكا-
يىلەرنى ئاڭلاپ يۈرگەن بالىلىق چاغلىرىمدا، پادىشاھنىڭ ئاشۇ
قىزى كۆزۈمگە خۇددى گىتارچىنىڭ كەينىگە كىرىپ سۆز-چۆ-
چەككە قالغان قەمبەرنىسانىڭ سۇرىتىدە نامايان بولاتتى. قەمبەر-
نىسانى شۇ كۈنلەردە تولا ئويلاپ قالاتتىم، ئارىدىن نۇرغۇن
يىللار ئۆتۈپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇ يەنە پات-پات يادىمغا
يېتىپ قالىدۇ. ئۇنى بىر يۇدۇم ئوتنى يۈدىگىنىچە قوزىلىق قوي-
نى يېتىلەپ، كونا بىر مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى توپا يولدا پەرد-
شان كېتىۋاتقان ھالدا يادىمغا يەتكۈزىمەن. دادامنى ئارامىدا قوي-
مىغان، دادام بىلەن ئارىسىدا قانداقتۇر سىرلىق ئۆچ-ئاداۋەتلەر
بولغان سابىر دۇيجاڭنىڭ ئاشۇ قىزىنىڭ نېمىشقا ھازىرغا قەدەر
يادىمدىن چىقمايدىغانلىقىنى ئۆزۈممۇ تازا بىلىپ كېتەلمەيمەن.
مەن قانداق قىلىشنى بىلەلمەي يۈرگەن ئادەم.
قانداق قىلىشنى بىلدۇرۇپ قويىدىغان ئادەملەر يېنىمدا
تۇرسا ئۇلاردىن سورىمىغان ئەيىب مەندە بولۇشى مۇمكىن. قانداق

قىلىشنى ئۆگىنىپ قويىدىغان كىتابلارنى ئوقۇمىغانلىقىمنى چۈشىنەلمىدىم.

مەن ئۆزۈمنى چۈشىنەلمەي مۇشۇ جاھاندىن كېتىپ قالىدىغاندەك قىلىمەن.

يەنە راۋۇرۇس ئادەم بولالمىدىم، ئۆتمۈشۈمدە تۇتامغا چىققۇدەك ھېچ ئىشىم يوق، كەلگۈسۈممۇ خۇنۇك بولىدۇ، دەيدىغان خىياللىرىم ۋەجىدىن ئۆزۈمنى كەچۈرەلمەي، ھاياتىم ئاخىرلىشىشىمۇ مۇمكىن. خۇددى خوتۇنۇم بىر ئۆمۈر مېنى كەچۈرمىگەندەك.

بوۋام، دادام يەنە كۆزلىرىدىن تەشۋىش يېنىپ تۇرىدىغان ئانام مېنىڭ راۋۇرۇس ئادەم بولۇشۇمنى بەك ئارزۇ قىلاتتى. ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا ئادەم بولۇش ئۆلچەملىرى بولغان بولۇشى مۇمكىن. دادام ماڭا نۇرغۇن كىتابلارنى يېزىشنى ئارمان قىلىدىغان ئادەم بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ساقلىغان كىتابلىرى، يازغان خاتىرىلىرى قىپقىزىل ئوت يالقۇنلىرى ئىچىدە كۆيۈپ بىر دۆۋە كۈلگە ئايلانغان شۇ دەمدە، ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق يىغلاپ كەتكەنلىرى يادىمغا يەتسە ئۆپكەم ئۆرۈلىدۇ.

مېنىڭ كىتاب يازىدىغان ئادەمنىڭ بالىسى بولۇپ قېلىشىم، كىتابنى تولا ئوقۇيدىغان ئادەم بولۇپ قېلىشىم، كەلگۈسى توغرىسىدا يېزىلغان كىتابنى ئوقۇيمەن دەپ ئوقۇيالماسلىقىم، ئۇنى چامادانىمغا سېلىپ چوقۇم ئوقۇشقا نىيەت قىلغان بولسامۇ، رىغبىتىم بولماسلىقى تەقدىر ئەزەلدە پۈتۈلۈپ كەتكەن ئىشلار بولۇشى مۇمكىن.

كىتاب يازىدىغان ئادەملەر توغرىسىدا گەپ بولغان كۈندىن بۇرۇنمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەن دادامنىڭ ھەسرەتلىك تۇرقىنى، كىرسىن چىراغنىڭ يورۇقىدا دۈمچىيىپ ئولتۇرۇپ كىتاب يېزىشلىرىنى يادىمغا ئالغاندىم. ئۇزۇن چاچلىق ئادەم مېنى دورىدى، دەپ سابىت نۇرنى تىللىغان كۈنىمۇ يەنە دادامنى ياد ئەتكەندىم.

نەچچە يىل بۇرۇن خەقلەرنىڭ مورىسىدىن كۆتۈرۈلگەن كۆ-مۈر ئىسى مەھەللە ھاۋاسىنى دىمىق قىلىۋەتكەن بىر كەچلىكى، ئۆتكەن - كەچكەنلەر بىلەن ئۇزاق پاراڭلىشىپ تۇرغان چاغدىمۇ مۇشۇنداق ئويلىغانىدىم. بىز شۇ چاغدا ئىچىدىغان سۇنىڭ بۇل-غىنىپ كەتكەنلىكىدىن ئىچىمىز پۇشۇپ سۆزلىشىپ تۇرغان ئىدۇق. قوي، كالا، ئېشەك، ئات ھەتتا ئىتلارمۇ ئىچىدىغان كۆلدىن سۇ ئىچىپ چوڭ بولغان بىر ئادەم ئۆزىنىڭ شۇ كۈنلىرىدىن ۋايساپ بىرنېمىلەرنى دەۋاتاتتى.

— كۆلنىڭ چۆرىسىگە تام سالايلى دەپ ھېچكىمگە گەپ ئاڭلىتالمىغانىدىم.

ئۇنىڭ دەۋاتقىنى بۇرۇنقى ئىشلار ئىدى.

شۇ ئارىدا بىرەيلەن دوغىيىپ ماڭغىنىچە قاتتىق يۆتىلىپ يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ ناھايىتى ئويچان كۆرۈنەتتى، قول-لىرىنى كەينىگە قىلىۋالغانىدى. ئۇمۇ خۇددى ئۇزۇن چاچلىق ئا-دەمگە ئوخشاش قېقىلىپ يۆتىلەتتى. ناۋادا مەن ئۇنى تونۇمىغان بولسام بۇنىمۇ قوي ياكى كالا بېقىشقا ھەۋەس قىلىپ سامانىنىڭ چاڭ-توزانلىرى بىلەن ئۆپكىسى كاردىن چىققان بىرى بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىغان بولاتتىم.

سابىت نۇر گىرۋەكلىرى كىرلەشكەن شىلەپىسىنى چۆكۈ-رۈپ كىيىۋالغانىدى. ئادەتتە نەچچە ئادەم چۇلغىشىۋالغان يەرگە چىرايلىق سالام بېرىپ كېلىدىغان سابىت نۇر بۈگۈن ھېچكىم-گىمۇ قارىماي، قاتتىق يۆتەلگىنىچە دوغىيىپ يېنىمىزدىن ئۆ-تۈپ كەتتى.

ئۇنىڭ ماڭىمۇ قارىماي كېتىپ قالغىنىدىن ھەيران قالدىم. كۆرمىگەن بولسا كېرەك.

ئۇزۇن چاچلىق ئادەم قېقىلغىنىچە قولىدىكى تاماكىسىنى چۆرۈۋېتىپ خىرىلدىدى:

— كىمنى دورايدۇ ماۋۇ گوي ...

ئۇ قاتتىق يۆتىلىپ كېتىپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيىشكە

ئۆلگۈرەلمىدى.

— كىمنى دورىدى.

ئارىدىن بىرەيلەن ھەيران قالغاندەك تەلەپپۇزدا سورىدى.

— يۈتەلسەم تەڭ يۆتىلىۋاتىدۇ مېنى زاڭلىق قىلىپ.

ھەممەيلەن ئېڭىشىپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ كەينىدىن قاراشتى، مەن ئۇنىڭ شىلەپىسىنىڭ بېشىغا سەل چوڭ كېلىپ قالغىنىنى سەزدىم. ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ ئەلەمدىن بۇرۇن پەرەكلىرى كېڭىيىپ كەتكەنىدى. مەستلىكتىن قىزارغان كۆز-لىرىدە ھەسرەتنىڭ يېقىمسىز شولىسى سىلغىيىپ تۇراتتى.

— ئۇمۇ تاماكىنى جىق چېكىدىغان ئادەم، ئۇنى يازغۇچى دېيىشىدىكەن.

مېنىڭ كۆزۈم ئۇزۇن چاچلىق ئادەمدە ئىدى، ئۇنى يۇگۇرۇپ بېرىپ سابىت نۇرنىڭ ياقىسىغا ئېسىلارمىكىن دەپ قالدىم.

— يازغۇچى دەڭلا، مۇشۇ يازغۇچى دېگەن نېمە ئىش قىلىدىغان خەق زادى.

— سەلىم موزدۇزنىڭ دېيىشىچە، يازغۇچى دېگەن يالغاننى توقۇپ كىتاب قىلىپ يازىدىغان ئادەمكەن، ئەمما ئاشۇ يالغان گەپلىرىگە ھەممە ئادەمنى ئىشەندۇرەلىسە ئاندىن يازغۇچى بولالايدىغان گەپكەن، مۇنۇ يازغۇچى ھازىرغا قەدەر ئۆزى يازغان يالغان نەرسىلەرگە ھېچكىمنى ئىشەندۇەلمەي ئاۋارە بولۇپ يۈرۈ-ۋېتىپتىمىش.

ئۇزۇن چاچلىق ئادەم يەنە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى. ئۇ-نىڭ بايىقى ئاچچىقى سەل بېسىلغاندەك قىلاتتى.

— يازغۇچى دېگەننىڭ يازغانلىرى يالغان بولغان بىلەن، راست گەپتىنمۇ قۇۋۋەتلىك ئىمىش، شۇڭا ھېلىقى بىر چاغلاردا يازغۇچى دېگەنلەر بېشىغا جىق كالتەك يەپ كەتكەنمىش. بىزنىڭ بىر يازغۇچى تۇغقىنىمىز بار ئىدى، ئۇنىڭ دادامغا شۇنداق دې-گەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

سابىت نۇر كېتىۋېتىپ يەنە قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى، ئۇزۇن

چاچلىق ئادەم ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن تىكىلدى، ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. سابىت نۇر قوي ياكى كالىسىغا سامان تاسقاي-مەن، دەپ ئۆپكىسىنى زىيانغا ئۇچراتقانلارغا ئوخشمايتتى.

— مۇشۇمۇ بىر قېتىم بېشىغا كالتەك يېگەن ئادەم.

بۇ يەردە سابىت نۇرنىڭ بېشىغا كالتەك يېگەنلىكىگە قىزىقمىغان ئادەم يوقتەك قىلاتتى.

— يازغۇچى دېگەن يالغان گەپنى توقۇيدىغان ئادەم بولسا، ئەمىسە سەلىم موزدۇزغا ئوخشايدىكەن جۇمۇ.

— بەزى يەرلىرى ئوخشايدۇ زادى، سەلىم موزدۇز يالغان گەپ قىلىدۇ، يازغۇچىمۇ شۇ، بىراق سەلىم موزدۇز سۆزلەپلا بولدى قىلىدۇ، يازغۇچى يالغاننى يېزىپ كىتاب قىلىدۇ، سەلىم موزدۇزنىڭ يالغانلىرىنى سۈرۈشتۈرىدىغان ئادەم يوق، ئەمما يازغۇچى پات-پات خاپىلىقتا قالىدۇ. بىر قېتىم ئەمەلدارلارنىڭ يەپ - ئىچىشلىرىنى سۈت بەرمەيدىغان كالىنىڭ ھەلەپ يېيىشىگە ئوخشىتىپ بىرنېمە يېزىپتىكەن، نودەر ھاكىم قىچقىرىپ ئاپىرىپ، يېگەن بولساق سېنىڭكىنى يېدۇقمۇ؟ دەپ بۇ كىشىنىڭ تازا ئەدىبىنى بەرگەن گەپ.

— ئەمىسە ئىككىنچىلەپ بىرنېمە يازماپتۇ بۇ.

— نەدە، بۇرنىغا سۇ كىرمەيدىغان ئادەمكەن بۇ. پات-پات يەنە خەقلەردىن تىل ئاڭلاپ يۈرىدۇ دەيدۇ بۇنى.

— مۇشۇ كىشىنىڭ بىز بىلمەيدىغان دەردى بولۇشى مۇمكىن.

ھېلىقى، يازغۇچىدىن تۇغقىنىم بار، دېگەن كىشى شۇنداق دەپ بولۇپ جىم بولۇپ قالدى.

— يازغۇچى دېگەننى، يالغان گەپ قىلغان بولۇپ راست گەپنى دەۋالىدۇ، دەيدىغۇ.

بىرى شۇنداق دېدى. سابىت نۇر بىر دوقمۇشتىن قايرىلىپ كۆزدىن غايىب بولدى. مەن ئۇنى ئىمىن كاۋاپچىنىڭ دۇكىنىغا ئىككى رومكا قېقىۋالغىلى ماڭدىمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم. بايا ئۇ مېنى كۆرمىدى، مەنمۇ چاقىرمىدىم. بولمىسا بۇ يەردە باياتىن

بولۇنغان پاراڭلار بايىقىغا ئوخشىمايتتى. سابىت نۇر ئىمىن كاۋاپچىنىڭ سىپمىز خوتۇنىدىن يەنە تىل ئاڭلايدىغان بولدى. ئۇ خوتۇن سابىت نۇردىن ھېيىقسىمۇ يەنە ئاڭلىتىپ، ئاڭلاتماي بىر - نېمىلەرنى غوتۇلداپ ئۇنى تىللىۋالاتتى. مەن سابىت نۇرنىڭ نېـ - سىيسى بەك جىق بولۇشى مۇمكىن، دەپ خىيال قىلاتتىم.

توختى سابىر بىر بۇلۇڭدا جىممىدە قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ غېرىبلىق باسقان چىرايىغا قاراپ مۇشۇ خىلدىكى ئادەملەرنىڭ دەۋرى ئاخىرلاشقاندەك قىلىدۇ، دېگەنلەر يادىمدىن كەچتى. نېـ - مىشقا شۇنداق ئويلىغىنىمنى بىلمەيمەن، ئەمما ماڭا توختى سا - بىر ھەم مۇشۇنىڭدەك ئادەملەرنىڭ خىياللىرى، ئويلىرى، مېڭىش تۇرۇشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك، بۇ ئادەملەر - نىڭ چىرايى، گەپ - سۆزلىرى بۈگۈنكى دۇنيا تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن. بىر قارىغاندا ئۆزىمىز يا - شاۋاتقان مۇشۇ زاماننىڭ ئادىمى بولماقىمۇ بەسىي مۇشكۇلدەك قىلاتتى. ئالدىدا كەتكەنلەرمۇ، ئارقىدا قالغانلارمۇ دىشۋارچىـ - لىقلاردىن نېرى بولالمىسا كېرەك. توختى سابىر كۆزۈمگە بىر قىسمىلا كۆرۈنۈپ كەتتى.

— يازغۇچى دېگەننى خوتۇنپۇرۇش كېلىدۇ دەپ ئاڭلىغان.

يازغۇچى توغرىسىدا جىق گەپلەر بولدى، نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان يازغۇچىلارنىڭ قولىدا پۈتكەن جىق كىتابلارنى ئوقۇغان بولسامۇ، يازغۇچى دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئوبدانراق ئويلاپ باقماپتىكەنمەن، مەن بىلىدىغان يازغۇچى، دادامنىڭ، سا - بىت نۇرنىڭ، ئىمىن ھەسەننىڭ قىياپىتىدە ئىدى. بۇ يەردىكى گەپلەردىن بىلدىمكى، يازغۇچى دېگەن جاھاندىكى خېلى - خېلى ئەيىب - نۇقسانلارنىڭ، غىجىپاراق ئىشلارنىڭ ئىگىسى ئىكەن. مەن شۇ چاغدا كۆڭلۈمنىڭ بىرقانداق بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم، مەن يازغۇچى يازغان كىتابنى تولا ئوقۇيدىغان ھەم دادىسىنى يازغۇچى ھېسابلايدىغان ئادەم بولغاچقا، بايا مۇنۇ ئادەمـ - لەر ئېيتقان يازغۇچىدا بار، ناباب ئىشلار مەندىمۇ باردەك ھېس

قىلىپ قالدىم. كۆڭلۈمگە غەشلىك تارىغاندەك بولدى، كۆڭلۈمدە ناھايىتى بۇرۇندىن تارتىپ بىلىپ ـ بىلمەي يامان ئىشقا ئارىلىشىپ قالغاندەك تۇيغۇ پەيدا بولدى.

سابىت نۇرنىڭ توختىماي يۆتىلىشلىرىنى، قەددىنىڭ مۈكچىيىپ كېتىشلىرىنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم.

— يازغۇچى دېگەن ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس، مىليوندىن بىرەرى چىقىپ قالىدۇ، دەپ ئاڭلىغانمەن.

مەن ئەسلىي مۇنداق گەپنى دېمەكچى ئەمەستىم، ئاغزىمدىن چىقىپ كېتىپ قالدى. بۇرۇندىن شۇنداق بىر خۇيۇم بار، ئاغزىمدىن بىر گەپ چىقىپ كەتسە شۇ گەپنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى كۆڭلۈمدە بىلىپ تۇرساممۇ، گېپىمدىن يېنىۋالغۇم كەلمەيدۇ. بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۆزۈمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە باشقىلارنى ئىشەندۈرۈشكە كۈچەپ ھالىم قالمايدۇ.

— ئۇلۇغلىرى بولۇشى مۇمكىن، بىراق مۇنۇ ئادەمنى ئۇلۇغ دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ دېگەن پادىچىنىڭ بالىسى ... تۇزۇكمۇ ئوقۇمىغان.

— بىراق نە ـ نەلەردىن خەقلەر ئىزدەپ كېلىدۇ دەيدۇ.

— ئۆزىدەك ساراڭلار ئىزدىمەمدۇ، ھەممە نەرسە خىلى بىلەن جاھان بۇ.

بۇ گەپنى كىمنىڭ دېگەنلىكىگە دىققەت قىلمىدىم. كىم دېسە ئىشقىلىپ بىرى شۇنداق دېدى. مەن بىرنېمە دەي دەپ يەنە توختاپ قالدىم. ئىش چىڭىغا چىقىپ قالسا بولمايتتى. مەن ئۇلۇغ دېدىم، ئەمما باشقىلار بۇنىڭغا ئىشەنمەيدىكەن. مەن ئوقۇغان كىتابلاردىن بەزىلىرىنى يىغلاپ تۇرۇپ ئوقۇدۇم، ھەسرەتلىك پىغانلار يۈرىكىمنى تىلدى. مەن ئاشۇ كىتابلارنى يازغان ئادەملەرنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن ئەزەلدىن گۇمانلىنىپ باقمىدىم. مۇنۇ ئادەملەر نېمە دېسۇن، مەن ئۆزۈمنىڭ ئويلىغانلىرىم بويىچە ئىش قىلسام بولدى. ئۆزىنى ئەمەس باشقىلارنى دەپ ئىسسىق جېنىنى سېلىپ بەرگەن ئادەملەر ھەققىدە، يەنە ئادەم دېگەننىڭ

قانداق قىلىپ ھايۋاندىن ئايرىلىپ چىقىشى كېرەكلىكى ھەققىدە يازغان ئادەملەرنى بايىقىدەك بىرنېمىلەرنى دەپ تىللىسا يۈرى-كىمنىڭ بىر يەرلىرىنىڭ ئېچىشىشىنى يامان دېگىلى بولمايدۇ.

سابىت نۇر پادىچىنىڭ بالىسى بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى كاتتا ئادەملەر قاتارىغا قويغىلى بولمايدىكەن. پادىشاھنىڭ كۈندىن، ئايدىن چىرايلىق قىزلىرىنىڭ ۋىسالىغا يەتكەن پادىچىلارنىڭ ئوغۇللىرى ھەققىدىكى ھېكايىلەرگە ئىشىنىدىغان ھېچكىم يوق بولسا كېرەك.

قېشىمدىكى ئادەملەر يازغۇچىنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەن-لىكى ھەققىدە جىق گەپلەرنى قىلىشتى، مەن ئۆز خىيالىم بىلەن قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاخىرىدا يەنە نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكىنى بى-لەلمىدىم. كۆكتە بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى، نۇرغۇن كەپتەرلەر سۈزۈك ئاسماندا موللاق ئېتىپ ئۇچاتتى، يۈرىكىمگە كەپتەرنىڭ ئىشقى چۈشكەنلەر شۇ ھالدا مۇلايىم كۆك ئەركىسى بولغان كەپ-تەرلەرنىڭ پەرۋازىدىن مەست بولۇپ يۈرۈشىدىغاندۇ. مەندەك ئا-دەملەر ئۈچۈن ئۇنىڭ نەدە ئۇچۇشى، قانداق ئۇچۇشى يەنە رەڭگى-نىڭ قانداق بولۇشى تېيىنغا ئەرزىمەيدىغان ئىش. بەزى ئادەملەر-نىڭ نەزەرىدە سابىت نۇردەك ئادەملەر خۇددى مېنىڭ نەزەرىمدىكى كەپتەرگە ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن.

سابىت نۇر يازغان نەرسىسىنىڭ كاساپىتىدىن بىرسىدىن تاياق يېگەن كۈنلەردە بىزنىڭ مەھەللىنىڭ دوقمۇشىدا پات-پات ئۇ توغرىلىق گەپ بولۇپ تۇراتتى.

كېيىنكى كۈنلەردە سابىت نۇر خوتۇنىنى قويۇۋېتىپتۇ، دې-گەن گەپلەر ئاۋۇپ قالغانىدى. ئۇ خوتۇنىنى راست قويۇۋەتتىمۇ ياكى خەقنىڭ تاپقان گېپىمۇ، بۇنىڭغا بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ مېنىڭ خوتۇنۇمغا ئوخشاش خۇي پېئىلدىكى خوتۇن بولۇشى مۇمكىن.

شەھەر ئۇيقۇسىرىغان پېتى سوزۇلۇپ ياتاتتى. سان - سا-ناقسىز يۈرەكلەر شەھەرنىڭ يۈرىكىگە ماس دۈپۈلدەيتتى. بۇ يۇ-

رەكلەرنىڭ جىددىي سوقۇشلىرى، مىڭلىغان ئارزۇلارنىڭ ئوتىدا كۆيۈشلىرىدىن ھاياتنىڭ تۇرلۇك - تۈمەن چىغىر يوللىرى ھەر- يان تولغىنىپ، يىراق - يىراقلارغا كەتكەنىدى. كۆك رەڭلىك چامادان كۆتۈرۈۋالغان بىر ئادەم ئۆزى مېڭىۋاتقان چىغىر يولنىڭ قايان بارىدىغانلىقىنى بىلەلمىگەن ھالدا كېتىپ باراتتى.

شۇ تۇرقىدا ئۇيدىن چىقىپ كەتكىنىمنى بىركىم بىلىپ قالسا قانداق بولار، دەپ ئەنسىرەۋاتقاندەك ئىدىم، يەنە ئەگەر ھېچكىم ئۇقمىسا، جىم-جىملا بولۇپ كەتسە، ئۇيدىن چىقىپ كەتكىنىمگە بىركىم پەرۋا قىلمىسا بەك غېرىبسىنىپ كېتىدىغاندەكمۇ قىلاتتىم.

— بۇ ئۇيدىن ھەرقانداق ئادەم چىقىپ كېتىدۇ.

مەن كەشتە تىكىپ ئولتۇرغان خوتۇنۇمغا ئۆچمەنلىك بىلەن تىكىلدىم.

— چىقىپ كەتكۈسى بار ئادەمنى توسۇۋالغىلى بولمايدۇ، كىم كەتمەكچى بولسا مەن چىرايلىق يولغا سېلىپ قويىمەن.

قۇشقاچلار مېنى مەسخىرە قىلىپ سايرايتتى.

بۇلۇتلار مەن ئۇچۇن ياش تۆكەتتى.

بورانلار مەن ئۇچۇن ھەسرەت چېكىپ ھۇۋلايتتى.

ئۆزگە تەئەللۇق نەرسىگە ئىشەنچ قىلالمىغان بىر يۈرەك ئۇچۇن چۆرىسىدە چىم ئۆسكەن ئېرىقلاردا ئېقىۋاتقان سۇلار ھەسرەت چېكەتتى.

چامادانىكى ئىككى پارچە كىتابنىڭ بىرىنى بولسىمۇ ئو- قۇپ باقسام بولاتتى. بۇ كىتابلارنى شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان ئو- قۇپ بولالمىغىنىم بىر غەلەت ئىدى، مەن دائىم كىتاب ئوقۇيدى- غان ئادەم نېمىشقا مۇشۇ ئىككى كىتابنى ئوقۇمىغىنىمنى ئۆ- زۈممۇ چۈشىنىپ بولالمايمەن.

قاپقارا چاچلىرى چېچىلىپ تۇرىدىغان، ئوتتەك بىر ھەۋەس يېنىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى كىشىنى مەست قىلىدىغان قىز يۈ- رىكىمدە مىڭلارچە ھەۋەس ئويغاتقان شۇ كۇنى، ئۇ بەرگەن ئىككى

پارچە كىتابنى ئېلىپ كېتىۋاتسام بىرسى دولامغا پاققىدە بىرنى قويدى. مەن چۆچۈپ كەتتىم. ئۇ تاياق يەپ دوختۇردا يېتىپ قې-لىپ، يېڭى ساقايغان چاغلىرىم بولسا كېرەك، چۆچۈپلا يۈرەت-تىم. ھەممە ئادەم مەندەك تولا قورقامدۇ ياكى بۇ مەندىكى ئالا-مەتمۇ، ئىشقىلىپ شۇ ئىشتىن كېيىن تولا بىرنېمىلەردىن قور-قىدىغان بولۇپ قالغانىدىم. دولامغا ئۇرغان ساۋاقداشىمنىڭ ئې-سىلىپ تۇرغان ئېڭەكلىرى كۆزۈمگە بىرقىسما كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ قولۇمدىكى كىتابنى ئېلىپ مۇقاۋىسىغا، ئاندىن باھاسىغا قاراپ قويۇپ كۈلۈپ قويدى. كۈلۈشلىرى شۇنداق يىرىك ئىدى.

— نېمە كىتابكەن بۇ؟

— كەلگۈسى توغرىسىدا يېزىلغان كىتابكەن.

— نەچچە پۇلكەن؟

— باھاسى تۇرمامدۇ.

— بىر-ئىككى ئادەمنىڭ كەلگۈسىدە ئۇ بولىدۇ، بۇ بولىدۇ دېگەندەك پەلسەپەتىش گەپلىرىگە ئىشىنىپ يۈرمە، ھەممىسى قۇ-رۇق گەپ، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق كىتابلاردا ئاسماننىڭ بىر يېرى تېشىلىپ كەتتى، ئىنسانلارنىڭ قىيامىتىگە ئاز قال-دى، دەپ جۆيلۈپ يۈرۈشكەن، شۇ گەپكىمۇ نەچچە يىل بولدى، مانا ھەممە ئادەم بىر ئوبدان ياشاۋاتامدۇ، بۇ ھەقچان شۇ ئۆيە-دىن تالاغا چىقمايدىغان زاھىدتىن بىرەرسىنىڭ سۆڭگىچىگە ئۇ-رۇپلا تاپقان گەپلىرىدۇ، بۇمۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئايغا چىققىلى بو-لىدۇ، قەشقەردىكى دوختۇر قارامايدا ئۆلگەن بىرسىنىڭ ئۆلۈش سەۋەبىگە دىئاگنوز قويالايدۇ، دېگەندەك بىرنېمىلەر يېزىلغان كىتابتۇ بەلكىم.

ساۋاقداشىم جىق گەپلەرنى دېدى. بۈگۈنكى كۈندە كىتاب خالتىسى بولۇپ قالسا بولمايدىغانلىقىنى، كۆزنى يوغان ئېچىپ جاھانغا نەزەر سېلىش كېرەكلىكىنى، ۋاقىتنى كىمگىز كىتابلارغا زايە قىلسا ئۆمۈرنى ئىسراپ قىلغانلىق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ماڭا بىرمۇنچە نەسىھەت قىلدى. سەل سىڭايان بولۇپ ئادەمگە

كۆزىنىڭ قىرىدا قاراشلىرى بەكمۇ جانغا تېگەتتى.
بەھەيۋەت شولىسى تامدا ئەلەڭگىپ تۇرغان دادامنىڭ مۇك-چىيىپ ئولتۇرۇپ، جاھاننى ئۇنتۇپ بىرنېمىلەرنى كىتىرلىتىپ يېزىشلىرى، سىياھى قالمىغان قەلەمنى سىلكىپ قويۇشلىرى، ئانامنىڭ ئەندىككەندەك ئېھتىيات بىلەن پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەس-سەپ پات-پات تالاغا قاراپ قويۇشلىرى، چىرايى ناھايىتى سۇر-لۇك ئادەملەرنىڭ دادامنىڭ ئالدىدا تۇرغان قورقۇنچلۇق قىياپى-تى، دادامنىڭ تاتارغان چىرايى يادىمغا كەلدى.
— كىتاب ئوقۇيدىغانلار ساپلا ساراڭ قېتىش كېلىدۇ.
بەزى ئادەملەر مۇشۇنداق دەيدۇ. بۇنداق گەپلەر توپتوغرا ما-ڭىلا تېگىدۇ.
— ھەممە بالا، كىتاب خالتىلىرىدىن تارقىلىدۇ.
بۇنداق گەپلەر مېنىڭ مېڭەمنى قوچۇۋېتىدۇ. قورقۇنچاق تۇغۇلۇپ قالغىنىمنىڭ جازاسىنى مۇشۇنداق چاغدا تارتىمەن.
شىرەم تۇغقىنىمىزنىڭ ماڭا قارىغان چاغدىكى گۇمان ھەم ئۆچمەنلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى يۈرىكىمگە مىختەك سانجى-لىدۇ.
خوتۇنۇم بۇ دەردىمنى ئاڭلىغان چاغدا كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ:
— پەرۋا قىلماڭ، دۆت ئادەملەر ھەممە جايدا بار، — دېگە-نىدى.
خوتۇنۇمنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى تازا بىلەلمىدىم، ئۇنىڭ گېپى بېشى يوق، ئايىغىمۇ يوق بولۇپ تۇيۇلدى، ئۇ دائىم مۇشۇنداق گەپ قىلىدۇ، ئۇنىڭ سۆزلەش ئادىتى خۇددى مۇ-شۇنداق.
خوتۇنۇم شۇنداق دېگەندە يامغۇر ياغقان يەكشەنبىدىكى ئىشلار تېخى يۈز بەرمىگەنىدى. ئۇ خوتۇنۇمنىڭ دوستى ئاتايىن ۋاقىت چىقىرىپ، ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ خوتۇنۇمغا مېنىڭ شەرمەندە ھالىمنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئۇنى مېھمانخانىغا باشلاپ كەلمىگەن

چاغلار ئىدى. ياتاقنىڭ ئىشىكىنى تاقاشنى ئۇنتۇپ قالغان دۆتلۇكىمنى ناھايىتى ئۇزۇنغىچە ئېسىمدىن چىقىرالمىدىم.

ساۋاقدىشىم كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان تۇرۇقتا ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى. بۇ دۇنيادا بىركىملەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتمەك بەك تەس، مەن بەزى ئادەملەرنىڭ ماڭا مۇشۇنداق ھالەتتە قاراپ تۇرۇشلىرىغا بەك ئۆچ.

— ئىزدىشىپ ئۆتەيلى، ھېلىتىن دەرۋىش بولۇۋالما، يەنە بىر گەپ، كىتابنى جىق ئوقۇما، بۇرۇنمۇ شۇنداق ئىدىڭ، كىتاب ئوقۇپ نېمىگە ئېرىشتىڭ. كىتاب ئوقۇغان ئادەم جاھاننى كىتابتىكى گەپلەر بىلەن ئۆلچەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن زىياننىڭ چوڭىنى تارتىدۇ.

ئۇ شۇنداق دەپلا كېتىپ قالدى، مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم، ساۋاقدىشىمنىڭ گېپىچە، كىتاب بىلەن بۇ جاھاننىڭ قائىدىلىرى چىقىشالمايدىكەن، كىتاب ئوقۇغانلار زىيان تارتىدۇ دېگىنى نېمىسى. كىتابلارنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەر بۇ دۇنيانىڭ تەرتىپلىرىگە ئۇدۇل كەلمەيدۇ، دېگىنى بولسا كېرەك. مەن بالامنى، يېقىن-يورۇقلىرىمنى، ماڭا ئالاقىدار ئادەملەرنى مۇشۇنداق گەپ قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ يېنىغا بېرىپ قېلىشتىن توسۇشۇم كېرەك بولىدۇ، يەنە مۇشۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاشتىن ساقلىسام بولىدۇ.

مۇشۇ گەپلەرنى ئىمىن ھەسەنگە دەپ بېرىۋىدىم ئۇ پىيالىسىدىكى چاينى ئالدىرىماي سۇمۇرۇپ بولۇپ ئاستا دېدى:

— ھايات نېسىۋىنى سىز-بىزدەك ئادەملەرگە ئەمەس ھېلىقىدەك ئادەملەرگە كەڭرى چېچىپ بەرگەن، سىز ئاشۇنداق ئادەملەرگە ئىچ ئاغرىتىسىڭىزمۇ ئەمەلىيەتتە، بوران چىققان كۇنلەردە سىز ئەسكى ۋېلىسىپىتنى شامالنىڭ يۆنىلىشىگە قارشى كۇچەپ ئىتتىرىپ كېتىۋاتقان چېغىڭىزدا ھېلىقىدەك ئادەملەر ئالىي دەرىجىلىك ماشىنىسىدا سىگنال بېرىپ قويۇپ، ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن ئادەملەر سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئەمەس ساۋاق-

دىشىڭىزنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان بولۇپ چىقىدۇ.
مەن ساۋاقداشىمنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدىم. يىراقتىن قارىماققا ئۇ شۇنداق سۆلەتلىك كۆرۈنەتتى. مەن ئۇھ تارتىۋېتىشكە تاس قالدىم. ئۆزۈمنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلمىگەندىمۇ، تەقدىرنى تەن ئالماسلىق مېنىڭ كېسەلىم بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدەك ئادەملەرنى بۇرۇنقىلار «قۇيرۇقۇمنى بۆرە يېسە يېسۇن، كۆزۈم كۆرمىسۇن» دېگەن تەمسىل بىلەن يەتكۈچە مەسخىرە قىلغان. ساۋاقداشىمدەك ئادەملەر پارقىراق يولدا قايسى تەرەپكە ماڭغىنىنى سەزمەي كېتىۋېرىدۇ، مەن توپا ئۆرلەپ تۇرغان چىغىر يولدا قەدەمدە بىر پۇتلىشىپ ھەممىنى بىلىپ كېتىۋاتىمەن، ئەمما مەن مېنى قورشاپ تۇرغان، مېنىڭ ئوي-پىكرىمنى، مېنىڭ ھەربىر مىدىرلىشىمنى تىزگىنلەپ تۇرغان، كۆزگە كۆرۈنمەس يىپلارنى ھېس قىلىپ ياشىدىم. دادام كىچىكىمدە رەگەتكە ئوينىشىمغا قارشى تۇراتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە رەگەتكىنىڭ تېشى چاچراپ كېلىپ كۆزۈمنى قۇيۇۋېتىشى مۇمكىنكەن، بالىلار بىلەن قوغلاشماق ئوينىشىمنى، مۇشتلىشىشىمنى يامان كۆرەتتى، بۇنداق بولغاندا مەن ئۇنىڭغا جېدەل تېپىپ بېرىشىم مۇمكىنكەن، چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ يەنە ھەممە ئىشتا ھەربىر قەدەمدە دىققەت قىلىپ ياشىشىمنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ قالدىم. كوچىدا كېتىۋېتىپ بىرەر قىزىق گەپ يادىمدىن كېچىپ قالسا كۈلۈپ سېلىشتىن قورقىمەن، كۈلىدىغان ئىشلارغا چوقۇم ھەممە ئادەم كۈلگەن چاغدا، بىرمۇنچە ئادەم بىر يەردە تۇرۇپ كۈلگەندە بىللە كۈلۈشكە توغرا كېلىدۇ، بولمىسا خەقلەر مېنى ساراڭ بولۇپ قاپتۇ دەيدۇ. ناھايىتى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان باشقىلارنىڭ، ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەيدۇ، دېيىشىدىن ئەنسىرەپ، جىق ئىشلاردا خەقلەرنىڭ قاپىقىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ھاسىل بولغان چىغىر يولدا مېڭىپ كەلدىم، ئۇرۇشقاق ئادەمكەن دېمىسۇن، خۇيى ئوسالكەن، دېگەن ئاتاقتا قالماي دەپ تار يولدا سوقۇۋېتىپ ماڭغانلارغىمۇ ئالىيىپ قاراپ باقمىدىم، بېقىنىمنى

تۇرتۇپ ئۆتكەنلەرگىمۇ زۇۋان سۇرمىدىم. شۇڭا مۇشۇ كۈنگىچە خەقلەرنىڭ مېنى ئۇنداق يا مۇنداق دەپ يامان تەرەپكە جورۇپ بىرنېمە دېگىنىنى بىلمەيمەن. كۆك رەڭلىك چامادانىمنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىمنى بىلسە نېمە گەپلەرنىڭ چىقىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن.

ياخشى ـ يامان كۈنلەرنىڭ شاراپىتى يا كاساپىتى بېشىمغا يوپۇرۇلۇپ كەلگەندە كۆڭلۈمدە ئەزەلدىن مەن رازى بولىدىغان تەقدىر ـ يازمىشىمنىڭ قۇدرىتى مۇشۇ، دەپ باقمىدىم. جاھاندا خوتۇنۇم بىلەن مەن، يەنە سەلىم موزدوز، ئىمىن ھەسەن، ئۇزۇن چاچلىق ئادەم دېگەنلەر بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا، ئۇندىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئىشلاردا مەن چوقۇم ماڭمىسام بولمايدىغان خاتا يۆ-نىلىشلىك يوللار تولا ئىدى. بەزى چاغلاردىكى خىيالىم بويىچە ئىمىن ھەسەن دېگەندەك ئېسىل پىكاپتىكى ساۋاقدىشىم ماڭىدى-غان پارقىراق تۈز يول بىلەن، مەن ئەسكى ۋېلىسىپىتتا ماڭىدى-غان توپىلاق چىغىر يولنىڭ تەقدىر تەرىپىدىن خاتا تەقسىم بول-غىنى راست ئىدى.

مۇشۇنداق خىياللارنى قىلغاندا بۇ مەندىكى ھەسەتخورلۇق بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدىم.

بۇ ساۋاقدىشىم بىر زامانلاردا مۇھەببەت خەتلىرىنى يېزىشقا بەك ئۇستا ئىدى، خەتلىرىمۇ شۇنداق چىرايلىق، گەپلىرى شې-رىن ئىدى، ئۇنىڭ ئاجايىپ تاتلىق، بىر-بىرىگە ماسلىشىپ ياپ-سا كەلگەن، مارجاندەك تىزىلغان شۇنداق خەتلەرنى قانداق يازى-دىغانلىقىنى ئەقلىمگە سىغدۇرالمايتتىم. بۇنداق خەتلەرنى مەن مەڭگۈ يېزىپ چىقالماسلىقىم مۇمكىن ئىدى. «سۇمبۇلدەك چاچ-لىرىڭىز، قىياقتەك قاشلىرىڭىز، بۇلاقتەك كۆزلىرىڭىز، ئە-لىپتەك بۇرنىڭىز، گىلاستەك لەۋلىرىڭىز، ئۈنچىدەك چىشلىرى-ڭىز... كۈن مىسال مېھرىڭىز، ئاي كەبى چېھرىڭىز، سەرۋىدەك قامىتىڭىز ئەقلىمنى لال قىلدى ... دەردى-پىراقىڭىزدىن بۇ جاھان ماڭا ھارام بولدى ...» ئۇنىڭ شۇ زاماندا يازغان خەتلىرى-

نىڭ مۇشۇ يەرلىرى ئېسىمدە قاپتۇ ... ھازىر ئويلىسام ھېلىقى خەتلەردە يېزىلغاندەك سۈپەتتىكى قىزلار بۇ جاھاندا يوق ئىكەن، بىراق بەزى قىزلار ئاشۇ خەتلەرنىڭ سېھرى بىلەن ئۆزىنىڭ شۇنداقلىقىغا ئىشىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. مەن ئۇنىڭ نۇرغۇن قىزلارنى كەينىگە سېلىپ يۈرگىنىنى ھەم پات-پات يەڭگۈشلەپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، بەلكىم ئاشۇ قىزلار ئۇ- نىڭ ھېلىقىدەك ئوت پۇرقۇپ تۇرغان خەتلىرىدىن مەست بول- غانلار ھەم ئۆزىنى ساۋاقداشلىرىنىڭ خېتىدە دېيىلگەندەك پەرىش- تىلەردىنمەن، دەپ ئويلىغانلاردىنمىكىن. ئۇ مەكتەپتىكى چاغلاردا ماڭىمۇ ئىككى پارچە خەت يېزىپ بەرگەن، كۆزۈمگە چىرايلىق كۆرۈنگەن قىزلارغا بېرىپ باققانىدىم، بىراق ئۇ قىزلار ماڭا ئانچە پەرۋا قىلمىدى، نەچچە كېچىلەرنى تاتلىق خى- ياللار بىلەن ئۆتكۈزگەنىدىم، شېرىن خىياللىرىمنىڭ ھەممىسى توزۇپ كەتتى، چىرايلىق خەت، شېرىن سۆزلەرنىڭ ئۈنۈمى بول- مىدى، ئۇ قىزلار شۇ چاغلاردا قولىدىن كىتاب چۈشۈرمەيدىغان، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا خىيالچان يۈرىدىغان مېنى ئەمەس، ئويۇن- نىڭ قېپىنى يىرتالايدىغان، شەپكىسىنى مايماق كىيىپ قىممەت باھالىق كىيىملەرنى كىيەلەيدىغان، خەتلەرنى ھېلىقىدەك قاملاش- تۇرۇپ يازالايدىغان مۇشۇ ساۋاقداشلىرىمنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتتى.

مەن ھېلىقى خەتلەرنى قەمبەرنىساغا بەرسەم بوپتىكەن، دەپ پۇشايمان قىلغانىدىم. شۇنداق پۇشقۇنۇش ئىچىدە يۈرۈپ خەتنى ئۇنىڭغا بېرىش نىيىتىگە كېلىپ بولغىچە قەمبەرنىسا ھېلىقى گىتارچىنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەنىدى.

«چەكسىز مېھىر مېنى مەست قىلاتتى، ئۇنىڭ بوينىغا ئې- سىلىپ يىغلىغۇم كېلەتتى، يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈپ تۇرغان ئامراقلىقتىن مەست ئىدىم ...»

خوتۇنۇم بىر زامانلاردا مۇشۇنداق سۆزلەرنى يېزىپ يۈر- گەنىكەن.

شۇ ئىشلار، شۇ كۈنلەر... يادىمغا يەتسە خوتۇنۇمنىڭ مەن

ئوغرىلىقچە كۆرۈۋالغان خاتىرىسىدىكى يېرىم بەتلىك ئاشۇ سۆز-
لىرى يادىمغا يېتىدۇ. خوتۇنۇمنىڭ كۆڭلىدىكى ئادەمنىڭ مەن ئەمەسلىكىمنى ھېچنېمە بىلەن ئىسپاتلىيالمىسامۇ، يەنىلا كۈچلۈك ئۆچمەنلىك ھەم ئوتتەك تەلپۈنۈش بىلەن شۇ ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلىپ باققۇم كېلەتتى.

ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزۈم ئىكەنلىكى كۆڭلۈمگە بەش قولدەك ئايان بولسىمۇ، يەنە نېمىشقىدۇر كۆڭلۈمدە بىر قارا سايە بار ئىدى... بەختسىزلىك ھەم تەتۈر پېشانىلىككە ئۆچ ئىدىم.

— ئۇ ئادەم مەن بولمىسام ئۇنى قانداق قىلىشىم كېرەك؟

بۇ مەن ئالدىن ئويلىيدىغان ئىش. مەن توختى سابىرغا ئوخشىمايمەن. ئوخشاپ قالسام بولمايدۇ.

مەن نېمىشقىدۇر ئۆزۈمنى باھانە ئىزدەۋاتقان ئادەمگە ئوخ-
شاپ قالغاندەك سېزەتتىم.



ئىشلار مەيلى قانداق بولسۇن، كەلگۈسى ھەققىدىكى كىتاب-
نى ئوقۇپ چىقمىسام بولمايدۇ. ئىمىن ھەسەن بىلەن سابىت نۇر بۇ كىتابنى ئالدىبۇرۇن ئوقۇپ بولغاندۇ، ئەگەر ئۇ ئىككىسى كەلگۈسى ھەققىدە كىتاب يازسا قانداق يازار؟ ناۋادا مەن يازسام قانداق يازارمەن؟ مەن كىتاب يازىدىغان شىجائەتكە ئىگە بولۇپ قالسام كىتابىمنىڭ بىر يېرىگە چوقۇم «ئۈمىدسىز شەيتان» دې-
گەن بىر گەپنى يېزىپ قويىمەن. مەن بۇ گەپنى ناھايىتى ئۇزۇن شەرھلىشىم مۇمكىن، بۇ گەپلەرنى كىچىكىمدە بوۋام تولا دەيدى-
غان، بوۋام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن دادام دەيدىغان بولدى، مې-
نىڭمۇ كاللامغا سىڭىپ كەتتى، بۇ گەپ ماڭا نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى دېيىلىپ كەلگەندەك، بۇ گەپنىڭ خاسىيىتىدىن ئادەملەر-
نىڭ يۈرىكى ئۆچمەس ئوتقا ئايلانغان ھەم بۇ ئوت ئۆچمەي كەل-
گەندەك بىلىنەتتى. پات-پات ئولتۇرۇپ مۇشۇ گەپنى ئويلاپ قا-
لىمەن، خۇددى مۇشۇ سۆزدىكى سىر - ھېكمەتلەرنى بىلىۋالغان ئادەم بۇ دۇنيانىڭ كىشى بىلىپ بولغىلى بولمايدىغان ئۆتمۈشى ھەم ئەتىسىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنىڭ يولىنى بىلەلەيدىغا-

دەك تۇيۇلىدۇ. ئاشۇ سۆزگە تۆت پەسىلدەك ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان جاھاندا قانداق قىلىپ مەزمۇت تۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى يوشۇرۇنغاندەك بىلىنىدۇ.

ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى يوغان ـ يوغان كىتابلارنى كۆ- چۈرۈش، يەنە بۇ دۇنيانىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى، ئەتىسى ھەققىدە ناھايىتى جىق نەرسىلەرنى ئويلاش، ئويلىغانلىرىنى قارا چىراغ- نىڭ سۇس يورۇقىدا ئولتۇرۇپ يېزىپ ھارمايدىغان دادام، ئىم- تىھاندىن ئۆتەلمەي يىغلاپ ئولتۇرسام كاچىتىمغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سېلىپ: «ئۆتەلمىسەڭ مەيلى، ئەمما يىغلىما» دەپ قاتتىق ۋارقىرىغانىدى، ئاندىن موخوركىسىنى پۈرقىرىتىپ چېكىپ تۇ- رۇپ: «ئۈمىدسىز شەيتان» دېگەن گەپنى كەينى ـ كەينىدىن تەكرارلىغانىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ سۆزلىرىنى، ئاشۇ ئاۋازىنى، ئا- شۇنداق سۆزلەرنى دېگەندىكى قەتئىي ھەم تۇرغۇن قىياپىتىنى سېغىنىش بىلەن ئەسلەيمەن، ئۇنىڭ ئاجايىپ ئېغىر يۈكلەرنى كۆتۈرۈپ مېڭىۋاتقان ئادەملىكىنى ئۇزاقلاردىن كېيىن ھېس قى- لىپ يەتتىم. مەن دادام تولا دەيدىغان، دادامنىڭ دادىسىغىمۇ نا- ھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن مىراس قالغان ئاشۇ گەپنىڭ مەنىسى- نى تولا ئويلايمەن، تېخى مەن ئوقۇمىغان ئىككى پارچە كىتابتا دادام دېگەن ئاشۇ گەپ يېزىلغانمىكىن، دېگەنلەرنى خىيال قىلىمەن.

دادام ئۆزى يازغان ئاشۇ خاتىرىلىرىگە مۇشۇ گەپلەرنى، ئۇ- نىڭ كىشى ئاسان چۈشىنىپ بولغىلى بولمايدىغان سىر-ئەسرار- لىرىنى بىرمۇبىر يېشىپ، شەرھلەپ بەرگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. قىپقىزىل ئوت يالقۇنلىرى يالماپ يۇتۇپ كەتكەن ئاشۇ خاتىرىلەردە دادامنىڭ ئەقلى، ئۇنىڭ نىيەت ئىقبالى، ماڭا، ئەتراپىدىكىلەرگە، بالىلارغا، بۇ دۇنياغا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرى بىرمۇبىر پۈتۈلگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

# توققۇزىنچى باب



يامغۇر ياغقان يەكشەنبىدىكى ئىشتىن كېيىن خېلى ئۇزۇن-غىچە يۈرىكىمنى سانسىز ھەرىلەر يەۋاتقاندەك بىر تۇيغۇدا، ھەس-رەتنىڭ كۆڭۈلگە پەقەت ياقمايدىغان توپارەڭ مانانلىرى ئارىسىدا خاراموش بولۇپ يۈردۈم. شۇ چاغدا باشلانغان خاراموشلۇق، يېگا-نىلىق ھېلىمۇ يۈرىكىمنى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇ-لىدۇ. كۆزلىرى جامدەك ئېچىلغان خوتۇنۇمنىڭ چىرايى ھەرقې-تىم يادىمغا يەتسە تېنىم جۇغۇلدايدۇ. خوتۇنۇمنىڭ ماڭا نەپرەت بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرى، ھەمساتتا تاتارغان چىرايى ئۇزاققىچە يادىمدىن چىقمىدى. ئۇنىڭ ئوزايى خۇددى ئاسماننى مۇدھىش قارا بۇلۇتلار قاپلىغان سوغۇق كۈنلەردە دەريا قىرغاقلىرىدا، كۆل گىرۋەكلىرىدە كۆزگە كۆڭۈلسىز بولۇپ چېلىقىدىغان، توپا باس-قان بەترەڭ مۇزدەك بىر ھالغا ئۆزگەرگەنىدى. ھەرقاچان باھار قۇياشىدەك ئىللىق تەبەسسۇم، شېرىن كۈلكە پارلاپ تۇرىدىغان بىر چىراي ھەش ـ پەش دېگۈچە بۇ ھالغا كېلىپ قالسا، بۇنىڭغا بەرداشلىق بەرگىلى بولمايتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ھاياتنىڭ ما-ڭا تەۋە ھەممە نەرسىسى مۇزلاپ كەتكەندەك، ھەممە نەرسىدىن سوغۇقلۇق كېلىۋاتقاندەك بىلىنگەنىدى.

— مەن سىزگە نېمە يامانلىق قىلدىم؟

— ھېچقانداق يامانلىق قىلمىغان.

— سىزگە يۈز كېلەلمەيدىغان يېرىم بارمۇ؟

— ياق.

— ئۇ ئالۋاستىنىڭ مەندىن نەرى ئارتۇق؟

خوتۇنۇمنىڭ پەس، قەھرلىك ئاۋازى بازغان بولۇپ ئەسەبىلىرىمنى يانجىپ ئۆتتى.

مەن ئۇنىڭ بۇ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمىدىم. ئۇ ئالۋاستىغا نېمىدەپ باغلىنىپ قالغانلىقىمنى، ئىشلارنىڭ قانداق بولۇپ بۇ دەرىجىگە بېرىپ قالغانلىقىنى بىر-ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. كىچىككىنە تۆشۈكتىن سىرغىپ ئاققان سۇ بارا-بارا يوغىناپ - ئۆلغىيىپ ئاخىرى توختاتقىلى بولمايدىغان دەرىجىدە يار ئېلىپ كەتكەندەك ئىش بولدى.

ئىش مۇشۇنداق بولغان بولسىمۇ خوتۇنۇمغا بۇنداق دېسەم بولمايدۇ.

— ئادەم دېگەنگە ئىشەنگىلى بولمايدىكەن، بەزى ئادەملەرنىڭ ھايۋاندىن پەرقى يوقكەن.

ئۇنىڭ گەپلىرى يۈرىكىمگە يىڭنىدەك سانجىلدى.

خوتۇنۇم ئېغىر - ئېغىر تىنىپ مېنى، ھېلىقى ئالۋاستىنى، مۇشۇنداق ئىشلار يۈز بېرىدىغان دۇنيانى، جاھاندىكى بارلىق پەسكەشلىكلەرنى ئۆزاق تىللىدى.

— ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، خاتالىق مەندىن ئۆتتى، بىزنىڭ ياخشى كۈنلىرىمىز بولغان، يەنە بولىدۇ.

مۇشۇنداق دېمەكچى بولۇپ توختاپ قالدىم.

مۇنداق گەپلەرنى دېگەننىڭ پەقەت پايدىسى يوقلۇقىنى بىلەتتىم. ئۇ نېمە دېسە دەۋالسۇن، ئاچچىقىنى چىقىرىۋالسۇن. شۇنداق بولغاندا ئىچى بوشاپ، كۆڭلى ئارام تېپىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

مەن ئەخمەقلەرچە شۇنداق خىيال قىلدىم.

ئۇنىڭ گەپلىرىدىنمۇ ئۆتە، قارىغان ئادەمنى شۈركەندۈرگۈدەك سوغۇقلۇق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى، چىرايى تېخىمۇ ۋەھىمىلىك ئىدى.

— ئازمايدىغان ئادەم يوق.. شۇڭا ... مەن ...
دۇدۇقلاپ گېپىمنى تاپالماي قالدىم.

— ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى ئىش تۈگىدى، چىقىپ كەت دېسىڭىز، هازىرلا ئۆيىنى بىكارلاپ بېرىمەن، چىقىپ كېتىمەن دېسىڭىز توسمايمەن. مۇشۇنداق ئولتۇرۇۋېرىمەن دېسىڭىزمۇ ئىختىيارىڭىز...

ئۇ رەڭدار يىپلار، كەشتە تىكىدىغان ئاق رەخت سېلىنغان بىر قاپنى ئالدىغا قويۇۋېتىپ شۇنداق دېدى.

ئۇ بۇ نەرسىنى تىكىشنى باشلىغىلى بىرنەچچە ئاي بولغانىدى. دېيىشچە پۈتۈپ چىقسا بۇ ناھايىتى چىرايلىق كەشتە بولىدىكەن، ئۇنىڭدا بىر دەستە قىزىلگۈل، گۈلنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى قۇشقاچ بار ئىكەن. بۇ نەرسىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن چىرايلىق جاھازىلاپ ياتاق ئۆيگە ئېسىپ قويۇش خىيالى بارلىقىنى ئېيتقانىدى.



مەن ئۇنىڭ بېرىلىپ كەشتە تىكىۋاتقان ھالىتىنى تاماشا قىلىشقا ئامراق ئىدىم. ئۇ كەشتە تىكىۋاتقان چاغدا مېنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقىنىمنى سەزمەيتتى. مەن ئاستىرتتىن ئۇنىڭ كۈلكە قىمىرلاپ تۇرغان لەۋلىرىگە، تەبەسسۇم تەپچىپ تۇرغان يۈزلىرىگە قاراشقا ئامراق ئىدىم.

مۇنداق ئوغرىلىقچە قارايدىغانلىقىمنى ئۇنىڭغا دەپ باقمىغانىدىم.

ھازىر ئۇنىڭ چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدۇ، كۆزلىرىدىن ئۆچمەنلىكنىڭ يىرگىنچلىك چېقىنلىرى يېنىپ تۇرىدۇ.

شۇ كۈنلەردىمۇ چامادانىمدىكى ئىككى پارچە كىتابنى ئوقۇشقا رەۋىتىم بارمىغانىدى. مەن بۇ كىتابتا ماڭا ھەم ماڭا ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولۇپ، كۆڭلى غەشلىكتە ئۆتۈۋاتقانلارغا يەڭگىللىك بېرەلەيدىغان خاسىيەت بارمىكىن دەپ ئويلايتتىم.

ھاياجانلانسا كۆزلىرى چاقناپ، نازۇك ۋۇجۇدى تىترەپ كې-

تىدىغان چىرايلىق قىز سوۋغا قىلغان بۇ كىتابنى ئوقۇپ بولال-
مىغىنىمغا، غەيرەت قىلىپ ئوقۇمىغىنىمغا ھەيران ئىدىم.
چىرايلىق قىزلارنىڭ دەرد-ھەسرەتلىرى، نادامەتكە قالغان يى-
گىتلەرنىڭ پىغانلىرى بۇژۇلداپ تۇرغان كىتابلارنى جىق ئوقۇغا-
نىدىم. شۇنداق كىتابلارنى ئوقۇشقا ئامراق ئىدىم، تېز ئوقۇپ
بولاتتىم. ئوقۇپ بولۇپ كىتابتا يېزىلغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ
تەقدىرىدىن قايغۇراتتىم. ئەمما، كەلگۈسى توغرىسىدا يېزىلغان
بۇ ئىككى پارچە كىتابنى ئوقۇمىغانلىقىمنى پەقەت چۈشىنەلمەي
قالدىم.

بۇ كىتاب توغرىلىق بەك جىق نەرسىلەرنى خىيال قىلات-
تىم، كىتابنىڭ ھەربىر ۋارىقىدا، ھەربىر قۇرىدا دىللارنى يورۇ-
تۇپ، كۆڭۈلدىكى جىمى كىرلەرنى پاك-پاكىز يۇيۇپ چىقىرىۋې-
تىدىغان ئۇلۇغۋار سىر- ھېكمەتلەر يوشۇرۇنغانمىكىن، دەپ
ئويلايتتىم. ئادەمنى يورۇق ساھىللارغا، راۋان يوللارغا، ئازادە
دۇنياغا باشلاپ بارالايدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بولۇشى مۇمكىن،
دەپ خىيال قىلاتتىم. كۆڭلىرىنى ئورۇنسىز ھېجىيىپ ئۆتكۈزد-
دىغانلارنى سەگىتىپ قويىدىغان، بىكاردىن - بىكار يىغلامسىراپ
يۈرىدىغانلارنى سىلكىپ قويىدىغان بىرنەرسىلەر مۇشۇ كىتابتا
بارمىكىن دەيتتىم. ئەگەر ماڭا كەلگۈسى توغرىسىدا كىتاب يې-
زىش نۆۋىتى كېلىپ قالسا ھەربىر كۈننى شادىمان ھەم خۇشال
مېھنەت بىلەن ئۆتكۈزمىگەن ئادەملەرنى تازا تىللايدىغان گەپلەر-
نى كىتابىمنىڭ كۆزگە ئاسان چېلىقىدىغان بىر يېرىگە كىرگۈ-
زۈپ قوياتتىم.

دادام يازغان خاتىرىلەردە شۇنداق سىر - ھېكمەتلەرنىڭ
بارلىقىغا ئىشىنەتتىم. ئەمما دادامنىڭ ئەقلى، ھېسسىياتى، ماڭا
قالدۇرماقچى بولغان پاراستى قىپقىزىل ئوت يالقۇنلىرى ئىچىد-
دە ئۆرتىنىپ تۈگىدى. كۈلگە، ئىسقا ئايلىنىپ توزۇپ كەتتى.

ئويلايدىغانلىرىم قارا قۇشقاچلاردەك كۆپىيىپ كېتەتتى.
خىياللىرىم تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ ئاقىدىغان تاغ سۈيد-

دەك ھەريان چاچراپ، ھەريان ئۇرۇلۇپ، شەكىلسىز، نىشانسىز بىرھالدا مېنى لەيلىتىپ نە-نەلەرگە ئېلىپ كېتەتتى. دادامنىڭ خاتىرىسىدىكى سۆزلەرنى ئوقۇغاندەك بولاتتىم، ئۇنىڭدا يېزىلـ-غانلارنى تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. شۇنىڭ بىلەن ھەربىر كۈننى خۇ-شال ئۆتكۈزمىگەن ئادەمنى تىللايتتىم.

تولا يىغلايدىغان ئادەملەرنى يامان كۆرەتتىم.

جاھاننىڭ ھەسرەت-نادامەتلىرىگە يەم بولۇپ كەتكەن ئادەم-لەرنى بولۇمسىزلار، دەپ مەسخىرە قىلاتتىم.

ھەرقانداق دەرد-ھەسرەتلەرنى ئاياغ ئاستىدا پايمال قىلىپ ياشاش لازىم، دەپ ئويلايتتىم. دادام مۇشۇنداق مەزمۇندىكى گەپ-لەرنى دېگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلايتتىم.

مەن شۇنداق ئويلىغىنىم بىلەن، دادام مۇشۇنداق قىلىشىم-نى ئارزۇ قىلغان دېگىنىم بىلەن، شۇنداق قىلالمايتتىم.

ھەممە ئادەمنىڭ كۈنلىرىنى كۆلۈپ ئۆتكۈزگۈسى بار.

— ھەربىر كۈننى شادىمان كۈلكە، قانائەتلىك تەبەسسۇم بىلەن ئۆتكۈزۈشنى خالىمايدىغان كىم بار؟

ئەمما، شۇنداق خۇشاللىقنى، شۇنداق ھۇزۇرلۇق كۈنلەرگە ئېرىشمەك تەس، دائىم نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ. شۇنداق ياشاش ئۈچۈن ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ روھىنى ئۆزى تىزگىنلىيەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. ئەمەلىيەتتە بىز ئۆزىمىزنىڭ روھىدا ياشايدىغان ئادەملەر.

شۇ كۈنلەردە مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىغانىدىم، كېيىن نۇرغۇنلىرىنى ئۇنتۇپ كەتتىم، يادىمدا قال-غانلىرى مۇشۇنداق باش-ئاخىرى يوق پەلىپەتىش گەپلەر بولدى.

مەن ئۆزۈمنىڭ بەزى چاغدىكى خىياللىرىمدىن ئۆزۈم ھەيران قالىمەن. ئۆزۈمنىڭ بەزى چاغلاردىكى ئويلىغانلىرى كې-يىن يادىمغا يەتسە ئۆزۈممۇ چۈشىنەلمەي قالىمەن.

ئىلگىرى مىڭ تاغار ھەسرەت يۇدۇۋالغاندەك ئۆمسە يۈرىدى-غان ئادەملەرنى مەسخىرە قىلغان چاغلىرىم بولغان.

ھېچكىمگە دەپ باقمىغان جىق گەپلەر كۆڭلۈمدە ساقلىنىپ تۇراتتى. بۇ گەپلەرنى بىركىملەرگە دېمەك تەس ئىدى. ئاڭلىسا ماڭا ئاچچىقلايدىغانلار، ساراڭنىڭ خىيالى بۇ، دەپ تىللايدىغانلار، ئالدىپەش، دەپ مەسخىرە قىلىدىغانلار چىقىپ قالاتتى.

ماڭا يولۇقۇپ تۇرىدىغان ھەر قىسما ئادەملەرگە كۆڭلۈمدە تۇرلۇك باھالارنى بېرەتتىم.

كۆڭۈلسىزلىك، دەرد ـ پىراق ئازابىدىن چىلاشقۇدەك ئىدـ چىپ يۈرگەنلەرنى ئىرادىسى ئاجىز مەتۇلار، جاھاننىڭ دەردلىـ رى، ھەسرەت ـ نادامەتلىرىگە بوزەك بولغان ئادەمنى ئەركەك دېـ گىلى بولمايدۇ، دەپ ئويلايتتىم.

ئادەم دېگەن ھەسرەتكە بوزەك بولسا بولمايتتى.

ئادەم دېگەن ھەرقانداق خاپىلىقلار، يۈرەكنى ئېزىدىغان نادامەتلەر ئالدىدا تىك تۇرۇپ ياشىشى كېرەك ئىدى.



مەن دادامنىڭ مەن ئوقۇپ باقمىغان خاتىرىسىدىكى سۆزـ لەرنى خىيال قىلغانلىرىمدا مۇشۇنداق ئويلايتتىم ھەم دادام يازـ غان خاتىرىلەردە، كىتابلاردا مۇشۇنداق سۆزلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشەنچ قىلاتتىم.

مېنى ھەسرەتكە قويىدىغان ئىش، كۆڭلۈمدە ئويلىغانلىرىمـ نى ئەمەلدە قىلالمايدىغىنىم ئىدى. جىق ئىشلاردا بېشىمنى تىك تۇتالمايتتىم، يۈرىكىمگە يامىشىۋالغان تايىنى يوق غەم ـ ئەندىشىـ لەرنىڭ تومانلىرىنى سۈرۈپ چىقىرىپ، ھەربىر كۈنۈمنى خۇشال ئۆتكۈزەلمەيتتىم.

مەن تېخى ئوقۇمىغان، ئەمما چوقۇم ئوقۇمىسام بولمايدىغان ئىككى پارچە كىتابتا مۇشۇنداق گەپلەر بار.

شەھەردىكى ھەممە رېستورانلاردا توي بولغان ئاشۇ كۈنى مەست بولۇپ، يېرىم يالىڭاچ بولۇۋالغان ئادەملەر كۆزۈمگە سىغـ ماي، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشمىغان بولسام، بىرنەچچەيلەن مېنى ئۇـ رۇپ ھوشۇمدىن كەتكۈزۈۋەتمىگەن بولسا كېيىنكى كۈنلىرىم مۇنداقمۇ بولماس ئىدى.

ئۇ ئىسسىق، كىچىك بارماقلىرىنى قولۇمدىن ئىككىنچى قېتىم تارتىۋالغان بولسا، مەن ئۈچىنچى قېتىم يەنە تۇتۇشقا جۈرئەت قىلالماسلىقىم مۇمكىن ئىدى. ئاندىن چەكسىز بەختىيارلىق ئىچىدىكى خۇشال دەملەر، ئۇنتۇلغۇسىز مىنۇتلارمۇ بولماسلىقى مۇمكىن ئىدى. مەن شۇ كۈنلەردە ئاشۇ قىزنى ماڭا يولۇقتۇرغان تەقدىرگە رەھمەتلەر ئوقۇغان، ھاياتنىڭ مۇشۇنداق قىسمەتلىرىگە تەسەننا ئېيتقانىدىم.

— مەن ھېچقاچان بىر ئەركىشىگە بۇنچىلىك بېرىلىپ كەتمىگەن.

ساباھەت شۇنداق دېگەندە تاڭنىڭ يورۇقى نېپىز پەردە تارتىلغان دېرىزىدىن ئۆتۈپ تار ياتاقنى يورۇتۇشقا باشلىغانىدى. مەن سەھەردىكى ئۇيقۇنىڭ شېرىنلىكى بىلەن قىزنىڭ شىۋىرلاشلىرى ئارىلاشقان تاتلىق تۇيغۇلارغا بۆلۈنۈپ ياتقان شۇ دەملەردە ئۆزۈمنى ناھايىتى بەختلىك ھېس قىلغانىدىم.

— گېپىڭىزچە سىز ئىلگىرىمۇ باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ بېقىپتىكەنسىز ـ دە، ...

ئاۋازىم غاراڭ-غۇرۇڭ چىقىپ كەتتى. شۇ مىنۇتتا بۇگۈن كېچە ئۆيگە قايتماي توغرا قىلمىغانلىقىمنى ئويلىدىم. خوتۇنۇم مېنىڭ يالغانلىرىمغا ئىشىنىدۇ. ئەمما، نېمىشقىدۇر ئۇنى ئالداپ بولۇپ كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالىدۇ. خوتۇنۇمنى ئالدىغىنىم ئۆزۈمنىڭ غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرغاندەك بىر ئىش ئىدى.

يامغۇرلۇق يەكشەنبىدىن كېيىنكى ئۇزاق ئۇيقۇسىز كۈنلەردە مۇشۇ ئويلىغانلىرىمنى خوتۇنۇمغا دېمەكچى بولۇپ يەنە توختاپ قالدىم. ئۇ گەپلىرىمگە ھەرگىز ئىشەنمەيتتى. باشقا بىرسىنىڭ شېرىن سۆيۈشلىرى ئىچىدە تۇرۇپمۇ سېنى يادىمدىن چىقارمىغانىدىم، دېسەم بۇ ئۇنىڭغا جاھاندىكى ئەڭ ئىشەنچسىز بىر گەپ بولۇپ ئاڭلىنىشى مۇمكىن ئىدى.

مەن شۇ كۈنلەردە قاپقارا چاچلىرى يېيىلىپ تۇرىدىغان بۇ قىزدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىمنى، خوتۇنۇمدىن مەڭگۈ كېچەلمەي-

دىغانلىقىمنى ئويلاپ ئۆز-ئۆزۈمدىن ھەيران قالغاندىم.
تار ھەم قاتتىق يولدا كېتىۋېتىپ يىراقتىن ئىمىن كاۋاپچىنى كۆردۈم. دوپپىسى بەكلا كونىراپ كەتكەن، ئورۇق دۈمبىسى چىقىپ قالغان بۇ ئادەمنىڭ مۇشۇ تۇرقى ماڭا ھاياتنىڭ بەك جىق سىرلىرىنى چۈشەندۈرۈپ قويىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى.

ئىمىن كاۋاپچىغا تۇرقۇم غەلىتە كۆرۈنۈپ كەتتىمۇ چىرايىمغا ئۇزاق قاراپ كەتتى، ئاندىن ئاستا يېنىمغا كېلىپ مۇرەمدىن تارتىپ قويدى. نۇرسىز كۆزلىرى ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرەتتى.

— نەگە ماڭدىڭىز ئۇكام؟

— كېتەيمىكىن دەيمەن.

— نەگە؟

ئىمىن كاۋاپچى توپا باسقان دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ قېقىشتۇرغاندىن كېيىن قايتىدىن كىيدى.

— ھازىرچە بىلمەيمەن، جاھان كەڭرى، باش تىققۇدەك يەر چىقىپ قالار.

— ھە، بوپتۇ، قېنى دۇكانغا كىرىڭ، بىر پىيالە چاي ئىچەيلى.

ئىمىن كاۋاپچىنىڭ سېمىز خوتۇنى ماڭا شۇنداقلا قاراپ قويۇپ گۆشنى توغراۋەردى، ئۇ خوتۇننىڭ ماڭا پەقەت خۇشى يوقتەك قىلاتتى، مەن ئۇنىڭغا قاراپ بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم. ئايال ئىپادىسىز، ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى. ئىمىن كاۋاپچى ئوڭايسىز بىرھالدا قىينىلىپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— خوتۇن كىشى ئەمەسمۇ، نېمە بولدىكى تېرىكىپ قاپتۇ.

— ھېچقىسى يوق، خاپا بولمايلى، بىز ئەر كىشى ئەمەسمۇ.

— شۇ ... شۇ ... توغرا دېدىڭىز، قېنى ئولتۇرۇڭ.

كاۋاپداندىن كۆرۈك ئوتۇننىڭ ئاچچىق ئىسى ئۆرلەپ تۇراتتى، بۇنداق ئىسلار كۆزگە كىرىپ كەتسە كۆزنى بەك بىئارام قىلىدۇ، بەزى ئادەملەر خۇدانىڭ كۈنى مۇشۇنداق كۆرۈك ئوتۇن-

نىڭ ئىسلىرى ئارىسىدا كۆزىنى ئاچالماي ياكى ئەركىن تىنالماي جاھاندىن كېتىپ قالىدۇ. مۇشۇنداق ئىشلارنى كۆرسە يا ئاڭلىسا ئىمىن ھەسەن بىلەن سابىت نۇرنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى پەرەز قىلالمايمەن.

— ئۇنداق قارا قورساق ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ يۈرمەڭ ئۇكام، دەريا بويىدا ماڭغان ئادەمنىڭ تاپىنى ھۆل بولماي قالماي-دۇ، پەس ئادەملەرنىڭ خۇي - پېئىلى يۇقۇپ قالىدىغان ئىش بار.

ئىمىن ھەسەن مېنىڭ ئىمىن كاۋاپچى ھەم شۇنىڭغا ئوخ-شاش ئادەملەر بىلەن ئۈلپەتلىشىپ يۈرىدىغانلىقىمدىن نارازى ئىدى.

ئىمىن ھەسەننىڭ سۆزلىرى دىتىمغا ياقمىغان بولسىمۇ، گەپ قىلالمىدىم. ئۇ بۇ گەپلەرنى بىزنىڭ ئۆيدە قىزىل چاي ئى-چىشكەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا قىلغانىدى. شۇ كۈنى مەن ئۇ-نىڭغا ئىمىن كاۋاپچىنىڭ كۆڭلىرىنىڭ بەك ھەسرەتلىك ئۆتىدى-غانلىقىنى دەپ بەرگەنىدىم.

— بۇ سىزنىڭ ئويىڭىز، بىراق ئۇ كاۋاپچى ئۆزىنىڭ كۈن-لىرىنىڭ قاتتىقچىلىق ئىچىدە ئۆتۈۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ، يايلاق ئېتى بىلەن ھارۋىغا كۆندۈرۈلگەن ئاتنى قويۇپ بەرسىڭىز كۆن-دۈرۈلگىنى ھارۋا تەرەپكە ماڭىدۇ، يەنە بىرسى ئۇدۇل يايلاققا چا-پىدۇ. ئىمىن كاۋاپچى كۆندۈرۈلگەن ئات، ئۇنىڭ دۈمبىسى دائىم يېغىر تۇرمىسا ئىچى پۇشۇپ مۆڭۈپ، كىشنەپ خاپا سالىدۇ.

ئىمىن ھەسەننىڭ گېپىنى ئاڭلاۋېتىپ سابىت نۇرنىڭ سۆزلىرى يادىمدىن كەچتى، سابىت نۇر بىلەن شۇ كۈنى ئىمىن كاۋاپچىنىڭ دۇكىنىدا ئىچىشكەندۇق. ئىمىن كاۋاپچىنىڭ خو-تۇنى پىشۇرۇلغان كاۋاپنى ئالدىمىزغا دوقىدە قويۇپ ئېرىگە ۋارقىرىدى:

— ھەي، ماڭ دېھقان بازىرىغا بېرىپ ئوتۇن ئەكەل.

سېمىز خوتۇننىڭ ئاۋازى قوپال ھەم سوغۇق ئىدى، ئىمىن

كاۋاپچى بىزنىڭ ئۇستەلدىكى هاراققا قاراپ يۇتۇنۇپ قويۇپ كال-پۇكىنى يالىغىنىچە خوتۇنىغا ھىجايدى:

— ئەتە ئەكەلمەيمۇ خوتۇن، ئاغىنىلەر ئاران بىر كەلگەندە.

ئىمىن كاۋاپچىنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى خوتۇنىغا يېلىنىش ھەم تەمە بىلەن تىكىلگەنىدى.

— ئاغزىڭنى يۇمۇپ، مەن دېگەننى قىل، ئوتۇن تۈگىسە كاۋاپ نېمىدە پىشىدۇ، كۆزۈمگە سەت كۆرۈنمەي، ماڭ بۇيرۇغان ئىشنى قىل.

سېمىز خوتۇننىڭ تەلەپپۇزى ناھايىتى جىددىي ئىدى.

ئىمىن كاۋاپچى ئىككىمىزگە يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قو-يۇپ، بېشىنى ئەگكىنىچە سىرتقا ماڭدى.

— جاھاندا مۇشۇنداق ئاق كۆڭۈل ئادەملەرمۇ بار.

سابىت نۇر ئېگىشكىنىچە چىقىپ كېتىۋاتقان ئىمىن كاۋاپچىغا قاراپ قويۇپ شۇنداق دېدى.

— ئاق كۆڭۈل بولسا بۇمۇ بولمايدىغان ئىشكەن...

— مۇلايىملىقمۇ بىر پەزىلەت، ئەمما سىز دېگەندەك ھەر نەر-سە چېكىدىن ئېشىپ كەتسە باشقا بىر نېمىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ، لېكىن مۇنۇ كاۋاپچىنىڭ بۇ پەزىلىتى مېنى ھەيران قالدۇردى. مۇشۇنداق سەۋرچان ئادەملەر ئاخىرى ھەممىگە ئېرىشىدۇ.

سابىت نۇرنىڭ سۆزلىرىمۇ خۇددى ئىمىن ھەسەننىڭ سۆز-لىرىگە ئوخشاش كۆڭلۈمگە يېقىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، بىراق يازغان نېمىلىرىنىڭ كاساپىتىدىن پات-پات خەقلەردىن تىل ئى-شىتىپ يۈرىدىغان بۇ ئادەم بىلەن تالاشقۇم كەلمىدى.

بۇلتۇر ئۇ ئېرى، بالىلىرى تۇرۇپ ئاشنا ئويناپ ئائىلىسى-نى ۋەيران قىلغان بىر خوتۇننى تەنقىدلەپ بىرنەرسە يېزىپتى-كەن، كېيىنتكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمى-غان بىر خوتۇن كېلىپ ياقىسىغا ئېسىلىپ جىق جاپا سېپتۇ.

— بىرەرسىنىڭ بىر يەرلىرى ھەتتا ئىسمىمۇ ئوخشاپ قالمىسۇن دەپ، ئەسىرىمدىكى شەرمەندە خوتۇننىڭ ئىسمىنى

ناۋاگۇل دەپ ئالغانىدىم، ئادەتتە ناۋاگۇل دېگەن ئات ئۇچرىمايدى-
غۇ، ئەمما زە نامىمنى بۇلغىدىڭ، دەپ ماڭا ئىسىلىۋالغان خوتۇن-
نىڭ ئىسمى ھاۋاگۇل ئىكەن، خۇددى مەن يازغاندەك ئىش بوپ-
تىكەن، ئۇ ماڭا ئىسمىمنى ئازراقلا ئۆزگەرتىپ قويۇپ، ئەمەلى-
يەتتە مېنى يازدىڭ، خەلقئالەم ئالدىدا نامىمنى سېسىتتىڭ دەپ
جىق ھەرەج سالدى، — دېگەنىدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلىڭ، — دېگەنىدىم مەن
ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ. بىر يۈزسىز ھازازۇل ۋارقىراپ
جارقىراپ ئۇنى تىللاپ كەتكەن بولسا ... — ئەمەلىيەتتە بۇ مې-
نىڭ بىر غەلىبەم، — دېگەنىدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى مەن تازا بىلىپ كېتەلمە-
دىم، خوتۇن كىشىدىن تىل - ھاقارەت ئىشىتىپ بۇنى غەلىبە
دېسە، بۇنىڭمۇ مۇشۇ ئادەم ئۆزى بىلىدىغان بىرەر ئەسرارى بار-
دۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئەل - كۈن ئال-
دىدا شەرمىساز بولغان بىر ئايال جېنىدا ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسى-
لىشقا جۈرئەت قىلالىغان بولسا، بۇ بەك تېتىقسىز بىر ئىش
ئىدى.

بىز كىرگەندىكى ھالىمىز يوق ھالدا دۇكاندىن چىقمۇاتقان
چاغدا، ئىمىن كاۋاپچى ھارۋىغا قېتىلغان ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى
تارتىشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەللىك ياشلاردىكى، مەن تونۇمايدىغان
بىر دېھقان بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ كۈلۈشۈپ كېلىۋاتاتتى.

ئۇ بايا خوتۇنىدىن ئىشتكەن ئاھانەتلەرنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ
كەتكەندەك قىلاتتى.

مەن سابىت نۇر سۇنغان تاماكىنى قولۇمغا ئېلىۋېتىپ ئۇ-
نىڭغا قارىدىم. ئىمىن كاۋاپچى ئۇچۇن بۇ دۇنيادا كۆڭۈلدە ساق-
لىغۇدەك ئەلەم، ھەسرەت دېگەندەك نېمىلەر يوقتەك قىلاتتى.

ئالدىنقى ھەپتە ئىمىن كاۋاپچى بىلەن دۇكىنىنىڭ ئالدىدا
ئۇچرىشىپ قالغانىدىم، ئۇ شۇ چاغدا چالا مەست ئىدى، دىقماق
قوللىرى بىلەن بوينۇمنى قۇچاقلاپ ئۆزىگە تارتتى، خام گۆشنىڭ

كۆڭۈلگە تېگمىدىغان ھىدى بىلەن ھاراقنىڭ پۇرىقى جېنىمنى قىينىۋەتتى. كاۋاپ يېمەكچى بولۇپ كېلىۋىدىم كۆڭلۈم غىققىدە بولۇپ قالدى.

— كاۋاپخانىنى تاقايمەن، كىم قىلسا قىلسۇن بۇنداق ئىشنى.

— نېمە بولدىڭىز؟

مەن بۇنى، خوتۇنىنىڭ زۇلۇمىغا چىدىماي بولۇۋاتقان ئىش بولسا كېرەك، ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ قويغىنىم تۈزۈك دېگەن-لەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم.

— گۆش قىممەت، سودا يوق، ئىككىنچىلەپ بۇنداق ئىشنى قىلمايمەن، كاۋاپ ساتمىغانلار ئۆلۈپ كەتمەيدىكەنغۇ.

— يا ئايالىڭىزدىن بىرەر ...

— نازىنگۈلنى دەمسىز ... — ئىمىن كاۋاپچى پەس ئاۋازدا خىرىلدىدى، — چوڭ ئۆيگە كەتكەن ... مەن ئىشقىلىپ بۇ ئىشنى ئەمدى قىلمايمەن ...

ئىمىن كاۋاپچىنىڭ قورۇق باسقان چىرايىدا كىشى كۆڭلى-نى غەش قىلىدىغان تايىنسىزلىق جىلمىيىپ تۇراتتى.

ئادەمنىڭ يۈرىكىدىكى، كۆڭلىدىكى ھەممە نەرسە ھاراق بى-لەن تەڭ چىرايىغا تېپىپ چىقىدۇ، مەستلىكمۇ چىرايىغا چىقىدۇ. مەست ئادەمنىڭ چىرايىمۇ يالغان، گېپىمۇ يالغان، ۋەدىسىمۇ يالغان، ئېتىقادىمۇ يالغان، ئىشقىلىپ ھەممىسى يالغان. بۇ گەپ-نى ماڭا كىم دېگەن بولغىيدى. خوتۇنۇم دېگەن، خوتۇنۇمغا توي قىلىش تەكلىپىنى قويۇدىغان چاغدا يۈرەك بولسۇن دەپ ئى-چىۋالغاندىم. شۇ كۈنى ئۇ ھېچنېمە دېمىدى، گەپ - سۆز قىل-ماي كېتىپ قالدى. مەن نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي بىر كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدۈم.

ئۇ ئەتىسى مېنى چاقىرتتى. شۇ چاغلاردا ئۇ يىگىرمىنىڭ قارىسىنى ئالغان ئوتتەك قىز ئىدى.

— تۈنۈگۈن ئىچىۋاپسىز- ھە.

— بۇ ...

— راست گەپ قىلىڭ.
— ئىچكەن ... دادىلراق بولاي دەپ.
— نېمىشقا دادىل بولاتتىڭىز.
— ئىككىمىزنىڭ توي ئىشىنى دەي دېگەن ...
مەن شۇنداق دەپ كۈلۈپ قويدۇم، كېچىچە جېنىمنى قىيـ-نىغان ئاچچىق تۇيغۇلار يوقىغانىدى.
— تەندۇرۇس ئەركەك هاراق ئىچمەي بىر قىزنىڭ ئالدىدا گېپىنى ئوڭلاپ قىلالمىسا بۇنى نېمە دېگىلى بولار ئەمدى. ئۇ-لۇغ دەقىقىلەرگە نىجاسەت ئارىلاشتۇرمىسىڭىز ياخشى.
مۇشۇنداق گەپلەرنى نەدىن تاپىدىغاندۇ بۇ، يۈرىكىمگە ئېغىر بىرنەرسە ئۇرۇلغاندەك نومۇستىن كۆيۈپ كەتتىم.
ئۇ يانچۇقىدىن كەشتىلەنگەن قولياغلىقنى چىقىرىپ ماڭا سۇندى، ئۇنىڭ چىرايىدا شەپەق ئوتى يېلىنجايتتى. بۇ ئوتنىڭ يالقۇنىدىن ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان بىرەيلەننىڭ يۈرىكى شامدەك ئېرىپ، ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بايىقى ئەلپازى يو-قاپ، ئۇياتچان قىزنىڭ جانغا شېرىن ئازاب سالىدىغان ئاتەش ها-لىتىگە قايتقانىدى. مەن ئۇ بەرگەن قول ياغلىقنى چىڭگىدە مى-جىقلاپ تۇتۇپ تۇراتتىم، يۈرىكىم كۈچلۈك بىر ھاياجاندىن دۇ-پۇلدەيتتى. خۇددى بۇ قول ياغلىققا تەقدىر ماڭا نېسىپ ئەتكەن جىمى هۇزۇر- هالاۋەت پۈتۈلگەندەك ئىدى. ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ شەھەردىكى جىمى رېستورانلاردا توي بولغان كۈنى مەن تاياق زەربىسىدىن هالىمدىن كېتىپ، هوشۇمغا كەلگەندە بىر قىزنىڭ ئەتىر پۇراپ تۇرىدىغان قول ياغلىق بىلەن يۈز-كۆ-زۈمنى سۈرتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چېغىمدا، مۇشۇ هالنى يەنە بىر قېتىم يادىمغا ئالغانىدىم.
مەست بولۇپ قالغان ئىمىن كاۋاپچىنىڭ چىرايىدىكى ئەۋ-رەز سۈيىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىرنەرسىلەر كۆڭلۈمنى بىر قىسما قىلىپ قويۇۋاتاتتى.
— نازىگۈل چوڭ ئۆيگە كەتكەن ... سىزنى بۈگۈن بىر قول-

لۇق مېھمان قىلىمەن. كاۋاپخانا ئاچىدىغان ئىشنى ئەمدى قىلـ-
مايمەن ... گېپىم گەپ ...

مەن مەست ئادەمنىڭ چىرايى، كۆزى، تەلەپپۇزى يەنە قانداقتۇر بىر يەرلىرىنىڭ پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى، ئادەمگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى شۇ كۈنى سەزگەندەك بولغانىدىم.

كۆڭلۈمگە بىر قورقۇنچ يامىشىۋالدى. مەن ئىمىن كاۋاپچىـ-
غا يېقىن ئۆلپەت ئىدىم.

— ئىمىن كاۋاپچى نېمىشقا ھاراق ئىچىدىغاندۇ، يەنە نۇر-
غۇن ئادەملەر ھاراق ئىچىدۇ، بۇنىڭ نېمە سەۋەبى باردۇ، سۈنى ئۇسساپ قالغىنى ئۈچۈن ئىچىشىدۇ، ھاراقنىچۇ؟

بىرەيلەن مەندىن ئۆزىنىڭ نېمىشقا ھاراق ئىچىدىغانلىقىنى سوراپ ناھايىتى قوپاللىق بىلەن ياقامدىن تارتقانىدى.

مەن شۇ چاغدا بەزى ئادەملەرنىڭ نېمىشقا ھاراق ئىچىدىغانـ-
لىقى توغرىلىق ئويلىنىپ قالغانىدىم. ھاراقنىڭ ئۆزى سىرلىق نەرسە، ئۇ ئادەمنى ئەسلىدىكى ئۆزىگە ئوخشىمايدىغان بىرھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. مەن بەزى ئادەملەر ئۆزىدىن قۇتۇلۇش ئۇ-
چۈن، ئۆزى بىزار بولغان ئۆزىدىن بىردەم بولسىمۇ يىراقلىشىش ئۈچۈن ھاراق ئىچسە كېرەك، دەپ ئويلىغانىدىم. بۇ ھېلىقى مەست ياققال ياقامدىن سىلكىپ تارتىپ تۇرۇپ: «مەن نېمىدەپ ھاراق ئىچىمەن، سەۋەبىنى ماڭا دەپ بەر» دەپ ماڭا گۆلەيگەن چاغدا كاللامغا كەلگەن خىيال ئىدى.

— ۋۇجۇدىمىزدا، روھىمىزدا بىزنى قىسىپ تۇرىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار، بىز مانا شۇ نەرسىدىن قۇتۇلۇش، يۇلقۇ-
نۇپ چىقىش ئۈچۈن بەزىدە ئىچىپ قويىمىز، چېكىپ قويىمىز. بۇ كۆڭۈلنى ئاچچىق سېزىمگە بۇلغاپ تۇرىدىغان غەشلىكلەردىن نېرى بولۇشنىڭ بىر ئۇسۇلى.

بۇ گەپنى سابىت نۇر دېگەنىدى. شۇ كۈنىمۇ ئىككىمىز ئىـ-
مىن كاۋاپچىنىڭ دۇكىنىدا ئىچىشكەنىدۇق. سابىت نۇرنىڭ باقـ-
قاللىق قىلىدىغان خۇشخۇي بىر ئاغىنىسى بولىدىغان، ھاراقنى

ئالامەت كۆتۈرۈپ قويىدىغان ئادەم ئىدى، شۇ كىشى سورۇننىڭ ئاخىرىدا تەڭشىلىپ قېلىپ مېنىڭ مۈرەمدىن سىلىكىپ تۇرۇپ خىرقىرىدى:

— ئۇكا، سېنى كىتابنى تولا ئوقۇيدۇ، زىيالىي ئادەم دەي-دۇ، دەپ باقە، مۇشۇ هاراقنى زادى نېمىشقا ئىچىمىز ...

بۇ ئادەم مەست بولۇپ قالسىلا مەندىن مۇشۇنداق سوراپ تۇرۇۋاتتى.

مەن دەماللىققا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم.

— گەپ قىلە، سەن مەن بىلمەيدىغاننى بىلسەن، بولمىسا سېنىڭ زىيالىيلىقىڭ پوققا هېساب، گەپ قىلە، هاراقنى زادى نېمىشقا ئىچىمىز، بۇنىڭ تۇرغان-پۈتكىنى زىيان تۇرسا، پۇلغا ئالسەن، يانچۇققا زىيان؛ ئاشقازىنىڭ بۇزۇلىدۇ، سالامەتلىككە زىيان؛ مەست بولۇپ كوچا - كويدا يېتىپ قالسەن، ئىناۋەتكە زىيان؛ خەقلەر بىلەن ئۇرۇشسەن، ئىتتىپاقلىققا زىيان؛ ئاندىن-چۇ... دېسەم جىق ... سورىمىغان گەپنى خەقكە دەپ سالسەن، سىرىڭ پاش بولۇپ قالىدۇ، ئىچىۋەرسەڭ كارغا كەلمەس لەقۋا بولىسەن، ئىچمەن دەپ بىرمۇنچە ۋاقتىڭ كېتىدۇ، ئۆمرۈڭ زايە بولىدۇ، خەقلەرنىڭ يالغان گېپىنى تىڭشاپ ئولتۇرىدىغان گەپ، خەقنىڭ كەينىگە كىرىپ سەنمۇ يالغان گەپ قىلىدىغان، يالغانغا گەپكە ئامراق بولۇپ قالسەن ... راست گەپ تېتىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ كىشى، مۇشۇنچىۋالا جىق زىيىنى بار نەرسىنى نېمىشقا ئىچىمىز، مېنى قايىل قىلغۇدەك جاۋاب بېرەلمىسەڭ ساڭا دەيدى-غان گېپىم بار مېنىڭ... سەن ئۆزۈڭنى زىيالىي دەپ يۈرسەن، جاۋاب بېرەلمىسەڭ... بۈگۈن سەن بىلەن هېسابلىشىمەن...

باققالنىڭ كۆزلىرىگە قان تولغانىدى. بۇ نېمىلەرنى دەيدۇ ئەمدى. مەن مۇشۇ كەمگىچە هاراق دېگەننىڭ مۇنچىۋالا جىق زىيى-نى بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغان. ئۆزۈممۇ ئويلاپ باقماپتىكەنمەن.

— مەن بۇنى ...

— بىلمەيمەن دېسەڭ چىشىڭنى تۆكىمەن ... — باققال يا-

قامدىن تۇتۇپ مېنى ئالدىغا تارتىپ كۆزۈمگە تىكىلدى، ئۇنىڭ خۇيى تۇتقان بۇقىنىڭكىدەك قىزارغان، ئالايغان كۆزلىرى تېـ-نىمنى شۈركەندۇرۇۋەتتى.

— ھاي، ھاي، بۇ ئىنىمنىڭ ياقىسىنى قويۇۋەت، سوئالىڭـ-غا مەن جاۋاب بېرەي.

سابىت نۇر ھېلىقى باققالنىڭ دولىسىدىن يېنىك تارتىپ قويدى.

— سابىتكامنىڭ گېپىنى ئاڭلايمەن ... سابىتكام دېگەن شائىر ... بۇنىڭدىن كېيىن خەقلەر سېنى بوزەك قىلسا ماڭا دە، سابىتكا ... مۇشۇ ھاراق دېگەننى تازا تىللاپ، سېسىتىپ بىر-نەرسە يازغىنا ... بولدى، ھازىر ناخشاڭنى ئاڭلايمەن ... ياق ... ئال-دىدا نېمە ئۈچۈن ھاراق ئىچىدىغانلىقىمىز توغرىسىدا سۆزلە ...

باققال كۆكەمە بىرنېمىدەك قىلاتتى، ئەمما مەن قارىسام ئۇ سابىت نۇردىن خېلىلا ھېيىقىدىكەن.

سابىت نۇر شۇ چاغدا قولىغا رومكىنى ئېلىپ تۇرۇپ بايىقى گەپنى قىلغانىدى.

مەن باققالنىڭ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قايىل بولغان - بولمى-غانلىقىنى بىلەلمىدىم، قارىسام ئۇ ئۇستەلگە بېشىنى قويۇپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، قاساق قوللىرى بىلەن بىر تال زىخنى چىڭ قامالالىۋالغانىدى. قىزىلمىغان ساقىلىغا چاپلىشىپ قالغان ئۈزۈن بىر تال چاچ كۆڭلۈمنى ئېلەشتۇرۇۋەتتى. مەن ئىمىن كاۋاپچى-نىڭ زىخقا گۆش ئۆتكۈزۈش بىلەن ھەلەك بولۇۋاتقان سېمىز خوتۇنىغا قاراپ قويدۇم، ئۇنىڭ جىڭگىلەك چاچلىرى چۇۋۇلۇپ تۇراتتى.

بۇ دۇنيادا نۇرغۇن ئادەملەر ئۆزلىرى قىلىۋاتقان ئىشلاردىن بىزار ئىكەن، ھېلىقى باققال ئۆزىنىڭ ھاراق ئىچىشىدىن، مۇنۇ ئىمىن كاۋاپچى كاۋاپچىلىقتىن بىزاركەن.

مەن مۇشۇنداق خىياللارنى خېلى ئۈزۈنغىچە كاللامدىن چىـ-قىرىۋېتەلمىدىم. ئىمىن كاۋاپچى كاۋاپچىلىق قىلمىسا نېمە ئىش

قىلىدۇ.

مەن ئىمىن كاۋاپچىنىڭ نېمە ئىش قىلىشى توغرىلىق بىر-كاردىن - بىكار غەم قىلغىنىمدىن ئۆزۈم كۈلۈپ كەتتىم.

ئىمىن كاۋاپچى كاۋاپچىلىقنى قەتئىي قىلمايمەن، دەپ ۋەدە بەرگەننىڭ ئەتىسى ئۇنىڭ بىلەن دۇكىنىنىڭ ئالدىدا ئۇچرىشىپ قالدۇق، تازا چۈش مەزگىلى ئىدى، ئىمىن كاۋاپچى قولىدىكى ئۆزۈكنى قويۇپ ھۆل قوللىرى بىلەن قولۇمنى سىقتى.

— دۇكاننى ئېچىۋاپسىز، — مەن سەل ھەيران بولۇپ سورىدىم.

— ئەمدى بۇنى قىلمىساق نېمە قىلىمىز ئۇكام، بىزنىڭ ئىشىمىز مۇشۇ تۇرسا، جان باقارنىڭ يولىمۇ مۇشۇكەن بىزگە.

ھەممە ئادەم دېگىنىنى قىلىدىغان، يالغاندىن خالىي جاھاننى كۆرۈش، جەننەتكە كىرگەندىنمۇ بەك خۇش بولىدىغان ئىش ئىدى. گەپنى باشقا ياققا بۇرىمىسام ئىچىم پۇشۇپ قالاتتى. ئىمىن كاۋاپچىنىڭ تۈنۈگۈن ماڭا ئىككىنچىلەپ كاۋاپچىلىق قىلمايمەن، دەپ يەنە بۈگۈن خىرامان كاۋاپ سېتىپ ئولتۇرۇشى خۇددى مېنى زاڭلىق قىلغاندەك تۇيۇلۇپ قالدى.

— باشقا ئىش قىلىشنى ئويلاپ باقمىدىڭىزمۇ.

— بىزگە بۇنىڭدىن باشقا نېمە ئىش بار، بەزى ئادەملەر تاشچىلىق قىلىپ پۇل تېپىپ يۈرىدۇ، مەن قىلاي دېسەم ئېپى-جېپىنى بىلمىگەندىكىن قورقىدىكەنمەن. دۇكانغا باشلاي ... قېنى ...

— خوش، كېيىن كېلەرمەن.

— جۈمە ۋاقتى بولۇپ قالدى ... بىردەم سىردىشىپ ئولتۇراركەنمىز، مەن ماڭغاچ تۇراي.

ئىمىن كاۋاپچى كىرلەشكەن ساپما كەشنى شىپىلدىتىپ كاۋاپخانىنىڭ يېنىدىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— نەدىكى بىر گەپنى قىلىدىكەنسىز، كاۋاپچىلىق قىلىشتىن باشقا قولىدىن پوق كېلەمدۇ ئۇنىڭ، باشقا ئىش قىل دەپ

بېشىنى قايدۇرماڭ.

ئالدىمدا تەلەتى يامان، تولىمۇ بەستلىك خوتۇن — ئىمىن كاۋاپچىنىڭ ئايالى تۇراتتى.

مۇشۇ خوتۇننىڭ ئىسمى نازىگۇل.

— بۇ مۇنداقلا بىر دەپ قويغان گەپ دەڭا، راستىمكى دەپ قالماڭ.

— مەنغۇ ھەرگىزمۇ راستىمكى دەپ قالمايمەن، سىلەر راست گەپ قىلىدىغان ئادەملەر ئەمەس، بىراق ماۋۇ ئىمىن دېگەن دۆت ئىشىنىپ قالىدۇ.

گىرەچىسى ئاجراپ كەتكەن ئىشكنى ئۇزاق ھەپىلىشىپ تەستە ياپقان ئىمىن كاۋاپچى ئاپتاپ چۈشۈپ تۇرغان يولدا ئىتتىك كېتىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ، ئىمىن كاۋاپچى ھاراق دەردىنى ئالىدۇ، دېگەن گەپكە ئىشىنىدىغان ئادەملەردىن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم، قاچان قارىسا بىركىمدىن ئالالمىغان ئاچچىقى باردەك بىرھالدا زىخقا كاۋاپ ئۆتكۈزۈپ ئولتۇرىدىغان سىمىز خوتۇننىڭ قاپىقىدىن مۇز ياغاتتى.

مەن ھازىرغىچە بۇ خوتۇننى نازىگۇل دەپ چاقىرىپ باقمىغاندىم.

بەزىلەر ئىمىن كاۋاپچىغا خوتۇننى قويۇۋېتىش توغرىسىدا ئەقىل كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن، دېگەنلەرنى ئويلاپ قالاتتىم، بۇ جاھاندا ھەممە نەرسە كەم بولغاندىمۇ مەسلىھەت بېرىدىغان، يول كۆرسىتىدىغان، ئىشقا بۇيرۇيدىغان ئادەم كەم بولمايدۇ. ئىشنى باشقىلار قىلسا، يولنى باشقىلار ماڭسا، كۆۋرۈكتىن ئالدى بىلەن باشقىلار ئۆتسە، چوڭقۇر دەريانى باشقىلار بىرىنچى بولۇپ كېچىپ ئۆتسە دېگەنلەرنى ئويلايدىغان ئادەملەر ناھايىتى تولا. ئىمىن كاۋاپچىنىڭ ھاراقكەش ئاغىنىلىرى چوقۇم بۇ تەلەتى سۇرۇن خوتۇندىن قۇتۇلۇپ كەت، دېگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى، بۇنداق مەرى سوغۇق خوتۇننى قويۇۋېتىپ باشقا خوتۇن ئال، سېنى ئۆزىمىز بىر قوللۇق ئۆيلەپ قويىمىز، ئۆلۈپ كېتىد-

دىغان جاھانغا جىنىڭنى قىيناپ نېمە قىلىسەن؟ دېگەندەك سۆز-لەرنى چوقۇم دەيدۇ. ھازىرقى كۈندە مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىدى-غانلار جىقىيىپ كەتتى. ئەمما، بۇنداق گەپلەرگە ئىمىن كاۋاپچى ئۇنىمايدۇ. خوتۇنىنىڭ سىلىكىش، سەلپۇشلىرى بولمىسا، ئاغزىغا كەلگەننى دەپ تىللىمىسا ئىمىن كاۋاپچى يېتىمسىرەپ قالىدۇ، مەن ئىمىن كاۋاپچىنىڭ كەينىدىن قاراپ ئۇزاق تۇرۇپ كەتتىم. ئۇ كۆزۈمگە غەلىتە كۆرۈنۈپ كەتتى. ناۋادا خوتۇنى ئىمىن كاۋاپچىنى تىللىمىسا، ئۇ چوقۇم خوتۇنىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈ-رىدىغان بىرەر ئىشنى قەستەن قىلىپ تىل ئىشتىۋېلىشى مۇم-كىن. مەن بۇ خىيالىمنى ھېچكىمگە دەپ باقمىدىم، ئىمىن كاۋاپچىنىڭ تۇرقىغا قاراپ شۇلارنى ئويلاپ قالدىم.

ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ خوتۇنى مەست بولغان ئېرىنىڭ تايىقىنى پات-پات يېمىسە خۇيى تۇتۇپ قالىدۇ، دېگەن گەپكە ئىشەنمەي دەپ تۇرۇپ، يەنە ئىشىنىپ قالىمەن.

ئۇدۇل كەلگەن گەپكە ئىشىنىش، ئەڭ يامىنى يالغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىشىنىشكە كۆنۈپ قالغانلار يالغۇز مەنلا بولۇشۇم ناتايىن.

— ساۋۇردۇڭدە ئالامەت بىر ئىش بولغان گەپ، شۇ يەرلىك ئىسلام پادىچىنىڭ كالىسى ئىككى بېشى بار بىر موزاي تۇغۇپتۇ، سېرىق، ئالا موزايكەن.

سەلىم موزدۇز قارىچۇقلىرى پىلدىرلاپ تۇرىدىغان كۆزلى-رىنى چىمچىقلىتىپ گېپىنى داۋام قىلدى.

— موزاينىڭ بىر بېشى ئەسلىي جايىدىكەن، يەنە بىر بېشى قۇيرۇق تەرىپىدىكەن، قايسى بېشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسلىي بېشى، قايسىسىنىڭ ئارتۇق بېشى ئىكەنلىكىنى ئايرىغىلى بولماپتۇ، ئىككى بېشى ئىككى تەرەپكە باشلاپ ماڭسا تارتىشىپ تىرەجەپ ھالى قالمايدىكەن ئۇ موزاينىڭ، ئانىسىنى ئېمىدىغان چاغدا ئىككى بېشى ئەمچەك تالىشىپ بىر ئىزىدا چۆرگىلەپ بەك قى-زىق تاماشا بولىدىكەن، دەيدۇ ...

— توۋا ما ئىشنى ... بىر بىرىپ كۆرۈپ كەلسەك بولغۇدەك جۇمۇ ...
— راست، ئىككى بېشى بار كالا تۇغۇلدى دېسە ئالامەت گەپكەن بۇ ...
ھەممەيلەن ۋاڭ-چۇڭغا چۇشۇپ كەتكەن چاغدا ئارىدىن بى-رەيلەن گەپكە قوشۇق سالدى:
— ساۋۇردۇڭ ھازىر يايلاق ئەمەس، ئۇ يەرنى خەقلەر يەر ئېچىپ تېرىلغۇغا ئايلاندۇرىۋەتتىغۇ سەلىمكا ... باشقا يەردە بول-غان دېگەن بولساڭ ...
— ھەي پوق يەپ چوڭ بولغان، ساۋۇردۇڭدە يەر ئاچقان بولسا كالا باقمايدۇ، موزاي تۇغۇلمايدۇ دەپ كىم دېدى ساڭا. بولدى، گېپىڭنى قىلۋەرگىنە سەلىمكا ... ئۇنداقتا ئۇ موزاينىڭ قۇيرۇقى يوقكەن دېگىنە ئەمدى ... نەدىن تېزەكلەيدىغاندۇ ئۇ...
— قالغىنىنى ئۆزۈڭلار بېرىپ كۆرۈڭلار، كۆز كۆرمىگەنگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، ئاناڭ كۆرگەن يولنى ئاتاڭغا بەرمە، دەپتى-كەن، ئادەم دېگەننىڭ ئىچىدىن ئارغامچا كېسىكى بىلەن توقۇ-ناقتىن باشقا ھەممە نەرسە چۇشىدۇ ... چىشىڭنىڭ باريدا گۆش يە، دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ ... ئىككى مەمەت بىر بوپتۇ، قۇلاقلىرى دىڭ بوپتۇ ...
سەلىم موزدۇز كەتكەندىن كېيىن بىرسى غودۇڭشىدى:
— ئىسلام پادىچى ئۆلۈپ كەتكىلى نەچچە ئون يىل بولدى، ئىككى بېشى بار موزاينىڭ تۇغۇلغىنى قاچانقى ئىشتۇ؟
بۇ گەپكە ھېچكىم ئېرەنشىمىدى.
ئىمىن كاۋاپچىنىڭ خوتۇنىنىڭ تىللىشىغا كۆنۈپ قالغىنى-نى ھەرقانچە ئويلىساممۇ كاللامدىن ئۆتكۈزەلمەيتتىم.
ئادەملەرنىڭ يالغانغا كۆنۈپ قالغانلىقىنى، خۇمار بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسە ۋۇجۇدى، روھى لەختە ـ لەختە بولۇپ كې-تىدىغان ئادەملەر بار. يالغانغا ئىشىنىش يالغان ئېيتقاندىنمۇ ئۇسال ئىش، دېگەن گەپنى پات-پات ئەسلەپ قالىمەن.

ساببت نۇر ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئۆزىنى تاشلاپ يې-
نىك خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ ئويغىنىشىنى
ساقلاپ ئولتۇراتتىم. ئىمىن كاۋاپچىنىڭ تۈنۈگۈن، ئۈلۈشكۈن،
ئالدىنقى ھەپتە، ئالدىنقى يىللاردىكى ئىشلىرى يادىمدىن كې-
چىۋاتاتتى.
— يەنە ئېشەك سۈيدۈكى ئىچتىڭمۇ قەلەندەر ... نېمىشقا
مۇشۇنداق ھاراقكەشلەرنىڭ بوينى قاتلىشىپ ئۆلمەيدىغاندۇ.
مەن ئىمىن كاۋاپچىنى يۆلەپ تۇراتتىم، ئاغىنىلەر بىلەن
دەريا بويىدا ئولتۇرغاندا ئۇنىمۇ چاقىرىۋالغان ئىدۇق.
— ھىھ ھىھ ... ما خوتۇننى ... ئۇنداق دېمەڭلا خوتۇن ...
— ماڭ، يوقال. ھاراقنى نەدە ئىچكەن بولساڭ شۇ يەرگە بار
... ساڭا ئۆي، خوتۇن - بالا كېرەك بولمىغاندىكىن يوقال ...
— ماڭا ھېچنېمە كېرەك بولمىسىمۇ سىلە كېرەك خوتۇن...
خوتۇن بولمىسا مەن قانداق قىلىمەن ...
ئىمىن كاۋاپچى تىلىنى چايناپ توختىماي بىرنېمىلەرنى
دەيتتى.
ئۇنىڭ قولى مېنىڭ بوينۇمدا ئىدى، قويۇپلا بەرسەم يىقى-
لىپ چۈشەتتى.
ئىمىن كاۋاپچىنىڭ خوتۇنى ئېرىمگە ھاراقنى سەن ئىچ-
كۈزدۈڭ، دېگەندەك ماڭا ئالىيىپ قاراپ قويدى، نېمانداق قىلىقى
سەت خوتۇندۇ بۇ، جاھاندا خوتۇن كىشىنىڭ تۇرۇلگەن قاپىقى-
دىنمۇ سەت ھەم جانغا پاتىدىغان ھېچنېمە يوق. ئىمىن كاۋاپچى-
نىڭ كۈچۈكلىنىپ تۇرغان ھالىغا قاراپ يۈرىكىم ئېزىلىپ كەت-
تى. ئىمىن كاۋاپچى كىم بولسىمۇ ماڭا ئوخشاش ئەر زاتى ئىدى.
مېنىڭ شۇ چاغدىكى تۇيغۇمدا ئۆزۈم بىلەن ئوخشاش بىرسىنى
بىركىم ھاقارەتلىسە بۇ ھاقارەت ماڭىمۇ تەۋەدەك، ھېچ بولمىسا
مەلۇم يېرىنىڭ، مەلۇم يېرى ماڭا تەۋەدەك ھېس قىلىپ قالغان
بولۇشۇم مۇمكىن. شۇڭا يۈرىكىم ئېچىشىپ كېتىۋاتسا كېرەك.
— قاراپ تۇرۇپ ئېرىڭىزنى تىللىماڭ. قەدرىنى قىلىڭ،

نىمىلا بولسۇن ئۇ سىزنىڭ ئېرىڭىز.

مەن ئۇ خوتۇنغا تىك قاراپ شۇنداق دېدىم.

— بىر ئۆينىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي ھاراققا دۇم چۈشكەن مۇشۇنداق بىرنىمىنى قانداقمۇ ئەر دېگىلى بولسۇن. بەش بالىنى باقالماي تارتمىغان كۈنۈم قالمىدى مېنىڭ، تاپقان پۇل مۇشۇنىڭ ھارىقىغا كېتىۋاتسا، مەن بۇ ئۆينى بېقىپ بولالمىسام قانداق قىلىمەن ... تولا گەپ قىلماي نېرى كېتىڭ ... يا ھاراق ئىچىپ ئۆلمىدى بۇ تاپ ... تايىنلىق ئېرىم ئۆلگەن، دەپ يۈرەر ئىدىم.

ئىمىن كاۋاپچىنىڭ خوتۇنى بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى، ئايال-نىڭ سېمىز گەۋدىسى غالىلداپ تىترەيتتى. بۇ جاھاننىڭ خاپىد-لىقلىرى ئادەملەرنى مۇشۇنداق ئېزىپ، يانجىپ باشقا بىرھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. مەن ئۇ خوتۇننىڭ بەش بالىنىڭ گېپىنى قىلغىنىدىن ھەيران قالدىم. ئۇلارنىڭ راستلا بەش بالىسى بار-مىدۇ.

مەن بۇنى ئىمىن كاۋاپچىدىن سوراپ باقاي دەپ يەنە ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

— خوتۇننى قويۇۋەت ئىمىن، بىز يۈز ياشقا كىرمەيمىز.

— خۇدايا توۋا دېگىنە، نېمىشقا ئۇنداق قىلىمەن مەن ... ساراڭدەك گەپ قىلما.

— خوتۇنۇڭنىڭ خۇيى سەتكەن، جېنىڭ قاقشاپلا يۈرەمسەن؟

— ئۇنىڭ ئاچچىقى يامان بولغان بىلەن، كۆڭلى ئوبدان، يامان يولغا مېڭىپ باقمىدى. مەن ئۇنى قويۇۋەتسەم كىمنى ئالى-مەن ...

ئىمىن كاۋاپچىنىڭ بىر ئاغىنىسى قايسى بىر كۈنى مۇ-شۇنداق بىر گەپلەرنى دېيىشكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى.

سابىت نۇر ئويغاندى، ئۇنىڭ ئورۇق يۈزلىرى تاتىرىپ كەت-كەنىدى.

— بىر يەرگە بېرىپ پىۋا ئىچىپ كېلەيلى ئۇكام، بۈگۈن بۇ نىجىسقا يولۇقۇپتۇق، تاز بولساڭ گەدەنگچە دەپتىكەن.

ئىمىن كاۋاپچىنىڭ دۇكىنىدىن چىقىۋاتساق بىرەيلەن دەل ـ دەڭشىگىنىچە مېڭىپ، ماڭا سۈركەلگەنچە چىقىپ كەتتى، ئۇ كەينىگە قاراپ، ماڭا قاراپ قويدى، بىرنېمە دېگۈسى باردەك قىلاتتى، ئۇنىڭ قىزارغان كۆزلىرى، يوغان قوللىرى، ئېگىز بو ـ يى مېنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى.

ــ نەگە بارساق بولار، ــ دېدىم مەن سابىت نۇرغا قاراپ.

ــ ھېلىقى شاراپەت دېگەننىڭ قاۋىقىغا بارايلى، مېھرى ئىسسىق يەكەن.

مەن دەماللىققا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم.

ــ ئۇ خوتۇننىڭ نامى يامان، باشقا يەرگە بارساقمىكىن.

ــ نامى يامان بولسا ھېچنېمە بولمايدۇ، ياخشى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى يامان ئاتاققا قالىدۇ...

سابىت نۇرنىڭ سۆزلىرىگە قوشۇلمىساممۇ، ئەمما شاراپەت ـ نىڭ قاۋاقخانىسىغا بىللە باردۇق.

بۇرنۇمغا بىرنەرسىنىڭ بەتبۇي ھىدى ئۇرۇلدى، سەل نېرىدا بىر مەست ئۇستەلگىلا قۇسۇپ ئۆزىنىڭ قۇسقىغا مىلىنىپ ياتات ـ تى. ئۇ كۆزۈمگە بۇ دۇنيانى، بۇگۈنكى كۈننى ھەم ئەتىدىكى ھايات ـ نى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئىمىن كاۋاپچىنىڭ خو ـ تۇننىڭ گەپلىرى پات ـ پات يادىمغا يېتىپ قالاتتى.

چىرايىنىڭ ئۆڭى قالمىغان بىر قىز ئىككى بوتۇلكا پىۋا بىلەن بىر تەخسە گازىرنى ئالدىمىزغا قويۇپ ماڭدى.

ــ بۇ يەر نېمانداق سېسىق پۇرايدۇ.

قىز كەينىگە ئۆرۈلۈپ ماڭا ھومىيىپ قويدى.

بىرنەچچە ئادەم بىر بۇلۇڭدا ھاراق ئىچىشىۋاتاتتى، ئۇس ـ تەلدە يۇلغۇن زىخلار، نان، يەنە غاجىلاپ تاشلاپ قويغان سۆڭەك ـ لەر بار ئىدى. قاۋاقنىڭ ئىشىك بېشىغا ئېسىپ قويۇلغان ياڭراتقۇدىن ئايال كىشىنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇرات ـ تى. ھاراق ئىچىۋاتقانلارنىڭ ئىچىدىكى سېمىز، گەۋدىلىك بىر ـ سى بۇرنىنى پۇرۇشتۇرۇپ ھاۋانى ئىچىگە تارتىپ بىردەم تۇرغاد ـ

دىن كېيىن ماڭا تىكىلگىنىچە ئورنىدىن تۇردى.
— بۇرنىڭدا مەسىلە بار ئىكەن.
ئۇ يېنىمغا كېلىپ ماڭا ئېگىشكىنىچە شۇنداق دېدى.
— مېنىڭ بۇرنۇمدا مەسىلە يوق، بۇرنىغا ھېچنېمە پۇرىمىغان ئادەمنىڭ بۇرنىدا مەسىلە بار، دېسە بولىدۇ.
مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا يۈزلەندىم. ئۇنىڭ بويى مەندىن پاكارراق ئىدى.
— قانداق نەرسىنىڭ سېسىق پۇرايدىغانلىقىنى بىلگۈڭ بولسا ھېلىقىدەك گەپنى دەۋەر، مەن بۇلتۇر دەل مۇشۇ كۈندە مۇشۇنداقراق گەپ قىلغان بىرسىنىڭ بۇرنىنى ئېزىۋېتىپ ئون نەچچە مىڭ يۈەن تۆلەپ بەرگەن، يەنە تۆلىسەممۇ ماڭا ئېغىر كەلمەيدۇ، ئېغىر كېلىدىغىنى مەن بار يەرنى ئۇنداقكەن، مۇنداقكەن دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلاش. شاراپەت ھېلىقىدەك گەپلەرگە ئۆچ.
مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قاراپلا قالدىم، ئۇنىڭ ئەپتىدىن جېدەلنى پۇلغا سېتىۋالىدىغان تەلۋە ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ دۇنيا مۇشۇنداق ئاجايىپ-غارايىپ خۇي پېئىللىك ئادەملەر بىلەن تولۇپ كەتكەن. مەن بۇ يەرنى سېسىق پۇرايدىكەن دېسەم بۇنىڭ كارى بولماسلىقى كېرەك ئىدى. بىراق بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى شاراپەت دېگەننىڭ مەن بىلمەيدىغان بىرەر ئالاقىسى بولسا كېرەك. سابىت نۇر ماڭا كۆزىنى قىسىپ قويدى، مەن ئاستا جايىمغا ئولتۇردۇم. بۇ يەرنىڭ بەتبۇي پۇرايدىغىنى راست ئىدى، بىراق مۇشۇ تاشلاندۇق قاۋاقتا مەن راست گەپ قىلىپ ئازار يەپ قېلىشاتاتتىم.
— بۇنداق يەرگە ئەمدى كەلمەيلى.
سابىت نۇر گېپىمنى ئاڭلاپ بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئاغزىنىڭ چۆرىسىدىكى پىۋا كۆپۈكلىرىنى ئېرتىۋېتىپ ئاستا دېدى.
— بىراق ھەقىقىي تۇرمۇش مۇشۇنداق يەردە دەڭا.

— بۇ ھەقىقىي تۇرمۇش ئەمەس، بۇ دېگەن بىر توپ ساراڭلارنىڭ ئۇۋىسى.

گېپىمنى تۈگىتىپ ئىتتىك ئەتراپقا قاراپ قويدۇم.

بىر چاغدا سابىت نۇر ئىمىن ھەسەننىڭ ناباب قىلىقلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى. سابىت نۇرنىڭ دېيىشىچە ئىمىن ھەسەن بەك جىق نەرسىلەرنى بىلىدىكەن، بىلىمگە تولغان ئادەمكەن، بىراق جاھاندىكى ئەڭ تايىنى يوق ئىشلار ئۈچۈن كاللىسىنى ئىسراپ قىلىپ ئۆتىدىغان، بۇ دۇنياغا ھېچ پايدىسى تەگمەيدىغان ئادەمكەن. سابىت نۇر گېپىنىڭ ئاخىرىدا قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن بىر داڭلىق شائىرنىڭ بىلىمى جىق، بىراق ئەلگە پايدىسى تەگمەيدىغان ئادەملەرنى مەسخىرە قىلىپ يازغان بىر شېئىرىنى گاچىلاشقىنىچە ئوقۇپ بەردى ... شېئىردا كىتاب يۇدۇۋالغان ئېشەك دېگەندەك بىر گەپلەرنىڭ بارلىقى غۇۋا يادىمدا قاپتۇ.

— خوتۇن كىشىگە قېيىداپ ئۆيدىن چىقىپ كەتمىسىڭىز بولاتتى ئۇكام ...

ئىمىن كاۋاپچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم، مەن ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمىگەن تۇرسام بۇ نەدىن بىلگەندۇ.

— چىقىپ كېتىشىم خوتۇن بىلەن ئالاقىسىز.

— بولدى، مەن ھەممىنى بىلىپ بولدۇم، خوتۇنىڭىز خېلى ئوڭلۇق بالىدەك قىلاتتى، بوپتۇ، ئىمكان بولسا ئۆيىڭىزگە قايتىپ كېتىڭ، مەن بۇ گەپنى ھېچكىمگە دېمەيمەن. راست ...

مەن كۆك رەڭلىك چامادانىنى ئېلىپ مېڭىپ كەتتىم، ئىمىن كاۋاپچى بويىنىنى قىسىپ دۇكىنىنىڭ ئالدىدا قالدى. ئۇنىڭ سىمىز خوتۇنى زىخقا گۆش ئۆتكۈزۈش بىلەن ھەلەك ئىدى.

# ئونىنچى باب



ئېگىز ئۆسكەن تېرەكلەرنىڭ، سۆگەتلەرنىڭ شاخ پۇتاقلىرىدا قاغا، پاختەك دېگەندەك جانىۋارلار چاڭگا تىزغان باغدا، قورۇپ كەتكەن غارا قومۇشلارغا قونۇپ ئولتۇرغان يىڭناغۇچلارنى پەم بىلەن تۇتۇۋالىدىغان، يىڭناغۇچ تۇتۇۋالسا ئايروپىلان تۇتۇۋالدىم دەپ خۇش بولىدىغان بىر بالا چوڭ بولۇپ، ئەر يەتكەندە كۆك رەڭلىك چامادانىغا قارا چاچلىرى چېچىلىپ تۇرىدىغان، چىرايلىق كۆزلىرىدىن يۈرەكنى ئۆرتەيدىغان ئىشق ئوتى يېلىنجايدىغان نازۇك قىز سوۋغا قىلغان كەلگۈسى توغرىسىدىكى ئىككى پارچە كىتابنى سېلىپ ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى.

كىچىكىدە بوۋىسى ئۇنىڭدىن: «چوڭ بولغاندا نېمە قىلىسەن؟» دەپ سورىسا: «ئايروپىلان ھەيدەيمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن ھەم مۇشۇ گېپى بىلەن بوۋىسىنى بەكلا خۇش قىلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭغا ئايروپىلان ھەيدەش نېسىپ بولمىدى، ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپمۇ باقمىدى. ئۇ كۆك قەھرىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئايروپىلانلارنى كۆرسە ئۆزىنىڭ بالىلىقىنى، يىڭناغۇچلارنى ئەسلەپ قالىدۇ.

مەن يوللىرى قاتتىق كوچىدا كېتىۋېتىپ يۈرىكىمنىڭ كۆزنەكلىرىدىن ئۆزۈمگە ئۇزاق سەپسېلىپ ئۇچۇرما بولۇش ئالدىدىكى يۇمشاق، نازۇك قۇش بالىسىدەك بالىلىقىمنى ئەسلەپ قالدىم.

ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىم ئۆزۈمگە بىر قىسما تۇيۇلۇپ قالدى. ئەسلىدە بىر ئادەمنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشى، يا قايتىپ كېلىشى ئۆزىنىڭ ئىشى بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما مەن ئويلىسام بۇ ئۆزىنىڭلا ئىشى ئەمەسكەن. كۆڭلۈمنى ئاختۇرسام شۇ ھالدا مەندە ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىمنى باشقىلار بىلسە نېمىدەپ ئويلار، كەينىمدىن مازاق قىلارمۇ، ئۇستۇمدىن گەپ تاپارمۇ، دەيدىغان ئەندىشە باركەن. باشقىلار ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىمنى بىلىپ مېنى مەسخىرە قىلسا، زاڭلىق قىلسا، ئۆيدىن چىقىپ كېتىش سەۋەبىم توغرىلىق تۈرلۈك گەپ-سۆزلەرنى قىلىشسا... بۇنداق بولغاندا ئۆيدىن چىقىپ كېتىش يالغۇز مېنىڭلا ئىشىم بولماي قالىدۇ.

مېنى ھەيران قالدۇرغىنى، كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدە ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىمنى ھېچكىم بىلمەي قالارمۇ، دەيدىغان بىر ئەندىشە بار ئىدى. بىركىمنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقاتتىم، ھېچكىمنىڭ بىلمەي قېلىشىدىنمۇ ئەنسىرەيتتىم.



بۇكىدە باراقسانلىغان سۆگەتتىكى قۇشقاچلارنىڭ چۇرۇلداشلىرىنى تىڭشاپ توختاپ قالدىم، قويۇق شاخ، يوپۇرماقلار ئارىسىدا ئۇلارنىڭ نەدىلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە تەۋە چىرايلىق ئاۋاز بىلەن سايراشلىرىنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدىم، ئۆزىنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىش، ئۆزىنىڭ ئاۋازىدا سايراش ئادەملەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، بىز ھەممە نەرسىمىزنى بىر ئامالللارنى قىلىپ ئەتراپىمىزدىكى ئادەملەرنىڭكىگە ئوخشىتىشقا تىرىشىپ ئاۋارە. شۇنداق قىلمىساق كۆڭۈلدىكىدەك كۈن ئالغىلى بولمايدۇ. ھەممە ئادەم قىسقا چاچ قويۇۋاتقان مۇشۇ كۈندە ئۇزۇن چاچلىق ئادەم خەقلەرنىڭ كۆزىگە غەلىتە كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھەرقىسما گەپلەر سۆرۈلۈپ يۈرىدۇ، ئۇزۇن چاچلىق ئادەم، سەلىم موزدۇزنىڭ ناتونۇش ئادەملەر ئۇنى تۇتۇپ چاچلىرىدىن تىراكتورغا سۆرىتىپ كوچا ئايلاندۇرۇپتۇ، دېگەنلىرىنى، يەنە ئەر كىشى بولۇپ يارالغىنىغا پۇشايمان قىلغان

ساراڭ، دەپ تىللىغانلىرىنى ئاڭلىغاندا نەچچە كۈنگىچە ئۆزمەي تاماكا چېكىپ يۈرۈپتۇ.

بۈرۈن مەھەللىدە چاققانغىنا قەپەسكە قۇشقاچلىرىنى سولاپ كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان بىر بوۋاي بار ئىدى، ئۇنىڭ قۇشقاچلىرىنى دەسلەپ كۆرگەندە كۆزلىرىمگە ئىشەنمىگەنىدىم، جاھاندا مۇنداق-مۇ چىرايلىق جانىۋارلارنىڭ بارلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدىم، خۇددى بىرسى سىزىپ قويغاندەك، بۇ قۇشقاچلار راستلا بەك چىرايلىق ئىدى، قەپەسنىڭ ئىچىدە بىر نوگاي قاپىقى بار ئىدى، دېيىلىشىچە بىر تەرىپىدىن كىچىككىنە تۆشۈك ئېچىپ قويۇلغان بۇ قاپاق قۇشقاچلارنىڭ ئۆيىكەن، بوۋاينىڭ قولىدىكى بۇ قۇش-قاچنى كۆرگەندىن كېيىن مەندىمۇ مۇشۇ جانىۋارلارنى بېقىش ئىستىكى قوزغىلىپ قالدى.

— بۇنداق قۇشنى نەدىن تاپقىلى بولىدۇ؟

— مەخسۇس ساتىدىغان يەر بار.

بوۋاي گەپنى تولا قىلغاننى يامان كۆرىدىغان ئادەم بولسا كېرەك، بىر ئېغىز گەپكە بىر ئېغىزلا جاۋاب بېرەتتى.

مەن قەپەسكە يېقىن كېلىپ ھېلىقى قۇشقاچلارغا سەپسې-لىپ قارىدىم، قارىغانسېرى كۆڭلۈم بىرقىسىملا بولۇپ قالدى. مەن بۇ چىرايلىق قۇشقاچلارنىڭ ئاجايىپ كۆزلىرىنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايدىغانلىقىمنى شۇ يەردىلا جەزملەشتۈردۈم. مەنمۇ ئۆ-زۈمنى مۇشۇ دۇنيادىكى مەن بىلەن ئوخشاش ئادەملەر ھەم ئۆزۈم نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان تۇجۇپىلەپ توقۇپ چىققان قەپەستە تۇرغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم. ئادەم ئاجايىپ مەخلۇق ئىدى. قەپەسنى ئۆزى توقۇپ، ئۆزى كىرىۋالىدىغان. سەلىم موزدۇز يال-غان ئېيتسا ئاغزىڭنى يۇم دېيىشكە جۈرئەت قىلىدىغان ئادەم يوق. ئۇزۇن چاچلىق ئادەممۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرىدۇ. مەھەللىنىڭ چېتىدىكى قورۇدا پاھىشىلەر ھاياسىز كۈلۈشۈپ يۈرسە، ئۇلارنىڭ ئۇۋىسىنى ھېچكىم چۇۋۇۋېتەلمەيدۇ. مەن ھەم ماڭا ئوخشايدىغانلارنىڭ ھەممىمىز بۇ ئىشلارنى يامان كۆرسەكمۇ

چىش يېرىپ بىرنېمە دېيەلمەيمىز. بىزنى خەق بىلەن نېمە كارىم، ئارتۇق ئىشلارغا ئارىلىشىپ نېمە قىلىمەن، دېگەندەك تىكەنلىك سىملاردىن پۈتكەن قەپەس قورشاپ تۇرىدۇ. شۇڭا پاكىز يولغا تەرەت قىلىدىغانلار، ئاتا ـ ئانىسىنى ئۇرىدىغانلار، قىزلارنى دەپسەندە قىلىدىغان ئىشلار بۇ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە بار. بىزدە كۈن چۈش بولغاندا، يېرىم كېچە بولىدىغان جايلاردىمۇ، ئوڭدىمۇ، سولدىمۇ بار.

كىيىمىم ياراشمىسا خەقلەر نېمە دەر، ساقلىم ئۆسۈپ كەتسە بىركىملەر زاڭلىق قىلارمۇ، نامرات بولۇپ قالسام قاتاردىن چۈشۈپ قالارمەنمۇ، ئورۇقلاپ كەتسەم كىشىلەر گەپ تاپارمۇ، سەمىرىپ كەتسەم قانداق بولار، ۋېلسىپىتىمنى ئوغرى ئېلىپ كەتسە ھاڭۋاقتى دەپ مازاق قىلارمۇ، دېگەندەك ئەندىشىلەر مۇستەھكەم قەپەس بولۇپ بىزنى قورشاپ، قىسىپ تۇرىدۇ.

كۆزلىرىدىن ھەسرەتنىڭ مىڭ تۈرلۈك چاڭلىرى پۇرقۇپ تۇرغان بوۋاي بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۈستىبېشىمغا سەپسېلىپ قاراپ كەتتى، شۇ چاغدىلا مەن ئۇنى بىر يەردە كۆرگەنلىكىمنى يادىمغا ئالدىم. كۆڭلۈم غەش بولۇپ كەتتى. پۈتۈن شەھەردىكى رېستورانلارنىڭ ھەممىسىدە توي بولغان ئاشۇ كۈنى مەن يېرىم يالىڭئاچ بىرنەچچەيلەن بىلەن ئۇرۇشقانىدىم، ئۇلار مېنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ قاتتىق ئۇرغانىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن مېھىر تۆكۈلۈپ تۇرغان خوتۇنۇمنىڭ ئەپچىل قوللىرى بىلەن ئىسسىقلىق يالىداپ تۇرىدىغان ئۆيۈمدىكى ماڭلا تەئەللۇق تۇرمۇشۇم چۇۋۇلۇپ كەتتى. ھەرھالدا نورمال كېتىۋاتقان كۈنلىرىم پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ خوتۇنۇمنىڭ ھەرقاچان پورەكلەپ ئېچىلغان گۈلدىنمۇ چىرايلىق، كۆلكە يامراپ تۇرىدىغان چىرايى، مۇزدىنمۇ سوغۇق ھەم قورقۇنچلۇق بولۇپ كەتتى. قارا چاچلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، ئىنچىكە، نازۇك بارماقلىرىدىن يورەككە ئۆتىدىغان مېھىر كېلىپ تۇرىدىغان قىز بىلەن تار كوچىلاردا ئوغرى مۈشۈكتەك ئەنسىز،

ئەمما جاننى تەلپۈندۈرىدىغان تاتلىق كۈنلەرگە سەۋەب بولغان
ئاشۇ جېدەل يۈز بەرگەن كۈنى، مۇشۇ بوۋاي چىرايلىق قۇشلىرى
سولانغان قەپىزىنى كۆتۈرۈپ مەندىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا
تۇرغانىدى. مېنىڭ ئۇنى تونۇۋېلىشىم ئاشۇ قۇشلىرىنىڭ ئۆز-
گىچىلىكىدىن بولسا كېرەك، بولمىسا ئۇنى ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ
كېتەتتىم.

بوۋاي مېنى بىرەرسىگە ئوخشىتىپ قالدىمىكىن يە.

مەن خەقلەرنىڭ مېنى باشقا بىرسىگە ئوخشىتىپ قېلىشى-
دىن بەك قورقىمەن. نەدە بولسام، نەدە يۈرسەم پەقەت ئۆزۈمگىلا
ئوخشىسام، باشقىلارمۇ ماڭا ئوخشاپ قالمىسا، مەنمۇ باشقىلارغا
ئوخشاپ قالمىسام دەيمەن. ھەممە نەرسىمىز باشقىلارنىڭكىگە
ئوپئوخشاش بولسا، پەرقى بولمىسا بۇ دۇنيادا ياشىغىنىمىزنىڭ
قىممىتى قالماسلىقى مۇمكىن. ھەممە ئادەم ئۆزى بولۇش ئۈچۈن
تىرىشسا ياخشى.

مەن پەقەت مەن بولغان چېغىمدىلا ئۆزۈمگە ئىگە بولالايمەن.

بوۋاينىڭ ماڭا تىكىلگەن كۆزلىرىدىن ھېچنېمىنى بىلگىلى
بولمايتتى. ئۇنىڭ بويىنىنى سەل سىڭايان قىلىپ تىكىلىشلىرىگە
قاراپ ئۇ ھېلىقى كۈنى مېنى كۆرگىنىنى يادىغا ئالدى، ئۇ يەنە
مەن توغرىلىق بىرەر گەپ ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلى-
دىم. بۇ دۇنيادا خەقلەر بىر-بىرىنىڭ مېڭىش تۇرۇشىغا، ئولتۇرۇپ
قوپۇشىغا، گەپ-سۆزىگە قاراپ ئۆزىنىڭ كىم ۋە نېمە ئىكەنلىكىنى
بىلەلەيدۇ. باشقىلار نېمە قىلسا بىزمۇ شۇنى قىلىمىز، خەقلەر نې-
مە دېسە بىزمۇ شۇنداق گەپلەرنى دېمىسەك بولمايدۇ.

باشقىلار مېنى نېمە دەۋاتىدىكىن دېگەن ۋەسۋەسە پات-پات
خىيالىمىزنى چالغىتىپ تۇرىدۇ. بىرەر يامان ئىش قىلىپ قوي-
ساق شۇ ئىشىمىزنىڭ يامان ئىشلىقىدىن كۆرە، مۇشۇ ئىشىمىز
ئاشكارا بولۇپ قالسا خەقلەرنىڭ بىرنېمە دېيىشىدىن قورقۇپ،
تەشۋىشلىنىپ قالىمىز.

بۇ دۇنيادىكى ئۇچارلىق، تىنالىقلار ئىچىدە ئادەملەرگە بې-

رىلگەن ئۆزگىچە ئازابلارنىڭ بىرى شۇكى، خەقلەرنىڭ بىزنى يا-
مان دېيىشىدىن قورقىمىز، ھەممە ئادەمنىڭ بىزنى ياخشى دې-
يىشىنى تەمە قىلىمىز، بىز بار جايدىمۇ، يوق يەردىمۇ باشقىلار-
نىڭ بىزنى تىللىشىنى، ئەسكى گېپىمىزنى قىلىشىنى ھار ئا-
لىمىز. بىز نەگە بارمايلى، نېمە ئىش قىلمايلى، ھەممە ئىشنى
باشقىلارنىڭ كۆزىگە قاراپ قىلىمىز، قەدىمدىن شۇنداق بولۇپ
كەلگەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ. خەق بىلەن نېمە
كارىم، دېگەن گەپنى دېمەك ئاسان بولغان بىلەن، كارىمىز بولماي
يۈرەلمەيمىز. ھېلىقى بوۋاينىڭ چىرايلىق قۇشلىرى بىلەن بىز-
نىڭ ئوخشاش يەرلىرىمىز كۆپ.

شۇڭا بىز ئۆزىمىز بولالمايمىز.

دادام كىرسىن چىراغنىڭ قارا تۈتەكلىرى ئارىسىدا مۇك-
چىيىپ ئولتۇرۇپ يازغان خاتىرىلىرىنىڭ بىر يەرلىرىگە: «بىر
ئادەم ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى قەدىرلىگەنلىكىنى بىلسە
چوقۇم سۆيۈنىدۇ، ھەرھالدا ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىشى-
نى، نام ـ شۆھرىتىنىڭ، ئىس، بوغۇناقتەك ئىزسىز توزۇپ
كېتىشىنى خالىمايدۇ.» دېگەن سۆزلەرنى يازغان بولۇشى مۇمكىن
ئىدى. خاتىرە كۆيۈپ كەتمىگەن بولسا مەن ئۇنى سۆيۈنۈپ تۇرۇپ
ئوقۇغان بولاتتىم. ئەمدى مۇشۇنداق قۇرلارنى مەن يېزىپ قويۇ-
شۇم كېرەك بولىدۇ.

ھاياتىدا ناھايىتى ئېغىر يۈكلەرنى كۆتۈرۈپ مېڭىشقا مەج-
بۇر بولغان دادام يېرىم كېچىلەرگىچە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ
بىرنېمىلەرنى يازاتتى. مەن يوتقاندىن بېشىمنى چىقىرىپ، سى-
ياھ قۇتىسىدىن ياسىۋالغان كىرسىن چىراغنىڭ قاپقارا ئىسلىرى
تورۇسقا كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان، ئاشۇ چىراغنىڭ ئاجىز يورۇقىدا
كىتاب ئوقۇۋاتقان، يا بولمىسا بىرنەرسە يېزىۋاتقان دادامنى
كۆرسەم خىيالىمغا چۈشىنىكسىز بىر تۇيغۇلار كىرىۋالاتتى.
دادام تولىمۇ سىرلىق، قالتىس ئىشلارنى قىلالايدىغان ئادەمدەك
كۆرۈنۈپ كېتەتتى.

— دادام نېمە يازىدۇ.

مېنىڭ بۇ سوئالىم ئانامنى چۆچۈتىۋەتتى. ئۇ ئەندىكىپ ئەتراپقا قاراپ قويۇپ، ئوتنىڭ يورىقى كېلىپ تۇرغان قولى بىلەن بۇرنۇمغا نوقۇپ قويۇپ پىچىرلىدى:

— داداڭ بىرنېمە يازمايدۇ، سەن جىم يۈر، قالايمىقان گەپ قىلما.

ئانامنىڭ قورقۇپ كەتكەن چىرايى ھېلىمۇ يادىمغا يېتىدۇ.

— تالادا، بىركىملەرنىڭ قېشىدا، دادام بىرنەرسە يازىدۇ، دېگەن گەپنى ھەرگىز دېمە جۇمۇ. يەنە، ئۆيىمىزدە كىتاب بار، دېگەن گەپنىمۇ ھەرگىز قىلما.

ئانامنىڭ توشقاندەك چۆچۈپ تۇرغان ئاشۇ ھالىتىنى ھازىر ئەسلىسەم يۈرىكىم ئېچىشىدۇ. ئۇ بەلكىم ئاشۇ كۈنلەردە دادامدەك مۇشۇنداق خاپىلىقى تولا، تەرسا بىرسىگە تېگىپ قالغىنىدىن پۇشايمان يېگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ھېلىقىدەك قاپقى يامان ئادەملەر ئۆيىمىزگە كەلگەندە ئانامنىڭ چىرايىنىڭ تامدەك تاتىرىپ كەتكىنىنى، مۇرەمدىن قۇچاقلاپ تۇرغان قوللىرىنىڭ دىرىلداپ تىترىگىنىنى سېزەتتىم.

قورساقنىڭ ئاچلىقى، نامراتلىقنىڭ سېسىق پۇرايدىغان چاڭلىرى قاپلاپ كەتكەن ئۆيىمىز، ۋەھىمە، ئەندىكىش، خەقلەرنىڭ گۇمان بىلەن، ئۆچمەنلىك بىلەن قارىشى ئانامنى چۆچۈپ ياشايدىغان قىلىپ قويغان بولسا كېرەك.

ئۇ كۈلگەن چاغدىمۇ كۈلگىنىنى بىرسى كۆرۈپ قالمىسۇن، دېگەندەك ئاغزىنى توسۇۋېلىپ كۈلەتتى.

ئانامنىڭ يىغىسى بەك ئېچىنىشلىق ئىدى. قوشنىمىزدىن گەپ ئىشتكەن كۈنى ئانامنىڭ يىغىسىنى كۆرۈپ مەنمۇ يىغلىغانىدىم.

— سىڭگەن نېنىڭلارنى يېسەڭلار بولمامدۇ، ئادەمگە خاپىلىق تاپقۇچە.

قوشنا خوتۇن بېلىگە تايىنىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى. ئۇ خوتۇن بىزنىڭ ئېغىل بىلەن تۇتاش ئېغىلىنىڭ ئۆگزىسىدە قويلى-

رىغا پىچان تاشلىغىلى چىققان بولسا كېرەك.
— بىز نېمە قىلدۇق؟
ئانام پەستە تۇرۇپ شۇنداق دېدى.
— نېمە قىلدۇق؟ ما گەپنى، ئۆيۈڭلاردا دۇشمەنىنىڭ بىرنې-
مىلىرىنى ساقلاپ يۇرۇپسىلەرغۇ.
— ئۇنداق ئىش يوق.
— ئېرىڭىز بىلەن بىرلىشىپ بىرەر يامان ئىش قىلمىغان
بولساڭلار ھۆكۈمەت سىلەرنى تەكشۇرەمدۇ، رەھبەرلەر بىزگە،
مۇشۇ ئوتتۇرىدىكى قولۇم - قوشنىلارغا نازارەت قىلىشنى تاپ-
شۇردى، ئاڭلىق بولۇپ مەسىلە بولسا تاپشۇرۇڭ. شالىڭلار بىزگە
چېچىلىپ قالامدىكىن، دەپ بالىلارنىڭ دادىسى بىلەن ئۇيقۇ يوق
نەچچە كۈندىن ...
قوشنا خوتۇن، ئەمەس گەپتىن بىرنى دەپ سالغاندەك بىر-
دەم ھاڭۋېقىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۆرۈلۈپلا كەينىگە يېنىپ
ئۆگزىدىن چۈشۈپ كەتتى.
ئانام بىردەم شۇ پېتى قاراپ تۇرغاندىن كېيىن جايىغا ئول-
تۇرۇپلا بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ نازۇك ۋۇجۇدىنىڭ
سىلكىنىشلىرىنى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ تۆكۈلگەن ياشلىرىنى،
تام تۈۋىدىكى ئۆلۈك توپىغا مىلىنىپ ئولتۇرۇپ يىغلاشلىرىنى
كۆرۈپ مەنمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇپ تۇرالماي يىغلاپ كەتتىم.
بىر كۈنى قاق سەھەردە ئويغانسام دادام بىلەن ئانام سۇپىدا
چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپتۇ.
— ئاخشام تەكشۇرۇپ كەلگەنلەر نېمە دەيدۇ؟
— يازغانلىرىمدىن گۇمان قىلىدۇ شۇ، تېببىي كىتاب بىلەن
لەن ئەخلاق - پەزىلەت ھەققىدىكى كىتاب دېسەم، ئىشەنمەي ياز-
غانلىرىمنى ئەكەتتى.
— بالاغا قالماسمىز- ھە.
— بالاغا قالىدىغان ئىش يوق، كېسەل داۋالاش توغرىسىدا،
بۇ دۇنياغا كەلگەن ئادەملەرنىڭ قانداق ياشىشى كېرەكلىكى ھەق-

قىدە ئويلغانلىرىنى يېزىش گۇناھ ئەمەس، ئۇلار بىھۇدە گۇمان قىلىشىۋاتىدۇ، ئەنسىرىمىگىن.
ئانام بىردەم جىم بولۇپ كەتكەندىن كېيىن يەر تېگىدىن دادامغا قاراپ پەس ئاۋازدا دېدى:
— خەقلەرنىڭ قانداق ياشىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا بىر-نېمە يازىمەن، دەپ خاپىلىققا قالغۇچە ئىشىڭىزنى قىلسىڭىز نې-مە بولار، سىز ئۆگەتمىسىڭىزمۇ خەقلەر ئۆزى بىلىدۇ قانداق ياشاشنى.
— يازغۇم كېلىدىكەن، يۈرىكىمدە شۇنداق بىر ئوت بار دېگەن-نە.. ئوغلىمىز چوڭ بولسا ئۇنى ئوقۇپ ئاق-قارىنى پەرق قىلىدۇ.
— مېنىڭ يۈرىكىم ئېقىپ، سىزنىڭ تۈگەيدىغان ئوخشايدۇ، بەزىدە جاندىن تويغاندەكمۇ بولۇپ قالىمەن.
— تايىنى يوق گەپنى قىلما. جاھان مۇنداق كېتىۋەرمەيدۇ. مەن ئوغلىمىز بىغەرەز، شامالغا بېقىپ ئىش قىلىدىغان تايىنى يوق ئادەم بولۇپ قالمىسىكەن، دەپ مۇشۇنداق بىر ئىشلارنى قى-لىۋاتىمەن.
— ئىشقىلىپ ئۇ جېنىنى ئوبدان باقالايدىغان ئادەم بولسا بولاتتى. بىزگە كەلگەن كۈن ئۇنىڭ بېشىغا ھەرگىز كېلىپ قالمىسۇن.
قايىقى يامان ئادەملەر ئالدىنقى ھەپتە ئۆيىمىزگە كېلىپ كەتكەندى. ئۇلار دادام بىلەن ئۇزاق بىرنېمىلەرنى دېيىشكەندىن كېيىن، دادام ئەپچىقىپ بەرگەن كىتاب، خاتىرە دەپتەر دېگەندەك نېمىلەرنى بىرقۇر ۋاراقلاپ كۆرۈپ چىقتى.
— بىز دېگەن نەرسە بۇ ئەمەس، سەن موللا - تېۋىپلارنىڭ ئوت-چۆپلەر توغرىسىدىكى نەرسىلىرىنى، ئاندىن يەنە، ئادەمنىڭ ئۆمىدى ھەممە نېمىسىدىن مۇھىم، دېگەندەك تۈكى يوق گەپلەر يېزىلغان دەپتەرلەرنى بىزگە كۆرسىتىپلا قۇتۇلۇپ كېتەلمەي-سەن، بىز سورىغان نەرسىلەرنى بەر.
— ئەزىبىرايى، مەن مۇشۇنداق نەرسىلەرنى يازىمەن، باشقا

ھېچنېمە يوق.

دادامنىڭ چىرايىنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى، قاپقى يامان ئادەملەرنىڭ ئالدىدا بەكلا بىچارە بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ يۈرىكىم پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. دادامنىڭ ئەپتىگە قاراپ مەنمۇ قورقۇپ كەتتىم. دادامدىن بىرەر چاتاق چىقىپ قالمىسا بولاتتى. بولمىسا مېنىڭمۇ كۈنۈم تۈگەيدۇ. مەھەللىمىزدىكى مۇستاپانىڭ دادىسى بۇزۇق ئۇنسۇر ئىدى، ھېچكىم ئۇنى ئارىغا ئالمايدۇ، كىچىك بۇزۇق ئۇنسۇر، دەپ تىللايدۇ، زېرىككەندە ھەممەيلەن بىر بولۇپ ئۇنى يىقىتىپ، مىنىپ ئوينايدۇ، ھەتتا مۇئەللىممۇ ئۇنىڭغا ئۆچ. مەن مۇستاپانىڭ كۈنىگە قېلىشتىن قورقاتتىم.

يۈرىكىمدە ھېچكىمگە دېگىلى بولمايدىغان بىر قاراڭغۇ سايە، بىر قورقۇنچ بار ئىدى. ھېلىقى ئادەملەر بىر كۈنلەردە خۇددى مۇستاپانىڭ دادىسىنى باغلىغاندەك دادامنى باغلاپ جىپ ماشىنىغا سېلىپ ئېلىپ كېتىدىغاندەك بىر تۈيغۇ كاللامغا كىرىۋېلىپ مېنى قورقۇنچ باساتتى. مۇستاپانىڭ بەكلا بىچارە تۇرقى كۆز ئالدىمغا كەلسە يۈرىكىم ئېزىلىپ كېتەتتى. چوڭلارنىڭ قانداقتۇر قورقۇنچلۇق بىر ئىشلىرى باردەك، ئۇلار ئارىسىدىكى دۈشمەنلىك، رەھىمسىزلىك بىر-بىرىنى يەپ تۈگىتىۋەتمىگۈچە بېسىلمايدىغاندەك ئويلايتتىم.

ئانام ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ ئاستا شىۋىرلىدى:

— نېمىشقا مۇشۇنداق بولىدۇ.

— سابىر دۈيجاڭ بۇرۇنقى ئىشلاردىن ئۆچ ئېلىۋاتىدۇ، سەن خاتىرجەم بول، بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، مەن ئۇنىڭدىن قورقمايمەن. سەن پۇشايمان قىلمىغانسەن.

— ياق، نېمىشقا پۇشايمان قىلاتتىم، سىزگە ئېغىر بولۇۋاتىدۇ، چىدىمايدىكەنمەن.

— جاھان چۆرگىلەپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئوڭ بولۇپ قالدى، سېنى تارتىۋالغىنىمدىن ئۆچ ئېلىۋاتىدۇ، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ

كېتىدۇ، مەن چىرىپ ئۆلسەممۇ پەسلەرگە يېلىنمايمەن.

مەن پات-پات دادامنىڭ قارا چىراغىنىڭ سۇس يورۇقىدا قې-لىن كىتابلارنى ئوقۇغانلىقىنى، كىتىرلىتىپ بىرنېمىلەرنى يا-زىدىغانلىقىنى كۆرۈپ قالاتتىم. تاڭ قاراڭغۇسىدا ئۇنىڭ كى-چىككىنە يورۇقلۇق ئىچىدە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇشلىرى ۋە چوڭ-قۇر خىيالغا پاتقان قىياپىتى كۆزۈمگە سىرلىق كۆرۈنەتتى.

مەن بوۋاينى مالال قىلىپ قويغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ خى-جىل بولۇپ قالدىم، مەن ئۇنىڭ ئاجايىپ كۆزلىرىگە قاراپ تې-نىم جۇغۇلدىغاندەك بولدى. ئۇ بەلكىم ناھايىتى مۇرەككەپ، باش-ئاخىرىنى بىلگىلى بولمايدىغان خىياللارغا بەند بولۇپ كەت-كەندۇ. ئۇ ئادەمنىڭ تاسادىپىي پۇرسەتتە بۇ دۇنياغا كېلىدىغانلى-قى، چوڭ بولىدىغانلىقى، كۆرمىگەننى كۆرىدىغانلىقى، ئاڭلىمى-غاننى ئاڭلايدىغانلىقى، نۇرغۇن ناخشىلارنى ئۆزى يالغۇز ياكى باشقىلارغا ئەگىشىپ ئېيتىپ شادلىققا چۆمۈدىغانلىقى، ئىشق - مۇھەببەتنىڭ ئازابلىق ھەم شېرىن دەرياسىغا غەرق بولىدىغانلى-قى، بەزى ئادەملەرنىڭ باشقىلاردىن تاياق يەيدىغانلىقى، يەنە باش-قىلارنى ئۇرىدىغانلىقى، باشقىلاردىن تىل ئىشىتىدىغانلىقى ھەم باشقىلارنى تىللايدىغانلىقىنى، قېرىلىقنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس يىرگىنچلىك مانانلىرىنىڭ ھەممە ئادەمنى ئۇلاقتۇرۇپ تاشلايدى-غانلىقى، ئاخىرىدا ئەسلىدىمۇ دۇنياغا ناتونۇش ئادەملەرنىڭ ئۇزاق كۇنلەردىن كېيىن دۇنيا تەرىپىدىن تامام ئۇنتۇلۇپ، خۇددى بۇ ئالەمدە ئەزەلدىن مۇشۇنداق بىر ئادەم بولۇپ باقمىغاندەك يوقى-لىپ كېتىدىغانلىقى توغرىسىدا ئويلىنىپ ئولتۇرسا كېرەك.

ئۇ يەنە بۇ دۇنيا بەك شېرىن، بەك رەھىمسىز، گۈل كەبى لاتاپەتكە، ئاجايىپ چوڭقۇر ئىدىيەلەرگە، ئىنسان يېشىپ بولال-مايدىغان بىمەنىلىكلەرگە تولغان، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈ-زۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

مەن بوۋايغا، بوۋاينىڭ قۇشقاچلىرىغا ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ كەتتىم.

ئىلگىرى مەنمۇ مۇشۇنداق قۇشقاچلارنى بېقىش خىيالىغا كەلگەنىدىم.

كۆز ئالدىمدا قۇشقاچ بىلەن بوۋاي بىر نەرسىگە ئايلىنىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

مەن بۇنداق قۇشقاچنى بېقىش نىيىتىمدىن ياندىم.

مۇنۇ باراقسان سۆگەتتىكى قۇشقاچلار بىلەن ھېلىقى بوۋاي-نىڭ قۇشقاچلىرىنى بىر شاختا ئولتۇرۇپ سايراۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، دېگەنلەرنى ئويلىغىلى بولمايدۇ.

دۆت ئادەملەر دەردسىز ياشايدۇ.

بوۋاي ماڭا شۇنداق دېمەكچىدەك قىلاتتى. ئەمما، مېنى بۇنداق گەپلەرنى چۈشەنگۈدەك ئەقلى يوق، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. ھېچنېمە دېمىدى.

— ئەھ ... ئەھ ... ئەھ ...

بىرسىنىڭ يېقىنلا يەردىكى ئېغىر كۆلكىسى يۈرىكىمنى ئاسقىتۇرۇۋەتتى، چۆچۈپ قارىسام مەندىن بەش - ئالتە قەدەم نېرىدىكى ئىككى ئادەم كۈلۈۋاتاتتى، بىرسى تۆمۈر كۆكى كاس-تۇم كىيىپ گالستۇك تاقىۋالغان، چەمەن دوپپىسى ئۆزىگە ياراشقان ئادەم ئىدى. مەن خېلى يىراقتا تۇرۇپمۇ ئۇ ئادەمنىڭ سالاپىتىدىن ئەيمىنىپ قالدىم، قولۇمدىكى چامادانىنى ئوڭ قو-لۇمدىن سول قولۇمغا يۆتكەپ ئۇلارغا قاراپ تۇردۇم. ئۇلار ئىك-كىسى مەڭگۈ ئۆيىدىن چىقىپ كەتمەيدىغانلاردىن بولسا كېرەك.

ھېلىقى چەمەن دوپپا كىيىۋالغان ئادەمنىڭ يېنىدىكىسى ئاشۇ كىشىنىڭ شوپۇرى يا بولمىسا كاتىپى بولسا كېرەك. ئىك-كىيلەن قىزغىن بىر نېمىلەرنى دېيىشەتتى، تۇرۇپ-تۇرۇپ كۈل-كە ئاۋازى ئاڭلىناتتى. مەن يامغۇرنىڭ نېمى كەتمىگەن يولدا ئۆ-رە تۇراتتىم. ئوڭ قولۇمدا تاماكا بار ئىدى، قاتتىق سېمونتنىڭ يېرىلغان يېرىدىن نۇرغۇن چۈمۈلىلەر كىرىپ چىقىپ يۈرۈشەت-تى، چۈمۈلە توغرىسىدا ناھايىتى قىزىقارلىق ئىشلارنى بىلەت-تىم، ئۇلارنىڭ ئۆز بەدەن ئېغىرلىقىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر-

لىقتىكى نەرسىلەرنى كۆتۈرەلەيدىغانلىقى، ئاجايىپ ئىنتىزامچان-لىقى، يەنە بىر-بىرى ئۈچۈن قۇربان بېرىدىغانلىقى دېگەندەك. يەنە چۈمۈلىلەرنىڭ ھېكايىسى بايان قىلىنغان كارتون فىلىملەر-نى كۆرگىنىممۇ يادىمدا. بىر چۈمۈلىنىڭ نەزەرىدە بۇ دۇنيا زادى قانداقتۇ. چۈمۈلىلەر قانداق ئويلايدىغاندۇ، ئارىسىدىكى جېدەل - ماجىرالارنى قانداق ھەل قىلىدىغاندۇ، ئۇلاردىمۇ جۇپ تالىشىپ قان بولىدىغان ئىشلار بارمىدۇ... بۇلارمۇ مەن ئېگىزدە، سەن پەستە دەپ بىر-بىرىنى قىينامدىغاندۇ، چۈمۈلە توغرىسىدا گەپ بولغاندا، چۈمۈلە پادىشاھى، چۈمۈلە خانىشى دېگەندەك گەپلەرمۇ ئۇچراپ قالىدۇ، چۈمۈلە پادىشاھى، چۈمۈلە خانىشى بولغان يەردە چاكار چۈمۈلىلەر، مەدىكار چۈمۈلىلەر، بەگ چۈمۈلىلەر، غالچا چۈمۈلىلەر يەنە شۇنىڭغا ئوخشىغان تۈرلۈك چۈمۈلىلەر بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇلارنىڭ دۇنياسىدىمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ-غارايىباتلار چوقۇم بار، مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزۈمنى چۈمۈلىگە ئايلانغان ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم. شۇڭا مەن چۈمۈلىنىڭ نەزەرىدىكى دۇنيانى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەل-مەيتتىم.

ھېلىقى ئىككىسىنىڭ كۈلكىسى يەنە ئاڭلاندى، ئىككىيلەن خۇددى بىر ئادەمدەك كۈلەتتى، مەخسۇس تەربىيەلەنگەن ئادەم-لەرلا مۇشۇنداق ئوخشاش كۈلەلەيتتى.

مەن چۈمۈلىگە قاراپ قالغان شۇ دەمدە يېنىمغا كەلگەن بى-رەيلەن مۈرەمگە قولىنى قويۇپ ھېلىقى ئىككىسىنى شەرەتلەپ قويۇپ پىچىرلىدى.

— يۈرىكىم يىغلايدۇ قاراڭ، بىرسى نېمە قىلسا قالغانلىرى شۇنى قىلىدۇ، ئاۋۇ دوپپىلىق قانداق كۈلسە، ئۇنىڭ قول ئاس-تىدىكى ئىككى يۈزگە يېقىن ئادەم شۇنىڭغا ئوخشاش كۈلىدىغان بولۇپ قاپتۇ، تېخى يەنە ئاشۇ دوپپىلىققا ئوخشاش ئۆڭ تەرەپكە قىيسىيىپ سىگايانراق ماڭىدىغان، بىلىنەر- بىلىنمەس ئاقساپ ماڭىدىغان بولۇپ قېلىشىپتۇ، ئىلگىرى ماشىنا ھادىسىسىدە يا-

رىلانغان ئادەم ئىدى بۇ.

— بۇ كىم؟

ئۇ مەن ئۆزىنى كۆرمىگەن، ئەمما نامىنى تولا ئاڭلىغان داڭلىق بىر كارخانىچىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالدى، ئاندىن:

— بۇ ئۆزى ناھايىتى ياخشى ئادەم، پۇل - دۇنيا دېگەنگە كۆمۈلۈپ كەتكەن دەڭا، ئەمما ئەتراپىدىكىلەر ئۇ نېمە قىلسا شۇ-نى دوراپ يۈرىدۇ، — دېدى.

— بولمىسا ئۇ ناھايىتى ئۇرغۇلۇق، ھەيۋەتلىك كۆلىدىكەن، ئاڭلىسا ئادەم ئەيمىنىپ قالىدىكەن.

— ھەيۋەتلىك بولغىنى بىلەن، ئۆزىنىڭ كۆلكىسى ئەمەس دەڭا.

نۇرغۇن ئادەملەر قورقۇش ھەم ھۇزۇرلىنىش ئىچىدە مۇ-شۇنداق ئادەملەرگە ھەۋەس قىلىشىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ خىل-دىكى ئادەملەردىن بولۇپ قالمىغىنىغا پۇشايمان قىلىشىدۇ، بىراق قانچە قىلىپمۇ يەنە ئۇلاردەك ئادەم بولغىلى بولمايدۇ، مې-نىڭمۇ شۇ ھالدا ئاشۇ ئىككىسىدەك ئادەم بولۇشقا كۆزۈم ئىل-مەيتتى، ئۇلارمۇ مەندەك ئادەم بولالماسلىقى مۇمكىن. كەلگۈسى ھەققىدىكى كىتابنى ئوقۇشقا رىغبىتىم بولماي ئاچچىقىم كەلگەن بىر كۇنى ئۆزۈم ھەققىدە ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن چۆچۈپ كەتتىم، مەن ئۆزۈمدىن رازى ئەمەسكەنمەن، ئۆزۈم رازى بولغۇ-دەك ئادەم بولالماپتىمەن، ماڭا ئەڭ ئازار قىلغىنى، قانداق قىلىپ ئۆزۈم رازى بولغۇدەك ئادەم بولۇشنى بىلەلمىگىنىم ئىدى، مەن شۇ چاغدا ئوقۇغان كىتابلىرىمغا، ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنا-مەمگە قاراپ كۆزۈمگە ياش ئالغىلى تاس قالغاندىم، مەن ئەسلى بىرنى ئىككى قىلالايدىغان ئادەم بولسام بولاتتى، كاللىسى ساز ئادەم بولسام بولاتتى، يەنە كۈلۈپ ياشاشنى بىلىدىغان ئادەم بول-سام بولاتتى، شۇنچە يىل زورۇقۇپ ياشاپتىمەن، كۈلكەممۇ، يىغ-غاممۇ ئۆزۈمنىڭ ئەمەسكەن، بىرسى مۇشۇ چاغقىچە نېمە ئىش قىلدىڭ؟ دېسە، كۆتۈرۈپ چىققۇدەك ھېچنېمەم يوقكەن. مۇشۇ

هالىم ھەسرىتىمنى مىڭلارچە ئاشۇرىۋەتتى.

مەن شۇ خىياللارنى قىلىۋاتقاندا خوتۇنۇم مەڭگۈ ئاخىرى چىقمايدىغان كەشتىسىنى تىكىش بىلەن بەند ئىدى. ئۇنىڭ بەخىرامان تۇرقى زەردەمنى قايناتقانىدى.

— بۇنداق تۇرمۇشنىڭ قاچان ئاخىرى چىقىدۇ؟

— چىقىرىمەن دېسىڭىز ھازىرلا چىقىدۇ، بولمىسا مەڭگۈ مۇشۇنداق بولىدۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— يا سىز، يا مەن بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتسەك بۇ كۆنلەر شۇ ھامان تامام بولىدۇ، بولمىسا مۇشۇ پېتى داۋام قىلىدۇ.

خوتۇنۇم بىلەن ئىككىمىز ئەزەلدىن بۇنداق دېيىشىپ باقمىدۇق. ماڭا بىر كۈنلەردە مۇشۇنداق دېيىشىپ قالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ قالىدۇ.

بەزى چاغلاردا كۆنلىرىمنىڭ تايىنسىز ئۆتۈۋاتقانلىقى، شۇنچە يىل ياشاپ ئېغىزغا ئالغۇدەك بىرەر ئىش قىلالمىغىنىمدىن كۆڭلۈم بەكلا پەرىشان بولۇپ كېتەتتى.

چالا مەستلىكتە مۇشۇ دەردلىرىمنى بىر بۇرادىرىمگە تۆكۈپ بېرىۋىدىم، ئۇ ھەيران بولغان ھالدا:

— نېمىلەرنى ئويلاپ يۈرىسەن، نېمە ئىش قىلدىڭ دەپ سورايدىغان كىم بار ئىدى، ھەممەيلەن ئوخشاش بىر ئوبدان ياشاۋاتىمىدۇق، مەست بولۇپ قالدىڭمۇ، يا بىرەر چاتاق بارمۇ؟ — دېگەنىدى.

«ئوغۇل بالىدەك ئىش قىلالماپتۇق» دەپ ھەسرەت چەككەن تېرىچى ئاغىنەم، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن ھاراق ئىچىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سوراپ تۇرىۋالىدىغان باققال يادىمدىن كەچتى.

مەن شۇنىڭدىن كېيىن جىق ئىشلاردا ئۆزۈمدىن گۇمانلىنىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدىم، مېنىڭ ئويلايدىغىنىم جاھاننىڭ رەپتارىغا مۇۋاپىق ئەمەسكەن، مېنىڭ نىيەت ـ ئىقبالىم مۇشۇ جاھاندا ھەممە ئادەمنىڭ دىتىغا ياقىدىغان ئادەملەرنىڭكى بىلەن

ئوخشاش ئەمەسكەن. مەن بايىقى چىمەن دوپپىلىق ئادەم قانداق كۆلسە، شۇنداق كۈلۈشنى ئۆگەنگەن ئادەملەرنى يامان كۆرىدىغان، ئاغزىمدىن چىقىرالمىسامىمۇ ئۇنداق ئادەملەرنى ئەيىبلەيدىغان خۇيۇمدىن قۇتۇلۇپ كەتسەم، يالغانچىلىقنى، ساختىپەزلىكنى، ئاغزىمدا تىللاپ قويۇپ يەنە شۇ ئىشتىن پەقەت قول ئۈزمەيدىغان ئادەم بولسام، جاھاننى قاپلاپ كەتكەن مۇشۇنداق ئىشلار ئۇچۇن ئۇھ تارتىپ يۈرمەي، تاتلىق ئۇيقۇمنى ئۇخلىيالايدىغان بولغاندا كۆڭلۈم شادىمان ئۆتەرمىدى. ئەمما، مەن ئۇنداق قىلالمايدىغاندەك قىلاتتىم.

مەن جىق بىر ئىشلاردىن ئۆزۈمگە دەرد تېپىپ يۈرىدىكەنمەن.

ئەدناسى ئىمىن ھەسەن سابىت نۇرنى كۆزگە ئىلمىسا بۇنىڭدىن دىلىم ئازار يەيدىكەن.

سابىت نۇر ئىمىن ھەسەننى ياراتمىسا بۇنىڭ ئۇچۇن يۈرىكىم يارا بولىدىكەن.

ئىمىن كاۋاپچى خورلۇق تارتىپ يۈرسە بۇنىڭغا ئىچىم ئاچچىق بولىدىكەن.

توختەك مومايىنىڭ ئاۋارە ھالىنى كۆرسەم، ئۇنى قېرىلىقنىڭ ئىپلاس يالغۇزلۇقى چىرمىۋالغانلىقىنى كۆرسەم يىغانىم تاشىدىكەن.

نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ مەن دېگەن ھېلىقىدەك ئىشلاردىن پەرۋايى پەلەك.

بەزى ئادەملەر باشقىلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن قېرىشىپ يۈرۈشكىنىدىن، بىرلىرىنىڭ خورلۇق تارتقىنىدىن ھۇزۇرلىنىدۇ.

يەنە جاھاننىڭ كەلدى-كەتتىسى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي خۇشال كۈن ئالىدىغان ئادەملەر بار.

— مەن نېمىشقا شۇنداق قىلالمايمەن؟

يامغۇر ياغقان يەكشەنبىدىكى ئىشلارنى تامام ئۇنتۇپ كېتىپ خوتۇنۇم كەچۈرسە كەچۈرگەنچە، كەچۈرمىسە بۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى، دەپ يۈرۈۋەرسەم ئوبدان بولاتتى. شۇ ئىشلارنىڭ گۇناھ-

كارلىق توۋغۇسىنى يۇدۇپ يۇرۇشۇمنىڭ قىممىتى قانچىلىك ...

خوتۇنۇمنىڭ ئالدىدىكى خاتالىقىم سەۋەبىدىن مەڭگۈ ئۆ-زۈمنى ئەيىبلەپ ئۆتسەم بۇنىڭ قىممىتى زادى نەدە؟! خوتۇنۇم مېنىڭ سەۋەنلىكىمنى مەڭگۈ كەچۈرمىسە بۇنىڭ خوتۇنۇمغا نىسبەتەن ئەھمىيىتى نەدە؟! ... خوتۇنۇم كۆزلىرىنى چەكچەيتكە-نىچە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغان شۇ دەقىقىدە، مەن خۇش پۇراق ئەتىر گۈپۈلدەپ تۇرغان يوتقاندا تولىمۇ نومۇسلۇق هالدا ئىدىم، شۇ چاغدا مېنىڭ كۆز ئالدىمدىكى دۇنيا پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەت-كەنىدى.

— گۇناھ مەندە، ناۋادا ئاجرىشىمەن دېسىڭىز سىزنى تو-سۇشقا يولۇم يوق ...

مەن تىلىمنى چايناپ ئۇنىڭغا بىرمۇنچە نېمىلەرنى دېدىم، ئۇ گەپلىرىمنى چالا - پۇلا ئاڭلاپلا قولىنى سىلكىدى.

— مەن ۋەدەمدە تۇرىمەن، تويدىن ئىلگىرى سىزدىن مەڭگۈ ئايرىلمايمەن، دەپ ۋەدە بەرگەن، خاتىرجەم بولۇڭ. مەن ھەرنېمە بولسىمۇ هايۋان بولۇپ كەتمەيمەن.

مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن، ئوماق يۈزىدىن مۇز يې-غىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالغانىدىم.

ئۇنىڭ مۇزدەك كۆزى، مۇزدەك تەلەتى هازىرغىچە پېتىنى بۇزماي كېلىۋاتىدۇ.

ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى بىلمىگىنىڭ ئۈچۈن، تۈزۈك ئادەم بولالمىغىنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ كۈنگە قالدىڭ دەيدۇ بىرى ما-ڭا تەنە قىلىپ، ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلمەيمەن، بەزىدە مۇشۇ گەپنى قىلغان ئادەمنى ئۆزۈممىكىن دەپ قالىمەن. ئادەم بولۇش تەس، ئادەمدەك ياشىماق تەس، مۇھىمى قانداق قىلسا ئادەم بول-غىلى، قانداق قىلسا ئادەمدەك ياشىغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمەك تەس.

بىر ئويلىسا بۇ ئىشلار مۇشۇنداق بىر ئىشلارنى ئويلايدى-غانلار ئۈچۈن تەس، ئويلىمايدىغانلار ئۈچۈن بۇنداق ئىشلار مەۋ-

جۇت ئەمەس.

يېڭى توي قىلغان يىللاردا تار كوچىنىڭ تۆرىدىكى بىر ئېغىزلىق ئۆيدە ئولتۇراتتۇق، بۇ ئۆي تار ھەم قاراڭغۇ ئىدى، شۇنداقتىمۇ يورىكى قېپىغا پاتمايۋاتقان ئىككى جاننىڭ خالىغانچە قىيغىتىپ يۈرۈشلىرىگە تاقاشمايتتى، بۇ تار ئۆي بىز ئۈچۈن دەخلىسىز كەڭ ئالەم ئىدى. بىر كۈنى ئەتىگەندە خوتۇنۇم ماڭا:

— ئۆينىڭ ئالدىدىكى ئېرىقنى تازىلاپ قويۇڭ، — دېدى.

بۇ ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى يولدىن كېسىپ ئۆتىدىغان ئېرىق ئىدى، ئۇ سول تەرەپتىكى ئۆينىڭ ھويلا تېمىنىڭ ئاستىدىكى سۈڭگۈچتىن ئېقىپ چىقىپ ئوڭ تەرەپتىكى كىشىنىڭ ئۆيىنىڭ ھويلا تېمىدىكى سۈڭگۈچكە ئېقىپ كىرىپ كېتەتتى، بۇ ئېرىقنىڭ نەدىن باشلىنىپ نەدە توختايدىغانلىقى، كىملەرنىڭ ھويلا ئارامىلىرىدىن چىقىپ يەنە كىملەرنىڭ ھويلىلىرىدىن ئېقىپ چىقىدىغانلىقىنى مەن بىلمەيتتىم.

خوتۇنۇم شۇنداق دېگەندە مەن تار ئۆيىمىزنىڭ ھاكىلىرى چۈشۈپ كەتكەن تاملىرىغا قاراپ خىيال سۈرۈپ ياتقانىدىم، سۇۋاقلار ئارىسىدىكى يىرىك سامانلار كۆزگە تاشلىناتتى، ئۆينىڭ دېرىزىسى كىچىك ئىدى، دېرىزىنىڭ ئارقىسىدا يەنە بىرسىنىڭ ھويلا تېمى بولغاچقا ئۆيگە كۈن نۇرى تۇزۇك چۈشمەيتتى.

— نېمە بوپتۇ؟

— ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى ئېرىق بەك مەينەت بولۇپ كېتىپتۇ، ئاسمىئاي تازىلاپ يۈرەتتى.

ئۇنىڭ ئاسمىئاي دېگىنى پېنسىيەگە چىققان ئادەم، مۇشۇ كۈندىمۇ بازارغا چىقسا ماش رەڭلىك بېرزېنت سومكىسىنى ئېسىۋالىدۇ، يوللارنىڭ، كۆۋرۈكلەرنىڭ بۇزۇلغان، ئۆرۈلگەن يەرلىرىنى تۈزەشكە بەك ھەۋەس قىلىدۇ. مەن بۇ ئادەمنى ياقتۇرۇپ كەتمەيمەن، ئۇنى ئاشۇ ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى باشقىلار كۆرسۇن، مېنىڭ ياخشى ئىشلىرىمنى كۆرۈپ مېنى ماختىسۇن، ھەممە ئادەم مېنى ياخشى كۆرسۇن، دەپ قىلامدىكىن، دەپ گۇمان

قىلاتتىم، بۇ خىيالىمنى ئايالىمغا دېسەم، ئۇ ماڭا نارازىلىق بىلدۈرمەي تىڭشىغىنى بىلەن تىڭشىدى.

ـــ نەدىكى بىر خىياللارنى قىلىدىكەنسىز، ناباب ئىشنى تۈزگەنلەردىن مۇنداق گۇمان قىلىسىڭىز قانداق بولىدۇ، بەزى ئادەملەر ياخشى ئىش قىلىشقا مۇشۇنداق خۇشتار كېلىدۇ.

ئۇنىڭ گەپلىرىگە بىرنېمە دەي دەپ قارىسام، كۆزلىرىدىكى بۇرۇندىن يۇرىكىمنى ئىللىتىپ تۇرىدىغان ئىسسىق نۇر ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغاندەك كۆرۈنۈپ باشقا گەپ قىلمىغانىدىم. ئۇ چاغلاردا خوتۇنۇم تېخى مېنىڭ قاپقارا چاچلىرىدىن، بوي بەستىدىن بۇرنۇمنى قىچىشتۇرىدىغان كۇچلۇك ئەتىر ھىدى كېلىدىغان نازۇك قىز بىلەن سۆرۈشۈپ يۈرۈشلىرىمدىن بىخەۋەر ئىدى. خوتۇنۇمنىڭ چىرايىدىن، مېھرىلىك ھەم بەك چىرايلىق قوللىرىدىن، يەلپۈنۈپ تۇرغان چاچلىرىدىن دائىم كۆلكە تۆكۈلۈپ تۇراتتى، مېھرىنىڭ جانغا جان ئۇلايدىغان شېرىن ئىسسىقلىقى ئەتراپىمدا شۇ قەدەر يېقىملىق ئەگىپ يۈرىدىغان كۈنلەر ئىدى. ھاياتىنىڭ بىر-بىرىدىن چىرايلىق خۇش گۈللىرى تەرەپ-تەرەپتىن ماڭا قاراپ كۈلۈۋاتقانىدى.

ـــ ئاسمىئاي تازىلىسا ئۆزىنىڭ ئىشى، مەن خەقكە بوزەك بولىدىغانلاردىن ئەمەس.

ـــ بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

ـــ ئېرىقنى خەقلەر مەينەت قىلمىۋەتسە، مەن تازىلىسام قانداق بولىدۇ.

خوتۇنۇم چىرايلىق كۆزلىرىنى ماڭا ھەيرانلىق بىلەن تىكتى. بىردەم تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن چاي شىرەسىنى ئۇزاق تازىلىدى. كىچىككىنە يۇمىلاق شىرەنىڭ تازىلىغۇدەك نېمىسى بار، ئۇ شۇ ھالدا بەكلا مەيۇس كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۇھ تارتىپ قويۇپ سوغۇق بىر تەلەپپۇزدا دېدى:

ـــ سىز كۈندە كىتاب ئوقۇيمەن دەپ يۈرگىچە ئۇيقۇڭىزنى ئۇخلىسىڭىز بولغۇدەك. توك پۇلى زىيان بولغانغا چۇشلۇق ئىش

بولمايدىكەن.

مەن خوتۇنۇمنى دائىم كىتابلاردىكى گەپلەرنى تولا قىلىدۇ، دەپ ئويلايتتىم، ھەرقانداق سۆزنى ئالدىرىماي، تولدۇرۇپ قىلاتتى، ئۇنىڭ مۇشۇنداق سۆزلەشلىرىگە تازا خوشۇم يوق ئىدى. ئۇ كىتابتىن دىتىغا ياققۇدەك بىرەر جۈملە گەپ تېپىۋالسا ئۆزىچە خۇش بولۇپ، شۇ گەپنى يادلىۋالاتتى ھەم شۇ سۆزنىڭ تېگى تەكتىنى ئېنىقلىۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشەتتى. مەن ئۇنى مۇشۇنداق ھېكمەتلىك گەپلەرنى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا تەتبىقلاپ بېقىشنىڭ كويىغا چۈشتى، دەپ گۇمان قىلاتتىم. ئەمما، بۇنى يۈز تۇرانە ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم.

مەن كۆك رەڭلىك چامادانىمنى ئېلىپ قۇشلار چۇرۇقلاپ سايرىشىۋاتقان سۆگەتنىڭ يېنىدىن كەتتىم، ھېلىقى چىمەن دوپپىلىق ئادەم بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى چىرايىدىن باھار ئاپتىپىدەك يېقىملىق كۈلكە كۆيۈپ تۇرغان يىگىت نەگىدۇر كەتكەنىدى. قۇشلارنىڭ سايراشلىرى ئىچىدە ھېلىقىلارنىڭ كۈلكىسى يەنە ئاڭلانغاندەك بولدى. ھېلىقى ئاق چاچلىرى شالاڭلىشىپ كەتكەن بوۋاينىڭ ئاجايىپ چىرايلىق قۇشلىرى يادىمدىن كەچتى.

كېتىۋېتىپ يامغۇر ياغقان يەكشەنبىدىكى ئىشلار، ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى پاسكىنا بولۇپ كەتكەن ئېرىقنى تازىلاپ يۈرگەن ئاسمىئاي، قەپەستىكى قۇشلارنىڭ ئۆۋۈسى دېگەندەك نېمىلەر خىيالىمنى چىرماپ كەتتى.

شەھەرنىڭ ھەسرەتلىك تىنىقلىرى قۇلاققا يېقىمسىز ئاڭلىناتتى. يامغۇردىن ھۆل بولغان شەھەر جىمجىت، روھى سىنىقلىغان ھالدا سوزۇلۇپ ياتاتتى. شەھەرنىڭ تار ھەم تاشتەك قاتتىق يوللىرىنىڭ بىرىدە كۆك رەڭلىك چامادانىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان بىر ئادەم ھەممە ئادەمنىڭ يادىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇنى شەھەرنى كېزىپ يۈرىدىغان تونۇش شاماللار، شەھەر ئاسمىنىدىن كېتەلمەيدىغان مېھرى ئىسسىق بۇلۇتلار، شاخلىرىنىڭ يېرىمى قۇرۇپ كەتكەن دەردمەن دەرەخلەر تامام

ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. كىچىكىدە قوللىرىدىن ئۇتىنىڭ، يە-
نە كالا سۈتىنىڭ ھىدى كېلىدىغان ئانىسىنىڭ: «قېچىپ كەت»
دېگىنىگە كۆنمەي دادىسىدىن تاياق يەپ كېتىدىغان، پارچە كې-
سەكلەردىن ئۆزى ياسىغان مۇنارنى ئۆزى ئۆرۈۋېتىپ شادلىنىپ
كېتىدىغان بالا چوڭ بولۇپ، پۈتۈن شەھەردىكى رېستورانلاردا توي
بولغان كۈنى يېرىم يالىڭاچ بىرنەچچەيلەن بىلەن ئۇرۇشۇپ ھو-
شىدىن كەتكەن كۈندىن باشلاپ، ئۆز تۇرمۇشىنىڭ ئەسلىدىكى
قىنىدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. ھاياتىدىكى
جىمى مېھىر ھەم ئىسسىقلىقىنىڭ مەنبەسى بولغان بىر جۈپ
كۆزنىڭ شۇ كۈندىن باشلاپ يوقاپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىمىغا-
نىدى.

# ئون بىرىنچى باب



مەن بارغانسېرى ئېغىر بىلىنىۋاتقان چامادانىمنى كۆتۈرۈپ كېتىۋېتىپ يەنە كەلگۈسى ھەققىدە يېزىلغان ئىككى پارچە كىتاب توغرىلىق ئويلاپ قالدىم. مېنىڭ بۇ كىتابنى تا بۈگۈنگىچە ئوقۇماي يۈرۈشۈمنىڭ بائىسى نېمە، بۇنى بىلمەيمەن، ھاڭۋاقتىلىق، لايغەزەللىك ياكى ئۇنى بەك چوڭ كۆرۈپ ئوقۇشقا پېتىنالمىغانلىقىمدىن بولۇشىمۇ ياكى ئۇنى ئوقۇشقا چىن كۆڭلۈمدىن بېرىلمىگەن بولۇشۇممۇ مۇمكىن، نېمىلا دېمەيلى شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى مۇشۇنداق بىر كىتابنى ئوقۇماي كەلگىنىم غەلەت بىر ئىش، مەن مۇشۇنداق كىتابنىڭ بارلىقىنى بىلمىگەن بولسام، بىلگەن تەقدىردىمۇ ئۇنى ئوقۇشقا ۋاقىت چىقىرالمىغان بولسام ياكى بۇ كىتابنى تاپالمىغان بولسام بىر نۆرى ئىدى، ئەمما بۇ كىتاب مېنىڭ قولۇمدا، ئۇنى ئوقۇشقا ۋاقتىممۇ يېتەرلىك، ئەجەبكى ئۇنى ئوقۇيالمايۋاتىمەن، بۇ كىتابنىڭ بىر يەرلىرىدە ھاياتنى قەدىرلىمىگەنلەر، ۋاقىتنى زايە قىلغانلار، ئۆمرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزگەنلەر ئۆزىنى ئۆلتۈرگەن بىلەن باراۋەر، دېگەن گەپلەر چوقۇم يېزىلغان. بۇ كىتابتا يەنە دەرەخ تىكەلمىسەڭ دەرەخ تۈۋىگە سۇ باشلا، سۇ باشلىيالمىساڭ سۇ باشلىغانغا ياردەملەش، ئۇمۇ قولۇڭدىن كەلمىسە دەرەخ تىككەنلەرگە، سۇ قۇيغانلارغا پۈتلاشما، دېگەندەك مەزمۇنلار بولۇشى مۇمكىن، مەن دەرەخ تىكەلەيدىغان، سۇ باشلىيالايدىغان ئادەم ئىكەنلىكىمگە ئى-

شىنىمەن، ئەمما شۇ ئىشنى قىلىشقا رىغبىتىم يوق، قىلىپ ئا-
دەتلەنمىگەنلىكىمدىن بولسا كېرەك.
— ئادەم بولۇپ يارىلىپ، ئادەمدەك ياشىيالماسلىقنىڭ ئۆزى
ئۆلۈمدىن ئارتۇق ئازاب.
ماڭا بىرسى شۇنداق دېگەن، بۇ گەپنى ئىمىن ھەسەن دېمەيدۇ.
ئادەم بولۇش تەس.
بۇ گەپنى قىلغان ئادەممۇ يادىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ.
ئادەمدەك ياشىماق تەس ئىش ئەمەس، پەقەت شۇ كىشىنىڭ
تىرىشچانلىقى، ھىممىتىگە باغلىق.
مەن ئىلگىرى شۇنداق ئويلايتتىم، ھازىرمۇ شۇنداق ئويلاي-
مەن، ئەمما قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمەيمەن. بۇ جاھان-
دىكى ھەرقانداق نەرسىدىن گۇمان قىلىدىغان بىر ئادەم چاپلى-
شاڭغۇ پاتقاق، لەشلەرگە غەرق بولۇپ ياشايدۇ، ئويلايدىغانلىرى
تولا بولۇپ كېتىپ قايىسىنىڭ توغرا، قايسىسىنىڭ خاتا ئى-
كەنلىكىنى ئايرىيالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. روھىي ئالىمى جاڭ-
گالدەك قۇرغاق ھەم قالايمىقان بولۇپ كەتكەن ئادەمدىن ئۈمىد
كۈتكىلى بولمايدۇ. روھىمىز سۇزۇك، يەڭگىل بولسا بولاتتى.
بۇ شەھەرنىڭ يوللىرى ئىرماش-چىرماش، بۇ شەھەرنىڭ
يوللىرىدا كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ خۇي - پېئىلى ئاجايىپ، خۇي
- پېئىلى ئاجايىپ ئادەملەرنىڭ ئويلايدىغانلىرى گادىرماچ، قىس-
مەت كۆرمىشلىرى ساناپ تۈگەتكۈسىز.
سابىت نۇرنىڭ دۇتار بىلەن چالىدىغان بىر ناخشىسىدا مۇ-
شۇنداق گەپلەر بار.
سابىت نۇر يۈرىكى پاسكىنا ھەۋەسلەرنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلى-
نىپ كەتكەن ئادەملەرنى مەسخىرە قىلىپ قوشاقتەك بېرىنېمى-
لەرنى يازىدۇ، خەقلەر ئۇنى ئوقۇپ بىرمۇنچە غۇلغۇلا قىلىدۇ،
سابىت نۇر بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلىدىغانلاردىن ئەمەس، ئۇ-
زۇنغا قالماي يازغانلىرىنى ناخشا قىلىپ ئوقۇيدۇ.
ئۇ ئوقۇغان ناخشىلارنىڭ بىرىدە مۇشۇ يۇرتتىكى، مۇشۇ

شەھەردىكى ئادەملەرنىڭ يۈرىكىدىكى ھەممە نەرسە بىرمۇبىر زاڭلىق قىلىپ چىقىلغان.
غېنى گاڭ بىلەن تاشتەك قاتتىق يولدا ئۆچرىشىپ، مىڭ تۈرلۈك ۋەسۋەسە چېقىنداپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرگەن چې-غىمدا سابىت نۇرنىڭ ناخشىسىنى ئويلاپ قالدىم. سابىت نۇرنىڭ ئاۋازى بوغۇق ئىدى، ئەمما مەن ئۇنىڭ دۇتار بىلەن چالغان ناخ-شىسىنى ئاڭلاشقا ئامراق ئىدىم.
غېنى گاڭ ماڭا يېقىن كېلىپ قولاق تۈۋىمگە كۇسۇرلىدى:
— سىز ئىشەنچلىك ئادەم، بىر گەپنى دېمەكچىدىم.
— قېنى دەڭ.
غېنى گاڭ كۆزۈمگە تىكىلدى. ئۇنىڭ قورۇقلار ئارىسىدىكى كۆزلىرىدە بىرمۇنچە چۈمۈلىلەر قىمىرلىشىپ يۈرگەندەك ئىدى. مۇشتۇملىرى مەھكەم تۈگۈلگەن، چىرايىدا جىددىيلىك بار ئىدى.
— سىزنىڭچە مەن ئېلىشىپ قالغاندەك تۇرامدىمەن؟
سەل نېرىدا بىرنېمىگە ئالدىرمايدىغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم ئاستا كېلىۋاتاتتى. ئۇ بادام دوپپىسىنى چۆكۈرۈپ كى-يىۋالغانىدى. غېنى گاڭ ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك بىلەن ئالىيىپ قو-يۇپ بايىقى گېپىنى يەنە تەكرارلىدى..
— ياق، نېمە بولدى؟
ئۇ ئەتراپقا ئەنسىز قاراپ قويدى. تار يوپكا، قىسقا چاپان كىيىۋالغان بىر قىز ئۆزۈن چاچلىرىنى دولقۇنلىتىپ يېنىمىز-دىن ئۆتۈپ كەتتى. كۆڭلۈمدە ئەنسىز بىر تۇيغۇ غەليان كۆتۈر-گەندەك بولدى. ئۇنىڭ قارا رەڭلىك كىچىككىنە سومكىسى قەدد-مىگە ماس پۇلاڭلاپ تۇراتتى. مۇشۇ قىزمۇ بىر كۇنلەردە بىرسى-دىن قاتتىق تاياق يەپ كەتكەن بىرەرسىنىڭ يارىسىنى سۇرتۇ-شى، ئاندىن ھېلىقى ئاداشنىڭ بەز مارىغان مۇشۇكتەك قاراشلى-رىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆزىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇشى مۇمكىن. ھاياتنىڭ قاراڭغۇ ھەم تېيىلغاق يوللىرىدا كېتىۋاتقاندا، خۇددى يامغۇر ياغقان كۇندىكىدەك كۇتمىگەندە يىقىلىپ چۈشۈپ يۆلەي-

ـدىغان ئادىمى يوق ھالدا قېلىشى ئېھتىمال.

ــ ئەمدى مەن بىلەن كۆرۈشمەمسىز؟

ئۇنىڭ تېلېفوندىكى ئاۋازى شۇنداق مەيۇس ئىدى. يۈرىكىم ئاسىققاندەك بولدى. بۇ يولغا ئۇنى مەن سۆرەپ كىرگەن، ئۇ تىدىرەجىمەيلا ماڭا ئەگەشكەن. گۇناھنى كىمگە قويغىلى بولىدۇ. ئىش بولۇپ بولغاندا ئەيىبنىڭ كىمدە ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈشمۇ تايىنى يوق بىر ئىش.

ــ ھېلىقىدەك ئىش بولغان تۇرسا ... ئەمدى يەنە ئىزدىشىپ يۈرسەك قاملاشماس ...

مەن دۇدۇقلاپ شۇنداق دېدىم. ئۆزۈمنىڭ قارا يۈز، ۋاپاسىز ئادەم ئىكەنلىكىمنى تونجى قېتىم ھېس قىلدىم، ئۇنىڭغا سىزنى ياخشى كۆرىمەن، دېگەن گەپنى دېمىگەن بولساممۇ، ئەمما مېنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىم ئۇنىڭغا خۇددى شۇنداق بىر مەنىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. مەنمۇ مۇشۇ دۇنيادىكى بارلىق قارا يۈز ئەرلەرگە ئوخشاش ئىش يامان يېرىدىن چىققاندا ئىزا تارتماي ئۇنىڭدىن قول ئۈزۈشنىڭ كويىغا چۈشكەنىدىم. مۇشۇ قىلىقلىرىمنى ئويلاپ ئۆز-ئۆزۈمدىن نومۇس قىلىپ كەتتىم.

بۇ دۇنيادىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى مەندەك قىسمەتكە دۇچار بولسا خۇددى مەندەك قىلىدۇ. ئۆز-ئۆزۈمنى خەس ـ غازاڭلار ئارىسىغا تاشلاۋاتاتتىم.

ئىككىسى بار ئەرلەرگە كۆڭۈل بەرگەن ئايالنى دۆت دېسە بولىدۇ.

بۇ گەپنى مەن يېقىن ئۆتىدىغان بىر ئايال ئەرلەرنىڭ ئوسالللىقلىرى ئۈستىدىن قاقشاۋېتىپ ئېيتقانىدى. مەنمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى توغرا تاپقانىدىم.

ھېچقانداق ئايالنىڭ دۆت بولغۇسى يوق. كۆڭۈل خاھىشى غالىب كەلگەندە بەزى ئىشلارغا پەقەت ئامال بولمىسا كېرەك.

ــ مەن سىزدىن ھېچنېمە تەلەپ قىلمايمەن، پەقەت مېنى ئۇنتۇپ قالمىسىڭىزلا بولدى.

بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئاددىي تەلەپ بولۇشى مۇمكىن.

ئۇنىڭ مەيۇس، يىغلامسىراپ شۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان چېغىمدا كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولغانىدى، ئۇنىڭغا خۇددى مەن زىيانكەشلىك قىلىپ قويغاندەك ئىدىم.

— ئىش مۇشۇ دەرىجىگە يەتتى، بۇ ئىشلارنى سىزدىن كۆرمەيمەن، پۇشايمانمۇ قىلمايمەن.

يامغۇر ياغقان يەكشەنبە كۈنىدىكى ئىشتىن كېيىن، ئۇ شۇنداق دېگەندە يۈزلىرىم ئوت بولۇپ ياندى. بەدەل تۆلەش، مەردانىلىقتا كەلگەندە مەن ئاشۇ نازۇك قىزنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىكەنمەن.

مەن ئۇ ماڭا ئەگەشمىگەن بولسا، مۇشۇ ئىشلار بولمايتتى دەپ ئويلىغانىدىم.

مۇشۇ ئىشنى قىلمىسام بوپتىكەن، دېگەنلەرنى خىيال قىلغانىدىم.

— ئۇ قىزغا ئەجەب قاراپ كەتتىڭىزغۇ ... قۇشقىچىڭىزمۇ نېمە؟ بولىدىغان نېمىكەن.

غېنى گاڭنىڭ گېپىدىن چۆچۈپ كەتتىم.

بارلىق ئەرلەر ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، كىچىك بېلىقلارنى يۇتۇپ يېيىشنىڭ كويىغا چۈشكەن لەھەڭگە ئوخشايدىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم. تەييارلىقسىز تۇرغان، ساددا، ئاق كۆڭۈل بېلىقلار لەھەڭنىڭ قارنىغا كىرىپ كېتەتتى.

بۇ بېلىقلار ھە دېگەندە قارماق تاشلاپ بىرنى تۇتۇۋالسا شۇنىڭغا شۈكۈر قىلىدىغان بېلىقچىغا ئەمەس، لەھەڭگە يولۇقۇپ قېلىشقا ئاران تۇراتتى.

بارلىق بېلىققا ئوخشايدىغان قىزلار، ئاياللار يېنىمدىن، ئالدىمدىن ئۆتۈپ تۇراتتى.

— جىم يۈرگىنىڭىز بىلەن بوش ئادەم ئەمەس جۇمۇ سىز...

— بۇنداق گەپلەرنى دېمەڭ. ھەممىمىز ئادەم بولۇشنىڭ كويىغا كىرەيلى.

غېنى گاڭ ئۇھ تارتىپ بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن ئاس-تا شىۋىرلىدى:

— گېپىمنى ئاڭلاڭ، بۇ ئادەم بولۇشتىنمۇ مۇھىم گەپ، قاچاندىن باشلاپكىن ئېسىمدە يوق، ئوڭ قولۇم بىلەن سول قو-لۇمنى ئايرىيالماس بولۇپ قالدىم، ئوڭ تەرىپىڭ قايسى دېسە بىلمەيمەن، ئاندىن ۋاقىتنى پەرق ئېتەلمەس بولۇپ قالدىم، مە-سىلەن، ھازىرنى دەيلى، ئەتىگەنمۇ، كەچمۇ، بىلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. راست، ۋاقىتنى بىلەلمەيمەن قاراڭ... سول كۆزۈم بىلەن ئوڭ كۆزۈمنى پەرق ئېتەلىسەم بولاتتى. ئوڭ قولۇمنىڭ قايسىلى-قىنى...

ئۇ ماڭا ئەنسىز قاراپ قويدى، ئۇنىڭ ئاستىن قاپاقلىرىنىڭ پات-پات لىپىلداپ تۇرغانلىقىغا دىققەت قىلدىم.

— مانا مۇشۇغۇ... — مەن ئۇنىڭ ئوڭ بىلىكىنى نوقۇپ قويدۇم.

— مانا مۇشۇنداق، سىز دېمىسىڭىز بۇنىمۇ بىلمەيمەن.

— نېمە بولغانسىز؟

— ئېنىقلىپ مۇشۇنداق بولۇپ قالدىم، بۇنى ھېچكىمگە دېمەڭ جۇمۇ، ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ ئاغزىدىن مۇشۇ گەپنى ئاڭلاپ قالسام بۇنى سىزدىن كۆرىمەن. مەيلى كىم بولسۇن مې-نىڭ مۇشۇ ھالىمنى ئۇنىڭغا - بۇنىڭغا دەپ خۇش بولۇپ يۈرگەن ئادەمنىڭ قارنىنى چۇۋۇۋېيمەن.

غېنى گاڭنىڭ كۆزلىرىدە بىردىنلا تەلۋە بىر ئۇچقۇن پەيدا بولدى. يېقىندا ئۇنى پاسىل تالىشىپ ئىنىسىنى ئۇرۇپ ئەيىبناق قىلىپ قويغىلى تاسلا قاپتۇ، دېيىشىپ يۈرەتتى. بۇ گەپنىڭ راست، يالغانلىقىنى بىلمىسەممۇ، بىراق ئۇنىڭ يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى پاسىل جېدىلى بىلەن ھەلەك بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇ-قاتتىم. ئىنىسىنى ناكا قىلغان بولسا، بۇ چاتاق بىر ئىش بولى-دۇ، بەلكىم ئۇنداق ئىشمۇ يوقتۇ. بۇ گەپنى سەلىم موزدۇزنىڭ دېمىگەنلىكىنى بىلگىلى بولمىغاندىكىن ھەقىقەتنىڭ قانچى-

لىكلىكىنى ئۇقماق تەس.

— يېرىم قەدەم پاسىلنى دەپ ئىنىسىنى ئۇرۇش دېگەننى بىركىمگە دېگىلىمۇ بولمايدىغان ئىش. ئاخىر بېرىپ يېرىم قە-دەم يەر ئىككى ئادەمنىڭ بېشىغا چىقىدۇ، بىر ئادەمنىڭ جېنى قانچە پۇلغا يارايدۇ... بۇنى ھېسابلاپ چىققىلى بولمايدۇ، ئادەم-نىڭ ھاياتى باھاسىز قىممەت نەرسە، ئەمما يەرنى پۇلغا ئالغىلى بولىدۇ، بىزدە مۇشۇنداق ئاددىي قائىدىنىمۇ چۈشەنمەيدىغان ساراڭ ئادەملەر بەك تولا.

سابىت نۇر غېنى گاڭنىڭ ئىشلىرى توغرىلىق سۆز بول-غاندا شۇنداق دېگەنىدى.

— ئۇنىڭ ئىنىسىنى ئەيىبناق قىلغانلىقىغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ.

— مەنمۇ ئىشەنمىگەن، ئەمما گەپ بىكاردىن ـ بىكار چىقمايدۇ.

ئىمىن ھەسەن بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا غېنى گاڭ-نىڭ جەددى-جەمەتىنىڭ يۇرتتا داڭقى چىققان تەقۋا ھەم زەردارلاردىن بولغانلىقىنى سۆزلەشكەنىدۇق.

— خەقلەر ئالدى ـ كەينىمدىن گەپ تېپىپ يۈرسە سىزدىن كۆرىمەن.

بۇ غېنى گاڭنىڭ قارىنىڭنى چۈۋۈيمەن، دېگىنى ئىدى. جا-ھان شۇنچە كەڭرى تۇرسا كىچىككىنە يەرنى تالىشىپ نېمە قىلار بولغىيدى. بىر ئوبدان ئادەم ھاراقكەش بولۇپ كەتسە، ساراڭدەك بولۇپ قالسا قانداق گەپ ئەمدى. ئىمىن ھەسەننىڭ دېيىشىچە ساراڭ بىلەن ھاراقكەشنىڭ جىق پەرقى يوقكەن، ئۇ سابىت نۇرنىڭ تايىنى يوق قاۋاقلاردا ئۇدۇل كەلگەن بىركىملەر بىلەن ھاراق ئىچىدىغانلىقىدىن ئاغرىنىپ، ئىچى پۇشۇقىنى سۆزلىگەندە شۇ گەپلەرنى دېگەنىدى. نورمال ئادەملەر تۇرلۇك سەۋەبتىن بىردىن، ئىككىدىن ھاراقكەش ياكى شۇنىڭغا ئوخشاي-دىغان بىرنېمىگە ئۆزگىرىپ قالغىلى تۇرسا ئېچىنىشلىق ئىش

بولىدۇ.

ئۇنىڭ سارىڭ بىلەن ھاراقكەشنىڭ جىق پەرقى يوق، دېگەن گېپى سەل كۆڭلۈمگە كەلگەن بولسىمۇ باشقا گەپ قىلمىدىم.

ئىمىن ھەسەننىڭ بىر چاغلاردا خېلى نامى بار ھاراقكەش بولغانلىقىنى يۈزىگە سالسام بولمايتتى.

— دۆت ئادەمنىڭ دەردى بولمايدۇ، بىزلەر مۇشۇنىڭ بىلەن پىغانىمىزنى باسمىساق بولمايدۇ ئۇكا...

بىر چاغلاردا ئىمىن ھەسەننىڭ ماڭا ھاراق سۇنۇۋېتىپ شۇنداق دېگەنلىرى پات-پات يادىمدىن كېچىدۇ.

بىر شۇ چاغدا سابىت نۇرنىڭ يېڭىدىن ئوقۇپ يۈرگەن ھاراقكەشلەرنى تىللايدىغان بىر ناخشىسى توغرىلىق سۆزلىشىۋاتقانىدۇق، شۇ ناخشىنىڭ گېپى بولغاندا سابىت نۇرنىڭ پارىڭى چىقىپ قالدى.

— چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى ئېتىپ يۈرسە نېمە بولىدىغاندۇ بۇ ئاداش، ئادەمنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرمەي، — دېگەنىدى ئىمىن ھەسەن ئاچچىق بىلەن، — كىيىۋالغان شىلەپىسىنىڭ ئەسكىلىكىنى قارىمامسىز. ئادەم دېگەن ئۆزىنى تۈزەپ يۈرۈشى كېرەكتە.

— بۇ قېتىم يازغان ناخشىسى ياخشىكەن.

— ياخشى بولغان بىلەن چاتىقى چىقىدۇ، ھاراقكەشلەرنى يالاق يالىغان ئىتقا، پوققا ئولاشقان چىۋىنغا ئوخشىتىپ يۈرسە ھاراقكەشتىن تۆت - بەشى قوپۇپ بىر ساڭا نېمە قىلغان؟ دەپ بىر يەرلىرىنى بىرقانداق قىلىپ قويسا قانداق قىلىدۇ، ھازىر غېنى گاڭ دەپ بىر ھاراقكەش پەيدا بولدى دەيدۇ.. ناھايىتى تەلۋە بىرنەرسە ئىمىش...

ئىمىن ھەسەن گېپىنىڭ ئاخىرىدا قايسى بىر قاسساپنىڭ ساتىراشخانا ئاچىدىغان بىر قىزغا بۇزۇلۇپ ئۈچ بالىسى بىلەن خوتۇنىنى قويۇۋەتكەنلىكىنى دەپ بەرگەنىدى.

— بىرسى مېنى قوشاققا قېتىپ ناخشا ئوقۇپتىكەن تازا سالدىم. بىر چاغدا، ئۆيىگنى سېتىپ يېتىملار مەكتىپىگە ئىئانە

قىل، دېگەن گۈي شۇمىكىن دەيمەن، كېيىن ئۇقسام داڭلىق ئا-
دەمكەن. داڭلىق بولسىمۇ ئۇرىمەن، ئەمدى بىرنېمە دېگەنلەرنىڭ
بوينىنى ئۈزۈۋېتىمەن...

— مەن ھېچكىمگە دېمەيمەن.

چامادانىم بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى، مەن ھې-
لىقى ئىككى پارچە كىتابنى ئوقۇپ چىقىشىم كېرەك ئىدى، ئۆ-
زۈم ئوقۇسام، مۇنۇ غېنى گاڭغا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۈرىدىغان
ئادەملەرگە ئوقۇپ بەرسەم بولاتتى. ئادەم دېگەننىڭ ئۆزىنى خۇ-
شال تۇتۇپ ياشىشى كېرەككىلىكىنى، ياخشى كۆڭلەرنىڭ بىزنى
ئوراپ تۇرىدىغانلىقىنى دەپ بەرسەم بولاتتى. سابىت نۇر مۇ-
شۇنداق ئادەملەردىن تىل ئىشتىپ تايىقىنى يەپ تۇرسىمۇ يەنە
مۇشۇ خىلدىكى ئادەملەرگە ئامراق ئىدى. ئىمىن ھەسەن ئۇنى
دائىم: «مىيانە ئادەملەر بىلەن ئارىلاشقىلى ئامراق» دەپ مەسخى-
رە قىلىدۇ. سابىت نۇر، مەن يەنە غېنى گاڭدەك ئادەملەر چامادا-
نىمدىكى كىتابنى ئوقۇساق كاللىمىز ئېچىلىپ قالاتتى. غەم-
ئەندىشىنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى بى-
لىۋالاتتۇق. ھاياتتىكى تەشۋىشلەرنىڭ ئىپلاس چاڭگىلىدىن تامام
قۇتۇلۇپ كېتەتتۇق.

مەن يولۇمنى ئۆزگەرتىپ ئارقامغا ياندىم. بۇ شەھەر ماڭا
بارغانسېرى كىچىكلەپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. چامادا-
نىمنى كۆتۈرۈپ ماڭسام بىردەمدە بىر كوچىنىڭ بېشىغا چىقىپ
قالاتتىم. يەنە ئارقىغا ياناتتىم. مەن بەزى كوچىلارنى نەچچە قې-
تىم كەينىمگە يېنىپ چۆرگىلىگەنلىكىمنى بىلەلمەيلا قالدىم.
ئادەم ئۆيىدىن تالاغا چىقىپ كەتسە ياكى بارىدىغان يەر ئېنىق
بولماي بېشى قېيىپ قالغاندا ۋاقىتمۇ رېزىنكىدەك سوزۇلۇپ،
باش-ئايىغى يوق بىرنېمىگە ئايلىنىپ كەتسە كېرەك.

ئۇزۇن چاچلىق ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالارمەن دەپ ئويـ-
لىمىغانىدىم، ئۇ تاماكىسىنى كۆچەپ شوراپ مېڭىۋېتىپتىكەن،
مېنى كۆرۈپ ئالدىمغا كەلدى. ئۇنىڭ گەدىنىگە يېتەي دەپ قال-

غان چاچلىرى شامالدا يېنىك تەۋرىنەتتى. كىچىك ۋاقتىمدا مەھەللىمىزدىكى مازارنى ماكان تۇتقان بىر كىشى بار ئىدى، كىشىلەر ئۇنى ئاشىق دەيتتى، ئۇنىڭ نېمىگە ئاشىق ئىكەنلىكىنى مەن بىلمەيتتىم، ئاشۇ ئاشىقنىڭ چاچلىرى خۇددى مۇشۇ ئادەمنىڭ چاچلىرىدەك ئۇزۇن ئىدى، مەن كۆڭلۈمدە مۇشۇ ئادەمنى شۇ ئاشىققا ئوخشىتاتتىم، بۇ خىيال بەلكىم سەلىم موزدۇزنىڭ ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنى: «خۇددى مازار-ماشايىقلاردا يۈرىدىغان ئاشىق قەلەندەرگە ئوخشايدۇ» دەپ تىللىغىنىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كاللامغا كىرىۋالدىمىكىن دەيمەن.

— غېنى گاڭ ئېلىشىپ قاپتۇ.

مەن چۆچۈپ كەتتىم، ئۇزۇن چاچلىق ئادەم شۇنداق دېدى، ئۇنىڭ كۆكۈش يانىدىغان كۆزلىرى سوغۇق پارقىراپ تۇراتتى.

— كىمدىن ئاڭلىدىڭىز؟



مەن قورقۇمسىراپ سورىدىم. غېنى گاڭ تېخى بايىلا مۇشۇنداق گەپنى قىلغان ئادەمنىڭ جاجىسىنى بېرىمەن، دەپ يۈرەتتى، يېرىم قەدەم يەرنىڭ مەرىدىن كېچەلمەي يىگىرمە نەچچە يىلنى ئۆتكۈزگەن تەلۋە بۇ گەپلەرنىڭ تارقىلىپ كەتكىنىنى مەندىن كۆرۈپ قالسا تۇۋى يوق خاپىلىققا قالىمەن.

— ئۆزى شۇنداق دېدى.

— توۋا.

— بىر كىمگە دەپ سالماڭ جۇمۇ، ھېچكىمگە ئېيتما دەپ بەك تاپىلىغان، مېنى ئىشەنچلىك كۆرۈپ دېگەن چېغى. سىزنى ئۆز كۆرۈپ دەپ سالدىم. بۇ گەپ تارقىلىپ كەتسە مەندىن كۆرىدۇ. ئېلىشىپ قالغىنىمنى بىر كىمگە دەپ يۈرگەن ئادەمنى بىلىپ قالسام قارنىنى چۇۋۇيمەن دەيدۇ.

ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ تاتىراڭغۇ چىرايىغا قاراپ كۆڭلۈم بىرقىسما بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە ناھايىتى نۇرغۇن غەملىرى باردەك قىلاتتى. مەست بولۇپ قالغان ئېرىدىن تاياق يەۋالىسا خۇمارى بېسىلمايدىغان ھېلىقى خوتۇنى بۇ كىشىنىڭ

مۇشۇنداق بىرقىسما، دەردلىك بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبكار بولسا كېرەك. تاماكىغا، خېروئىنغا خۇمار بولۇپ قالسا بىر نۆۋرى، ئەمما تاياقفا خۇمار بولۇپ قالسا بۇ چۈشەنمەك تەس بىر ئىش. ئادەم ئۇرۇش ئەزەلدىنلا تايىنى يوق ئىش. خوتۇن كىشىنى ئۇ-رۇش تېخىمۇ تېتىقسىزلىقا تەۋە، ئەمما چوقۇم ئۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالسا نېمە ئامال. مۇنۇ ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ كۆنى بەك قاتتىق بولسا كېرەك.

— سەلىم موزدۇز دېگەن ساراڭنىڭ غېنى گاڭ توغرىلىق نېمە گەپ تارقاتقانلىقىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— ياق، نېمە دەپتۇ؟

— نېمە دېگەنلىكىنى مەنمۇ ئاڭلىمىدىم، ئەمما چوقۇم بىر گەپ تاپىدۇ دەڭا.

— ئۇنداقمۇ قىلماس.

— سەلىم ساراڭ مەن توغرىلىق چوقۇم يېڭى گەپ تارقاتتى بولغاي.

— قانداق دەيسىز؟

— مەھەللىدىكى كىچىك باللار مېنى كۆرسە غەلىتە قاراي-دىغان بولۇپ قالدى.

مەن چامادانىمنى كۆتۈرۈپ تاشتىن قاتتىق سېمونت يولدا جەنۇبقا قاراپ مېڭىۋەردىم. بۇ مېڭىشىمنى مۇشۇنداق مېڭىۋەرسە بارىدىغان بىرەر يەر ئۇچراپ قالار، دېگەن ئۈمىدتە كېتىۋاتقان ئادەمگە ئوخشاتقىلى بولاتتى، كۆزۈمگە ھەممە ئادەم خۇددى ماڭا ئوخشاش بارار - تۇرار يېرىنىڭ تايىنى يوق گاڭگىراپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى، ئۇۋىسىنى تاپالمىغان قۇشنىڭ سەرسان يۈرىكى مىڭ پارە بولۇشى مۇمكىن. ئىنىدىن ئايرىلىپ قالغان شىرنىڭ ھۆركىرىشى زەئىپ ھەم نالىلىك بولۇشى چوقۇم. ئالدىمدا كې-تىۋاتقانلار، ئارقامدىن كېلىۋاتقانلار، ئوڭ يېنىمدىن، سول تەرە-پىمدىن ئۆتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى خۇددى ئۆزلىرىنىڭ نەگە بېرىشىنى بىلەلمەيۋاتقاندەك ئىدى. ھاياتتا ھەممىدىن كەڭ-

ـرى نەرسە يول بىلەن ئۆمىد، ماڭـىدىغانـلىكى ئـادەم بولسا يـول تۈگەپ قالمايدۇ.

چامادانـىمدىكـى ئىككـى پارچە كىـتابتا چـوقۇم مۇشـۇنـداق سۆزلەر بار، دەپ ئىشىنىەتتىم.

هاسـا تايىنـىۋالغان ئـاشۇ كىشـى بايا ماڭـا ئۇچراپ ئۆتـۈپ كەتكەن، ئەمدى قارشى يۆنىلىشكە كېتىۋاتىدۇ، ئۇمۇ ماڭا يولنى تاپالمايۋاتقان كىشىدەك بىلىنىدى. قەددى قارىغايدەك ئادەملەر ئا ـ خىـرى مۈكچـىيىپ مۇنـۇ بوۋاينـىڭ سىياقـىغا كىـرىپ قالـىدۇ. ئۇلار ماڭغان يوللاردا، ماڭماقچى بولغان يوللاردا، ماڭغۇسى يـوق مېڭىـپ قالغان يـوللاردا سان ـ سانـاقسىز دوقـمۇشلار بار، كـا ـ تـاڭلار بار، ئـورەك، ئـازگاللار بـار، ئـۇلار ئاشۇنـداق دەردى تـولا يوللاردا تولا پۇتلىشىپ، يىقىلىپ ـ قوپۇپ ئاخىرى بـېلى قىـس ـ ماقتەك ئېگىلگەن ئاقۋاشلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

سابىت نۇرنىڭ دۇتار بىلەن ئېـيتىدىـغان ناخشـىسىدا مـۇ ـ شۇنداق گەپلەر بار.

قارىغۇغا جاهان قاراڭغۇ كۆرۈنىدۇ، ئادەم بولغانىكەنمىز نـى ـ شانسىز ماڭساق بولمايدۇ. نەگە بېرىشنى، نېمـە ئىش قىـلىشنـى بىلىۋېلىپ ئاندىن مېڭىشىمىز كېرەك.

كەلگۈسى توغرىسىدا يېزىلغان كىتابتا مۇشۇنداق يېزىلغـان بولۇشى مۇمكىن.

مەن ئۇ كىتابنى ئوقۇمىغان بولسامۇ، مۇشۇنداق يېزىلغاز ـ لىقىغا ئىشىنىمەن.

چىرايلىق شاخلىرى يەلپۈنۈپ تۇرغان سۆگەتنىڭ ئاستىدا ـ كى سېمونت ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشۇمنى ئويدان ئويلىنىۋالماقچى بولدۇم. جانغا ئارام بېرىدىغان غۇر ـ غۇر شامال چىقىۋاتاتتى. ياشانغان بىر جۈپ ئـەر ـ ئايال بىـر ـ بىرىنـى قولتۇقلىشىپ يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.

ـــ ئىلىيار ئاجرىشىپ كېتىپتۇ، مۇشۇنىڭ بىلەن ئۈچ خـو ـ تۇن ئېلىپ بولدى، بۇ بالىنى قانداق قىلارمىز.

بوۋاي ئۇششاق قەدەم ئېلىپ كېتىۋېتىپ شۇنداق دېدى.

ــ خوتۇننىڭ تايىنى يوق، ئۇنداق خوتۇننى قويۇۋېتىپ ئوبدان قىلدى، بالامغا قىز ئېلىپ بېرىمەن، ــ موماي بىر قولى بىلەن بوۋاينى قولتۇقلاپ، بىر قولى بىلەن روملىنى تۇزەپ قويدى.

ــ بۇنداق قىلىۋەرسە بولمايتتى، خوتۇن بېدىكى بولۇپ قالسا قانداق قىلىمىز، ھېلىمۇ ئۈچ خوتۇن ئالدى، ھەربىر خوتۇندىن بىردىن بالىسى بار ئۇنىڭ.

ــ بالا دېگەن رىزقى بىلەن تۇغۇلىدۇ، ئەر كىشى دېگەن خوتۇننىڭ ئەسكىسىگە چۈشۈپ قالسا بىر ئۆمۈر دوزاخنىڭ كۈنىنى كۆرىدۇ، ئىلىيار تېخى ياش، خوتۇن دېگەننى چېكىپ تۇرۇپ ئالالايدۇ.

ــ تولا خوتۇن ئېلىش دېگەنمۇ سەت ئىش... ئەلكۈننىڭ ئالدىدا نومۇس ئەمەسمۇ.

ــ ئەمىسە سىلىچۇ، مەنمۇ سىلىنىڭ بەشىنچى خوتۇنلىرىغۇ... بۇنىڭغا نېمە دەيمىز.

مەن ئۇلارغا قاراپ ھاڭۋېقىپلا قالدىم، بوۋاينىڭ قارامتۇل، چېچەك ئىزى بار چىرايىدىن مۇلايىملىق، ياۋاشلىق چىقىپ تۇراتتى، مەن ئۇنى بىر ئۆمۈر خوتۇننىڭ سىزىقىدىن چىقالماي ئۆتكەن بايقۇشمىكىن دېگەنىدىم، مومايىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىدىن ھەيران قالدىم.

بۇ ئىككىسى بالا خاپىلىقىنى تولا تارتقانلار بولۇشى مۇمكىن، دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم. موماي ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ماڭا ئالىيىپ قويدى، ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن گېپىمىزنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىدىڭ، دېگەن مەنا چىقىپ تۇراتتى. نېمىلا بولسۇن بىر خوتۇن بىلەن قېرىپ مۈشۈنداق بىر-بىرىنى يۆلەپ مېڭىشنىڭ ئۆزى خېلى تەس، ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدىغان ئىش ئىدى. ئۇلارنىڭ قېرىلىق يەتكەن ھالىنى، ئاجىز دەسسەپ، ئاستا مېڭىشلىرىغا قاراپ كۆڭلۈم بەكلا غەش بولدى،

ئادەم دېگەن ئاخىرى مۇشۇنداق ھالغا كېلىپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن-مۇ بەتتەر ھالغا چۈشۈپ قالىدىغانلارمۇ بار، مەن ھەرقانچە قى-لىپمۇ خوتۇنۇمنىڭ قېرىغان ھالىتىنى، مېنى قولتۇقلاپ مې-ڭىشلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ يېتەلمىدىم.

بىر جۈپ قېرى بارا-بارا يىراقلاپ كەتتى.

پات-پات پالانى قازا قىپتۇ، پۇستانى تۈگەپ كېتىپتۇ، دې-گەندەك گەپلەرنى ئاڭلايمىز، ئۆلگۈرەلىسەك تاھارەت ئېلىپ، بولمىسا شۇ پېتى نامازغا بارىمىز، ۋاپات بولغۇچىلارنى جىنازىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭىدۇ، يىغا - زار بىلەن كۆمۈپ قويۇشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇغۇلغاندىن ھازىرغىچە ئاجايىپ ئوت - ھەۋەسلەر بىلەن يانغان، ياخشى - يامان ئارمانلار بىلەن كۆيگەن يۈرەك بۇ جاھاندىن ئەبەدىي يوقايدۇ. شۇنداقلا قارىسا دۇنياغا كەلمەك ھەم كەتمەك شۇنچە ئاددىي ھەم بىمەنە بىلىنىدۇ.

مەن كېتىۋاتقان ئىككىسىگە ئۇزۇن ئۇمۇر تىلىدىم.

ئىككى پارچە كىتابنى ئالدىم، كىتابلاردىن كۆيە دورىسىنىڭ ھىدى كېلەتتى، مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ بىردەم ئوقۇماقچى بول-دۇم، ئەمما پەقەت رايىم بارمىدى.

ئوتتەك قىلغۇم بار ئىشنى قىلالمىغىنىمنى پەقەت چۈشەن-مەيتتىم.

شىلەپە كىيىپ، كۆزەينەك تاقىۋالغان بىر ئادەم بىلەن تا-قىرباش يەنە بىر كىشى يېنىمغا كېلىپ، ماڭا چىرايلىق سالام بەردى. ئۇلارغا يېنىمدىن جاي كۆرسەتتىم.

— بۇ نېمە كىتاب، — شىلەپىلىك ئادەم ماڭا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ، كىتابنى قولىغا ئېلىپ، ئېگىز-پەس كۆتۈرۈپ قويدى، ئۇ خۇددى بۇ كىتابنىڭ ئېغىرلىقىنى دەڭسەۋاتقاندەك قىلاتتى.

— بۇنداق نېمىلەرنى ئوقۇپ يۈرگەننىڭ پايدىسى يوق، ھەممىسى قۇرۇق گەپ، بەزى ئادەملەر ئىككى توك - توك بىر-نېمىنى بىلىۋېلىپ كەلگۈسىدە ئۇ بولىدۇ، بۇ بولىدۇ دېيىشكە

ئاران تۇرىدۇ، ئۆزىنى ئەقىللىق چاغلايدىغان ئادەملەر بەك جىق بولۇپ كەتتى. بۇنداق دېيىشكە كىمنىڭ سالاھىيىتى توشىدۇ، ھېچكىم ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ، كەلگۈسى دېگەن بىز بىلمەيدىغان نەرسە، بۇنىڭدەك قۇرۇق گەپلەرگە ئالدى-نىپ يۈرگىچە بىليارت ئوينىسىڭىز ياكى بولمىسا سەيلە قىلسى-ڭىز ئوبدان بولىدۇ.

شىلەپىلىك ئادەم شۇنداق دەپ قويۇپ ئاستا مېڭىپ كېتىپ قالدى، ئۇنىڭ يۇمشاق ئاۋازى ئۇزاققىچە يادىمدا تۇردى.

نۇرغۇن ئادەم مەن تېخى ئوقۇمىغان بۇ كىتابنى ياقتۇر-ماسلىقى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ياقمىغىنى بۇ كىتاب بول-ماي مۇشۇ كىتابنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن ئادەم بولۇشىمۇ مۇمكىن. ھەممە ئادەم مەندەك بولسا، مەن نېمە قىلسام، خەقمۇ شۇنى قىلسا، دەپ ئويلايدىغان ئادەملەرمۇ تولا.

مەن مۇشۇنداق گەپنى ئىلگىرىمۇ ئاڭلىغانىدىم. ئۆزىنى جاھاندا بىر سانايدىغان ساۋاقدىشىممۇ مۇشۇ گەپنى دېگەن، مۇنۇ ئادەم ساۋاقدىشىمغا دادا يوللۇق كېلىدىغاندەك قىلاتتى. قولۇم-دىكى بۇ كىتابنى ئاق-كۆك دەيدىغانلار قېرىلار ئارىسىدىمۇ، ياشلار ئارىسىدىمۇ چىقىۋاتاتتى. بىر قارىسا بوۋىلار، دادىلار، نەۋرىلەر ئارىسىدىمۇ كەلگۈسى توغرىسىدىكى كىتابنى ئوقۇشنى خالىمايدىغانلار، ئۇنى يامان كۆرىدىغانلار ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇر-سا كېرەك. گاھ توختاپ، گاھ يېغىۋاتقان يامغۇردا يىرىك تېرى-سى نەملىشىپ قالغان شەھەرنىڭ شۇ ھالدا ئۇھ تارتقىنىنى ئاڭ-لىميالمىدىم.

— ھېلىقىنىڭ گېپىگە ھەرگىز ئىشەنمەڭ، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنى ياراتمايدىغان نەرسە ئۇ، كەلگۈسى ھەققىدە ئويلىنىش مۇھىم ئىش، مەن كەلگۈسى توغرىلىق يېزىلغان مۇشۇنداق كى-تابلارنى تېپىپ بولالماي مۇشۇ كۈنگە كەلدىم، مۇشۇنداق كى-تابلارنى چوقۇم ئوقۇپ چىقمىساق بولمايدۇ، نېمىشقا دېگەندە، بىز كەلگۈسى ئۈچۈن ياشاۋاتىمىز، ئەگەر بىز چىرايلىق كەلگۈ-

سىمىز بار، دەپ ئويلىمىساق قانداق ياشاپ بولىمىز، بۇ كىتابلار مەندە بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى!

بوۋاي كىتابلارنى سۆيۈنۈپ تۇرۇپ سىلاپ كەتتى.

— بۇنىڭدا نېمىلەر يېزىلىپتۇ.

مەن چۆچۈپ كەتتىم، كىتابنى تولۇق ئوقۇپ چىقمىغانلىقىمنى بىلىپ قالسا، بوۋاي مېنى كۆڭلىدە مازاق قىلىشى مۇمكىن ئىدى.

— ھەربىر كۈننىڭ خۇشاللىقىقا تولغانلىقىنى بىلىش زۆرۈر دېگەندەك گەپلەر يېزىلىپتۇ.

بۇ گەپلەر كىتابتا چوقۇم بار ئىدى.

— مانا، توپتوغرا ئەمەسمۇ. خۇشاللىق ئۆز قولىمىزدا، دېگەن گەپ بار، بولسا قەدىرلەش، بولمىسا ياراتماق كېرەكتە.

ئۇنىڭ بۇ كىتابلارنى ماڭا بېرىلىك، دېگۈسى باردەك قىلاتتى، ئەمما دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىسا كېرەك، مېنىڭمۇ قاراپ تۇرۇپ بۇ كىتابلارنى ئۇنىڭغا بەرگۈم كەلمىدى.

ھېلىقى ئادەم ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ يېنىمدىن كەتتى، كىتابلارنى ئۇنىڭغا بەرسەممۇ بوپتىكەن، مېنىڭ شۇ ھالدا بۇ كىتابنى تولۇق ئوقۇپ چىقىشقا تازا ئىشەنچىممۇ يوق ئىدى. بۇ كىتابنى ئوقۇيمەن دەپ ئوقۇيالمىغىنىم، ئەمەلىيەتتە مەن قىلاي دەپ قىلالمىغان نۇرغۇن ئاددىي ئىشلارنىڭ بىرسى قاتارىدا ئىدى. ھويلامغا بىر تۈپ دەرەخ تىكىپ قويۇشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ يۈرگىلى ئون يىلدىن ئاشتى، ئەينى يىللىرى تىكىپ قويغان بولسام، بۇ چاغقىچە سايىسى ھويلىنى بىر ئالاتتى، مېۋىسىنى يېگىلىمۇ نەچچە يىللار بولۇپ كېتەتتى، ئۆيۈمنىڭ ئىشىكىنى ئالماشتۇرىمەن دەپ يۈرگىلىمۇ ئون يىل بولمىسىمۇ، ئالتە يەتتە يىل بولۇپ قالدى، شۇنىمۇ قىلالمىدىم، بەزىدە ئالدىراپ ماڭغان چاغلىرىمدا ئۇسۇپ سېلىپ بېشىم قاتتىق ئاغرىپ كېتىدۇ، شۇنداق چاغلاردا ئۇنى چوقۇم ئالماشتۇرۇۋېتىشنى ئويلايمەن، بىراق يەنە قىلالمىدىم. تاماكىنى كۆپ چېكىدىغان ئادى-

تىمدىن ھەممە ئادەم بىزار بولۇپ كەتتى، بۇنىڭدىنمۇ بەكرەكى ئوڭدا يېتىپ تېلېۋىزور كۆرگەندە تاماكىنىڭ كۇلىنى كۇلدانغا تاشلىيالماي كىگىز، گىلەملەرگە قېقىپ قويىدىغان قىلىقىم تو- زەلمىدى. مېنىڭ ئاشۇ ئىشلارنى قىلىشقا، ئاشۇنداق ئادەتلىرىم- نى ئوڭشاشقا كۈچۈم يەتمىدى، رىغبىتىم بولمىدى، ئىككى مو يەردە باغ بىنا قىلىش ئارزۇيۇم ھەر يادىمغا يەتسە كۆڭلۈم پاللى- دە يورۇپ كېتىدۇ. ئارقىدىن غەش بولۇپ قالىمەن. كاككۇكلار سايراپ، ئېرىقىدا سۇلىرى شىرىلداپ ئېقىپ تۇرسا، ئېرىق بو- يىدىكى كۆك قومدا، قارا سۆگەتنىڭ سايىسىدا يېتىپ جاھاننىڭ ئىشلىرىنى خىيال قىلسام، سۆيۈنۈشلۈك ئىشلارنى بىرمۇبىر ئەسلەپ چىقسام قانداق ياخشى بولاتتى، بىراق بولمىدى-دە، مەن ئەزەلدىن ئۆزۈمنىڭ ئىككى مو يەرگە باغ بىنا قىلالمايدىغانلى- قىمغا ئىشىنىپ باقمىدىم، چوقۇم قىلالايتتىم، بىراق ھازىرغى- چە شۇ ئىشقا قول تىقالماي يۈرىمەن.

غۇر-غۇر شامال بەدەننى ئېسەتتى، شامال قايسى بىر جايدىكى كۆمۈر ئىسىنىڭ بەتبۇيىنى، يەنە قانداقتۇر سېسىغان بىرنېمىنىڭ ھىدىنى ئېلىپ كەلگەندەك قىلاتتى. شەھەرنىڭ شەرقىدە قۇشخانا بار، بۇ بەلكىم شۇ يەردىن كەلگەن پۇراق بولۇشى مۇمكىن.

جانغا ھۇزۇر بېرىدىغان ئىللىق شامالغا قۇشخانىنىڭ ھىدى ئارىلىشىپ قالغاندەك قىلاتتى.

خۇيى ئۇسال، چىرايلىق قىزلارنى مۇشۇنداقراق بىرنەرسىگە ئوخشاتقان بىرسىنى بىلەتتىم.

مۇنۇ ئىككى پارچە كىتابنى ئوقۇيمەن، دەپ ئوقيالمىغىنىم مېنى بەك بىئارام قىلاتتى، قارا چاچلىرى چېچىلىپ تۇرىدىغان قىزنىڭ كۆزىدىكى مىڭلارچە ئىشق سەۋدالىرىغا مەپتۇن بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدىن بۇ كىتابنى ئېلىپ قايتىۋاتقىنىمدا ھېلىقى ساۋاقدىشىم ئۇچرىغانىدى. ئۇنىڭ تاپا - تەنىسىنى ئاڭلاپ قاي- تىپ كەلسەم، سەلىم موزدۇز قايسى بىر جايدا ئۈچ كۆزلۈك بالا تۇغۇلغانلىقىنى بىركىملەرگە ھېكايە قىلغىلى تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ

دېيىشىچە، ئۈچ كۆزلۈك بالا تۇغقان ھېلىقى خوتۇننىڭ بويى بىر مېتىرغىمۇ توشمايدىكەن، سەلىم موزدۇزنىڭ ئۇ خوتۇننىڭ بويىنىڭ ئېگىز ياكى پاكارلىقىنى تىلغا ئېلىشىنىڭ ئۈچ كۆزلۈك بالا تۇغۇش بىلەن نېمە ئالاقىسى بارلىقىنى بىلەلمىدىم، ئۇمۇ دېمىدى، پەقەت ئۇنىڭ تامشىپ تۇرۇپ قىلغان مۇنۇ سۆزلىرى يادىمدا قاپتۇ، ئۇنىڭ بۇ گېپى مەنلا ئەمەس يەنە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ يادىدا بولۇشى مۇمكىن.

— ھېلىقى ئۈچ كۆزلۈك بالىنى زىيارەت قىلىدىغانلار بەك جىق بولۇپ كېتىپتىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئاتا-ئانىسى بېلەت سېتىپ پۇل تېپىۋېتىپتۇ، بىر بېلەتنىڭ باھاسى دەسلەپ بەش كوي بوپتىكەن، كېيىنچە يىگىرمە - ئوتتۇز كويغا چىققان گەپ، قاراڭلار ئۈچ كۆزى بار بالا تۇغۇپمۇ خەق ئامەتكە ئېرىشكەن گەپ.

— ئەجەب ئىش بوپتۇ.

— بۇنى ئەجەب ئىش دېگىلى بولمايدۇ، ئۆلمىسەك تېخى كۆرىدىغان نى -نى ئاجايىپ ئىشلار بار، قوش بېشى بار بالا تۇغقانلارنى، كۆزى يوق، ئېغىزى ئىككى بالا تۇغقانلارنى كۆرىمىز.

— ما ئىشنى، ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس.

— نېمىشقا ئۇنداق بولمايدۇ، ئۇنداق ئىشلار دېگەن تولا گەپ. يۇقىرى مەھەللىدىكى سەمەت نىيازنىڭ كەپتەرلىرى گۆش يەيدىغان چىقىپ قاپتۇ، دەيدۇ. ھەممىسى خەت كەپتەرلىرى ئىكەن، سەمەت نىيازنى بىلىسىلەر، كەپتەر دېسە جېنىنى بېرىدىغاندىن، ئۇنىڭ كەپتەرلىرى توخۇ - تۇمان، غاز- ئۆردەكلىرىنى تامام يەپ بولغان گەپ.

— بۇ نېمە گەپتۇ ئەمدى، ئارقىدىن نېمە ئىش بوپتۇ سەلىمكا.

— ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلاردىن خەۋىرىم يوق، ئىشقىلىپ نېمە بولغانلىقىنى مەنمۇ بىلمەيمەن. ئۇقۇشالىسام دەپ بېرىمەن. ئۈچ كۆزى بار بالا تۇغۇلغان جاھاندا يەنە نېمە ئىشلار بولمايدۇ

دەيسىلەر. ئاڭلىسام سەمەت نىيازنىڭ كەپتەرلىرى لاچىن بىلەن جۈپلىشىپ باچكا چىقارغىلى نەچچە يىل بوپتىكەن، شۇڭا كەپ-تەرلىرى گۆشخور بولۇپ كېتىپتۇ.

— ما گەپ قاملاشمىدى، يىرتقۇچ لاچىن بىلەن كەپتەر جۈپلەشتى دېسە قانداق بولىدۇ.

ئۇزۇن چاچلىق ئادەم تاماكىسىنىڭ قالدۇقىنى كۈچەپ شوراۋېتىپ شۇنداق دېدى.

— نېمىسى قاملاشمايدۇ، ئەر يارالغانلارمۇ خوتۇن كىشىدەك بولۇۋالىدىغان جاھان بولۇۋاتسا هازىر، لاچىن بىلەن كەپتەرنىڭ جۈپلىشىشى دېگەن قانچىلىك ئىشتى. بۇنىڭغا پەقەت چېچى ئۇ-زۇن، ئەقلى قىسقا ئادەملەرلا ئىشەنمەيدۇ.

ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ كۆكۈش ياندىغان كۆزلىرى سو-غۇق پارقىراپ كەتتى. ئۇ تىترەپ تۇرۇپ يەنە بىر تال تاماكا تۇ-تاشتۇرۇپ سەلىم موزدۇزغا تىكىلدى.

— بۇ مەھەللىنى ساپلا يالغان گەپ قىلمىسا قورسىقى توي-مايدىغان، يالغان گەپ ئاڭلىمىسا كۆڭلى تىنمايدىغان خوتۇن تالاقلار بېسىپ كەتتى. خۇيى نورمال، پەيلى ئوڭ ئادەملەر قالمىدى.

ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ گەدىنىگە يېتەي دەپ قالغان چاچلىرى تال - تال چېچىلىپ تۇراتتى، قىرىلمىغان ساقال-بۇ-رۇتلىرى تىكلىشىپ تۇراتتى.

— جامائەت، مازار-ماشايىخلاردا يۈرىدىغان ئادەملەردىن قورققۇلۇق، شۇنداق ئادەملەرنىڭ هەرقىسما گەپلىرىنى ئاڭلى-ساڭلار توۋا دەپ ياقاڭلارنى چىشلەڭلار، باشقا ئامال يوق، مەن كېتەي، بۇ يەردە بىر مىنۇت ئۇزۇن تۇرسام بىر چىشلەم گۆشۇم ساراڭ بولۇپ قالغۇدەك مېنىڭ... قاغا قاق قىلۇر، ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلۇر... بەزى ئىشلارنى قاچان بولىدۇ دېسە، قۇم چېچەك-لىگەندە، تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە يەتكەندە دەيدىغان گەپلەر بار، كىرپە بالام يۇمشاق، قاغا بالام ئاپئاق، دېگەن مۇشۇ... ئات ئاي-

لىنخانىغا، يول سارىخانىغا دەپ، تۆۋەن مەھەللىدىكى ھاشىخان تېرە يېيىشكە خۇمار بولۇپ قاپتۇ.

سەلىم موزدۇزنىڭ ئاغزىدىن كۆپۈك چاچرايتتى، ئۇ بىرمۇنچە بىرنېمىلەرنى دەپ بولۇپ كەينىگە ئۆرۈلۈپلا كېتىپ قالدى.

شۇ چاغدا مەن سەلىم موزدۇزنىڭ كۆزلىرىنىڭ غەلىتە چاقناپ كەتكەنلىكىنى كۆرگىنىم ئېسىمدە، ئاندىن يەنە، مۇ-شۇنداق كۆزى بار ئادەملەردىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك، دېگەنلەرنى ئويلىغىنىم يادىمدا.

سەلىم موزدۇز كەتكەندىن كېيىن بىرمۇنچە ئادەم ئۇزۇن چاچلىق ئادەمگە ئاچچىق بىلەن قاراشتى.

— سەلىمكام سىزنىڭ كونا تېمىڭىزنى ئۆرۈۋەتكەنمۇ، نې-مىدەپ ئۇنىڭغا شوخىڭىزنى سانجىيسىز، — دېدى ئارىدىن بى-رەيلەن كۆزلىرىنى سەت ئالايتىپ.

— ئەتىگەندىن كەچكىچە يالغان گەپ قىلىپ نېمە قىلىدۇ، بۇ يەردىكى ھەممە ئادەمنى ئۆزىدەك ساراڭ قىلىپ بولاي دېدى ئۇ.

— ئۇنىڭ قايسى گېپى يالغانكەن ... ھەممىسى راست، — دېدى ساقاللىق ئادەم جېدەللەپ.

— نەدە بىر يەردە ئۈچ كۆزى بار بالا تۇغۇلىدۇ، نەدە لاچىن بىلەن كەپتەر جۈپلىشىدىغان ئىش بار. ھەممىسى تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىشلار، بۇنداق يالغاننى توقۇشقا بولمايدۇ.

— سەلىمكام دېگەندىكىن جاھاننىڭ قايسى بىر يېرىدە بولسۇن ئىشقىلىپ بىر يەردە مۇشۇنداق ئىش بار، ياكى بولمىسا كېيىنچە شۇنداق بىر ئىشلار چوقۇم بولىدۇ.

ئۇلارنىڭ يەنە نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكى، جېدەلنىڭ ئاخىرى قانداق بولغانلىقىنى بىلەلمىدىم. مەن گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە توپتىن ئايرىلىپ كەتكەنىدىم، شۇ كۈنى سابىت نۇر بىلەن كۆ-رۈشىدىغان ئىشىم بار ئىدى. سابىت نۇر ھېچنېمىگە ئاچچىقلى-مىسىمۇ، بىركىم گېپىدە تۇرمىسا زەردىسىنى باسالماي قالاتتى.

دېيىشىپ قويغان ۋاقىتقا ئەمەل قىلمىغان ئادەمنى بەك يامان
كۆرەتتى.

— سەلىمدەك ئادەملەرنى كونا بورىغا يۆگەپ ئوت قويۇۋەت-
سە بولىدۇ. بۇ جاھاندىكى ئەڭ مەينەت، ئەڭ زىيانلىق نەرسە يال-
غانچىلىق. ئۇ بۇ يەردىكى ھەممە ئادەمنى يالغانغا خۇمار قىلىپ
بولدى. مەن ھېچنېمە قىلالمىساممۇ بىر كۈنى ئەمەس، بىر كۈنى
بۇ ساراڭنىڭ تىلىنى كېسىۋېتىمەن.

ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ گەپلىرى كۆڭلۈمنى بىرقىسما
قىلىپ قويدى.

ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىمىز سەلىم
موزدۇزنىڭ گېپىنى تىڭشاپ كەلدۇق، ئۇنىڭ تېخىمۇ يېڭى، تې-
خىمۇ ئاجايىپ يالغانلارنى توقۇشقا خۇشتار بولۇپ مۇشۇ كۈنگە
ئۇلاشتۇق. مەنمۇ ئۇنى پات-پات ئاجايىپ-غارايىپ گەپلەرنى
قىلغان، قىلىۋاتقان ھالدا ئويلاپ كېتىدىغان، ئۇنى چۈشلىرىمدە
كۆرىدىغان بولۇپ قالغىنىمنى ھېچكىمگە دەپ باقمىدىم، مېنىڭ-
چە سەلىم موزدۇز مۇشۇ جايدىكى نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنىڭ چۈ-
شىگە كىرىدىغان ئادەم بولۇشى مۇمكىن.

كۆك رەڭلىك چامادان كۆتۈرۈۋالغان بىرەيلەن ھاياتىدا بو-
لۇپ ئۆتكەن نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇنتۇيالمايدىغانلىقىنى، كاللى-
سىدا ئەستە ساقلىغۇدەك ئىشلارنىڭ بەك ئازلىقىنى، ئەمما ئې-
سىدە ساقلىنىپ قالغان ئىشلارنىڭ بەكلا جىقلىقىنى ئويلاپ رەل-
لە بولغان ھالدا كېتىۋاتاتتى. ئۇ خورەكچى ئېرىگە بولۇشۇپ
جېدەل تېرىشقا تەييار تۇرىدىغان بەتبۇي ئايالنى، ئىمىن كاۋاپ-
چىنىڭ خوتۇنىنىڭ ئۆزىنى دىۋانە دەپ دارىتمىلىغىنىنى ھەم
شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىشلارنى يادىدىن چىقىرالمىغىنىدىن ئى-
چى پۇشاتتى، گىتار چالىدىغان بىرسىنىڭ كەينىگە كىرىپ يامان
ئاتاققا قالغان قەمبەرنىسانىڭ پات-پات يادىغا يېتىپ قالىدىغان-
لىقىدىن ھەيران قالاتتى. دادىسىنىڭ نەم، ئىسسىق لەۋلىرى بى-
لەن پېشانىسىگە سۆيگەندىكى ئاجايىپ سېزىملىرىنى يۈرىكى

قىپىغا پاتمىغۇدەك ھاياجان بىلەن يادىغا ئالاتتى. تاڭنىڭ يېڭى يورۇقىدا دادىسىنىڭ جىق بىرنەرسىلەر ئارتىلغان ئېشەكنى يې- تىلەپ چىقىپ كېتىۋاتقان ھالىتىنى، ئەگىنىنىڭ ئېچىلغانلىقى- نى، ئېشەكنىڭ يولغا چىقىپ تېزەك پۇراپ تۇرۇۋالغانلىقىنى يۇ- رىكى يىغلامسىرىغان ھالدا ئەسلەپ قالاتتى. ئۇ دادىسىنىڭ نەر- سە-كېرەكلەر ئارتىلغان ئېشەكنى يېتىلەپ چىقىپ كېتىۋاتقىنى بىلەن ئۆزىنىڭ كۆك رەڭلىك چامادانىنى ئېلىپ مېڭىشلىرى ئوخشاش، دېگەننى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىدى.

مەن غېنى گاڭنىڭ ھەسرەتلىك كۆزلىرىنى يادىمغا ئالغاچ نىشانسىز كېتىۋاتقان ئۆزۈمنىڭ يۈرىكىگە، ئاشۇ يۈرەكتىكى قان داغلىرىدەك ھەسرەتلەرگە سەپسېلىپ چىقتىم. بۇ دۇنيانىڭ ئا- دەمنى ئۆز قوينىغا دەم تارتىدىغان پىغانلىرىنىڭ قوينىدىن يۇل- قۇنۇپ چىقىشقا ماتانەت، كۈچ كېتىدۇ. مەن ھەرقانچە ئويلاپمۇ ئۆزۈمدە شۇنداق كۈچنىڭ، شۇنداق جاسارەتنىڭ يوقلۇقىغا ئى- شەنمىدىم.

# ئون ئىككىنچى باب

ئادەملەر ئۆتۈشۈپ تۇرغان كوچىدا چامادانىمنى كۆتۈرۈپ يالغۇز مېڭىۋاتقان مۇشۇ دەمدە ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ كۈنگىچە تەنھا-لىق ئىچىدە بەك ئۇزاق ياشاپ كەتكەنلىكىمدىن ھەيران قالدىم. بۇ دۇنيادا مېنى چۈشىنىدىغان، مېنى سۆيىدىغان، مېنىڭ بار-يوقلۇقۇمغا ئېتىبار قىلىدىغان ئادەملەر بەك ئازكەن. مەن ئۇش-تۇمتۇت يوقاپ كەتسەم، يوقاپ كېتىشىمنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈش-تۈرىدىغانلار كىملەر بولۇشى مۇمكىن؟ سابىت نۇر بىلەن ئىمىن ھەسەن قانداق بولار؟ ئۇلارمۇ: «نەگە كەتكەندۇ، بىر يەرگە كەتكەن بولسا قايتىپ كېلەر» دېيىشىپ ساقلاپ بېقىپ بارا-بارا ئۇنتۇپ كېتىشى مۇمكىن، خوتۇنۇمنىڭ مېنىڭ يوقاپ كېتىش-كەتمەس-لىكىم بىلەن كارى بولمايدۇ، يەنە كىملەر بار، يوقاپ كەتسەم خېلى يىللار بۇرۇن بۇ دۇنياغا يالغۇز ئوغلىنى تاشلاپ ھەسرەت بىلەن كەتكەن ئاتا-ئانامنىڭ روھى سېغىنار.

ھەممە نەرسە تاشتەك قېتىپ كەتكەندى. مەن دەسسەپ تۇرغان يەر، مېنى ئوراپ تۇرغان ھاۋا، كۆن نۇرىدا جۇلالىنىپ تۇرغان دەرەخ ھەم ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى ... يەنە مېنىڭ خىياللى-رىم، كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ماڭا پەرۋاسىز قاراشلىرى، ئۇلار-نىڭ قىلىشقان گەپلىرى ... مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدىن بىر تۇرلۇك قاتتىقلىق، مۇزدەك سوغۇقلۇق چىقىپ تۇراتتى.

مەن ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ يېنىغا بىرەيلەن كېلىپ

جايلاشتى. ئۇنىڭ يانچۇقىدىن ھاراقنىڭ شىشىسى چىقىپ تۇرات-
تى. تۆت يانچۇقلۇق چاپىنىنىڭ تۈگمىسى ئېتىلمىگەن، ئىسكەتى
قالمىغان چىمەن دوپپىسى بەك مەينەتلىشىپ كەتكەندى.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!
ئۇ كۆزۈمگە تىكىلىپ تۇرۇپ ماڭا قولىنى سۇندى.
مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم، دۇنيادا مېھرىلىك،
ئىسسىق قوللار تۈگىمىگەندەك قىلاتتى.
— تونۇشۇپ قويايلى ئۇكا، بىزمۇ يامان ئادەملەر ئەمەس،
خەقلەر كۆزىگە ئىلمىغىنى بىلەن، بىزمۇ ئۆزىمىزگە چۇشلۇق
ئادەم، قانداق دېدىم؟
مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ بېشىمنى لىڭشىتتىم.
— شۇنداق، ھەممىمىز ئۆزىمىزگە چۇشلۇق ئادەم.
مەڭگۈلۈك قۇياش كۆكتە پارلاپ تۇراتتى، كۆپكۆك ئاسمان
شۇنداق پاكىز ئىدى، كۆڭۈلگە ئاراملىق بېرىدىغان يېشىل دە-
رەخلەر شامالدا مەيىن ئىغاڭلايتتى. شۇ تاپتا، ئاسماندا بىر توپ
كەپتەرنىڭ ئۇچۇشلىرىنى كۆرەلىگەن بولسام كۆڭلۈم پاللىدە
يورۇپ كېتەرمىدىكى، دەپ ئويلاپ قالدىم. قاپاق ئېسىلغان كەپ-
تەرلەر بولسا، كەپتەرلەر ھاۋانى يېرىپ ئۇچقاندا ئۇنىڭدىن غو-
ڭۇلدىغان ئاۋاز چىقسا ... بۇمۇ باشقىچە بىر ئىشتە.
سەمەت نىياز دەيدىغان بىر ئادەمنىڭ مۇشۇ دۇنيادا ياشاپ
يۈرۈشىنىڭ مەن بىلەن ئالاقىسى بار-يوقلۇقى توغرىسىدا ئويلاپ
باقمىدىم، ئەمما ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ چىرايلىق كۈنلىرىدىن بەھىر
ئېلىپ ياشاۋېرىشىنى، ئاجايىپ كەپتەرلىرى بىلەن كۈنلىرىنى
شادىمان ئۆتكۈزۈشىنى تىلەيدىغان ئادەملەر چىقىپ قالدۇ.
كەپتەرلەر توخۇلارنى يېدى، دېگەن گەپ توغرىسىدا مەن
بىراۋغا بىرنېمە دېسەم بولمايدۇ. مەن بىلىدىغان كەپتەرلەر
كۆكتە پەرۋاز قىلىدۇ، خامانلاردا دانلايدۇ. قۇما ئەتراپىدا مۇھەب-
بەتلىك بۇقۇلدىشىپ، بۇ دۇنياغا ئىسسىقلىق تارتىدۇ.
بىپايان كۆك باغرىنى يېرىپ، بىر ئايروپىلان شەرقتىن

غەربكە قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى، كۆزگە كىچىككىنە كۆرۈنىدىغان ئايروپىلاننىڭ كەينىدىن ئاپئاق سىزىقلار قالاتتى، بۇ سىزىقلار بارغانسېرى تومىلىشىپ، شالاڭلىشىپ ئاستا-ئاستا يوقاپ كېتەتتى.

— مەن ئايروپىلان تۇتۇۋالدىم.

قولىدىكى جان تالىشىۋاتقان يىڭناغۇچنى مەھكەم تۇتۇۋالغان كىچىك بالا ۋەيران بولاي دەپ قالغان باغدىن يۈگۈرگىنىچە ئۇقتەك ئېتىلىپ چىقاتتى، ئىسسىق قوللىرى يىرىكلىشىپ كەتكەن ئانىسى يۈگۈرمە، يىقىلىپ كېتىسەن، دەپ ۋارقىراپ قالاتتى. ئانىسىنىڭ ئاشۇ ۋارقىراشلىرى، يېڭى سۈتنىڭ يەنە بەزىدە غاچچا ئوتنىڭ ھىدى كېلىدىغان يىرىك قوللىرى پات-پات يادىدىن كېچەتتى، ئۇ ئەتىگەندىكى تاتلىق ئۇيقۇسىدىن كۆزلىرىنى ئاچالمىغاندا سۈتنىڭ يېقىملىق ھىدى بۇرنىغا ئۇرۇلسا كۆڭلى يايراپ كېتەتتى، كۆزىنى ئاچماي تۇرۇپ قولىنى سوزۇپلا ئانىسىنىڭ ئىسسىق ھەم يىرىك قوللىرىنى تۇتۇۋالاتتى، ئانىسى ئۇنى سۆيۈپ قويۇپ ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۈندەيتتى، ئويغانغان ھامان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمىسە بويىنغا شەيتان مىنىۋالىدىغانلىقىنى، شەقىقە دەيدىغان بىرنەرسە بولۇپ، سەھەر تۇرمىغان ئادەمگە چاپلىشىۋالىدىغانلىقىنى دەيتتى. ئەمما، ئانىسىنىڭ ئىسسىق قوللىرىنى تۇتۇپ يېتىپ، يېڭى سۈت ھىدىنى پۇراپ تۇرغان شۇ دەمدە ئۇنىڭ پەقەت ئورنىدىن تۇرغۇسى كەلمەيتتى.

ئۇنىڭ قولىدىكى يىڭناغۇچ قۇتۇلۇپ كېتىش ئۈچۈن ئاچچىق گىژىلداپ جان تالىشاتتى. يىڭناغۇچنىڭ گىژىلداشلىرى بىلەن ئانىسىنىڭ ۋارقىراشلىرى شۇنداق يېقىشلىق ھەم چىرايلىق ھاۋادا ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلايتتى. ئۇنىڭ خاتىرىسىگە يىڭناغۇچنىڭ گىژىلداشلىرى، ئانىسىنىڭ ۋارقىراشلىرى، بەكمۇ يوغىناپ كەتكەن قارا سۆگەتتىكى قۇشقاچلارنىڭ چۇرۇقلاشلىرى، قويۇق تېرەكلەر ئارىسىدىكى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان كاككۇكنىڭ سايراشلىرى مەڭگۈلۈك ئاۋازغا ئايلىنىپ، يۈرىكىدە ئە-

بەدىي ساقلىنىپ قالغاندى.

ئۆينىڭ ئالدىدا بىر ئۆستەڭ لاي سۇ ئۇنسىز ئېقىپ ئۆتەت-تى، ئاياغدىكى ئېگىز تاقاق ياغاچلىرى بار ئازمىدىن مۇشۇ سۇلار گۇركىرەپ تۆۋەنگە ئېتىلىپ چۇشەتتى، چاچلىرى قاغا قا-نتىدەك قارا باللار يالىڭاچ پېتى ئازمىدىكى تاقاق ياغاچلاردىن پەسكە سەكرىشەتتى. بۇ يەردىن لاي سۇنىڭ، بېلىقنىڭ ھىدى، يەنە چىرىگەن ياغاچنىڭ پۇرىقى كېلەتتى، دۇمبىسىدە ئۇششاق سۇ تامچىلىرى پارقىراپ تۇرغان باللار ئازما بويىدىكى قۇملۇق-تا قاتار يېتىشاتتى.

— ئىچىپ قويامسىز؟

مەن چۆچۈپ كەتتىم، مەن ئۇ كىشىنىڭ يىرىك ساقاللىرى ئارىسىغا چاپلىشىپ قالغان نەرسىنى توخۇ تېرىسى بولسا كېرەك دېگەنلەرنى خىيال قىلدىم.

— مەن بارلىق ئىپلاس ئادەملەرگە ھېسداشلىق قىلىمەن.

ھېلىقى ئادەم ئۇشتۇمتۇت شۇنداق دېدى. ئىككىمىز بىر-بىرىمىزگە بىردەم تىكىلىپ قاراپ قېلىشتۇق. مەن بۇ ئادەمنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ، ئادەمدەك ياشاشنىڭ تەسلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم. تۈرلۈك ئوسال ئىشلار، رەڭدار يامانلىقلار، شۇملۇقلار، پاسكىنا ئىشلار بىزنى ماگنىتتەك ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرىدىغان بۇ جاھاننىڭ بەزى ئادەملەرگە باغرى بەك قاتتىق ئىدى.

— بۇ گەپ پەقەت قاملاشمىدى، بۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ.

مەن مۇشۇنداق دېمىسەم بولمايتتى. ئۇ ماڭا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ يانچۇقىدىن گېزىت قەغىزىنى چىقىرىپ موخوركا ئوراشقا تۇتۇندى.

— ئۆمەر توڭگۇزنى بىلەمسىز؟

— كىم ئۇ؟

— خەقلەر ئۇنى ئۆمەر تالىپ دېيىشىدۇ.

— ھە، تونۇيمەن.

سىمىز يۈزلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان، قاملاشقان چىرايىدىن كۆلكە كەتمەيدىغان ئۆمەر تالىپ دېگەن ئادەمنى مەن تونۇيتتۇم.
— قاراپ تۇرۇڭ، ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ، بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى بويىنى قاتلىشىپ ئۆلىدۇ ئۇ توڭگۇز، ئۇنىڭمۇ قىزلىرى، باللىرى بار ئىكەن، شۇ باللىرى تارتىپ قالىدۇ.
— ئۇنداقمۇ دېمەڭ، بىراۋنى قارغاش يامان ئىشقۇ.
مەن كەتسەم بولاتتى. بۇ ماڭا گېپى تۇگىمەيدىغان، ئەمما دەردىنىڭ تايىنى يوق ئادەم بولۇپ تۇيۇلدى.
— ئىشنىڭ باش-ئاخىرىنى سىز بىلمەيسىز، شۇڭا گېپىمـ. نى چۈشەنمەيسىز، ئۇنىڭ ئوساللىقىنى بىلگەن بولسىڭىز، ئاناـ. دىن گېپىمنىڭ توغرىلىقىنى بىلىپ قالاتتىڭىز. ئۇ گۇي ھامان بىر كۈنى جاجىسىنى يەيدۇ، كىشىنىڭ رىزقىنى يېگەن ئادەم ياخشى كۈن كۆرمەيدۇ، قىزىم ئاشۇ ھايۋاننىڭ سەۋەبىدىن تۇگىـ. شىپ كەتتى، مەن بۇنىڭغا چىدىمىدىم. قالغىنىنى خۇداغا قويدۇم.
ئۇنىڭغا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم، ئۇنىڭ يامان ئادەمـ. لەرنى قارغاشلىرى، يەنە يامان ئادەملەرگە ھېسداشلىق قىلىمەن، دېگەن گەپلىرى قولاق تۈۋىمدە جاراڭلايتتى. مەن ئۇنىڭ يانچۇقىـ. دىن چىقىپ تۇرغان بوتۇلكىغا قاراپ قويۇپ ئاستا غودۇڭشىدىم:
— نېمىلا دېگەنبىلەن يامانلارغا ھېسداشلىق قىلىمەن، دېـ. گىنىڭىز بولمىغان گەپ.
— گېپىمنى چۈشەنمەيسەن، پەسكەش ئادەملەر بۇ دۇنيادىـ. مۇ، ئۇ دۇنيادىمۇ ياخشى كۈن كۆرەلمەيدۇ، ھەممىلا جايدا خار بولىدۇ، بۇنداقلارغا ھېسداشلىق قىلمىساڭ يۈرىكىڭ تاشتىن پۈتكەنمۇ سېنىڭ.
ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىنىڭ بىر يەرلىرىدىن يا كۆلكىگە، يا يىغىغا ئوخشىمايدىغان بىر ئالامەت چىقىپ تۇرغاندەك قىلاتـ. تى، ئۇنىڭ قىياپىتىگە قاراپ سابىت نۇرنىڭ: بەزى ئادەملەر بۇ دۇنيادىكى ھەممىلا نەرسىدىن گۇمان قىلىپ، ھەممىلا نەرسىگە نەپرەت بىلەن قاراپ جاھاندىن ئۆتىدۇ، ئۆزىدىن باشقا ھەممە

نەرسىگە ئۆچ، قۇشقاچنىڭ ئۇچقىنىدىن، سۇنىڭ شارقىراپ ئاق-قىنىدىن، ئىككى ئادەمنىڭ خۇشال كۈلگىنىدىن، كەپتەرنىڭ جۇپلىشىپ، تۇخۇم تۇغۇپ باچكا چىقارغىنىدىن ... جاھاندىكى جىمى ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن يىرگىنىدۇ. ھەممىلا نەر-سىدىن شۇملۇق تارىلىۋاتقاندەك، ئۆزىگە يامانلىق كېلىدىغاندەك ھېس قىلىشىدۇ، ئىشەنچ بولمىغان يەردە خاتىرجەملىك، خۇشلۇق نېمە قىلسۇن، دېگەن سۆزلىرى يادىمغا يەتتى. ئۇ بۇ گەپلەرنى ئىمىن ھەسەندىن كۆڭلى رەنجىپ قالغاندا چالا مەستلىكتە دې-گەنىدى.

ئەمما، مۇنۇ ئادەمنى سابىت نۇر دېگەن بەزى ئادەملەر ئارد-سىغا قوشۇپ قويغىلى بولمايتتى.

— توڭگۇز دېسەم سېمىز بىرنەرسىمىكىن دەپ قالماڭ، ئۆزى يىگىنە يۇتۇۋالغان ئىتقا ئوخشايدۇ، ئەمما خۇي - پەيلى توڭگۇزنىڭ ئۆزى.



بىر ئادەمگە ئۆچ بولغان چېغىمىزدا، ماڭا تەئەللۇق بولۇشى كېرەك دەپ ئويلىغان نەرسىلەرنى بىركىملەر ئېلىۋالغاندا، بۇ-زۇۋەتكەندە، ئۆز ھەققىمىزنى تۇتۇپ تۇرۇشقا كۈچىمىز يەتمىگەن-دە رەقىبلىرىمىزنى جاھاندىكى ئەڭ يامان گەپلەر بىلەن تىللاي-مىز. تىللاش يارىمايدىغان ئىش بولسىمۇ، لېكىن ھەممىگە بوۋې-تۇلا دەپ قاراپ تۇرۇشتىن ئەۋزەل بولۇشى مۇمكىن. مەن بىر كۈنلەردە مۇشۇ گەپلەر توغرىلىق ئىمىن ھەسەن ھەم سابىت نۇرنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى سوراپ بېقىشىم مۇمكىن.

ئۇنىڭ ئىپلاسلارغا ھېسداشلىق قىلىمەن دېگىنى، ئادەمنى چۆچۈتىدىغان گەپ، مەن مۇشۇ چاغقىچە ھېچ يەردىن بۇنداق گەپنى ئاڭلاپ باقمىغانىدىم.

بۇ ئادەم ئىپلاسلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا جىق گەپلەرنى دېدى.

مەن ئۇنىڭ يانچۇقىدىن چىقىپ تۇرغان بوتۇلكا قۇرۇق بولسا كېرەك، دېگەنلەرنى ئويلىدىم. جاھاندىكى جىمى ھاراقكەش-

لەرگە ئوخشاش بۇ ئادەممۇ بىر گەپنى تېپىۋالسا كەچكىچە تەكرارلايدىغان بەتتەم ئىشتىن خالىي ئەمەسكەن.

— گېپىمنى چۈشەنمىدىڭىز، پەسكەش ئادەم دېگەن باشـقىلارنىڭ رىزقىنى يەۋالغانلار، خۇپىيانە يول بىلەن خەقنىڭ نېسىۋىسىگە شەرمەندىلەرچە ئىگە بولۇۋالغانلار، خەقنىڭ رىزقىنى يەۋېلىپ بۇنىڭدىن نومۇس قىلماقتا يوق ھەق ھېسابلايدىغان، يەنە مۇشۇنداق بولۇشىنى ئۆزىنىڭ كارامىتىدىن بولغان دەيدىغانلار... يەنە ...

ئۇ بۇ گەپلەرنى جىق تەكرارلىدى. كەينى ـ كەينىدىن بىرنەچچە قېتىم دېدى. مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاچ قانداق ئادەم ئىپلاس بولىدۇ، دېگەننى ئۇزاق ئويلاپ كەتتىم. ئىپلاس ئادەم دېگەن گەپنى بىراۋغا ئاسانلىقچە يۈكلىگىلى بولمايتتى. ئۆز جېنىنى دەپ باشقىلارنىڭ ھاياتىنى، بەخت ـ ئىقبالىنى قۇربانلىققا ئايلاندۇرغانلار، خائىن، ئاسىيلار، ساختىپەزلەر، يالغانچىلار، چېقىمچىلار، ۋەدىسىدە تۇرمايدىغانلار، دېگىنى بىلەن قىلغىنى ئوخشىمايدىغانلار، ئىككى يۈزى بارلار... يەنە قانداق ئادەملەر بولۇشى مۇمكىن، ئۆمرىنى بىھۇدە، ۋاقتىنى ئەھمىيەتسىز ئۆتكۈزىدىغان، ياخشى ئىش قىلغانلارنىڭ كەينىدىن گەپ تاپىدىغانلارمۇ ئىپلاس ئادەملەر قاتارىغا كىرىدۇ.

سابىت نۇردىن سورالسا ئۇ مۇشۇنداق دەيدۇ.

ئۇزۇن چاچلىق ئادەم سەلىم موزدۇزنى يالغانچى دەيدۇ، يالغانچى، پەسكەش دەپ تىللايدۇ.

— بىر گەپنى دەي، ئاۋۇ كوچىنىڭ بېشىدا ئولتۇرىدىغان قەمەرخان دېگەن خوتۇننىڭ ئېرى ئوغرىكەن، ھاشىم تېرىچىنىڭ ئۆيىدە ئوغرىلىق ئۈستىدە تۇتۇلۇپ قاپتۇ، نەق ئۈچ كىلو ئالتۇننى ئالغان گەپ، قاراقچىنىڭ ئۆزىكەن دەڭلا.

— قەمەرخان ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن، ئېرى يوق خوتۇن ئۇ.

ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ كۆزلىرىدىكى مۇزدەك سىزىم سە-

لىم موزدۇزغا ئازراقمۇ تەسىر قىلمىغاندەك ئىدى.
— ئۇنداق بولسا دادىسى ئوخشايدۇ، — دېدى سەلىم — دادىسىنى جىك ئوغرى دەپ ئاڭلىغان مەن.
— قەمەرخاننىڭ دادىسى ئۆلۈپ كەتكىلى ئۇزۇن بولغان.
— ئەمىسە بۇرۇنلاردا ئوغرىلىغان بولۇشى مۇمكىن، ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئوغرىلىغان گەپ، بۇ كوچىدىن ئېھتىيات قىلساق بولغۇدەك، ھە دېسە ئوغرىلار پەيدا بولغىلى تۇردى، ھەلىم تاماكىچىنىڭ نەق ئۈچ يۈز مىڭ كوي پۇلىنى ئېلىپ قاچقان گەپ. خېروئىن دېگەننى ئالتۇندىن قىممەت دەپ ئاڭلىدىم. كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ، دېگەندەك ئىش بوپتۇ، سۇ كۆلگە ئاقىدۇ پۇل بايغا، دېگەن بىكار ئەمەس، مىراپلار مىنەر تايغا، سۇنى ياقىلار بايغا. چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە، ماغدۇرۇڭنىڭ بارىدا يۇرت كۆر ... شاخ- شاخ چىنارنىڭ بىر شېخىمەن ... ياشلىقىم پاشالىقىم تەرەپتىن - تەرەپتىن گۈل كېلۇر ...
سەلىم موزدۇز گەپ قىلىۋېتىپ شاققىدە ئۇزۇن چاچلىق ئادەمگە قاراپ قويۇپ ئاچچىق بىلەن خىرىلدىدى:
— چەت ئەللەردە چېچى بەش سانتىمېتىردىن ئېشىپ كەتكەنلەرنى چېچىدىن باغلاپ ئاتقا سۆرەتكۈدەك، بىزدە ئات بولمىغاندىكىن تىراكتورغا سۆرەتسەكمۇ بولاتتى. بەزى ساراڭلار ئۇزۇن چاچ قويۇۋېلىپ دەرۋىش بولۇۋالدى، نېرۋىسى ئاجىزلاپ كەتتى، كاللىسى پوققا ئىشلىمەيدۇ.
ئۇ بىرنېمىلەرنى دېگىنىچە كېتىپ قالدى. ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھاڭۋاققىنىچە قاراپ قېلىشتى.
— قاراڭلار، نەق ئۈچ كىلو ئالتۇننى ئاپتۇ، بالىسىدىن بالىسىغا يېتىپ يېسىمۇ ئېشىپ قالىدۇ دەڭلا، ئۈچ يۈز گىرام ئەمەس، ئۈچ كىلو ئالتۇن، ھەر گىرامىنى 210 كويدىن ساتسا ...
بىرەيلەن بارماقلىرىنى پۈكۈپ ئۈچ كىلو ئالتۇننىڭ پۇلىنى ھېسابلاشقا باشلىدى، ھەممەيلەن دىققەتتە تۇرۇپ نەتىجىسىنى كۈتۈپ تۇردى. ئۈچ كىلو ئالتۇننىڭ باھاسىنى ئاڭلىغاندا ئاغزى

ئېچىلىپ قالغان كىشىلەر خېلىغىچە ئۆزىگە كېلەلمىدى. ئارقى-
دىن ئوغرىلانغان ئالتۇننىڭ كېپەك ئالتۇن ياكى زىخچە ئالتۇن
ئىكەنلىكى توغرىسىدا، كېپەك ئالتۇن بىلەن زىخچە ئالتۇننىڭ
باھاسىنىڭ پەرق قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇزاققىچە بىر گەپ-
لەر بولدى. قايسى خىل ئالتۇننىڭ باھاسىنىڭ يۇقىرى بولىدى-
غانلىقىنى تالىشىپ قىزىرىشىپ قالغان ئىككىيلەن ئاخىرىدا
سەلىم موزدوزدىن سوراپ بىلىۋالىدىغان بولۇشتى، ئىككىيلەن-
نىڭ جېدەلى چىڭغا چىقىپ بىر قويىدىن ئۆتۈشتى، سەلىم
موزدوزنىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپ، كىمنىڭ ئۇتۇش كىمنىڭ
ئۇتتۇرۇشىنى ئايرىيدىغان ئاساس بولىدىغان بولدى. ئاخىرى
ھەممەيلەن بۇنىڭدىن كېيىن ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى مەھكەم تا-
قاپ ئۆزىگە چىڭ بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە بىر-بىرىگە
ئۇزاق تەنبىھ بېرىشىپ، تارقاپ كېتىشتى، خەقلەرنىڭ ئاچچىق
تەنلىرىدىن مەلۇم بولدىكى ئىشىكنى چىڭ تاقىمىغان ئادەم بار-
لىق بالايىئاپەتلەرنىڭ بېشى ئىكەن، گەپنىڭ خۇلاسىسى شۇ
يەرگە يەتتى: ئۆزىگە ھېزى بولمىغانلارنى ئەمەلىيەتتە ئوغرىدىن-
مۇ بەكرەك جازالاش كېرەككەن، ھەممە ئادەم ئۆزىگە پۇختا بول-
سا، ئوغرى دېگەن ھېچنېمە قىلالمايدىكەن.
توختىماي بىرنېمىلەرنى دېيىشىۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدا تا-
ماكىسى تۈگەپ كېتىپ جىلە بولۇپ قالغان بىر ئادەم ئۇھ تارتىپ:
«ھېچكىم ئاشۇ ھاشىم تېرىچىنىڭ ئۆيىدە ئۈچ كىلو ئالتۇن بارمۇ،
يوقمۇ دېگەننى ئويلاپ باقمىدى» دەپ ھەسرەت چەكتى. ئۇنىڭچە
ئاڭلىغان گەپنىڭ چىن ھەقىقىتى قانچىلىك دېمەي، ئىشىنىۋېرى-
دىغان ئادەملەرنىڭ بەختى قارا بولىدىكەن. كېتىۋاتقانلار ئىشىك،
تۈڭلۈكلەرنى مەھكەم تاقاش، ئىشىكلەرنىڭ زەنجىر، لوكلىرىنى
پۇختىلاشنىڭ غېمىگە چۈشكەندەك قىلاتتى.
— ھۇ ئىپلاس ...
ئۇزۇن چاچلىق ئادەم يورغىلاپ كېتىۋاتقان سەلىم موزدوز-
نىڭ ئارقىسىدىن ئۆچمەنلىك بىلەن ھومىيىپ شۇنداق دېدى.

شۇ يەردە قاراپ تۇرغان بىرى ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ناتونۇشتەك، ئۆزىنى قانداقتۇر يات بىر يەردىن بۇ يەرگە تېخى ھېلىلا كېلىپ قالغاندەك سېزىپ قالدى. ئۇزۇن چاچلىق ئادەم، سەلىم موزدۇز يەنە، ھازىر مەسىلە ئوغرىدىمۇ ياكى ئىشكنى تاقىمىغان كىشىدىمۇ، دەپ بىر-بىرى بىلەن ئۇ-رۇشقىدەك بولۇشۇپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى تونۇمايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ ئۇلارنى تونۇپ بولالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ بەكلا غېرىبسىنىپ كەتتى.

ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ نەزەرىدە، يالغانچىلىق ئىپلاس ئىش قاتارىدا بار ئىكەن.

مۇنۇ ئادەم خەقنىڭ رىزقىنى يەۋالغانلارنى ئىپلاس دەيدىغاندەك قىلاتتى. مەن ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ ئاچچىق بىلەن «بۇ خەق يالغانغا خۇمار بولۇپ قالدى، تاماكىسى تۈگىگەن بەڭگى نە-نەلەردىن كۇيەندە تېرىپ چەككەندەك، بىرەر- يېرىم كۈن يال-غان ئاڭلىيالمىسا، يالغان بار يەرنى ئىزدەپ تېپىپ ئاڭلىۋالمىسا كۆڭلى تىنمايدۇ» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم.

— بۇرنى بولمىسا پوق يەيدىغانلار، شۇ گەپكىمۇ ئىشىنىپ يۈرۈشكىنىنى، سېرىق قوناقنى ئالتۇن دەپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويسا زەرگەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشتىن يانمايدىغان خەق جۇمۇ بۇلار.

ئۇزۇن چاچلىق ئادەم تاماكىسىنى كۈچەپ شوراپ بەسكە چۈشكەن كىشىلەرگە قاراپ شۇنداق دېگەنىدى.

شۇ چاغدا مەن دادامنى ئەسلەپ قالدىم، بىر قېتىم دادامدىن يېگەن تايىقىم يادىمدا، دادامنىڭ شۇ چاغدا بەك ئاچچىقى كەلگە-نىدى، ئادەتتە دائىم مېنىڭ يېنىمنى ئالىدىغان ئاناممۇ شۇ كۈنى دادامنىڭ ئالدىدا تىن تارتالمىغانىدى.

— ماۋۇ خالتىنى ساڭا بېرەي، ئىچىدە قوناق بار، تۆكۈلۈپ كەتمىسۇن. ئېشىكىڭگە بېرەرسەن.

كۆزلىرىدىن شۇنداق ئوماق ھەم چىرايلىق كۈلكە يامراپ

تۇرىدىغان قاسىمكام لىققىدە بىرنەرسە بار خالتىنى ماڭا يۇدگۇ-زۇپ قويدى، مەن ھېچ قىينالمايلا خالتىنى يۇدۇپ ھويلىغا ئە-كىردىم، بۇ ئاشۇ يىڭناغۇچ تۇتۇپ ئوينايدىغان، ئېگىز تاقاقتىن لاي سۇغا سەكرەپ ئوينايدىغان چىرايلىق كۈنلەردىن كېيىنكى ۋاقىتلار ئىدى.

— نېمە ئۇ ئەكەلگىنىڭ؟

— قوناق، قاسىمكام ئېشىكىڭگە بەرگىن دەپ يۇدگۇزۇپ قويدى، — دېدىم مەن خالتىنى ھويلىدىكى پاكار سۇپىغا قويۇ-ۋېتىپ.

— قوناق، مۇنچىۋالا قوناقنى سەن قانداق كۆتۈرەلەيسەن، ئالداپ قويمىغاندۇ سېنى.

دادام ئىتتىك كېلىپ قولۇمدىكى خالتىنى ئالدى، ئاغزىنى ئېچىۋىدى ئىچىدە پاختا كۆرۈندى.

— قارا ماۋۇ ئادىمىي شەيتاننى، كىچىككىنە بالىنى گوللى-غىنىنى.

دادامنىڭ چىرايى ھەمساتتا ئۆزگەردى.

ئانام كۈلۈپ كەتتى.

— بۇ قاسىمكامنىڭ قىلمايدىغان قىلىقى يوق، ئالدىنقى ھەپتە مەريەم ئاچام بىزنىڭكىدىن پاختا سوراپ چىقىپ كەتكەن، شۇنى كىرگۈزگەن چېغى، بۇنچىلىك نەرسىنىڭ ھېسابىنى قىل-مىسىمۇ بولاتتى.

— قاسىم دېگەن كىسپۇرۇچىنىڭ بالامنى زاڭلىق قىلغىنى ئەمەسمۇ بۇ، پاختىنى قوناق دەپ بەرگىنىنى ... — دادام شۇنداق دەپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن بىردىنلا ماڭا ئالىيىپ قارىدى-دە قوللىرىنى شىلتىدى.

— ھۇ دۆت، ھەممە ئەيىب سەندە، مەيەرگە كېلە، ئىشلىمى-گەن كاللاڭنى بىر سەگىتىپ قوياي. شۇنچە چوڭ ئادەم تۇرۇپ، پاختىنى قوناق دەپ بەرسە بىلمەي مۇشۇ يەرگە كۆتۈرۈپ كىر-دىڭمۇ؟ سەندە كاللا دېگەن نەرسە بارمۇ- يوق؟

— بولدى قىلىڭ، كىچىك ئەمەسمۇ.
دادام ئانامغا ئاچچىق بىلەن ئالايدى، ئۇنىڭ ساقاللىرى، بۇ-رۇتلىرى تىكلىنىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ مېنى ئېتىكىگە يوشۇرۇش-نىڭ كويىغا چۈشۈپ ماڭا قولىنى سوزغان ئانامغا ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىدى:
— كۆزۈمدىن يوقال، مەن جاھاندا ھەممىدىن بەك دېۋەڭ ئادەمگە ئۆچ، شۇنچە يىل ئارزۇلاپ باققىنىم نەگە كەتتى، قارا دۆتلۈكىنى.
مەن دادامنىڭ مۇنداق ئاچچىقلاپ باققىنىنى ئەزەلدىن كۆ-رۈپ باقمىغانىدىم. دادام تەستىكىمگە بىرنى سالدى، قوناقنى پاختا دەپ كۆتۈرۈپ كىرگىنىمنى دادام بەكلا ھاقارەتلىك ئىش دەپ ئويلىغانىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى دادامدىن يەنە مۇشۇنداق بىر تاياق يېگەنىدىم. مەن بۇنى قوغۇن ئوغرىلاش سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىدىم. مەن دېمەتلىك باللار قوغۇن ئوغرىلاشنى ئەزەلدىن ئوغرىلىق دەپ ھېسابلىمايتتۇق، باللار بىر بولۇپ كېچىلىرى بىر-بىرىمىزنىڭ قوغۇنلىرىنى ئوغرىلاپ يەيىشەتتۇق، بۇ ئويۇندەكلا بىر ئىش ئىدى. ئەمما، دادام بۇنداق ئويلىمايتتى.
قوغۇن ئوغرىلىغىنىمنى ھەسەن توكۇر چېقىپ قويغان بو-لۇشى مۇمكىن ئىدى. بىرمۇنچە تەڭتۇش باللار بىللە بىللە قوغۇن ئوغرىلايتتۇق. بىز ئۇنىڭ قوغۇنلىرىنى كۆپكۆندۈزدە ئوغرىلاپ، ئۇنىڭ كۆزلىكىدىن يىراقلاشماي تۇرۇپلا يېرىپ يې-يىشەتتۇق، ھەسەن توكۇرنىڭ بىر پۇتى مېيىپ بولغاچقا بىزنى قوغلاپ يېتەلمەيتتى، ئۇ ياش ۋاقتىدا ياۋا توڭگۇز بىلەن ئېلى-شىپ بىر پۇتى ناكا بولۇپ قالغانىكەن. خەقلەرنىڭ دېيىشىچە، ھەسەن توكۇرنىڭ پۇتىنى چايناپ مېيىپ قىلىپ قويغان ياۋا توڭگۇز توپاقتەك يوغان بىرنېمە بولۇپ، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ھەسەن توكۇر ئاشۇ ياۋا توڭگۇزنىڭ بىر بالىسىنى نەيزىلەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىكەن. ئۇ مەخلۇقنىڭ ھەسەن توكۇرنىڭ پۇتىنى

چايناپ ناكا قىلىپ قويغىنى، بالىسىنىڭ ئۆچىنى ئالغىنى ئىد-
كەن. ھەسەن توكۇر شاپاق بۆكىنى بېشىدىن ئېلىپ سىقىمدىغد-
ىنچە بىزنى قوغلاپ كېلەتتى، بىز ئۇنىڭ كۈلكىلىك مىڭىشلىد-
رىنى دورىغاچ كۈلۈشۈپ قاچاتتۇق، ھەسەن توكۇر توختاپ قالسا
بىزمۇ توختاپ ئۇنىڭ قوغۇنلىرىنى كۆز ئالدىدا يەرگە تاشلاپ
ياراتتۇق، ھەسەن توكۇر جان - جەھلى بىلەن ۋارقىراپ بىزنى
جاھاندىكى ئەڭ سەت گەپلەر بىلەن تىللاپ قارغايتتى، بىز بۇ-
نىڭدىن ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشەتتۇق، ئۇنى تېرىكتۈرۈپ، زېرىك-
كەندىن كېيىن ئەتراپىدىن لاي سۇنىڭ ھەم چىرىگەن ياغاچنىڭ
ھىدى كېلىدىغان ئازمىغا بېرىپ سۇغا چۆمۈلەتتۇق.

شۇ چاغدا مەن قورقۇپ تىترەپ تۇرۇپ ئېغىلنىڭ يېنىدىكى
تارچۇققا قاپسىلىپ قالدىم. ئېغىلنىڭ يېنىدا تونۇر بار ئىدى،
تونۇر بېشىغا سەكرەپ چىقىپ ئۇ يەردىن تامدىن ئارتىلىپ قېد-
چىپ كەتسەم بولاتتى، ئەمما مەن ئۇنداق قىلالمىدىم، قېچىپ
كېتەي دەپ ئويلىسامىمۇ قاچقۇم كەلمىدى، نېمىشقىدۇر جاھىلد-
لىق بىلەن قاراپ تۇرۇۋەردىم، ئانامنىڭ شۇ چاغدا بىر تەرەپتىن
شەرەت قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن «چاپسان قاچ، تاياق قېپى ...»
دېگىنى ھېلىمۇ يادىمدا. مەن ئۇزۇنغا سوزۇلغان ھاياتلىق يو-
لۇمدا قېچىشنى ئۆگىنەلمەي مۇشۇ كۈنگە كەلدىم، قېچىشنىڭ
بەكلا مۇھىم ئىكەنلىكىنى ناھايىتى تولۇق چۈشەنگەن ھالدا يەنە
قاچالماي يۈرەتتىم، ھەقىقەتەن بەزى چاغدا قېچىش ھەم بەزى
نەرسىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنىڭ كىشىگە ئاراملىق بېرىدىغاد-
لىقىنى نۇرغۇن ئادەملەر قاتارىدا چۈشىنىمەن. ئەمما، بىلىپ
تۇرۇپ قىلالمايمەن.

دادام نېرىدىكى سۆگەتنىڭ شۇڭگىنى كۈچەپ تارتتى، سۆ-
گەتنىڭ ئۇچىدىكى شېخىغا قونۇپ ئولتۇرغان بىرجۇپ پاختەك
پۇرۇلداپ ئۇچۇپ كەتتى، بۇ سۆگەت ھويلا تېمىمىزنىڭ ئارىسىدا
قالغانىدى، ئۇنىڭ بىر تەرىپى ئەگىننىڭ ياغىچى بىلەن تۇتىشىپ
تۇراتتى. بۇ دەرەخنى بوۋام تىكىپتىكەن، ئۇ مۇشۇ سۆگەتنى تىد-

كىۋاتقان چاغدا كۆڭلەرنىڭ بىرىدە بۇ سۆگەتنىڭ شۇڭگىلىرىنىڭ ئامراق نەۋرىسىنىڭ دۇمبىسىدە قىردەك ئىزلارنى قالدۇرۇپ، جان - جېنىدىن ئۆتكەن تاياق زەربىسىدىن تولغىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغان بولغىيدى.

— بالىنى نېمىدەپ ئۇردىڭىز؟

— نېمە بوپتۇ؟

— كىچىككىنە بالىنى ئۇرۇپ نېمە كەپتۇ؟

— هاشىمبايىنىڭ تېرىكىگە چىقىپتۇ.

— ئۇنداق قىلسا نېمە بوپتۇ، شۇنىڭغىمۇ ئۇرۇش كېتەمدۇ؟

— هاشىمبايىنىڭ تېرىكىدىكى قۇش بالىلىرىنى مۈشۈكنىڭ دەك شۇملار تامام ئۆلتۈرۈپ بولدى. بۇنداق قىلسا بولمايدۇ، يامان ئىشتىن توسۇش مېنىڭ ئىشىم. ئارغامچىنىڭ قېتىنى تەتۈرگە تالىماي ئىشىڭنى قىل!

— بىچارە بالام.

ئانام قولىنى سوزۇپ ئالدىمغا كېلىۋىدى، دادام ئىتتىردۋەتتى. ئانام مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى. ئېگىز سۆگەتنىڭ سايىسى چۈشۈپ تۇرغان هويلىمىزدا جاننى سىقىدىغان ئېغىر هەم قويۇق هاۋا لەيلەپ يۈرەتتى. دادام تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشكە باشلىدى، ئۇنىڭ قۇلاقچىسىغا تام پوتلىسى چاپلىشىپ قالغانىدى.

مەن شۇ چاغدا هەسەن توكۇرنىڭ داد - پەريادىنىڭ تېخى بۇ يەرگە يېتىپ كەلمىگەنلىكىنى بىلدىم.

بۇ مېنىڭ پاختىنى قوناق دەپ يۇدۇپ كىرىپ تاياق يېگەندىن كېيىنكى يەنە بىر قېتىملىق تاياق يېيىشىم ئىدى.

— مەن كېتىدىغان بولدۇم، — دېدى دادام قولىنى كۆيدۈرگەن تاماكا قالدۇقىنى يەرگە تاشلاپ، يېنىغا چىرتتىدە تۈكۈرۈپ.

— نەگە؟ ...

— تۆگمەندۆڭگە.

— تۆگمەندۆڭگە ... سىزگە ئۇ يەردە نېمە بار؟

ئانامنىڭ شۇ چاغدىكى چۆچۈشلىرى، چەكچەيگەن كۆزلىرى ئۇزاققىچە يادىمدىن چىقمىغانىدى. ئانام سول مۈرىسىدىن پەسكە ساڭگىلاپ تۇرغان تۇخۇم سېرىقى رەڭلىك ياغلىقىنىڭ ئۇچلىرىنى سىقىمدىغىنىچە دادامغا قاراپلا قالغانىدى.

— مەن كەتمىسەم بولمايدۇ، سابىر دۈيجاڭ دېگەن توڭگۇز مەن بىلەن قېرىشقىلى تۇردى، بىكار مېڭىسىنى چۇۋۇۋېتىپ بالىلارنى يېتىم قىلىپ قويىماي دەيمەن، ئالدىدا مەن كېتىمەن، ئاندىن ئۆي تېپىپ سىلەرنى ئەپكېتىمەن.

— مېنىڭ ئۇ چۆلگە بارغۇم يوق، بېرىپ قالغانلار قۇتۇلالماي يۈرگەن ئۇ شورلۇقتا بىزگە نېمە بار.

دادام يەرگە قارىغىنىچە جىمجىتلا ئولتۇرۇپ كەتتى، مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭ بەكلا كۆپ دەردى بارلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم، دادامنىڭ چىرايى ئېچىلمايتتى، ئىچ پۇشۇقى دىلىنى ئۆرتەپ يۈرگەندەكلا ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە بىلدىمكى ئۇ ناھايىتى ئېغىر يۈكى بار ئادەمكەن، دادام بۇ دۇنيانىڭ ھەربىر تىنىقىغا، ھەربىر قەدىمىگە، ھەربىر كۆز قىسىشلىرىغا سىڭىپ كەتكەن دەرد - ھەسرەت ھەم خاپىلىقىنىڭ توپا رەڭ شولىسى كۆڭۈلسىز سىلغىيىپ تۇرغان تېيىلغاق يوللىرىدا چارچاپ كەتكەن بولسا كېرەك. دادام يامان كۈنلەردە يەلكىسىدىن بېسىپ تۇرغان كۆرۈنمەس ئېغىر يۈكلەردىن قۇتۇلالماي يۇلقۇنۇپ بېقىپ، تىرەجەپ بېقىپ، سىلكىنىپ بېقىپ ھاياتنىڭ ئۆزىگە چاپلاشقان رودۇپايلاردىن نېرى بولالماي بەك جىق ھەرەج تارتىپ كەتكەن ئىدى.

مەن دادامنىڭ تاتىرىپ كەتكەن ئاشۇ چىرايىنى ھازىرمۇ ئەسلىيەلەيمەن.

مەن پات-پات قايىقى بەكمۇ يامان، چىرايىدىن مۇزدەك ھاكاۋۇرلۇق چىقىپ تۇرىدىغان بىرنەچچە ئادەمنىڭ ھويلىمىزغا كىرگەنلىكىنى كۆرەتتىم. ئۇلار قارا سومكىلىرىنى كۆتۈرۈپ ھويلىمىزغا كىرىپ، سوغۇق نەزەر بىلەن ھەممىمىزگە نەپرەتلىك

تىكىلىپ بىرقۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن دادامنى ئىچكىرىكى ئۆ-يىمىزگە ئېلىپ كىرىپ كېتەتتى، مەن ئۇلارنى كۆرگەندە تېنىم شۈركىنىپ كېتەتتى. ئىلگىرى مەھەللىمىزدىكى ياردائىلىقتا خۇمدان ماڭغۇزىدىغان ئادەمنىڭ غالجىر ئىتى يات ئادەمنى كۆر-گەندە زەنجىرنى ھازىرلا ئۈزۈۋېتىدىغاندەك دەھشەت سېلىپ، يەر تاتىلاپ ئېتىلغانلىقىنى كۆرسەم روھىم مۇزلاپ، قورقۇنچ ئىچىدە ۋۇجۇدۇم خۇددى مۇشۇنداق شۈركىنىپ كېتەتتى.

ھېلىقىلار قانداق سوغۇق كىرگەن بولسا يەنە شۇنداق سو-غۇق چىقىپ كېتەتتى. دادام ئۇلارنىڭ كەينىدىن چىقىپ ئۇزد-تىپ قويماقچى بولغاندەك شاپاشلاپ ماڭاتتى، لېكىن ھېلىقىلار ئۇنىڭغا نەزەر كۆزىنى سېلىپ قويماي كېتىپ قېلىشاتتى. ئۇلار-نىڭ ماشىنىسىنىڭ چاقى ئاستىدىن ئۆرلىگەن توپا ئۇزۇنغىچە بېسىقمايتتى. دادام ئاچچىق موخوركىسىنى شورىغىنىچە بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇرۇپ قالاتتى.

— نېمىدەپ كەپتۇ؟

ئۇلار كەتكەندە ئانام يۈرەكئالدىلىق بىلەن شۇنداق سورايت-تى. ئۇنىڭ توشقاندەك چۆچۈپ، ئەندىكىپ تۇرۇشلىرى يۈرىكىم-نى ئېزەتتى.

— يەنە شۇ كونا گەپ.

— نېمىشقىمۇ ساقلىغان بولغىيدىڭىز ئۇ كىنىگىز كىتابنى.

— سەن نېمىنى بىلەتتىڭ، ئۇ كىتابتا ھېچقانداق گۇناھ يوق، كېسەل داۋالاشنى ئۆگىتىدىغان كىتاب ئۇ، بۇ خەق ئەقلى-دىن ئېزىپتۇ، ماڭ بېرىپ ئىشىڭنى قىل.

— ئۇنداق دېمىسىڭىزچۇ، يەنە بېشىمىزغا بالا بولار.

— بالا بولسا بولار، مەن ھېچقانداق يامان ئىش قىلمىدىم.

— ئەجەب ئۆچ بولدۇم قەلەم قەغەز دېگەنگە، بالامدىن بالام-غا دەرمەن، كىتاب - دەپتەر دېگەنگە يېقىن كەلمەڭلار دەپ.

— كىتاب - دەپتەرگە يېقىن كەلمىگەن ئادەم ھايۋان بولىدۇ.

ئانام ئىچ-ئىچىدىن بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۆيدە بولۇپ

تۇرىدىغان مۇشۇنداق گەپلەردىن بىلىشىمچە دادام بۇنىڭدىن نەچ-چە يىللار ئىلگىرى قانداقتۇر بىر كىتابنى نەچچە ئاي كېچە - كۈندۈزلەپ كۆچۈرۈپ چىققانىكەن، كېيىن سابىر دۇيجاڭ بۇنى بىركىملەرگە چېقىپ قويۇپتۇ، دادام كۆچۈرگەن دەپتەر، خاتىرى-لىرىنى تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار دادامنىڭ كۆ-چۈرگىنى بىرلا ئەمەس ناھايىتى جىق كىتاب بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلايدىكەن.

— مەن خەتنى ئاستا يازىمەن، شۇ بىر كىتابنىمۇ تېخى تولۇق كۆچۈرۈپ بولالمىغانىدىم.

— سېنىڭ يەنە قانداق كىتابلارنى كۆچۈرگىنىڭنى بىز بە-لىمىز، بىرىنمۇ قالدۇرماي تاپشۇرۇشۇڭ كېرەك، بولمىسا قۇ-تۇلالمايسەن.

— دېدىمغۇ، ئۇ دېگەن كېسەل داۋالاشنى ئۆگىتىدىغان كى-تاب، مەن پەقەت شۇنىلا كۆچۈرگەن.

— چىرايلىق سۆزلىشەيلى، بىز سېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى ئويلاشتۇق، ساڭا كىتاب بەرگەن جاپپار تېۋىپنىڭ ئۆيىدە نۇرغۇن يامان كىتابلار تېپىلدى، شۇ كىتابلارنى بىرمۇبىر كۆچۈرۈپ تارقاتقۇچى سەن ئىكەنسەن، مەسىلەڭ ئېغىر، ھەممىنى تاپشۇر.

— خۇدايا توۋا، دېدىمغۇ، مەن پەقەت ...

— ئىقرار قىلساڭلا بولدى، بىزنىمۇ، ئۆزۈڭنىمۇ ئاۋارە قىلىۋەرمىگىن. پەقەت مانچە كىتابنى كۆچۈرۈپ تارقاتتىم، مەق-سىتىم شايكا تويلاش ئىدى، دېسەڭلا بولدى، قېنى قول قويغىن...

— ياق، مەن قىلمىغان ئىشنى قىلدىم دېمەيمەن.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ھېلىقىلار ۋارقىراپ كەتتى، بىر-نېمىلەرنىڭ پالاق-پۇلۇقلىرى ئاڭلانغاندەك بولدى، يۈرىكىم ئاغ-زىمغا تىقىلىپ قالدى، شۇ چاغدا ئانامنىڭ ئوچاقنىڭ يېنىدىكى پاكار تامغا يۆلىنىپ ئۆپكىدەپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مەنمۇ يىغلاپ كەتكەنىدىم.

ھاشىمبايىنىڭ تېرىكىگە چىققانىنىڭ تايىقىنى يېگەن شۇ كۆ-

نى مەن دادامغا ئەڭ يېقىن تۇرۇشۇم كېرەككەن، دېگەنلەرنى خىيال قىلغانىدىم.

مەن بىر چەتتە شۈمشىيىپ ئولتۇرۇپ دادامغا قارىدىم. دادامنى يىغلاۋاتامدىكىن دەپ ئويلىدىم، ئۇنىڭ مۈرىسى سىلكىنىۋاتقاندەك قىلاتتى، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالغۇم كېلىپ كەتتى، مەندە ئەزەلدىن بۇنداق تۇيغۇ بولۇپ باقمىغانىدى. بىراق ئورنۇمدىن مىدىرلىيالمىدىم.

شۇ ئىش بولۇپ بىر ھەپتىدىن كېيىن دادام كەتتى، ئۇنىڭ لازىمەتلىك نەرسىلەرنى ئېشەككە ئارتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ياتتىم، بۇ تاڭ سۈزۈلۈپ ئالەم يورۇشقا باشلىغان چاغ ئىدى، ئېشەك بىر ئورۇندا جىم تۇرمايتتى، دادام نەرسىلەرنى ئارتىپ بىرنېمىلەرنى پۇختا تېڭىپ بولۇشىغا ئانام چىلانغان بىر چىنە ناننى كۆتۈرۈپ ئىشىكتە پەيدا بولدى.

— ئىۋرىقنى ئەكەل.

ئانام ئىتتىك بېرىپ ئىشىكنىڭ يېنىدىكى ئىۋرىقنى ئەكېلىپ دادامنىڭ قولىغا سۇ قۇيدى.

دادام ئالدىرىماي قوللىرىنى يۇيۇپ، ئاندىن چىنىنى ئېلىپ ناننى يېيىشكە باشلىدى. مەن قويۇق ئىس ئۆرلەپ تۇرغان قارا چىراغنىڭ يورۇقىدا دادامنىڭ قىزغۇچ چىرايىغا ئۇزاق قاراپ كەتتىم. ئۇنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن، كىرپە تىكىنىدەك يىرىك قاپقارا ساقاللىرىغا زاغرا ناننىڭ ئۇۋاقلىرى چاپلىشىپ قالغانىدى. دادام مېنى شۇ ھالدا ئۇخلاۋاتىدۇ، دەپ ئويلايتتى، بىراق مەن يېرىم يۇمۇلغان كۆزلىرىمنى دادامدىن ئۈزمەيتتىم. ئانام بىرنەچچە يەردىن قادالغان ئاق چەينەكتىن قىزىق چاينى دادامنىڭ چىنىسىگە قۇيۇپ بەردى. ئانامنىڭ چاي قۇيۇۋاتقان شۇ ھالىتىنىڭ كۆلەڭگىسى ئۆينىڭ تېمىدا يوغان بولۇپ كۆرۈنەتتى. دادام چىنىنى يەڭگىل ئايلاندۇرۇپ، چىنىدە قالغان ناننىڭ ئۇۋاقلىرىنى يىغىپ قىزىق چاينى كەينى ـ كەينىدىن پۈۋلەپ ئىچىۋېتىپ، ماڭا تونۇش بولۇپ كەتكەن ئاۋازدا كېكىرىپ قويۇپ دۇئا

قىلدى. مەن شۇنچە يىل دادامنىڭ يېنىدا يۈرۈپ، تاماقتىن كې-يىن ئۇنىڭ نېمىدەپ دۇئا قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيلا مۇشۇ ياشقا كىرىپ قالدىم. بەلكىم رىزىقنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، يەنە بىزدەك بالا-چاقىلىرىنىڭ ئىنسابى ھەم ئۇلارنىڭ بەختى ئۈچۈن دۇئا قىلىدىغان بولغىيدى.

دادام دۇئادىن كېيىن ئاستا يېنىمغا كېلىپ پېشانەمگە سۆ-يۈپ قويدى، دادامنىڭ بويىدىن كېلىدىغان ماخا تونۇش يېقىملىق تەر ھىدى بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىدىن يەڭگىل ئۇرۇلۇپ تۇرغان ئىسسىق نەپەس پېشانەمگە تەگكەندە ئاجايىپ بىر تۇيغۇلارنىڭ ۋۇجۇدۇمنى جىغىلدىتىپ ئۆتكەنلىكىنى سەزدىم.

— بالىغا ياخشى قارا.

دادامنىڭ بوغۇق ئاۋازىنى كۆزۈمنى يۇمۇپ يېتىپ ئاڭلىدىم.

— ماقۇل.

— ئەمدى خەقنىڭ قوغۇنلىرىنى ئوغرىلايدىغان ئىشنى قىلمىسۇن، مېنىڭ بالام ناكەس چىقىپ قالسا بولمايدۇ، ئاز كۈن ئۆتمەي سىلەرنى ئېلىپ كېتىمەن.

مەن يوتقانغا يۆگىنىپ، ئۆرە بولۇپ دادامنىڭ نەرسە-كې-رەكلەر پۈختىلاپ ئارتىلغان چامبۇل ئېشەكنى يېتىلەپ ھويلى-دىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قارىغىنىمچە ھاڭۋېقىپ قالدىم، دادامنىڭ قولىدا باش بارماق چوڭلۇقىدىكى سۆگەت تايىقى بار ئىدى، دادام ئالدىغا ئېڭىشكىنىچە ھويلىدىن چىقىپ كەتتى. ئا-نامنىڭ يۈزىنى چاڭگاللىغىنىچە يىغلىغانلىقىنى كۆردۈم.

مەن دادامنىڭ نەرسە-كېرەكلىرى ئارتىلغان ئېشەكنى ھەي-دەپ چىقىپ كېتىۋاتقان كۆرۈنۈشنى ناھايىتى ئۇزۇنغىچە ئۇن-تۇيالمىدىم، سابىر دۈيجاڭ بىلەن دادامنىڭ نېمىشقا چىقىشال-مايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا زادى نېمە غوم بارلىقىنى بى-لەلمىدىم، پەقەت دادامنىڭ تاماكىسىنى ئاچچىق بىلەن شوراپ:

— سابىردەك غالچىلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتكەن ئادەمنى ياخشى ئادەم دېگىلى بولمايدۇ، — دېگىنى يادىمدا.

بۇ دادامنىڭ بىر كۈنى كەچتە مېيى تۈگەپ ئۆچەي دەپ قالغان كىرسىن چىراغنىڭ ھارغىن شولىسى يورۇتۇپ تۇرغان ئۆيىمىزدە، ئانامنىڭ مەخسۇس دادام تاماق يەيدىغان چوڭ چىنە-گە نان چىلاۋېتىپ: «سابىر بىلەن قېرىشمىسىڭىز بولاتتى، قو-لىدا ھوقۇقى بار، ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈڭ، ئىتقىمۇ سۆ-ڭەك تاشلاپ بەرسە ئارامچىلىق بېرىدۇ.» دېگەن گېپىگە بەرگەن جاۋابى ئىدى.

سابىر دۇيجاڭ دېگەن بۇ كىشى شۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭمۇ كۆزۈمگە سەت كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغانىدى، كوسا يۈزلىرىدى-كى قىزغۇچ تومۇرلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بۇ كىشىنىڭ خىڭىلدىغان ئاۋازى بەكلا يېقىمسىز، قۇلاققا پەقەت ياقمايتتى، ئۇنىڭ كىشىلەرنى ئىشقا ھەيدىگەندىكى سەت ۋارقىراشلىرى، ئېغىزغا ئالغۇسىز سۆزلىرى پات-پات يادىمغا يېتىپ قالىدۇ، كېيىن ئۇقسام ئۇنىڭ دۇشكەلەشلىرىگە چىدىماي يۇرتنى تاشلاپ يىراقلارغا كەتكەنلەر خېلى بار ئىكەن. مەن ئۇ چاغلاردا سابىر دۇيجاڭدەك بىر ئادەمدىن نېمىشقا نۇرغۇن ئادەمنىڭ قورقىدىغان-لىقىنى چۈشەنمەيتتىم. مەن كەلگۈسى ھەققىدە يېزىلغان ئىككى پارچە كىتاب سېلىنغان كۆك چامادانىمنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى يۇرتىمنى بۇ دۇنيانىڭ مۇڭلىرى ئەزگەن بىخۇش دەملەردە، دادامنىڭ نەرسە-كېرەكلەر ئارتىلغان ئېشەكنى يېتىلەپ بېشىنى ئەگكىنىچە ھويلا ئىشىكىنى پەم بىلەن ئېچىپ چىقىپ كېتىۋاتقىنى، قېرى ئېشەكنىڭ ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدا تې-زەك يۇراپ تۇرۇۋالغىنىنى، دادامنىڭ قولىدىكى تاياق بىلەن ئې-شەكنى كۈچ بىلەن ئۇرۇپ كەتكىنىنى، ئېشەكنىڭ سۆڭگىچىنى ئېگىپ، چىچاڭشىپ يورغىلاپ ماڭغانلىرىنى ھەسرەت بىلەن يا-دىمغا ئالغاندىم. ئېشەكنىڭ ئۈستىدىكى تېڭىقلار ئىچىدە دادام يازغان نەرسىلەر، يەنە ئۇنىڭ كىتابلىرى، قەلەم، قەغەز دېگەندەك نېمىلەرنىڭ كۆيدۈرۈشتىن ئامان قالغانلىرىنىڭ بارلىقىغا ئى-شىنەتتىم.

ھاياتنىڭ توپا ئۆرلەپ تۇرغان يوللىرىدا كېتىۋاتقان مۇنۇ ئادەم، دادام، ئۇزۇن چاچلىق ئادەم ھەم يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئىپلاس ئادەملەرنى تىللىغانلىرىنى، نەپرەتنىڭ ئاچچىق سېزىمىدىن تەنلىرى تىترەپ كەتكەنلىرىنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

ئۆمەر توڭگۇز، سەلىم موزدۇز، سابىر دۈيجاڭلار بىلەن دادامنى، ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنى، يەنە مۇنۇ ئادەمنى بىر-بىرىگە تىغ تەڭلىشىپ تۇرغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم.

يامغۇر كۈچىيىشكە باشلىدى. بىرەرسىنىڭ مېنى يېتىلەپ ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويىدىغانلىقىغا ئىشىنەلمىدىم.

ئەتراپىمدىكى ئەرلەر، ئاياللارنىڭ ھەممىسى دېيىشىۋالغاندەك يالغانچىلىقنى يامان كۆرىدىغانلاردىن چىقىپ قالدى.

— جاھاندا مەن ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان نەرسە، ئېرىنى كەچۈرمەيدىغان ئايال.

— مەن ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان نەرسە، ئايالىغا خىيانەت قىلغان ئەر.

— بۇ يەردە خىيانەت دەيدىغان گەپ يوق.

— بار، خىيانەت دېگەن يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق دېگەندەك ئەڭ پەس ئىشلارنىڭ ۋايىغا يەتكەن قىسمى.

خوتۇنۇم ئىككىمىزنىڭ مۇشۇنداق ئۇنسىز ۋارقىراشقىنىمىزنى بىلىدىغان ئادەم يوق.

قاپقارا، ئۇزۇن چاچلىرى چېچىلىپ تۇرغان قىزنىڭ لەۋلىرىدىكى مەڭگۈلۈك تەبەسسۇم يۈرىكىمنى ئىللىتقان شۇ دەقىقىلەردە مەن ھاياتنىڭ ئەڭ شادىمان دەملىرىنىڭ خۇشلۇقىدا مەست بولغانىدىم، مۇشۇنداق چىرايلىق دەملەرنىڭ، مۇشۇنداق شېرىن ھېس-ھاياجاننىڭ ۋۇجۇدۇمدىن مەڭگۈ يوقىماسلىقىنى تىلىگەنىدىم. شۇنداق چاغلاردا، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ھەممىدىن ئايرىلىپ كۆك رەڭلىك كونا چامادانىنى ئېلىپ شەھەر كوچىلىرىدا نىشانسىز ئايلىنىپ يۈرۈشۈمنى ئويلىمىغانىدىم.

— سىز مېنىڭ.

ئۇ شۇنداق دېگەندە مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ چۆرىسىگە يا-ماشقان سۇس قورۇقلارغا سەپسېلىۋاتقانىدىم. ئۇزۇن يالغان كىر-پىكلىرى ئۇنىڭغا بەكلا ياراشقانىدى.

— سىزگە گەپ قىلىۋاتىمەن.

— ھە؟

مەن كۆزۈمنى ئېچىپ ئۇنىڭغا تىكىلدىم، كۆزلىرىنىڭ چۆ-رىسىدىكى قورۇقلار بايىقىدىن كۆپىيىپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

— سىز مېنىڭ، شۇنداقمۇ؟

مەن ھېچنېمىنى ئويلىيالماي قالدىم. چىدىغۇسىز ئىشق ھەم ئامراقلىق يالقۇنى كۆيۈپ تۇرغان كۆزگە قاراپ تۇرۇپ، ھە-ئە، دېيىشكە تىلىم بارمىدى. قانداقتۇر بىر كۈچ مېنىڭ ھەئە، دېيىشىمگە يول قويمايۋاتاتتى.

— گەپ قىلمايسىزغۇ.

— نېمە دەيمەن؟

— بولدى، ھەئە دېسىڭىز يالغان سۆزلىگەن بولىسىز، يال-غانچىلاردىن يىراق يۈرگەن ياخشى، ئەمما سىز مېنى ياخشى كۆ-رىسىز. بۇنى سىز بىلمەيسىز، ئەمما مەن بىلىمەن.

— شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، مەن سىزنىڭ ئاياللارنىڭ ئالدىدا ياخشى كۆرد-مەن دېيىشنى ئۆچ كۆرىدىغان ئادەملىكىڭىزنى بىلىمەن، بەزى ئەرلەر بار، ئاغزىدىن ياخشى كۆرىمەن، كۆيدۈم - پىشتىم دېگەند-دەك ياغلىما گەپلەرنى دېمەيدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆڭلى كىشىگە بەش قولدەك ئايان بولۇپ تۇرىدۇ، سىز دېمىسىڭىزمۇ مەن سىز-نىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن، شۇڭا كۆڭلۈم توق.

— سىزگە كېرەك بولسا مەن دەپ بېرەي.

— نېمىنى؟

— ياخشى كۆرىمەن، دېگەن گەپنى.

— بولدى، بۇ گەپنى پۇچەكلەشتۇرمەڭ، ئاغزىڭىزدا دېمەسىڭىزمۇ كۆڭلىڭىزدە بولسام ماڭا شۇ كۇپايە ... ماڭا يالغان سۆزلىمىسىڭىزلا بولدى. يالغانچى ئادەم پەس كېلىدۇ. ئۇلار ئۆزىگە، بۇ دۇنياغا، ئەتراپىدىكى ئادەملەرگە ئىشەنچ قىلالمىغاچقا ئاشۇنداق ئالدامچى، يالغانچى بولۇپ كەتكەن ... مېنىڭچە يىرگىنچلىك ئادەملەرنىڭ بىرىنچىسى يالغانچى ئادەملەر.

مەن ئۇنىڭ بويىدىن كېلىۋاتقان ئەتىرنىڭ خۇش ھىدىنى يۇرىغىمچە سورىدىم.

— ئىككىنچىسچۇ.

— ئىككىنچىسىمۇ يەنە يالغانچى ئادەملەر.

مەن يۇرىكىدىكى، مېنىڭ يۇرىكىمدىكى ھەممىيلەن پەسكەشلىككە ئەڭ ئۆچ ئادەملەر ئىكەن.

— جاھاندا مەن ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان نەرسە ئىررىنى كەچۇرمەيدىغان ئايال.

ئۇ گېپىمنى ئاڭلاپ، پېشانەمنى سىلاپ جىمغىنا تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ نەم، ئىسسىق قوللىرىنىڭ ماڭا تونۇش تۇيغۇلىرى يۇرىكىمدە كونىراپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم. ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتىپ پىچىرلىدى:

— دېمىسىمۇ ئاياللىڭىز بەك ئاشۇرۇۋەتتى.

— مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن.

— مەن ئۇ ئايالنىڭ سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى مۇنچىلىك پارىكەندە قىلغىنىغا ئاچچىقىم كېلىۋاتىدۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— دېمەكچى بولغىنىم، سىز ھەممە يەردە قەدىرلىنىشىڭىز بولاتتى. سىزنىڭ ھەربىر كۇنىڭىزنىڭ خۇشال ئۆتۈشىنى بەك ئارزۇ قىلاتتىم.

مەن شۇ چاغدا يۇرىكىمنى بىر ئىسسىق قول مېھىر بىلەن سىلاۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغاندىم.

— ئايالىڭىز بىلەن كۆرۈشۈپ باقايمىكى.

— ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭ...

مەن يېنىمدىكى ئادەمنىڭ يانچۇقىدىن چىقىپ تۇرغان بوتۇلكىغا قاراپ قويۇپ، ئۇنىڭ ساقىلىغا چاپلىشىپ قالغان توخۇ تېرىسىدەك بىرنېمىنى ئېلىۋېتىشنى ئويلاپ قالدىم. بۇ نەرسە ئۇنى يىرگىنچلىك كۆرسىتىپ تۇرىدىغاندەك ئىدى.

— گەپ چۈشەنمەيدىغان ئاداشكەنسەن، ئەتىگەننىڭياقى تامغا گەپ قىلدىممۇ، دوڭغىيىپ ئولتۇرۇشلىرىنى...

ھېلىقى ئادەم مەندىن كۆڭلى قالغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، يېنىك ئاقساپ كېتىپ قالدى. ئۇ يەنە بىر يەرلەرگە بېرىپ ئۆمەر توڭگۇزنى تىللاپ كۆڭلىنى بوشىتىشى مۇمكىن. مەن كەلگۈسى ھەققىدە يېزىلغان كىتاب سېلىنغان ئېغىر چامادانني كۆتۈرۈپ تاشتەك قاتتىق يولدا مېڭىپ كەتتىم.

# ئون ئۈچىنچى باب

تېلېفون بوتكىسىدىن چىقىپ چامادانىمنى قولۇمغا ئالدىم. چامادانىدىكى ئىككى پارچە كىتاب توغرىسىدىكى خىياللار كاللامنى چۇلغاپ تۇراتتى. چىرايلىق كۆزلىرىدىن بىر ئوت ـ ئاتەشنىڭ ئۇچقۇنلىرى يېنىپ تۇرىدىغان قىزنىڭ نەپىسى ـ ھەۋەسنىڭ شاللاق تەبەسسۇمى چاقناپ تۇرغان لەۋلىرىدىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەي ئىككى پارچە كىتابنى قولۇمغا ئالغىنىمدا ھېچنېمىنى ئويلىمىغانىدىم. ئۇ بەلكىم بۇ كىتابلارنى ماڭا ئۆزىنىڭ كەلگۈسىگە ئىشەنمەيدۇ، كەلگۈسى توغرىسىدا بىرنەرسە بىلمەيدۇ ھەم قىزىقمايدۇ، دەپ بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. دادامنىڭ قارا چىراغنىڭ ئاستىدا تۈننى تاڭغا ئۇلاپ ئۆتمۈش ھەم كەلگۈسى ھەققىدە يېزىلغان خاتىرىلىرىنىڭ كۆيۈپ كەتكىنىدىن ئەپسۇستا قېلىپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغانلىرىمغا تەسەللىي بېرىش ئۈچۈن سوۋغا قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

بەزى ئادەملەرنىڭ يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلىشىۋالىدىغان خۇيى نەدىن پەيدا بولىدىغاندۇ. بىرسى ئۆلۈۋاتسا كارى يوق، باشقىلارنىڭ خۇپىيانە ئىشلىرىنى بىلىۋېلىشنىڭ كويىدا يۈرىدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى. مەن تېلېفوننى ئالغان ئايالنى يوغان كۆزلىرىدىن مۇز ياغىدىغان، قاپاقلىرى تۈرۈك، ئورۇق ھەم ئېگىز بىر خوتۇن بولۇشى مۇمكىن دېگەنلەرنى خىيال قىلدىم.

ــ ساباھەتنى چاقىرىپ قويسىڭىز.

تېلېفون گىزىلداپ بىردەم جىملىق ھۆكۈم سۈردى.

— ئۇنىڭدا نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟

دەماللىققا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. ئۇنىڭدا ئىشىم بەك جىق، مېنى دەپ شۇنچە يىللاردىن بېرى تارتقان ھەرەجلىرىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭدا خېلى جىق ئىشىم بارلىقىنى بىلدۈرۈشكە يېتىپ ئاشىدۇ.

— ئۇ يوق، ئۇنى يەنە ئىزدىگۈچى بولماڭ، خەقكە ئارام بەرسىڭىز نېمبولىدۇ؟

نېمانداق تېتىقسىز خوتۇندۇ بۇ، مەن ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىدىم:

— ئىزدەش - ئىزدىمەسلىك مېنىڭ ئىشىم، يوق ئىشلارغا ئارىلىشىۋالماي چاقىرىلىق دېگەندىكىن چاقىرىپ قويسىڭىزلا بولمىدىمۇ؟

— خوتۇنۇڭ بار تۇرۇپ خەقنى نېمىشقا ئەخمەق قىلىسەن؟ ھۇ ۋىجدانسىز ھايۋان ......

مەن داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدىم.

— ھايۋان دېگەن سەن ...

مەن ئەلەم بىلەن ۋارقىرىدىم، قارشى تەرەپ تېلېفوننى قويۇۋېتىپ مېنىڭ تىللىغىنىمنى ئاڭلىمىغان بولسا كېرەك. تۇرۇپكا تۇتقان قوللىرىم تىترەپ كەتتى. يامغۇر ياغقان يەكشەنبىدىكى ئىشتىن كېيىن خوتۇنۇم ماڭا مۇزدەك مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق مۇنۇ خوتۇندەك گەپلەرنى دەپ باقمىغانىدى، ياتباش بىر خوتۇننىڭ نېمە دېگىنى بۇ.

— ھۇ پەس رەپرەپ ......

پېشانەمدىن بۇژۇلداپ تەر قويۇلدى، بۇنداق ئاچچىقلاپ باقمىغىنىمۇ خېلى يىللار بوپتىكەن، ئېسىمگە كەلسەم تېلېفوندىن ئۈزۈلگەنلىك سىگنالى كېلىپ تۇرۇپتۇ. بوتكىنىڭ گازىر كۆز ئىگىسى ماڭا ئەجەبلەنگەندەك قاراپ قويۇپ قولۇمدىكى بىر سوملۇق پۇلنى بىر بۇلۇڭدىكى ئاياغ قېپىغا تاشلاپ قويدى. مەن

ھەسرەت بىلەن كېتىۋېتىپ چامادانىمدىكى كىتابلارنى ئويلىدىم،
يەرلەر، ھاۋا، ئاسمان يەنە دەل-دەرەخ، ئۇچۇپ كېتىۋاتقان
قۇشلاردىن مىڭ يىللار ئىلگىرىكى كونا توپىلار قوپۇلۇپ جاھان-
نى چاڭ - بوغۇناق بېسىپ كەتكەندەك تۇيۇلۇپ قالدى. كېيىم-
لىرىم تاشقا ئايلىنىپ كەتكەندەك، ئەتراپىمدا كېتىۋاتقان ئادەم-
لەرنىڭ ھەممىسى مۇزدىن ياسالغان بۇتلارغا ئوخشاپ قالغاندەك
ئىدى. مېنىڭ يۈرىكىمگە يېقىن تۇرىدىغان ھېچنېمە يوقتەك، بۇ
دۇنيا مېنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك، بۇ دۇنياغا مېنىڭ ھېچبىر كې-
رىكىم قالمىغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم.

مەن پات-پات مۇشۇنداق ئويلاپ قالاتتىم، پات-پات مۇ-
شۇنداق خىياللار كاللامنى چىرماپ، مېنى ئۇلاقتۇرۇپ تاشلايت-
تى. مەن مەندىن باشقا يەنە جىق ئادەملەرنىڭمۇ مۇشۇنداق ئويلاي-
دىغان چاغلىرى چوقۇم بار، دەپ ئويلايتتىم، سابىت نۇر، ئىمىن
ھەسەنلەر بەزىدە مۇشۇنداق بوغۇناقلار ئارىسىدا قېلىشى مۇمكىن.

ئۇزۇن چاچلىق ئادەم، ئىمىن كاۋاپچىلارمۇ بەزىدە مۇشۇنداق
توپا-چاڭلارنىڭ ئارىسىدا قېلىشى مۇمكىن.

توختەك موماي، سەلىم موزدۇزلارمۇ بەزىدە مۇشۇنداق مول-
دۇرلەر ئارىسىدا قېلىپ شۇمشىيىپ قېلىشى مۇمكىن.

چامادانىمنى ئېغىرلاشتۇرۇپ تۇرغان كەلگۈسى توغرىسىدى-
كى ئىككى پارچە كىتابتا مەندەك ئىشقا دۈچ كەلگەن ھەم شۇ-
نىڭغا يېقىنراق قىسمەتكە يولۇققانلارنىڭ نېمە قىلىشى كېرەك-
لىكى توغرىسىدا گەپ بولۇشى مۇمكىن، مەن بۇ كىتابتا كەلگۈ-
سى توغرىسىدا ئاجايىپ ياخشى نەرسىلەر يېزىلغان، دەپ ئويلايت-
تىم، بۈگۈنكى يولىنىڭ توغرا - خاتالىقىنى بىلەلمىگەن ئادەم-
لەر ئۈچۈنمۇ چىراغ يېقىلغىق بولۇشى مۇمكىن، دېگەنلەرنى يا-
دىمدىن ئۆتكۈزەتتىم.

— نەگە ماڭدىڭ؟

بىرەيلەن شۇنداق دەپ دولامغا ئۇرۇپ قويدى، ئۆرۈلۈپ قا-
رىسام بىر چاغلاردا مەن بىلەن بىللە ئىشلەپ، كېيىن يۆتكىلىپ

كەتكەن نادىر ئىكەن، ئۇنىڭ ئورۇق ھەم ياداڭغۇ چىرايىدا بىر-مۇنچە ھەسرەت قىمىرلاپ يۈرگەندەك ئىدى. مەن مۇشۇنداق چىرايلاردىن بەك بىزار بولۇپ كەتكەنىدىم. مەمنۇنلۇق، كۈلكە پارلاپ تۇرغان ئوزارغا تەشنا كۆڭلۈم شۇۋۇلداپ كەتتى.

— قېنى تاماكا چەك.

— بولدى، مەن تاشلىدىم، چەكمەي.

— قالتىس ئىش بوپتۇ، قانداق تاشلىيالىغانسەن.

— ۋاي - ۋۇي تاماكا تاشلاش دېگەن قانچىلىك ئىشتى.

— ئۇنداق دېگەنىبىلەن تاشلىماق تەس نەرسىكەن بۇ.

ئىككىمىز ماشىنىلار، پىيادىلەر، ۋېلىسىپىت مىنىۋالغان ئادەملەر ئۆتۈشۈپ تۇرغان يول بويىدىكى چىملىقتا پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. نادىر مەھەللىسىدىكى ئىككى قىزنىڭ شەھەردىكى كېچىلىك بەزمىخانىغا كىرىپ ئادەم ئىلغىماي پاسكىنا ئىشلارنى قىلىپ يۈرگىنىدىن، قايسى بىر شەھەردە ئەيدىزنىڭ مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇنغا چىققانلىقىدىن، هاراقكەشلەرنىڭ، دېۋا-نىلەرنىڭ، قىمارۋازلارنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىدىن ئاھ ئۇرۇپ بىرمۇنچە كايىدى. ئۇنىڭچە ھازىرقى جاھاندا بولۇۋاتقان مۇ-شۇنداق ئىشلارغا تاقەت قىلىپ تۇرغىلى بولمايدىكەن. قى-مارۋازلار، پاھىشىلەر جاھاندىكى ئەڭ يىرگىنچلىك مەخلۇقلار-كەن. ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ جەلپكار يۈزىگە ئۆرلەپ چىققان يىر-گىنچلىك جاراھەتلەر بولۇپ، يوغىناۋەرسە قورقۇنچلۇق بالايى-بەتتەرلەرنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالىدىكەن. ئەمما، ھازىر ئاشۇ خىلدىكى ئىپلاس، پەس ئادەملەرنىمۇ ياقلايدىغانلار، شۇنداقلار بىلەن دوست بولىدىغانلار، بىر يولدا ماڭىدىغانلار، شۇنداقلار بى-لەن ئېغىز-بۇرۇن يالىشىدىغانلار، بىر كېمىگە بىللە چىقىدى-غانلار بار ئىكەن. ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيدىغان ئەڭ ئوسال ئىشنىڭ بىرى، دەل مۇشۇنداق يامانغا يان تاياق بولىدىغانلارنىڭ ھەممە يەردىن تېپىلىدىغانلىقى ئىكەن، ئۇنىڭچە بولغاندا پەس ئا-دەملەرگە، جاھاندىكى شۇم نابابلىقلارغا ھەمدەم بولغۇچىلارنىڭ

گۇناھى، شۇ يامان ئىشلارنى قىلغانلاردىنمۇ ئېغىر بولىدىكەن. يامانلارنىڭ چاۋىكىنى تەڭ چېلىش يامانغا مەدەت بەرگەنلىك، يامانلارنىڭ غولداپ باش كۆتۈرۈشىگە ياردەم بەرگەنلىك بولىدىكەن.

مەن ئۇنىڭ يادىڭغۇ چىرايىدىكى قورۇقلارغا قاراپ قويدۇم.

— ئۇسال ئادەملەرنىڭ پەسكەشلىكلىرىگە سۈكۈت قىلىش يەنە بىر خىل پەسكەشلىك، — دېدى ئۇ ناھايىتى ئۇزۇن گېپىنىڭ خۇلاسىسىنى چىقارغاندەك ئۇھ تارتىپ.

ئۇنىڭ ئاخىرقى گېپى دىتىمغا ياقمىدى. يامان ئىشلارغا سۈكۈت قىلدىڭ، كارىڭ بولمىدى دەپ، يامانغا چىقىرىۋەتسە ياخشىدىن كىم قالىدۇ.

ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. سەزدىمكى ئۇنىڭ يۈرىكىنى مىڭلاپ ھەرىلەر چېقىپ يەۋاتقاندەك، ئۇنىڭ ھەربىر مىنۇتى جاھاننىڭ ئۇلۇغۋار ئازابلىرى بىلەن كۆيۈپ، پۇچىلىنىپ ئۆتۈۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ چىڭ كىرىشكەن مۇشتۇملىرىغا نەچچە قېتىم قاراپ قويدۇم.

ئالدىمىزدىن بىر تىلەمچى ھاسىسىنى سۆرىگىنىچە ئۆتۈپ كەتتى، مەن يېنىمغا قويۇلغان چامادانىمغا قاراپ قويدۇم، چامادانىمنىڭ چۆرىسىدىكى ئىنچىكە، پارقىراق تۆمۈر جىيەك، كۈن نۇرىدا ۋالىلدايتتى، چىملىق ئاستىدىكى نەم توپىدىن ئىللىق بىر ھىد تارقىلاتتى.

— كېتىۋاتقان ئاۋۇ تىلەمچىنى كۆردۈڭمۇ؟

— كۆردۇم، نېمە بولدى؟

— قولۇمدىن كەلسە تازا كالتەكلەپ جاجىسىنى بېرىدىغان نەرسە ئىدى بۇ.

— قىزىق، نېمىشقا ئەمدى، ئۆز ئىشى بىلەن يۈرگەن بىرسىنى كالتەكلەش بولمايدىغان ئىشقۇ.

— سەن بىلمەيسەن، بۇ تىلەمچى ئادەتتىكى تىلەمچىلەرگە ئوخشىمايدۇ، نەشە چېكىدىغان يەنە پاھىشىخانىدىن كەلمەيدىغان نېمە بۇ.

مەن ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ قويدۇم، ئۇنىڭ ئاچ-
چىق پۇرقۇپ تۇرغان كۆزلىرىدىن نەپرەتنىڭ سوغۇق چېقىنلىرى
پارقىراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھېلى دېگەن گەپلەرنى يالغاندىن
مۇنداقلا دەپ قويمىغانلىقىغا جەزم قىلغىلى بولاتتى، ئۇنىڭ
راستچىللىق چىقىپ تۇرغان غەزەپلىك كۆزلىرى، يادىڭغۇ چىرا-
يى ماڭا باشقىچە تەسىر قىلدى. ھەممە نەرسە جاھاننىڭ ئەڭ
پارلاق يەرلىرىدىن تارتىپ، قاراڭغۇ بۇلۇڭلىرىغىچە تاراپ كەتكەن
يالغانچىلىقنىڭ كۆرۈنمەس تۇمانلىرىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن بۈگۈن-
كى كۈندە، راست گەپ، راست نەرسە مەيلى ئۇ نېمە بولسۇن
قۇلاققا باھار شامىلىنىڭ تىۋىشىدەك يېقىملىق ئاڭلىنىدىكەن،
كۆزگە يېقىشلىق، ئىسسىق كۆرۈنىدىكەن.
نادىر تېخىچە ھاسا تايىنىپ كېتىۋاتقان تىلەمچىگە ئۆچمەن-
لىك بىلەن قاراپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ تۇرقىنى باغلاقتىكى بۆ-
رىگە ئوخشىتىپ قالدىم.
— بۇ يالغان گەپمىكىن دەيمەن، بۇ ئادەم ئاشۇ جىنىدا
قانداقمۇ ئۇنداق ئىشلارنى قىلسۇن.
— بۇنىڭ يالغىنى يوق، بۇنداق ئىشتا يالغان ئېيتىپ نېمە
قىلىمەن!
سەلىم موزدۇزنىڭ گەپلىرىگە جىق ئادەملەر ئىشىنىدۇ،
ئىشىنىپ كۆنۈپ قالغان. ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ ئاچچىقى
كېلىدىغىنى، خەقلەر سەلىم موزدۇزنىڭ گېپىنىڭ يالغانلىقىنى
بىلىپ تۇرۇپ يەنە ئىشىنىدۇ، تېخىمۇ يامىنى بۇ يەردىكى
چوڭ-كىچىك، قېرى - ياش ھەممىسىنىڭ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە
خۇمار بولۇپ قالغانلىقى. بايلىرىدىن نامراتلىرىغىچە، بىكار تە-
لەپلىرىدىن ئالدىراشلىرىغىچە ھەممىسى ۋاقىت چىقىرىپ، ئىز-
دەپ تېپىپ سەلىم موزدۇزنىڭ سۆزلىرىنى ھەپتىدە بىرنەچچە
قېتىم ئاڭلىمىسا بىرنېمىلىرى كەم بولۇپ قالغاندەك كۆڭلى
يېرىم بولۇپ قېلىشىدۇ. نۇرغۇن ئادەم ئۆزلىرىنىڭ چىرايلىق
ئارزۇلىرىنىڭ سەلىم موزدۇزنىڭ گەپلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە

ئاشىدىغاندەك تۇيغۇدا بولسا كېرەك.
— بوران توختىماي كەتتى، نېمە بولۇۋاتىدۇ، كىچىك چاغ-لىرىمىزدا بوران دېگەن 5-ئايدا بىرەر ھەپتە چىقسىلا توختاپ قالاتتى، 6-ئاي ئاخىرلاشتى، يەنە بوران توختىمىسا بىر چاتاق بارمۇ - نېمە؟
مەھەللىنىڭ دوقمۇشىدا شۇ پاراڭلار بولۇنغاندا، كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان چاڭ-توزانلىق بوران جاھاننى قاپلىغانىدى. سەل نېرىدا ئۇزۇن چاچلىق ئادەم تاماكىسىنى تۇتاشتۇرالماي ئېچى پۇشۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ جىگەررەڭ شەپكىسىگە توپا-چاڭ قونۇپ، رەڭگى باشقىچە بولۇپ قالغانىدى.
— بۇ خاپىلىقلارمۇ ئۇزۇنغا قالماي ھەل بولىدۇ، — دېدى سەلىم موزدۇز، — بوران لازىم بولغاندا بوران چىقىرىدىغان، شامال لازىم بولغاندا شامال چىقىرىدىغان ئىشلار ئىشقا ئاشقىلى ئۇزۇن قالمىدى.
— شۇنداقمۇ بولارمۇ؟
— بولماي ئەمىسە، ھازىر يامغۇر كېرەك بولسا يامغۇر ياغ-دۇرۇپ، قار لازىم بولسا قار ياغدۇرۇۋاتامدۇ. ئادەمنىڭ دىتىغا ياقمايدىغان بوران، كەلكۈن، تارقىلىشچان كېسەل دېگەندەك نې-مىلەرنىڭ ھەممىسىنى تىزگىنلەيدىغان ئالىم كىشىلەر چىقىپ-تۇ، بۇنىدىن كېيىن ئەمدى شامال، بوران دېگەنلەر قانچىلىك لازىم بولسا شۇنچىلىك چىقىرىدىغان ئىش بولىدىكەن.
— بوراننىڭ كىمگە لازىمى بار؟
ئارىدىن بىرەيلەن شۇنداق دېۋىدى سەلىم موزدۇز ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويۇپ گېپىنى داۋام قىلدى، سەلىم موزدۇزنىڭ ئاغزى-غا تەلمۈرۈپ تۇرغانلارنىڭ بىرنەچچىسى ھېلىقى سۆزلىگۈچىگە ھومىيىپ قويۇشتى.
— بوران دېگەنمۇ بەزىدە لازىم بولۇپ قالىدۇ، بىر زاماندا يايلاقتىكى جىمى بۆرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، كېيىن مۇشۇ ئىشنى ئوبدان قىلماپتىمىز دەپ، بۆرىنى قوغدايدىغان بولدى. بوران دې-

گەنىنىڭمۇ بىز بىلمەيدىغان نۇرغۇن خاسىيەتلىرى بار، ئەلۋەتتە لازىم بولغانلىرىنى كۆندە پەيدا قىلىپ، زۆرۈر بولمىغانلىرىنى ۋاقتىنچە توختىتىپ قويىدۇ-دە. مەسىلەن، كۆن كېچىسى ئول-تۇرۇپ ئەتىسى چىقىدۇ، بۇ ئارىلىقتا بىر كېچە ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىدۇ، لازىم بولسا كۈندۈزنى نەچچە كۈنگە ئۇزارتىپ كېچىنى ۋاقىتلىق يوق قىلىدىغان ئىشلار بولىدۇ.

— پەقەت كېچە بولمىسا بۇمۇ ئاجايىپ ئىشكەن.

— سەن بىلمەيدىغان ئاجايىپلار تېخى جىق.

سەلىم موزدۇز سۆزلەۋېتىپ ئۇزۇن چاچلىق ئادەمگە قاراپ قويدى. ئۇزۇن چاچلىق ئادەم ئاغزىغا كەلگەن گەپنى يۇتۇۋېتىپ باشقا ياققا قارىۋالدى. ئۇ بوراندا چاقمىقى يانماي، تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ بولالماي ئاۋارىچىلىقتا قالغانىدى.

— كېچە بولماي دائىم كۈندۈز بولۇپ كەتسە قانداق بولار بۇ جاھان؟

— ئۇنى شۇ چاغدا كۆرىمىز، ئاجايىپ ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەملەر بار، ئاجايىپ ئىشلارنى ئويلايدىغان كىشىلەر بار، بۇ جاھاندا نېمە ئىشلار بولمايدۇ دەيسىلەر، ھاكچىنىڭ زاكچىغا ئاچچىقى كەپتۇ دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ، قاغا قاق دەيدۇ، بالىسىنى ئاق دەيدۇ؛ بوم بۇرۇتقا خوتۇن يوق، شاپ بۇرۇتقا نەدە، دېگەندەك، ئەتە يەنە قار يېغىپ قالسا كىچىك باللار زوكامدىغىلى تۇرىدىغان بولدى. نەۋرەم بۇ يىل بەش ياشتا قىلىقلىرى بەك تاتلىق، تۇ-غۇلغاندا ئون تال چىشى بىلەن تۇغۇلغان ... قاسىم جوۋىچىنىڭ دۇكىنىغا ئوت كېتىپتۇ، پىيما ياسايدىغان ئادەممۇ قالمىدى. باش ئىلەكتىكى زورىخان ئۆتەكنىڭ ئېرى توڭلاپ ئۆلۈپ قاپتۇ، ئاتقا چانا قوشىدىغان ئىشلارنى تېخى بۇ يەردىكىلەر كۆرۈپ باقمى-دىڭلار.....

سەلىم موزدۇز بىر نېمىلەرنى دېگەچ كېتىپ قالدى. ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ تۇرۇلگەن چىرايىدا ھەسرەت ھەم ئۆچمەنلىك-نىڭ كۆلەڭگىسى سىلغىيىپ تۇراتتى.

— كېچە بولماي كۈندۈز بولىۋەرسە قانداق بولار هوي باللا؟
— بۇغۇ بىر نۆرى، كۈندۈز بولماي كېچە بولىۋەرسە قانداق قىلىشىدىغان گەپ دەڭلا.
— بايا سەلىمكام دېدىغۇ، كېچە قانچىلىك لازىم بولسا شۇنچىلىك، كۈندۈز قانچىلىك لازىم بولسا يەنە شۇنىڭغا يارىشا تەقسىم بېرىدىغان ئادەملەر بولىدۇ دەپ.
سەلىم موزدۇزنىڭ سۆزلىرىنى نادىرنىڭ دېگەنلىرىگە ئوخ-شاتقىلى بولمايتتى.
مەن هاسا تايىنىۋالغان قەلەندەرنىڭ كەينىدىن قاراپ قال-دىم، ئۇ يىراقلاپ بىر دوقمۇشتىن قايرىلىپ كۆزدىن يىتتى.
— توۋا دە جۇمۇ، ئاشۇ ساقىلى بىلەن ئۇنداق ئىشنى قىل-سا قانداق بولىدۇ؟
— قانداق بولىدۇ، دېگەن گەپنى سەن ئەمەس ئۇ ئۆزىگە قويسا بولىدۇ، نەشە چېكىپ پاھىشىۋازلىق قىلىدىغان مۇشۇنداق بىرنېمىگە سەدىقە بەرگەن ئادەملەرنىڭ ئۆزى ساراڭغۇ.
— ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىقى بارلىقىنى كىم بىلىدۇ، يا پېشا-نىسىگە يېزىپ قويمىسا، ئۇقمىغاندىكىن بېرىدىغان گەپتە.
— مەن ئۇقتۇرۇپ قوياي دەپ شۇنچە كۈچىدىم، جىق ئا-دەملەرگە دېدىم، بىراق هېچكىم ئىشەنگىلى ئۇنىمىدى، هازىرقى ئادەملەر راست بىلەن يالغاننى پەرق ئېتەلمەس بولۇپ قاپتۇ، بۇ-نىڭغا ئامال يوقكەن.
— يالغانغا ئىشەنسە ئۆزىنىڭ ئىشى، بىراقزە راست گەپكە ئىشەندۈرگىلى بولماسلىق قورقۇنچلۇق ئىش.
ئۇزمەي تاماكا چېكىۋاتقان ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ قىيا-پىتى كۆز ئالدىمغا كەلدى، ئۇنىڭ ئورا كۆزلىرىدىن تۈگىمەس هەسرەتنىڭ ئاچچىق نادامىتى پۇرقۇپ تۇراتتى، خەقلەر ئۇنىڭ خوتۇنىنى تاياقتا خۇمار بولۇپ قالغان دېيىشىپ يۈرۈشەتتى. بۇ-نىڭ قانداق ئىشلىقىنى مەن بىلمەيمەن، ئۇ خوتۇنىنىڭ نېمە بو-لۇپ تاياقتا خۇمار بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىدىغان ئادەم يوق. قا-

پاقلىرى تۇرۇلۇپ، خۇيى ئۇساللىشىپ قالغان خوتۇنىنىڭ تاياق يېگەندىن كېيىن ئوڭشىلىپ قالىدىغانلىقىنىڭ ئۆزى ئەجەب بىر ئىش. سەلىم موزدۇزنىڭ ھېكايە قىلىشىچە، ئۇزۇن چاچلىق ئا-دەمنىڭ خوتۇنى ۋاقتى - قەرەلىدە مەست بولغان ئېرىنىڭ تايە-قىنى يېمىسە ئاغزىدىن كۆپۈك چىقىپ كۆزىنىڭ قاراقلىرى ئار-قىسىغا تارتىشىپ كېتىدىكەن.

— شاش ئېشەكنى ئۇرۇپ تۇرمىسا ھارۋىنى ئېلىپ قاچ-قاندەك، ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ تاياق يېمىسە قىنىدىن چىقىپ كې-تىدىكەن.

سەلىم موزدۇز شۇنداق دېگەندە نۇرغۇن ئادەم بار ئىدى، ئۇ-نىڭ سۆزلىرىدىن كىشىلەرنىڭ كۆپى ئۆزۈنىغىچە كۈلۈپ كېتىش-تى. تاياقتا خۇمار بولۇپ قېلىشنىڭ تاماكىغا، نەشىگە خۇمار بو-لۇپ قالغانغا ئوخشايدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى، تاياق يەپ كۆنۈپ قالغان ئادەمنىڭ پات-پات تاياق يەپ تۇرمىسا كەيپىياتىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئۇزۇن گەپلەر بولدى.

ئۇزۇن چاچلىق ئادەم بۇ گەپلەرنى ئاڭلىمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ سەلىم موزدۇزنىڭ يالغان گەپ قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىشنىڭ ساراڭلىق بولىدىغانلىقىنى تولا دەپ ھېرىپ قالاي دېدى. بىراق، خەقلەر يەنىلا سەلىم موزدۇزنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا ئامراق، ئۇنىڭ گەپلىرىگە تەشنا، ناۋادا سە-لىم موزدۇز بىرەر سەۋەب بىلەن مەھەللىدىن يوقاپ كەتسە ياكى گەپ قىلالماس بولۇپ قالسا بىر قىسىم ئادەملەر نورماللىقىنى يوقىتىپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. بىر چاغدا مۇشۇ خىياللىرىم-نى ئىمىن ھەسەنگە دېدىم، شۇ چاغدا ئۇ ماڭا ئەمىلىدىن چۈشۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان قايسى بىر باشلىقنىڭ قىزىنىڭ ئېرى بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى بولمايۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ پات ئارىدا ئاجرىشىپ كېتىدىغانلىقىنى، باشلىقنىڭ قىزىنىڭ يولدىن چىقىپ كەتكەن بىرنىمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىۋا-تاتتى، ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى رەتلىك تىزىلغان كىتابلارنىڭ تو-

لىلىقىدىن ئادەمنىڭ بېشى قاياتتى، ئىمىن ھەسەننىڭ بۇنچە جىق كىتابلارنى قانداق ئوقۇپ بولىدىغانلىقىغا ئەقلىم يەتمەيتتى.

ئۇ قېنىق دەملەنگەن قارا چاينى ئىچىۋېتىپ دېدى:

— يالغانغا كۆنۈپ قېلىشمۇ ئاجايىپ بىر ئىش، ئەمما ئەدىسىرەشنىڭ ئورنى يوق، ھەقىقەت ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ.

ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ كىتابلاردا بارلىقىنى بىلەتتىم، مۇنۇ ئىمىن ھەسەنمۇ خۇددى خوتۇنۇمغا ئوخشاش كىتابلاردىكى گەپلەرنى ماڭا دەپ بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— بىراق ھەقىقەت ئېگىلىپ بەك ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى، سەلىم موزدۇزنىڭ يالغانلىرى بىزنىڭ مەھەللىدىكى ئادەملەرنى ساراڭ قىلىپ بولاي، دېدى.

— ئەمەلىيەتتە ئۇ خەقلەرمۇ سەلىم موزدۇز ياكى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئادەملەرنىڭ يالغانلىرى بىلەن كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ ئۆرە تۇرىدىغان گەپ، بۇنىڭغا چېچىلىپ يۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، بۇمۇ جاھاننىڭ ئۆزىنىڭ يولى، سابىت نۇر يېقىندا: «ھارام نىيەت، ساختىپەز، كونا تەنزەك چۈۋۈلغاي، خەلقئالەم ئالدىدا، ئەمدى كۇنۇك نە بولغاي» دەپ قوشاق ئوقۇپ يۈرگۈدەك، بىرنەچچە مەست بىرنېمىلەر بۇنى سورۇنمۇ سورۇن كاركىراپ ناخشا قىلىپ ئېيتىۋاتقۇدەك، بۇ ئاداش مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ قەلەم بىلەن ھەپىلىشىدىغانلىرىمىزنىڭ يۈزىنى تۆكۈپ بولىدىغان ئوخشايدۇ، جاھاننى ساختىپەزلىك، يالغانچىلىق بېسىپ كەتكەن بولسا بىزنىڭ نېمە كارىمىز، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى قىلىپ، يازىدىغاننى يېزىپ يۈرۈۋېرەمەمدۇق، ئاخىرى بېشىغا بالا تاپىدۇ ئۇ ...... بولدى، بۇ گەپلەرنى قويايلى، ئاڭلىدىڭىزمىكى، تۆۋەنكى مەھەللىدىكى سادىق تۆمۈرچى خوتۇنى بىلەن ئاجراشماقچى بولۇپ يۈرگۈدەك.

— ھەممە ئادەم ئاجرىشىشنىڭ كويىغا چۈشتىمۇ ـ نېمە، سادىق تۆمۈرچى دېگەن كىم ئۇ؟

— مۇشۇ يۇرتتىكى داڭلىق تۆمۈرچى، بۇ يىل سەكسەن بىر

ياشقا كىرگەن ئادەم.

— توۋا، بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان ئادەمكەن، نېمە قىلغىنىدۇ بۇ.

— بىراق ئۇ بىر پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى، دەپ ئويلىمايدۇ - دە.

ئىمىن ھەسەن سادىق تۇمۇرچىنىڭ كۆپ گەپلىرىنى قىلىپ بەردى.

نادىر بىلەن ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ بىر يەرلىرى ئوخشايدىغاندەك قىلاتتى، ئىمىن ھەسەن بىلەن نادىر بىر يەرگە كەلسە ئۇرۇشۇپ قالامدىكىن، دېگەنلەرنى ئويلىدىم. نادىر ھاسىسىنى سۆرەپ كېتىۋاتقان تىلەمچىنىڭ كەينىدىن تۇكۇرۇپ قويۇپ ئاچچىق بىلەن خىرىلدىدى:

— ھېلىقى تارچۇقتىكى قىزىل چىراغ ئۆچمەيدىغان كوچىغا ئۆگىنىپ قالغان نەرسە بۇ، جاھان دېگەن قىزىقكەن، ئالدىنقى ھەپتە بىرسىگە مۇشۇ گەپنى دېسەم خىيالىدا يوق: ئۇنداق قىلسا نېمە بوپتۇ؟ خەقنىڭ شۇنداق قىلغۇسى كەپتىكەن شۇنداق قىپتۇ، بۇنىڭغا بىز بىرنېمە دەپ يۇرسەك بولمايدۇ، دەيدۇ قارا، سەن ئويلاپ باقە، مۇشۇمۇ گەپمۇ، جاھاندا مۇشۇنداقمۇ گەپ بولامدۇ، كىمنىڭ نېمە قىلغۇسى كەلسە، شۇنى قىلسا قانداق بولىدۇ.

— ئەمدى بەزى چاغدا قىلغۇمىز كەلگەن ئىشنى قىلغىلى قويمىغانلارنى تىللاپ ئانا-مانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتىمىز، بەزىدە مۇشۇنداق دەيمىز...

— قاملاشمىغان گەپ قىلمىغىنا، كىتابنى نېمىگە ئوقۇيسەن سەن؟ مۇشۇنداق پەلىپەتىش گەپ قىلىش ئۈچۈنمۇ؟

ئۇنىڭ مېنى كىتابنى نېمىگە ئوقۇيسەن؟ دېگەن گېپى بىلەن خوتۇنۇمنىڭ سىز كىتاب ئوقۇپ ۋاقتىڭىزنى زايا قىلمىسىڭىز بولغۇدەك، دېگەن گېپى ئوخشاپ قالغاندەك قىلاتتى.

— نېمە بولدى؟

— خەقتىن تىلەپ يەيدىغان ئادەم پاھىشە قىلىپ يۈرسە قانداق بولىدۇ، سەن بېشىمغا كەلگەن بالا ـ قازانىڭ كاپارىتى بولسۇن، دەپ بەرگەن پۇلنى ئاپىرىپ نەشە چېكىپ، پەس ئىشلارنى قىلىشقا ئىشلەتسە، سەن نېمىگە ئايلىنىپ قالىسەن.

— بۇ تەرەپلىرىنى ئويلىماپتىمەن.

مەن چامادانىمدىكى ئىككى پارچە كىتابنى ئويلىدىم، كەل-گۈسى توغرىسىدا يېزىلغان مۇشۇ كىتابلاردا مۇشۇنداق ئىشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنىڭ چارىسى سۆزلەنگەن بولۇشى مۇم-كىن ئىدى. نادىرنىڭ ئورۇق يۈزلىرى تارتىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ-نىڭ يۈزىگە سەل چوڭ كەپقالغان قارا بۇرۇتلىرى دىردىيىپ تۇراتتى.

— ئويلىمىساڭ قانداق بولىدۇ، ئەتىگەندىن كەچكىچە خوتۇ-نۇڭ بىلەن ئۆيۈڭنىڭ غېمىدە يۈرمەي، كاللاڭنىڭ بەزى يەرلىرد-نى جاھاننىڭ ئىشلىرىغا ئىشلىتىپ قوي.

ئۇنىڭ زەردىلىك ئاۋازى قۇلىقىمغا پەقەت ياقمىدى، ماڭا ئۇنىڭ تەنبىھ بېرىشىنىڭ لازىمى يوقتەك بىلىنىۋاتاتتى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ بۇنداق قاتتىق تەلەپپۇزدا سۆزلەشلىرى ماڭا ئې-غىر كېلىۋاتاتتى.

— ئۇنىڭ ئىسمى نېمىكەن؟

— ئۇنىڭ ئىسمى يوق.

مەن ئۇنىڭ بىزارلىق يەنە ئەلەم ۋىلىلداپ تۇرغان كۆزلىرد-گە قاراپ تۇرۇپلا قالدىم، ئۆرە يۈرگەن بىر ئادەمنىڭ ئىسمى بولمىسا قانداق بولىدۇ، ئىسمى يوق دېيىشمۇ كىشىگە غەيرىي ئاڭلىنىپ قالىدۇ.

— ئىسمى يوق ئادەم بولمايدۇ.

— بەزى ئادەملەرگە ئىسىم ئارتۇق كېتىدۇ، ئادەمگە خاس ئىسىم دېگەن قىممەتلىك نەرسە. ئۇنى قالايمىقان ئىشلەتسە بولمايدۇ.

— قانداق قىلساڭ قىل، مەن ئىسمى يوق ئادەمنى كۆرۈپ

باقمىغان، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ كۆرگۈم يوق، بىر كىتابتا ئادەم-
نىڭ ھېچنېمىسى بولمىسىمۇ ئۈمىدى بولىدۇ، دەپتىكەن، بۇ
گەپكە ئادەمنىڭ ئۈمىدى بىلەن ئىسمى بولىدۇ، دېگەننى قوشۇپ
قويۇش كېرەك.

ئۇنىڭغا دەيدىغان ناھايىتى نۇرغۇن گەپلىرىم باردەك قىلات-
تى، بۇ گەپلەرنى نەدىن باشلاشنى، قانداق دېيىشنى يەنە نەدە ئا-
خىرلاشتۇرۇشنى بىلمەيتتىم، خوتۇنۇم توغرىسىدا، سەلىم موز-
دۇز توغرىسىدا، ئۇزۇن چاچلىق ئادەم، يەنە ئىمىن كاۋاپچى توغ-
رىسىدا گەپ قىلغۇم بولسا كېرەك. مەن بىردىنلا ئۇنىڭغا بۇرۇ-
لۇپ ئاستا شىۋىرلىدىم:

— مەن ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم.

— نەگە بارماقچى بولۇۋاتىسەن، — ئۇ تاماكىنى كۈچەپ
شورايتتى، مەن ئۇنىڭغا شۇنداق قاراپلا ئۇنىڭ ئەس-يادىنى ھې-
لىقى قەلەندەر، قەلەندەرنىڭ نەشە چېكىپ پاھىشىخانىغا بېرىشى
دېگەندەك ئىشلارنىڭ ئىگىلەپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. شۇ
ھالدا مېنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىم يا ئۆيگە قايتىپ كېلى-
شىم بىلەن ئۇنىڭ كارى بولمايدىغاندەك قىلاتتى.

— نېمە قىلىشىمنى راستلا بىلمەي قالدىم.

مەن ئۇنىڭغا كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدۇم . مېنىڭ
بۇ گېپىم راست ئىدى، مەن شۇ ھالدا راستلا نەگە بېرىشىمنى
بىلەلمەيۋاتاتتىم. بۇنىڭدىنمۇ يامان بولغىنى نېمە قىلىشىمنى
بىلەلمەيۋاتاتتىم، ئۆيدىن چىقىپ كېتىش ئاسان بولغان بىلەن،
ئۇنىڭدىن كېيىنكى يولنى قانداق مېڭىشنى بىلىش تەسكەن.
ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق گاڭگىراپ
قالامدىغاندۇ. مەن ئىلگىرى ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن ئادەمنى
كۆرمىگەن، ئەمما بەزى ئادەملەرنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلى-
كىنى ئاڭلىغان، ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن ئادەملەر ھەققىدىكى
گەپلەرگە تازا ئېرەن قىلمىغان ئىكەنمەن. ئۆينىڭ ئادەمنىڭ ھا-
ياتىدا بۇنچىۋالا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى، ئۆيى بولمى-

غانلارنىڭ بەك بىچارە بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.
— نېمە قىلىشىمنى راستلا بىلمەي قالدىم.
مەن گەپنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدىم، ئۇ پەرىشان ھالدا يەرگە قاراپ بىردەم ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن:
— بۇنىڭ نېمە قىلىشنى بىلەلمىگۈدەك يېرى يوق، ھېلىقىدەك ئادەملەرنى قاتتىق ئۆرۈش كېرەك، شۇ چاغدىلا يامان يولدىن يانىدۇ، قەلەندەرلەر پاھىشىۋازلىق قىلىپ يۈرسە، بۇ جاھان نېمە بولۇپ كېتىدۇ.
مەن ئۇنىڭ كىرىشكەن چىشلىرىغا، كۆك تومۇرلىرى، پەيلىرى تارىدەك تارتىشقان تۇگۇكلۇك مۇشتۇمىغا قاراپ قويۇپ لاسسىدە بولۇپ قالدىم.
— ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان بىرنەچچە بالا بار، شۇلارغا پۇل بېرىپ ئۇرغۇزايمىكى ھېلىقى قەلەندەرنى.
مەن ئۇنىڭغا چۆچۈپ قارىدىم، پۇل خەجلەپ ئۇنى ئۇردۇرۇشقىچە يەتكەن بولسا، بۇنىڭ ئۆزى بىر يەرلىرى نورمال ئەمەس بىر ئىشمۇ- نېمە؟
— نېمىشقا.
— ئىشقىلىپ بۇ پەسەندە مېنى بەك بىئارام قىلىدۇ، ئۇ شۇنداق قىلىپ يۈرسە ھېچكىم ئۇنى ھاي دېمىسە، بۇنىڭدەك ئىش قىلىدىغانلار كۆپىيىپ كەتسە قانداق بولىدۇ.
— خەقكە ئۇرغۇزغۇدەك ئۇنىڭ ساڭا نېمە زىيىنى تەگدى، تىلەمچىلىك قىلسا ئۆزى قىپتۇ، يامان ئىش قىلسا ئۆزى قىپتۇ، سەن ئۆزۈڭچە خەقنى ئۇرۇپ- تىللاپ يۈرسەڭ قاملاشمايدۇ. سورىقى بار جاھان بۇ.
— ماڭا زىيىنى يوق دەپ كارىمىز بولماي يۈرۈپ بولۇۋاتقان ئىش ماۋۇ، بۇ قەلەندەرنىڭ ئەسلىي كىملىكىنى بىلەمسەن؟
— ياق.
— بۇرۇن بىزنىڭ قوشنىمىز ئىدى، ئەۋلادى باي كىشىلەر ئىدى، يۇرتتا يۈزى چوڭ، زوردۇن كانچى دېسە بىلمەيدىغان ئادەم

يوق ئىدى. شۇ زوردۇن كانچى مۇشۇ بىنومۇسنىڭ دادىسى بولىدۇ، شۇ خەقنىڭ جەمەتىدىن مۇشۇنداق نومۇسسىزدىن بىرى چىقىپ قالدى، دادىسىمۇ تېخى نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا قان يۇتۇپ ئۆلۈپ كەتتى. پۈتۈن ـ سۈرۈك بىر ئەر ئەلكۈننىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق قىلىپ يۈرسە ئۇنىڭغا دادا بولغۇچىغا ئەلەم بولىدىكەن، مانا شۇ زوردۇن كانچى دېگەن ئادەمگە ئىچىم ئاغرىدى.

ــ بىچارە، نومۇستىن تۈگىشىپ كېتىپتۇ-دە.

ــ بۇلا ئەمەس، ئۇنىڭ بىر سىڭلىسىمۇ يۈرتنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى.

ــ سىڭلىسى.

ــ ئۇ مېنىڭ لايىقىم ئىدى.

مەن شۇ چاغدىلا ئارغامچىنىڭ ئۇچىدا كالا بارلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم.

ــ بۇ ئىپلاس نەرسە شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ بىر ئائىلىنى ۋەيران قىلدى، ئۇ قىزنىڭ ھازىر نەلەردە يۈرىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن.

ــ ئىزدىسەڭ بولمامدۇ.

ــ ئىزدىسەمغۇ بولاتتى، بىراق شۇنداق قىلالمىدىم-دە، ھازىر ئۇ كەتكىلىمۇ ئون يىلدىن ئېشىپتۇ، نەدە يۈرگەنلىكىنى بىلمەيمەن. مەن ئۇنى ساقلاپ ھازىرغىچە خوتۇن ئالماي بويتاق يۈرۈۋاتىمەن. ئۇ قايتىپ كەلسە ئۇنى چوقۇم ئالىمەن.

ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە ئۇنىڭ توي قىلغان قىلمىغانلىقىغا دىققەت قىلمىغانىكەنمەن. ئۇنىڭ بىر مۇنچە دەردى بار ئادەملىكىنىمۇ مانا ئەمدى بىلدىم.

ــ ئاشىق بولغانىكەنسەن ئىزدىشىڭ كېرەك ئىدى.

ــ ساقلايمەن، ھامان بىر كۈنى قايتىپ كېلىدۇ ئۇ.

ــ قايتىپ كەلمىسچۇ؟

ــ قايتىپ كەلگۈچە ساقلايمەن.

ــ ئەسلىي ئىزدەپ بېرىشىڭ كېرەك ئىدى.

— ۋاقىت چىقىرالمىدىم، بەك ئالدىراشچۇ مەن. ئۇ ھامان بىر كۈنى قايتىپ كېلىپ، مېنى ئىزدەيدىغاندەكلا تۇيۇلىدۇ. پات-پات چۈشۈمگە كىرىدۇ. چۈشۈمگە كىرگىنىگە قارىغاندا ئۇ قايتىپ كېلىدۇ.

— قايتىپ كەلمىسىچۇ.

— مەن قايتىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، مۇنۇ قەلەندەرنى تازا ئۇرۇپ كوچىغا چىقالمايدىغان قىلىۋەتسەم، ئاندىن ئۇ قايتىپ كېلەرمىكىن دەيمەن.

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم. ئۇنىڭغا نېمە دېيىشنى، بۇنداق ئىشنى قانداق ئويلاشنى بىلەلمىدىم.

— ئون يىلدىن بۇيان خەت - خەۋىرىنى ئالدىڭمۇ.

— ياق، ئەمما ئۇ نەدە بولسۇن بىر يەردە بار. مەن ئۇنىڭغا ئاشىق، بىراق -زە ھېلىقى قەلەندەر بىنومۇس ئىش قىلىپ يۇرۇپ ئۇنى مەندىن ئايرىۋەتتى.

مەن كەتمەكچى بولۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئۇ يېشىل چىملار يەلپۈنۈپ تۇرغان ئوتلاقتا جىمىدە ئولتۇراتتى. كۆڭلىدە ھېلىقى تىلەمچىنى قارغاۋاتامدۇ ياكى ئون يىلدىن بۇيان كۆرۈشمىگەن ھېلىقى قىزنى ئويلاۋاتامدۇ، بۇنى بىلمىدىم. سىم-سىم يامغۇر ئاستىدا نەملىشىپ تۇرغان كەڭ جاھانغا، نەمخۇش ھاۋادا يوپۇرماقلىرى يېنىك شىرىلداپ تۇرغان دەرەخلەرگە ئۇزاققىچە قاراپ تۇرۇپ قالدىم. بۇ دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئاشۇ تېرەكلەر، سۆگەتلەر، جىگدە، چىلانلار، ئاشۇ دەرەخلەرگە قونۇپ ئولتۇرغان قاغا، قۇشقاچ، پاختەك يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش جانىۋارلار، ئاندىن ھېلىقى تىلەمچى، ئون يىل بۇرۇن يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن قىز، يەنە مۇنۇ تونۇشۇم... كۆكتە ئۈزۈۋاتقان يامغۇرلۇق بۇلۇت، قانداقتۇر بىركىملەرگە يامانلىق تىلەۋاتقان شۇم خىيال، ئۆزى تونۇيدىغان ھەم تونۇمايدىغان ئادەملەرنىڭ خۇشلۇقى ئۈچۈن ئىسسىق جېنىنى كۆيدۈرۈۋاتقان ئادەملەر، سۈيى مىڭ يىللاردىن بۇيان لايلىنىپ ئېقىۋاتقان دەريا...

مۇشۇ نەرسىلەردىن پۈتكەن بۇ كەڭ ئالەم ... ئاشۇ نەرسىلەر ئا-
رىسىدىكى كۆزگە كۆرۈنمەس يىپلار بىلەن مەھكەم باغلىنىپ
كەتكەن مۇناسىۋەتلىرى كاللامنى قايدۇرۇۋەتتى.

غوڭ قاپاق ئېسىلغان بىر توپ كەپتەر باش ئۈستۈمدىن
غۇرقىرىغان ئاۋاز چىقىرىپ ئۆتۈپ كەتتى، كەپتەرلەر شوخلۇق
بىلەن كۆك قەھرىدە ھەريان ئۇچاتتى، ئارىسىدىن بەزىلىرى تۇر-
لۇك پاسۇن چىقىرىپ موللاق ئاتاتتى. كەپتەرگە غوڭ قاپاق ئې-
سىپ قويسا لاچىن سوقمايدۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدىم. كەپ-
تەر يېپىشكە ئادەتلەنگەن لاچىن غوڭ قاپاقتەك ئاددىي بىرنېمە-
دىن قورقۇپ ئۇنى يېيەلمىسە ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ.

غوڭ قاپاق ھەققىدىكى گەپلەر ماڭا بەك قىزىق تۇيۇلغانىـ-
دى. خىيالىمدا مەنمۇ ئۆزۈمنى غوڭ قاپاق ئېسىلغان كەپتەرگە
ئوخشىتىپ قالغانىدىم، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە نىيىتى بۇزۇلغان،
نەپسى تاقىلداپ كەتكەن لاچىنغا يولۇقۇپ قالسام كۆڭۈم نېمە بو-
لۇپ كېتەر، دەپ ئويلىغانىدىم. كېيىنكى كۈنلەردە بىز كېتىۋات-
قان يوللاردا ئاچ لاچىندىنمۇ يامان تەقدىر - قىسمەتلەرنىڭ بىز-
نى دوقمۇش - دوقمۇشتا كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى، ئاجايىپ-غارايىپ
لاچىنلارنىڭ يۇمشاق، ئىسسىق تۇمشۇقلىرى بىلەن يۈرىكىمىزنى
ئىختىيارىچە يەپ كېتىدىغانلىقى بىلەن كىچىكىمدىكى غوڭ قاپاق
ئېسىلغان كەپتەرلەرگە يولىيالمايدىغان لاچىنلارنى ياد ئەتكەنىدىم.
ئادەم ئۆزىگە غوڭ قاپاق ئېسىپ قويالمايدىغان مەخلۇقكەن..

قاپقارا چاچلىرى مۈرىسىدە چېچىلىپ تۇرىدىغان جەزبىدار
قىزنىڭ مېھرىلىك بارماقلىرى قوللىرىمنى تۇتقاندا ۋۇجۇدۇمدا
ئويغانغان ئاچ تۇيغۇلارنى سۆيگۈ ياكى مۇھەببەت دېسە، ئىشەنمەك
تەس بولۇشى مۇمكىن. مەن بۇنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەي تۇ-
رۇپ، كېيىن نېمە بولۇشى بىلەن ھېسابلاشماي تۇرۇپلا شۇنداق
يولغا ماڭغان. پۈتۈن شەھەردىكى رېستورانلارنىڭ ھەممىسىدە توي
بولۇپ، شەھەر كوچىلىرىنى تويدىن يانغان مەستلەر قاپلاپ كەت-
كەن شۇ كۈنى يېرىم يالىڭاچ مەستلەر بىلەن جېدەللىشىدىغان

ئىش بولمىغان بولسا مۇشۇ ئىشلار بولمايتتى. مەن كوچىدا يې-
رىم يالىڭاچ ماڭدىڭ دەپ، يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلاشمىغان بول-
سام يەنە مۇشۇ ئىشلار يۈز بەرمەيتتى. شۇ كۈنلەردە مەنمۇ ھېلى-
قى نادىرغا ئوخشاش جاھاننىڭ كەلدى-كەتتىسىنى تولا ئويلايدى-
غان بولۇپ قېلىۋىدىممىكىن. يامغۇر ياغقان يەكشەنبىدىكى ئىش
يۈز بەرمىگەن بولسا، ئىشلار بۈگۈنكىدەك بولماسلىقى مۇمكىن
ئىدى. مەن بەزىدە جاھاندىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم بىر
سەۋەبكە، مەلۇم بىر پۈتاققا ئالاقىدار بولىدىكەن، دېگەنلەرنى
خىيال قىلىمەن. چوڭلارنىڭ سەۋەبنىڭ ئالىمى، دېگەن سۆزلى-
رىنى يادىمغا ئالىمەن. خوتۇنۇم مېنى كەچۈرۈۋېتىشى، مېنى ئە-
پۇ قىلغانلىقىنى دېيىشى لازىم ئىدى، ئاندىن بىز ئۆزىمىزنىڭ
بۇرۇنقى خۇشال تۇرمۇشىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن
ئىدى.

— قاچان كەلسىڭىز سىزگە ئىشىكىم ئوچۇق، مەن سىزنى
ئىزىم، دەپ ئويلاپ كەلدىم، سىزدىن باشقا ئەر كىشىگە كۆڭۈل
بەرگەن بولسام مېنى يەر يۇتسۇن.

بۇ گەپنى خوتۇنۇم دېمىگەنىدى. خوتۇنۇم دېگەن بولسا مەن-
مۇ، ئۇمۇ بۈگۈنكىدەك ئېغىر كۈنلەرگە قالمىغان بولاتتۇق.

قارا چاچلىرى چېچىلىپ تۇرىدىغان، بىر ئاجايىپ لاتاپەت
بىلەن مېڭىشلىرىنى كۆرسەم يۈرىكىم پىژىلداپ كېتىدىغان ئو-
ماق قىز ماڭا تېلېفوندا شۇنداق دېدى. دەسلەپكى كۈنلەردە ئۇنى
ئىزدەشكە رەۋىتىم بولمىدى. بەلكىم قورقۇپ كەتكەندىمەن، يىلان
چېقىۋالغان ئادەم ئارغامچا كېسىكىدىنمۇ قورقۇپتۇ، دېيىشىدى-
كەن، ئەمما ئىشلار يەنە ئىزىغا چۈشۈپ قالدى.

— سىز مېنىڭ كاساپىتىمگە كەتتىڭىز.

— ئۇنداق ئويلىماڭ، بۇ ۋاي دەپ كەتكۈدەك ئىشمۇ ئەمەس.
نېمە بولسا بولار، كۆرۈپ باقمايمىزمۇ.

— خوتۇنىڭىز بىلەن نېمە دېيىشتىڭلار؟

— ھېچنېمە.

— ھېچنېمە دېمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس.

— ئۇ مېنى كەچۈرمىگۈدەك، دېمىگەنلىرىم قالمىدى.

— ئۇ توغرا قىپتۇ، مەن بولساممۇ كەچۈرمەيتتىم.

ئۇنىڭ ئىسسىق، ئىنچىكە بارماقلىرى دۈمبەمدە يېنىك قىمىرلايتتى. مەن كۆزۈمنى يۇمغىنىمچە ئەتە، ئۆگۈن، ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە نېمە ئىشلارنىڭ بولۇشىنى بىلەلمىگەن ھالدا جىمىمىدە ياتاتتىم.

مېنىڭ قىلغانلىرىمنى ھېلىقى تىلەمچىنىڭ تار كوچىدىكى پاھىشىخانىغا بارغىنىنى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغىلى بولمايدۇ. مەن سۆيۈلۈشنىڭ لەززىتىدە مەست بولغان چاغلىرىمدا ئۆزۈمنى خاتا قىلدىم دەپ ئويلىمىغان، مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن خوتۇنۇمدىن ئايرىلىپ قالارمەنمۇ، دېگەنلەرنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم. شۇ چاغلاردا، شۇنداق ئويلىغان بولسام قورقۇپ كەتكەن بولاتتىم. مەن خوتۇنۇمدىن ئايرىلىپ قالسام بولمايتتى، مېنىڭ ھازىرقى خوتۇنۇم بىر چاغلاردىكى مەن ئۇچۇن جاھاندىكى ئەڭ سۆيۈملۈك قىز ئىدى، مەن بۇنداق قىزلارنى ئىككىنچىلەپ تاپالمايدىغانلىقىمغا شۇ چاغلاردىلا تولۇق ئىشەنگەنىدىم. ئاياللارنى ھاياتنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر قىسمى دەپ تونۇيدىغان مەن ھەم مەندەك ئەرلەر ئۇچۇن جېنىنى ئاتىيالايدىغان ئاياللاردىن يىراقلىشىپ كېتىش، يوقىتىپ قويۇشنىڭ، ئۇلارنىڭ ئىسسىق مېھرىدىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئويلاشمۇ قورقۇنچلۇق.

چامادان بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى، قوللىرىم تېلىپ كەتتى، مەن ئۇنىڭغا خوشمۇ دېمەي كېتىپ قالغانلىقىمنى سېزىپ كەينىمگە قاراپ قويدۇم، ئۇ بايىقى يەردە كۆرۈنمىدى، بەلكىم ھېلىقى يىراققا كەتكەن قىزنى ئەسلەپ دەرد-پىراقتىن مەست بولۇپ مېڭىپ كەتكەندۇ، ئۇ قىزنىڭ ئۇشتۇمتۇت كېلىپ قېلىشىنى ئارزۇلاپ ئولتۇرىدىغاندۇ. بىرەر قىزنى ئۇن يىل ساقلىيالىغۇدەك ياخشى كۆرگىلى بولسا بۇمۇ قالتىس ئىش

بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، بۇنىڭدىنمۇ قالتىسراقى ئون يىلغىچە مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ كۈتۈش، ئۇنىڭ ئاسماندىن چۈشكەندەكلا كېلىپ قېلىشىنى ساقلاشنىڭ ئۆزى تېخىمۇ قالتىس ئىش بولۇشى مۇمكىن. بەزى ئادەملەرنىڭ ئۆزى خالىغان ئىشلارنىڭ ئويلىمىغان يەردىن رويابقا چىقىپ قېلىشىنى كۈتىدىغان ھەم شۇنىڭغا ئىشىنىدىغان بىھۇدە تەمەلىرىنى دەرەخ شاخلىرىنى، غازاڭلىرىنى بېسىپ كەتكەن توپا-چاڭلارنى قېقىپ چۈشۈرۈۋەتكەندەك، يۇيۇپ ئادالىۋەتكەندەك تامامەن ئادالىۋەتكۈم كېلىدۇ. قولۇمدىن كەلمىسىمۇ شۇنداق ئويلايمەن، مېنىڭ مۇشۇنداق ئىشلارنى خىيال قىلىدىغان چاغلىرىم بار، خىيالىمنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى ئويلاشقا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيمەن، پەقەت شۇنداق قىلغۇم بار، ئەمما قىلالمايۋاتىمەن. بۇمۇ ھېلىقى نادىرنىڭ يۇرتتىن چىقىپ كەتكىنىگە ئون يىلدىن ئاشقان مەشۇقىنىڭ كېلىپ قېلىشىنى جىمىدە ئولتۇرۇپ ساقلىغىنىدەك بىر ئىش بولۇشىمۇ مۇمكىن.

# ئون تۆتىنچى باب

بىپايان ئاسمان، ئۇلۇغ ئېقىۋاتقان دەريا، كۆك بىلەن بويى تالاشقان تاغلار، سۇلىرى باھارنىڭ سەلكىن شامىلىدا شۇنداق چىرايلىق، يېنىك دولقۇن ياساپ، تېگىدىكى يېشىل نازۇك يوسۇنلار كۆرۈنۈپ تۇرغان سۈزۈك كۆل، تاغ باغرىدىكى ئېتىزلاردا ساپسېرىق گۈللىگەن زىرائەتلەر ... مەن تاشتەك قاتتىق يولدا كېتىۋېتىپ مۇشۇ نەرسىلەرنى ئويلىدىم، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى مەن كۆرگەن نەرسىلەر ئىدى، ھەممىسى بىر چاغلاردا مېنىڭ يۈرىكىمنى ئالەمچە تاتلىق تۇيغۇلارغا چۆمۈلدۈرگەن نەرسىلەر ئىدى.

بىر زامانلاردا مەن مۇشۇنداق نەرسىلەرنى ھەم مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان نەرسىلەرنى ئۆزۈمنىڭ بىر قىسمىدەكلا ھېس قىلاتتىم. شۇنداق نەرسىلەر بۇزۇلۇپ كەتسە، يىقىلىپ كەتسە، قۇرۇپ كەتسە يۈرىكىم ئېچىشاتتى، ھەسرەت چېكەتتىم. ماڭا بەك ئۆزاقتەك تۇيۇلىدىغان ئاي ـ يىللارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن بەس تالاشقاندەك تېز ئۆتۈشى بىلەن يۈرىكىمدىكى تاتلىق، ئەمما نازۇك تۇيغۇلار ئېغىر، بەتتەم بىر نېمىلەرگە ئورۇن بېرىشكە باشلىدى. قېرىپ، قۇرۇپ كەتكەن دەرەخنى كۆرسەم شۇنداقلا قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدۇم، بۇرۇنقىدەك بۇ دەرەخنىڭ قۇرۇپ كېتىشى خۇددى چوڭ بىر يوقىتىش بولغاندەك ئۇھ تارتىپ كېتىدىغان ئادىتىم قالمىدى. بۇلغىنىپ، لاي پاتاققا

289

ئايلانغان كۆللەرنى كۆرسەم بىر چىرايلىق كۆللەرنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان ئادەملەردىن رەنجىپ ئاچچىق يۇتىدىغان ئىشىم يوق، بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى ئۇخشىلىپ كېتىدىغۇ، دەپ ئويلاپ يولۇمغا مېڭىۋېرىدىغان بولۇپ قاپتىمەن.

باش-ئاخىرىنى بىلىپ بولغىلى بولمايدىغان بۇ دۇنيادىكى سان - ساناقسىز ئادەملەرنىڭ ئىچىدىكى بىر ئادەم.

بىر ئادەم ئۆزىگە قاراپ ھەيران قالدى. قارا چاچلىرى چېچىلىپ تۇرىدىغان ئوماق قىز سوۋغا قىلغان كەلگۈسى توغرىسىدىكى ئىككى پارچە كىتاب سېلىنغان چامادانىنى كۆتۈرۈپ، مىڭلارچە ھەسرەتلەرنى يۇتۇپ كېتىۋاتقان بۇ ئادەم يۈرىكىدىكى نازۇك تۇيغۇلارنىڭ ئورنىنى قاچانلاردىن باشلاپ قاتتىق ھەم سوغۇق ھېسلارنىڭ ئىگىلەپ كەتكىنىنى، توپىلاڭ يوللار دەسسىلىۋېرىپ قېتىپ كەتكەندەك كۆڭلىدىكى ھەممە نەرسىنىڭ بۇرۇنقىغا ئوخشىماي قېلىۋاتقانلىقىدىن ھەيران قالدى. چوقۇم ئوقۇشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھازىرغىچە ئوقۇماي كەلگەن كەلگۈسى توغرىسىدىكى كىتابتا كىشى يۈرىكىنىڭ موشۇنداق بىمەسەل ئۆزگىرىپ كېتىشى، سەۋەبى توغرىسىدا مۇپەسسەل بايانلار بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ئۆزىنى كەچۈرمىگەن ئايالىنى، كۈندە كۆرۈشۈپ تۇرسىمۇ يۈرىكىدە نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى، دىلىدا نېمىلەرنىڭ غەليان كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيدىغان تونۇش-بىلىشلىرىنى بىرمۇبىر كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. تاشتەك قاتتىق يولدا كۆك رەڭلىك چامادانىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان ئادەمگە دىققەت قىلىدىغانلار يوق ئىدى. ئۇ كۆڭلىدە ماڭا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى، دىققەت قىلمايدۇ دەپ ئويلايتتى. بۇ خىياللىرىدىن بىردە خاتىرجەم بولاتتى، بىردە شۇنداق كۆڭلى يېرىم بولاتتى. مەھەللىنىڭ دوقمۇشىدىكى تېرەككە ئۇۋا سالغان پاختەك يوقاپ كەتسە، ئۇنىڭ سايراشلىرى يوقاپ كەتسىمۇ خەقلەر بۇنىڭغا ئەجەبلىنىدۇ. ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنى، كەلمەسكە كەتمەكچى بولۇۋاتقىنى پۈتۈن - سۈرۈك بىر ئادەم.

يوللار قاتتىق، تۇيغۇلار قاتتىق، سۆيگۈ مۇھەببەتمۇ قات-تىق. يۇمشاق نەرسىلەر قالمىغاندەك قىلاتتى. بىر-بىرىگە مۇلا-يىم قارايدىغان كۆزلەرمۇ يوقاپ كەتكەندەك ئىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئۆزى ياقتۇرمىدى. «مېنىڭ كۆزۈمگە جاھان ئۆز پېتى كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى. قارىغۇغا جاھان قاراڭغۇ كۆرۈنگەندەك بىر ئىشلارنى قېرىققا باشلاپ ئوي-لىسام بولمايدۇ.»

ئۇ ئىككى مو يەردە باغ بىنا قىلماقچى بولغان چىرايلىق ئارمانلىرىنى يادىغا ئالدى. بۇ شۇنداق چىرايلىق بىر باغ ئىدى. ئېگىز قارا تېرەكلەر، سۆگەتلەر سايە تاشلاپ تۇرىدىغان ئېرىق بويىدا يۇمشاق، پاكىز قۇملار بار ئىدى، باغدا تۇرلۇك مېۋىلەر شۇنداق ئوخشايتتى، ئاشۇ قويۇق تېرەك، سۆگەتلەر ئىچىدە كاك-كۇكلار، يەنە باشقا قۇشلار سايرىشىپ تۇرىدۇ. دەل-دەرەخلەر ئا-رىسىدىن، باغ ئاسمىنىدىن ناخشىلار ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئادەم بو-يى ئۆسكەن قويۇق قىزىل لەيلىگۈللەر جاھانغا ئاجايىپ لەزى-رەڭ تارىتىپ تۇرىدۇ.

باھار سەلكىنىدە يەلپۈنۈپ تۇرغان ياپيېشىل بۇغدايزار-لىقلار، يېشىل مايسىلارنىڭ راھەتبەخش نازۇك ھىدى، يۇمشاق توپىلىق يول بويىدىكى قويۇق ئۆسكەن بولجا تېرەكلەر، كۆپكۆك كىرسىز ئاسمان، ئەجەب شېرىن ئاق ئۇجمىلەرنىڭ ھىدى...

بۇ نەرسىلەرنىڭ بەزىلىرىنى ئاللىبۇرۇن يادىمدىن چىقىرىپ قويدۇم، بەزىلىرىنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتى، ئاجايىپ جازىبىلىك لاتاپەتلىرىنى ئۇنتۇپ كەتتىم، ئۇ نەرسىلەرنىڭ نەق ئۆزىنىڭ رەڭگىنى، پۇرىقىنى، مەپتۇنكار ھالىتىنى ئۇنتۇپ كەتكەن بول-ساممۇ، شۇنداق نەرسىلەرنى كۆرگىنىمنى، شۇنداق ئارزۇلىرىم-نىڭ بولغانلىقىنى پات-پات ئەسلەپ قالىمەن.

مەن بەھر ئالغان، كۆڭلۈمنى خۇش قىلغان نۇرغۇن نەرسى-لەر، نۇرغۇن ھاياجانلىق تەشۋىشلەر، ئىسسىق تۇيغۇلار يۈرىكىم-دىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتكەندەك قىلاتتى، ئۇ نەرسىلەر شا-

مالدا تورۇپ تۇگىگەندەك، ئۇششۇك تېگىپ تورۇغان گۈل بەرگە-
لىرىنى جۈت شىۋىرغان نە-نەلەرگە ئۇچۇرۇپ كەتكەندەك، كۆڭ-
لۈمدىن يوقاپ كەتكەندەك تۇلاتتى. مەن شۇنداق نەرسىلەر بىلەن
كۆڭلىرىمنى قۇۋناق ئۆتكۈزەلەيتتىم، چىرايلىق ئەسلىملەردىن
ئايرىلىپ قېلىشىم خۇددى چىرايلىق تۇرمۇشتىن، مېھرىلىك
ھەمراھتىن، دىلكەش سەپەرداشتىن ئايرىلىپ قالغاندەك بىر ئىش
بولۇشى مۇمكىن.

چامادانىم ئېغىر ئىدى. پۇتلىرىم ئاستىدىكى قاتتىق يول
ئۇزۇن ئىدى. بۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى يىڭناغۇچنى
ئايروپىلان دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدىغان بىر بالا، قۇياشنىڭ ئوتتەك
نۇرىدا ئىسسىغان يۇمشاق، قۇمساڭغۇ توپىلىق يولدا يۈگۈرۈپ
كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ پۇتلىرى ئارىسىدىكى يېقىملىق، يۇمشاق تو-
پىدا جانغا راھەت بېرىدىغان يېقىملىق ئىسسىق بار ئىدى. قۇم-
ساڭغۇ توپىنىڭ يۇمشاق ئىسسىقلىقى بالىنىڭ يۇمران تاپانلىرى-
دىن ئۆتۈپ ۋۇجۇدىغا تاراپ كېتەتتى. بۇ ئىسسىقلىق خۇددى زې-
مىننىڭ يۈرىكىدە كۆيۈپ تۇرغان ئوتنىڭ تەپتىنى ھاياتلىق دۇن-
ياسىغا يېڭى كۆز ئاچقان بىر مەسۇمنىڭ پاكىز يۈرىكىگە تارت-
تىۋاتقاندەك ئىدى. بۇ بالا ئۆزىنى مەن مۇشۇ دۇنيادا قۇياش نۇرى
ئاستىدا ياشناپ تۇرغان بىر تۈپ دەرەخ، بىر تال گۈل، ئېقىۋات-
قان سۇ، قويۇق دەرەخلەر ئارىسىدا سايراپ تۇرغان بىر تال قۇش
كەبى مۇشۇ دۇنيانىڭ بىر قىسمى، دەپ ئويلايتتى.

ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى.

بۈگۈن مەن دەسسەپ تۇرغان يەر بىلەن مېنى ئايرىپ تۇرغان
نەرسىلەر ناھايىتى قېلىن ھەم شەپقەتسىز ئىدى. يۇمشاق توپا
تاشتەك قاتتىق سېمونتنىڭ تېگىدە قالغان. مېنى زېمىننىڭ
ئەسلى بېتىدىن قېلىن ھەم بەكمۇ قاتتىق سېمونت يوللار ئاي-
رىپ تۇراتتى.

خەقلەر مېنىڭ يېنىمدىن، ئالدىمدىن ئۆتۈپ تۇراتتى.

مەن خەقلەرنىڭ ئالدىدىن، يېنىدىن ئۆتەتتىم.

بۇ شەھەردە مەن تونۇمايدىغان ئادەملەر بەك جىق ئىدى. مەن ناھايىتى نۇرغۇن ناتونۇش ئادەملەر ئارىسىدا ياشايدىغان ئادەم ئىدىم. مەن تونۇمايدىغان ئادەملەرمۇ يەنە ناتونۇش ئادەملەر ئارىسىدا ياشايدىغان ئادەملەر ئىدى. مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى قارا كۆلەڭگىنىڭ ئويىچە ھەممەيلەن تەنها ياشاۋاتقانلار ئىدۇق. مېنى تونۇيدىغان ئادەملەرنى ساناشقا ئون بارمىقىم يەتسە كېرەك، مېنى چۈشىنىدىغان ئادەمگە بىر بارمىقىممۇ ئارتۇقلۇق قىلاتتى. ھەممەيلەن ماڭا ئوخشاش ئىدى.

ئەتراپىمدىكىلەر ماڭا زىيان يەتكۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلايدىغان ئادەملەر، خەقلەر ماڭا يامان نىيەتتە بولىدۇ، دەپ ئەنسىرەيدىغان ئادەملەر يەنە بىر-بىرىمىزگە گۇمانسىراپ قارايدىغان ئادەملەر بىلەن تولغان قايناق رەستىلەردە كېتىۋېتىپ، ئاجىزلاپ كەتكەن مېھىر يىپلىرىنىڭ چۆلدىكى ۋىلۇۋىلدەك بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم.

بۇلار مېنىڭ يۈرىكىمدە ئۇۋۋا سالغان يات ھەم سوغۇق تۇيغۇلارنىڭ چېقىندىلىرى ئىدى.

بۇ گەپلەرنى بىر چاغدا سابىت نۇرغا دېگەنىدىم، ئۇ چۆرىسى كىرلەشكەن شىلەپىسىنى قولىغا ئېلىپ بىر دەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن:

— بولماپتۇ ئۇكام، قارىغۇغا جاھان قاراڭغۇ كۆرۈنۈپتۇ، دېگەندەك ھەممىنى خۇددى مۇشۇنداق دەپ ئويلىسىڭىز بولمايدۇ. بۇ ئالەمنىڭ مېھرىگە ھېچنېمە توغرا كەلمەيدۇ، ئادەملەر مېھىر مۇھەببەت بىلەن ئۇلۇغ، كىشىلەرنىڭ بىرىنى تىللىشى، ئۇرۇشى ياكى بىر-بىرىگە يامان نىيەتتە بولۇشى دېگەن چىرايلىق باغقا ئانچە - مۇنچە چۈشىن، پاشا-كومۇتىلار كىرىۋالغانچىلىكلا ئىش، دۇنيانى سىز ئويلىغاندەك خىيال قىلساق يامان بولىدۇ، — دېگەنىدى.

ئارقىدىن ئۇ ئىمىن كاۋاپچىنىڭ تولا يېرىلىپ، يەملەپ ياساپ بولالماي دوختۇرلار ئىشلىتىدىغان يىلىملىك رەخت بىلەن

نەچچە يېرىنى چاپلاپ قويغان دۇتارنى قولىغا ئېلىپ بىر پەدە چېلىپ بەرگەندى. ئۇنىڭ ناخشىسىدا بۇ دۇنيانىڭ ئۆزى چەك-سىز مېھىر ھەم خۇشاللىققا تولغان جەننەت، ھەربىر كۈنى، ھەربىر مىنۇتنى خۇشال ئۆتكۈزۈش ئىنسانغا ھاۋادەكلا مۇھىم، دۇنيانىڭ ئازابلىرى ئالدىدا باش ئەگكەنلەرنى ئىنسانلىق شەرىپىگە مۇناسىپ دېيىشكە بولمايدۇ...، دېگەندەك مەزمۇنلار بار ئىدى.

ئۇنىڭ بوغۇق ئاۋازى بىلەن ناخشىنىڭ يەڭگىل ھەم كۆتۈ-رەڭگۈ ئاھاڭىنىڭ بىر يەرلىرى ماسلاشمىغاندەك بىلىنىپ قال-دى، مەن بۇ ناخشىنى ئاۋازى سۈزۈك ھەم ياڭراقراق بىرەرسى ئوقۇغان بولسا ياخشى بولاركەن، دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆت-كۈزگەنىدىم.

سابىت نۇر بۇ ناخشىسى بىلەن مېنى تىللاۋاتقاندەك ئىدى، ئەمما مەن كۆڭلۈمگە ئالمىدىم.

سابىت نۇرنىڭ قارىغۇغا جاھان قاراڭغۇ كۆرۈنىدۇ، دېگەن گېپى بىلەن ئويلىغانلىرىمنى ئوخشاش دېيىشكە قۇربىم يەتمىدى.

مېنىڭ ئويلىغانلىرىم، مېنىڭ ھېس قىلغانلىرىم، مېنىڭ دېگەنلىرىمنىڭ توغرا يەرلىرى جىقتەك سېزەتتىم.

بۇرنۇمغا گۇپپىدە ئۇرۇلغان بەتبۇي پۇراقتىن كۆڭلۈم سەسكىنىپ كەتتى، تار تەنتەربىيە ئىشتىنى كىيىۋالغان بىر ئا-يال بىر ئەرنى قولتۇقلاپ يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئايالنىڭ سېمىز بەدىنى، تارتىشىپ تۇرىدىغان بۇ كىيىم بىلەن كىشى كۆڭلىدە سەسكىنىشكە ئوخشايدىغان بىئارام تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى. نادىر، ئاياللارنىڭ مۇشۇنداق ئۆزىدە بارنى تولۇق نامايان قىلى-دىغان كىيىملەرنى كىيىۋېلىشىغا بەك ئۆچتەك قىلاتتى. بىر چاغلار ئۇ ماڭا خەقنىڭ ئايالىنىڭ ئۇ يەر- بۇ يەرلىرىگە قاراپ يۈرۈشمۇ ناھايىتى ئوسال ئىشلارنىڭ بىرى، بىرەر يامان نىيىتى بولمىسا خەقنىڭ خوتۇنىغا سىنچىلاپ قاراپ كەتمەيدۇ ياكى ئۇچرىغانلا قىزلارغا قاراپ يۈرمەيدۇ، دېگەندى، ئۇ مېنىڭ كى-تابتىن نەقىل كەلتۈرۈپ: ئەرلەرنىڭ ئايال زاتىغا قارىشى، تۇغما

بولىدۇ، ھېچقانداق يامان نىيىتى بولمىسىمۇ يەنە ئاياللاردىن كۆزىنى ئالالمايدۇ، دېگەن گەپلىرىمنى ئاڭلاپ قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىراپ كەتكەنىدى.

— تۇغما بولىدۇ دېگەن نېمە گەپ ئۇ؟ قېنى بىرسى سېنىڭ خوتۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ باقسۇن، شۇ چاغدا سەن قانداق قىلىسەن، ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا قارىشى تۇغما بولىدۇ، دەپ قاراپ تۇرامسەن؟ مۇشۇنداق زەيپانە گەپلەرنى قىلمىغىنا سەن.

مەن ئۇنىڭ غەلىتە چاقناپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپلا قالغانىدىم، ئۇ ئۇنداق دەۋاتسا مەن نېمىلا دېمەي قاملاشمايتتى.

بارا-بارا يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئىككىيلەننىڭ كەينىدىن قاراپ قالدىم، ئۇلارنىڭ بىر يەرلىرى ماڭا تونۇشتەك بىلىنىپ قېلىۋاتاتتى. بۇلتۇر دوختۇرخانىدا ياتقاندا بىر ياتاقتا ياتقان سېمىز ئادەم، ئۇنىڭ ئاچچىقى يامان خوتۇنى، مۇشۇلار بولسا كېرەك. مەن ئۇ ئىككىسىنى ياتاقتا يېتىشتىن ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغانىدىم، دېيىلىشىچە بۇ ئىككىسى نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئەتكەسچىلىك قىلىپ تۇتۇلۇپ قېلىپ، ئەر-خوتۇن تەڭ تۈرمىگە كىرىپ چىققانلاركەن، ئۇلارنىڭ ئوغرىلىغىنى كونا قەبرىدىن چىققان قانداقتۇر قىممەتلىك بىرنەرسىمىش. ئۇلارنىڭ مۇددىتى توشقىلى ئۈچ يىل قالغاندا ئەرنىڭ ئېغىر يۈرەك كېسىلى بولغاچقا كېپىللىككە قويۇپ بېرىلگەنىكەن. ئەينى چاغدا مۇشۇ ھەقتىكى خەۋەرلەر پۈتۈن شەھەرنى زىلزىلىگە سالغانىكەن. بۇ گەپلەرنى ئۇزۇن چاچلىق ئادەم مېنى يوقلاپ كىرگەندە سۆزلەپ بەرگەنىدى.

— توۋا، مۇشۇ شەھەردە تۇرۇۋېتىپمۇ مۇنچىۋالا ئىشنىڭ بولغانلىقىنى بىلمەي يۈرۈپتۇق، — دېدىم مەن ھەيران بولغان ھالدا.

— كىتاب باشقا، دۇنيانىڭ ئىشلىرى باشقا، كىتابقا باش-چىلاپ كىرىشىۋالغان ئادەم دېگەن مۇشۇنداق ھېچنېمىنى بىلمەي جاھاندىن كېتىپ قالىدۇ، — دېگەنىدى ئۇزۇن چاچلىق ئادەم.

— ئۇنداق تايىنى يوق ئىشلارنى بىلىشىڭمۇ جىق زۆرۈر-يىتى يوق، — دېدىم مەن سەل خاپا بولۇپ.
— دۇنيا مۇشۇنداق ئىشلار بىلەن تولغان، ئۇنى بىلىپ، ئۆدىكىنى ئۇيان، غېزىنى بۇيان ئايرىپ، ئوڭشايدىغاننى ئوڭشاپ، تۈزىدىغاننى تۈزۈپ ياشىمىسا، كەندىر قوقىنى يەپ بېشى قې-يىپ، ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە ماڭىدىغان كالىدىن نېمە پەرقى قا-لىدۇ ئادەمنىڭ.
ئۇزۇن چاچلىق ئادەم مەست ئىدى. ئۇنىڭ خوتۇنى بۇگۇن تاياق يېيىشى، ئاندىن خۇمارى بېسىلىشى مۇمكىن ئىدى.
ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ قوپال گەپلىرى ماڭا سەل ئېغىر كەلدى. ئۇزمەي تاماكا چېكىدىغان، تولا يۆتىلىدىغان بۇ ئادەمنىڭ نېمە ئۈچۈن چېچىنى ئۇزۇن قويۇۋالىدىغانلىقىنى ھېچكىم دەپ بېرەلمەيدۇ. قائىدە بويىچە چاچ دېگەن نەرسە لايىقىدا بولۇشى كېرەك ئىدى، بىراق ئۇنىڭ گەدىنىدىن ئاشقان ئۇزۇن چېچى مۇشۇ يەردىكى ھەممە ئادەمنى بىئارام قىلاتتى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ ئۇزۇن چېچىغا سەلىم موزدۇز بەك ئۆچ ئىدى. قانداقتۇر بىر-كىملەر ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنى تۇتۇپ ئاپىرىپ چېچىدىن تىراكتورغا سۆرىتىپتۇ، دېگەن گەپنى سەلىم موزدۇز تاپقانىدى. سەلىم موزدۇزغىمۇ جاھاندا ئەڭ ئۆچ ئادەم مۇشۇ ئۇزۇن چاچلىق ئادەم بولۇشى مۇمكىن.
— ئىپلاس نەرسە، قولۇمدىن كەلسە يالغان گەپ قىلغان تىلىدىن باغلاپ دەرەخكە ئېسىپ قويسام ... بۇ يەردىكى ئەقلى پوقتا چىلىشىپ قالغان بەغەرەزلەرمۇ كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىدۇ.
بۇ گەپنى سەلىم موزدۇز قانداقتۇر بىركىملەرگە بۇنىڭدىن ئون مىڭ يىل بۇرۇن بېسىۋالغان كاندىن ئون دانە گۆھەر ئۈچ-رىغانلىقى، ھەربىر گۆھەرنىڭ غاز تۇخۇمىدەك كېلىدىغانلىقى، ھەربىر گۆھەرنى كېچىسى سىرتقا ئەپچىقىپ قويسا بىزنىڭ مۇ-شۇ شەھەرگە تەڭ كەلگۇدەك جاينى يوپيورۇق قىلىۋېتىدىغانلىقى

ھەققىدىكى ئۆزۈن ھېكايىنى سۆزلەپ بولۇپ كېتىپ قالغاندا دې-
گەن گېپى ئىدى.

— زادى گۆھەر دېگەن نەرسە بار، — دېدى توپ ئىچىدىن
بىرەيلەن ئۆزۈن چاچلىق ئادەمگە ئالىيىپ قويۇپ، — بۇرۇنمۇ
جىق ئادەمگە ئۇچراپتىكەن.

— ھەي موللا پوك-پوك، ئون مىڭ يىل بۇرۇن بېسىۋالغان
كان ئىكەنلىكىنى سەلىمدەك بىر قارا قورساق نەدىن بىلىدۇ،
شۇ گەپكىمۇ ئىشىنىپ، ئاغزىغا قاغا چىچىپ قويسا تۇيمىغۇدەك
بولۇپ قاراپ تۇرۇپ كەتكىنىنى ماۋۇ كالۋانىڭ.

— مەسىلەن، گۆھەر ئۇچرىسا يامان ئىشمۇ ئەمەسە؟ —
دېدى ھېلىقى ئادەم ئاچچىقى بىلەن.

— يامان ئىش ئەمەس.

— ئەمىسە بۇنىڭغا كوتۇلداپ سەلىمكامنى تىللاپ يۈرگۈلۈك
ئەمەستە.

— ئۇ يالغان گەپ قىلىۋاتقان تۇرسا.

— يالغان بولسىمۇ يامان گەپ ئەمەس ئىشقىلىپ......

ئۆزۈن چاچلىق ئادەم تاماكىسىنى شوراپ بولۇپ يەرگە تاش-
لىدى-دە، پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆچەپ مىجىۋېتىپ گېلىنى
قىرىپ تۈكۈرۈپ قويۇپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ لوڭۇلداپ مې-
ڭىشلىرىغا ماسلىشىپ گەدىنىگە يەتكەن ئۆزۈن چاچلىرى لەپىل-
دەپ، كۆپۈپ باراتتى.

شۇ ئىشلارغىمۇ ئۆزۈن بولدى. بەلكىم ئۆزۈن چاچلىق ئادەم
مۇشۇنداق بىر گەپلەرنىڭ بولغانلىقىنى بۇ چاغقىچە ئۇنتۇپ
كەتكەندۇ.

ئۆزۈن چاچلىق ئادەم قاتتىق يۆتىلىپ بىر دەم تۇرۇپ كەت-
كەندىن كېيىن ماڭا مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ:

— قانداقلا بولسۇن ئاق-قارىنى پەرق ئېتىپ يۈرسىڭىز
بولىدۇ، — دېدى.

— ئاق-قارىنى پەرق ئەتمەك ئاسان، ئەمما ئاستىن - ئۈس-

تۇن بولۇپ كەتكەن ئىشلارنى ئۇنۇتۇپ بولغىلى بولمايدۇ، ھەمـ-
مىنى بىلىپ، تۇزەپ بولۇش بەندىچىلىكتە ھېچكىمنىڭ قولىدىن
كەلمەيدۇ.

— مۇشۇنداق گەپكە مەن بەك ئۆچ.

ئۇزۇن چاچلىق ئادەم نېمە دېسۇن مەن يەنىلا بۇ دۇنيادا
ھەممەيلەننىڭ بىلىدىغانلىرىمىز بەكلا ئاز، جاھاندا بەك جىق
نەرسىلەرنى بىلەلمەي، كۆرەلمەي، ئۆزىمىز پىرقىراپ يۈرىدىغان
تار يولدا تۇرمۇشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە جاھاندىن كېتىپ قالىـ-
مىز، دەپ ئويلايتتىم.

مەن قورۇنۇپراق ياتاققا كىرگەن چېغىمدا سىمىز ئەر يوغان
چىنىدىكى لەڭمەننى يەۋاتقانىكەن، ئۇ باش لىڭشىتىپ قىلغان
دوستانىلىقىمنى پەرۋايىغا ئالماي، ماڭا سوغۇق قاراپ قويدى.
مەن بىرمۇنچە پۇل تۆلىگەن بۇ ياتاققا خۇددى ئۇنىڭ ئۆيىگە بىـ-
رەر ئىش بىلەن يېلىنىپ كىرگەندەك ھالغا چۈشۈپ قالغىنىمـ-
دىن ھەيرانلا قالدىم. ئۇ بۇ ياتاققا مەندىن بۇرۇن كىرگىنى ئۈ-
چۈن مەن كەلگۈندى سانىلىپ قالسام كېرەك.

ماسكا، كۆزەينەك تاقىغان بىر سېستىرا كىرىپ مەن ياتىدىـ-
غان كارىۋاتقا كىرلىكلەرنى سېلىۋاتقاندا، مەن قىزنىڭ بويىدىن
كېلىۋاتقان كۈچلۈك دورا پۇرىقىدىن سەسكىنىپ كەتتىم. قىز-
نىڭ بوغۇۋالغان ئۇزۇن قارا چاچلىرىنى، قەددىنى تىك تۇتۇپ
مېڭىشلىرىنى كۆرۈپ كۆز ئالدىم يورۇپ كەتكەندەك بولدى.

— مەن يوقلاپ بارىمەن.

ئۇنىڭ يۇمشاق قوللىرى ئىسسىق ھەم نەمخۇش ئىدى.

— بولدى، ئاۋارە بولماڭ.

— خوتۇنىڭىز بىللە بارامدۇ؟

— ياق.

ئۇ مېنى مەڭگۈ كەچۈرمەيدىغاندەك ئەلپازدا يۈرگەن خوتۇ-
نۇمنىڭ مېنى يوقلاپ بارمايدىغانلىقىنى بىلمىسە كېرەك. مەن
ئۇنىڭغا خوتۇنۇم مېنى كەچۈرۈۋەتتى، ئەپلىشىپ قالدۇق، دەپ

يالغان ئېيتقانىدىم. بۇ مەن بىلىپ ـ بىلمەي قىلغان نۇرغۇن يالغانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىگە ئىشەنمەيدىغانلىقى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم ئىدى.

سەلىم موزدۇز يالغان ئېيتىدىغان ئادەم، يەنە مەنمۇ يالغان ئېيتىدىغان ئادەم، ھەممەيلەن يالغان ئېيتىمىز، شۇڭا باشقىلارنىڭ سۆزلىرىدىن گۇمان قىلىمىز، ئاسان ئىشىنەلمەيمىز. تونۇش ـ بىلىشلەر بىر ـ بىرىنى ئالداپ تۇرىدۇ، باللار ئاتا-ئانىلىرىنى گوللاپ تۇرىدۇ، ئەرلەر خوتۇنلىرىغا، خوتۇنلار ئەرلىرىگە يالغان گەپ قىلىپ تۇرىدۇ، دەۋاگەر سوتچىغا گەپنىڭ نەق ئۆزىنى دېمەيدۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇئەللىملىرىنى ئالدايدىغان نۇرغۇن ئەپلىك ھۈنەرلىرى بار، ئىمتىھانلاردا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ كۆزىنى قانداق غەلەت قىلىشنى ھەممىسى بىلىدۇ.

يالغان ھەم شۇنچىغا ئوخشايدىغان نەرسىلەر سازلىقتا ئۇلاشقان كۆمۈتىدەك بەك جىق.

— خوتۇنىڭىزغا ياخشى قاراڭ، ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش چىقارماڭ.

ئۇ مەيدەمگە يۈزىنى يېقىپ شۇنداق دېگەندە مەن ھېچنېمە دېمىدىم. بۇ گەپمۇ ماڭا يالغان گەپتەك تۇيۇلدى.

— گېپىمنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— ھە، ئاڭلىدىم.

— خوتۇنىڭىز ئازاب تارتىپ قالسا، مەن ئۆزۈمنى كەچۈرەلمەيمەن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— ئەسلي ئاشۇ سەتچىلىكتىن كېيىن ئىككىمىز يەنە سۆرۈشۈپ يۈرمىسەك بولاتتى، بىراق مەن چىدىمىدىم.

مەيدەمگە ئىسسىق، نەم بىرنەرسە چۈشتى.

دوختۇرخانىدىكى كۈنلىرىم بەك تەستە ئۆتۈشكە باشلىدى. قاچان چىقىدىغانلىقىمنى سورىسام توك قاپاق سېستىرا:

— ئۇقمايمەن، دوختۇردىن سوراڭ، — دېدى چىرايىمغىمۇ

قارىماي.

دوختۇردىنمۇ سوغۇق گەپ ئاڭلىغۇلماي دەپ باشقا گەپ قىلمىدىم.

ھېلىقى سىز ئەر خۇددى چالا بوغۇزلىنىپ قالغان كالىدەك سەت خارقىراپ خورەك تارتىدىغان چىقىپ قالدى، دەسلەپكى ئىككى كۈندە كۆزۈم ئۇيقۇغا ئىلىنىشماي تۈننى تاڭغا ئۇلاپ چىقتىم، بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ خورەك تارتىدىغىنىنى بىلمەمدۇ ياكى بىلسىمۇ پەرۋايىغا ئالمامدۇ، خورەك دەردىدىن ئۇخلىيالماي قىينىلىپ ھالىمدىن كەتكىنىمگە ھېچبىر ئېرەن قىلمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ خوتۇنى ياتاققا كىرگەندە بۇ خوتۇنىنىڭ بەدىنىدىن كېلىدىغان كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان پۇراقتىن ھەيرانلا قالغانىدىم، مەن دەسلەپتە ئۆزۈمنىڭ بۇرنىدىن گۇمان قىلدىم، كېيىن ياتاقتىكى باشقا ئادەملەرنىڭمۇ بۇرنىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇشلىرىدىن بۇنىڭغا ئىشەندىم. ياتاققا دائىم دېگۈدەك بىرمۇنچە ئادەم كىرىپ ـ چىقىپ تۇراتتى، ھەممىيلەن بۇرنىنى ئېتىپ ھېلىقى ئايالغا بىر قىسمىلا قاراپ قوياتتى، ئەمما ئۇنىڭغا ھېچكىم چىش يېرىپ بىرنېمە دېيەلمەيتتى. بۇ دۇنيادا مۇشۇنداق بىر ئىش بار، خەقنىڭ قانداقتۇر بىر ئىشلىرى سېنىڭ چىشلىرىڭنى قېرىشتۇرۇپ، كۆڭلىرىڭنى غەشلىكتە ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر قىلسىمۇ چىشىڭنى ـ چىشىڭغا بېسىپ چىدىماقتىن باشقا ئامال يوق.

— مۇمكىن بولسا ... — مەن گەپنى باشلاپ بولۇپ توختاپ قالدىم، ئەمما دېمەي بولمايتتى، — خورەكنى بوشراق تارتقان بولسىڭىز.

— نېمە بولدى؟

— سىزنىڭ خورىكىڭىزدىن ئۇخلىيالماي بەك قىينىلىپ كېتىۋاتىمەن.

— ئۇخلاۋەرمەمسىز. شۇمۇ گەپمۇ، پۇل تۆلەپ ياتقان ياتاقتا خورەك تارتامدىم-تارتمامدىم ئۆزۈمنىڭ ئىشى، سىز نېمە ئارد-

لىشىپ يۈرىسىز.

ئۇنىڭ ھېلىقى خوتۇنى گەپكە ئارىلاشتى.

— نېمانداق ئادەمسىز، خورەك تارتىش ئۆزىمىزنىڭ ئىشى، قانداق قىلساق شۇنداق قىلىمىز ...

مەن ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويۇپ جىم بولۇپ قالدىم. خورەك تارتساق ئۆزىمىزنىڭ ئىشى دېگىنى توغرا، بىراق ئۇلارنىڭ خورىكى مېنىڭ جان - جىنىمدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارىدۇ، ما خوتۇننىڭ ئېرىنىڭ خورىكىنىمۇ ئۆزىنىڭ ھېسابلايدىغانلىقىدىن تېخىمۇ ھەيران قالدىم.

بىر ھەپتە ئىچىدە خورەك ھەم ئادەملەر ھەققىدە جىق بىر نېمىلەرنى ئويلاپ كەتكىنىم يادىمدا.

چەكسىز مېھىر ۋە ئادەملەر ئارىسىدىكى بىھېساب ئامراقلىقتا تولغان بۇ كەڭ ئالەمدە يەنە يىرگىنچلىك ئادەملەرمۇ، ھەر ئامال قىلىپمۇ ئامراق بولغىلى بولمايدىغان ئادەملەرمۇ بولىدىكەن.

مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ خىياللىرىمنى سەل چوڭقۇنەم بولۇپ قالدى، دەپ ئويلىدىم، بىر ئادەم خورەك تارتسا شۇنىڭغىمۇ بىر مۇنچە بىرنېمىلەرنى دەپ كەتسەم، بۇنىڭدىن قاقشاپ، ۋايساپ يۈرسەم بۇنىڭ بىر يەرلىرى بىر قانداقتەك بىلىنەتتى. ئازابلىرىنىڭ تايىنى يوق بىر قىسما ئادەملەر بار، دەريا قۇرۇپ كەتسە كارى يوق، بىر پىيالە سۇيىنىڭ تۆكۈلۈپ كەتكىنىدىن ئاھ ئۇرىدىغان. ياتاقداشلىرىمنىڭ خورەك تارتىشى، سېسىق پۇرايدىغانلىقىدەك بىر ئىشلارغا چىدىمىغىنىم، يەنە مۇشۇ ئىشلارنى ئۇزاققىچە يادىمدىن چىقارماي يۈرگىنىمنىڭ ئۆزى مېنىڭمۇ تۆكۈلۈپ كەتكەن بىر پىيالە سۇ ئۈچۈن ھالى بەتتەر بولىدىغان خۇيۇمنىڭ بارلىقىدىن بېشارەتمىكىن، دەپ ئويلاپ قالدىم.

جاھان ئۆز يولى بىلەن ماڭىدۇ. مەن مەيلى نېمە دەي ئىش مانا شۇنداق، خورەك تارتىدىغانلار تارتىۋېرىدۇ، سېسىق پۇرايدىغانلار پۇراپ يۈرۈۋېرىدۇ، ئەڭ يامىنى ھېلىقى ئادەم ئۆزىنىڭ خورەك تارتىدىغىنىنى، خورىكىنىڭ دەھشەتلىك ھەم قورقۇنچلۇق

ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، بىلگەن تەقدىردىمۇ ئۇ نېمە قىلالايتتى.

مەن ساقايغىنىمدىن ئەمەس، مۇشۇ ياتاقتىن چىقىۋالغىنىم-
غا خۇش بولۇپ كەتتىم.

ياتاقدىشىم بىلەن خوشلاشمىدىم. مەن نەرسە-كېرەكلىرىم-
نى يىغىشتۇرۇۋاتقاندا ئۇ تەتۈر قاراپ يېتىۋالدى. مەن ئىلگىرى
كۆرۈپ باقمىغان بۇ ئادەم بىلەن ئارىمىزدا نېمىشقا بۇنداق لەند-
تى ئۆچمەنلىك پەيدا بولۇپ قالغىنىنى چۈشىنەلمىدىم. تار تەز-
تەربىيە ئىشتىنى كىيىۋالغان ئايال ھەم ئۇ قولتۇقلاپ كېتىۋات-
قان تولىمۇ سېمىز، خورىكى بەكمۇ يىرگىنچلىك ئەرنى كۆرۈپ،
ئۆتكەن خاتىرىلەر يادىمدىن كەچتى. ئۆزۈمنىڭ مۇشۇنداق ئەخ-
لەتتەك قەدىرسىز ئەستىلىكلىرىمدىن سەسكىنىپ كەتتىم. مەن
مۇشۇنىڭدەك تايىنى يوق بىر ئىشلارنى يادىمدا تۇتۇپ يۈرسەم پە-
قەت بولمايتتى.

كۈنلەر بىر خىلدىلا ئۆتىۋەردى. خۇددى بىر-بىرىدىن پەرقى
يوقتەك. كۈنلەر ھارغىن ئىدى. ناھايىتى تەستە، سۆرۈلۈپ ئۆ-
تەتتى. مېنىڭ خىياللىرىممۇ خۇددى مۇشۇ كۈنلەردەك ئۇزۇن،
سۆرەلمە ئىدى. يىڭناغۇچنى ئايروپىلان، دەپ ئويلايدىغان كىچىك
بالا ئۇزاق يىللاردىن كېيىن گاڭگىراپ، تېنەپ قالغاندەك قىلات-
تى. تاشلاندۇق كېسەكلەردىن مۇنار ياساپ، ئارقىدىن ئۆزى ئۆ-
رۈۋېتىپ چوڭ ئىش قىلغاندەك خۇشاللىق بىلەن سەكرەپ، شاد-
لىنىپ كېتىدىغان بالا كۈلەلمەيدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئۆمرى
قورقۇنچ، تەشۋىش ئىچىدە ئۆتۈپ كەتكەن ئانىسىنىڭ سۈت
پۇرايدىغان مېھرىلىك قوللىرىنى، دادىسىنىڭ سۇرلۇك كۆزلىرد-
نى، مەزمۇت، قاتمال دۈمبىسىنى، پۇچقاقلىرى تۈرۈلگەن پۇتلى-
رىنى ئېرىق بويىدىكى قۇمساڭغۇ يەرگە كۈچ بىلەن دەسسەپ مې-
ڭىشلىرىنى سېغىنغانىدى. ئۇ دادىسىنىڭ ئاشۇ قۇملۇق يالغۇز
ئاياغ يولدا قالغان ئىزىنى كۆرگەن ھەم دادىسىنىڭ ئىزىنىڭ يې-
نىغا دەسسەپ ئۆزىنىڭ ئىزى بىلەن دادىسىنىڭ ئىزىنى سېلىش-
تۇرۇپ باققانىدى.

يەلكەمنى ئېغىر بىرنەرسە بېسىۋالغاندەك بىئارام بولۇپ يول ياقىسىدىكى تۆمۈر جاھازغا يۆلىنىپ تۇردۇم. دادامنىڭ قىپ-قىزىل ئوت يالقۇنلىرىدا كۆيۈپ كەتكەن خاتىرىلىرىدە مەن ئۇ-چۇن ھاياتىمنى نۇرلاندۇرۇشقا يېتىپ ئاشقۇدەك سىر- ھېكمەت-لەر بار بولغىيدى. كىرسىن چىراغىنىڭ ئاجىز يورۇقىدا مۈكچە-يىپ ئولتۇرغان دادامنىڭ مېنىڭ پۈتلىشىپ، يىقىلىپ يۈرمەس-لىكىم ئۈچۈن يازغان نەرسىلىرىنى ئوقۇيالىغان بولسام قالتىس بولارمىدىكى دەپ ئويلايمەن. ئىككى كىتاب سېلىنغان چامادانىم-نى يېنىمغا قويۇپ قويدۇم. بېشىغا ئاق ياغلىق ئارتىۋالغان بىر موماي ئاۋايلاپ دەسسەپ كېلىۋاتاتتى. مەن ئۇنى تونۇشتەك موماي بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقتىم. بىراق، ئىككىسىنىڭ ئوخشاش يەر-لىرىنى تاپالمىدىم، موماي يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ياپچان سۇپۇرگىسىنىڭ ھىدى بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى. بۇ خۇددى مىنىڭ يىلدىن بۇرۇنمۇ باردەك، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كونا پۇراقتەك ئىدى. دوختۇرخانىدىكى ھېلىقى خورەكچىنىڭ خوتۇنى-نىڭ بويىدىن كېلىدىغان پۇراق بىلەن مومايىنىڭ بويىدىن كېلىدى-غان ياپچان سۇپۇرگىسىنىڭ ھىدىنى سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى.

مومايىنىڭ سۆرۈلۈپ كېتىۋاتقان ھالىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولۇپ كەتتى. بۇ موماي ئۆزۈنغا قالماي بۇ دۇنيا-دىن كېتىدۇ. بۇ دۇنيادىن كېتىش دېگەن ئادەتتىكى گەپ ئە-مەس، ھاياتلىقىدا ئۆزى بىر دۇنيا بولۇپ ياشىغان، مىڭلىغان ئارمانلارنىڭ ئىگىسى يەر يۈزىدىن يوقىلىپ مەڭگۈ كەلمەس جاي-غا كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئىزى بۇ دۇنيادىن مەڭگۈ غايىب بولىدۇ، يوقلۇق ئالىمىنىڭ تېگى يوق قاراڭغۇ ئۆڭكۈرىگە كىرىپ كەت-كەنچە ئەبەدىي يوقىلىدۇ. بۇ دۇنيادىن كەتتى، دېگەن گەپنى دې-مەك ئاسان بولغان بىلەن، ئۇ ھەقتىكى ئازابلاردىن، ئازابلىق خىياللاردىن، بۇ دۇنياغا كېلىش بىلەن بۇ دۇنيادىن كېتىش ئا-رىسىدىكى ھېكمەتلەرنىڭ تېگىگە يېتىپ، يۈرەكنى ئەزگەن مەش-ئۇم خىياللارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلماق تەس.

بىر مومايىنىڭ تولىمۇ مەيۇس ھالدا:
— بالىلىرىم، مەن ئۆلۈپ كەتكەندە جىنازامنىڭ ئالدىدا مېڭىپ بەك يىغلاڭلار، — دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ ھەيران قالغاندىم. شۇ چاغدا بىرمۇنچە ئادەم ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن كىم بىرسىنىڭ پەقەت يىغلىمىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇ بالىنى ۋاپاسىز، يۈرىكى قاتتىق، بىكۆيۈم بىرنەرسىكەن، دەپ تىللاۋاتقانىدى.
موماي ئۆلۈپ كەتسە باشقىلارنىڭ يىغلىمىغانلىقىنى، ئۆزى ئۈچۈن قايغۇرغانلىقىنى ئاڭلىيالمايدۇ، ئۇ بۇنى بىلىدۇ. بەلكىم ئۇ بالىلىرىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ يىغلىشىنى ئۆزىنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى شان-شەۋكىتىنىڭ بەلگىسى، ھاياتلىقتىكى قىممىتىنىڭ ئاخىرقى قېتىم نامايان بولۇشى، دەپ چۈشەنگەن بولۇشى مۇمكىن.
ھەممە ئادەم ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئۆلۈپ كەتكەنلەر ئۆلۈم بىلەن تەڭ ئۆزىنىڭ ئات-جۆنىنى، نام-ئەمەلىنى ھايات مەڭگۈ داۋام قىلىدىغان بۇ دۇنيادىن بىللە ئېلىپ كېتىدۇ. ھەممىمىز شۇنداق بولىمىز، مەنمۇ شۇ. ئاۋۇ ماشىنىسىنىڭ ئەينىكىنى چۈشۈرۈپ، بېشىنى يېرىم چىقىرىپ مەغرۇر كېتىۋاتقان يىگىتمۇ شۇنداق بولىدۇ. قونچاقتەك ياسىنىپ تاكاسلاپ كېتىۋاتقان ئاۋۇ سەتەڭمۇ شۇ، ئاخىرىدا ھەممىمىز غايىب بولىمىز، يوقاپ كېتىمىز.
مەن ئۆزۈمنىڭ مۇشۇنداق خىياللىرىمدىن بىزار بولغىلى بەك ئۇزاق بولدى.
ئۆلۈم بىزنى قۇچىقىغا ئالغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى چەكسىز مېھرىلىك ئالەم بىزگە مەنسۇپ. دادامنىڭ ئەقلى، پاراستى بىلەن تولغان خاتىرىلىرىنىڭ بەتلىرىدە ياكى مەن ئوقۇپ بولالمىغان كەلگۈسى توغرىسىدىكى كىتابلاردا ئادەملەر مېھرىلىك باغرىنى بىر-بىرىگە ئاچقان دۇنيادا ياشاشنىڭ ئۆزى قالتىس ياخشى ئىش، بىر ئامەت، دېگەن گەپلەر يېزىلغاندۇ. ھەقىقەتەن مۇشۇنداق يېزىلغان بولسا خۇددى شۇنداق ياشاش كېرەك، يېزىلمىغان بولسا مەن يېزىپ قويسام بولىدۇ.

دادام ئىچ-ئىچىدىن كۈلەلمىدى، دادامنىڭ ھاياتى ھەققىدە ئويلىغانلىرىمدا ئۇ قاقاھلاپ كۈلمىگەن، شادىمان ناخشىلارنى ئېيتىپ، كۈلكە چاقچاققا كۆمۈلۈپ باي-باياشات ياشىمىغان بولسىمۇ، جاھاننىڭ بەتبۇي كۆڭۈلسىزلىكلىرى، خورلۇق، تەش-ۋىشلىرى ئىچىدىمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئەڭ ئاخىرقى دەقىقى-گىچە ئۇمىد نۇرى ئۆچمىدى، دەپ ئويلايمەن. خۇددى ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەم بولۇپ يارالغىنىدىن چەكسىز شادلانغان، بۇ دۇنياغا تۇغۇ-لۇشنى چەكسىز بەخت ھېس قىلىپ، قالغان ئىشلارنى بىر تى-يىنغا ئەرزىمەيدۇ، دەپ ئويلايدىغاندەك قىلاتتى. مەنمۇ خۇددى دادامدەك تۇيغۇدا ياشىيالىسام بولاتتى، دېگەنلەرنى تەمە قىلاتتىم. ھايات ماڭا بەرگەن چەكسىز پۇرسەتلەر ئىچىدە مۇھەببەتنىڭ ئەڭ كۆپلۈكىگە ئىشىنىپ ياشىغۇم بار.

مەن كوچىدا كېتىۋاتقان ئۆزۈمگە نەزەر سالدىم.



مەھەللىسىدىكى ئەڭ چىرايلىق قىزلارنىڭ بىرى بولغان قەمبەرنىسانىڭ گىتار چالىدىغان بىرسىنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكىنىگە چىدىماي، ھەسرەت چەككەن بىرەيلەن ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كۆك رەڭلىك چامادانىنى كۆتۈرۈپ، تاشتەك قاتتىق كوچىدا نىشانسىز كېتىۋاتقان دەمدە، بىر چاغلاردا چاچلىرى قاپقارا قىزنىڭ يالقۇنلۇق كۆزلىرىدىكى ئوت-ھەۋەسكە مەپتۇن بولۇپ، بەختكە چۆمدۈم دەپ ئويلىغانلىرىنى يادىغا ئالدى. ئۆتكەن كۈنلەردىكى يۈرەكنى لەرزىگە سالغان ئۇلۇغۋار ھاياجانلارنىڭ ئەپسۇسقا ۋەج بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشىنەلمىگىلى تاسلا قالدى.

ئۇ چامادانىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋېتىپ ئۆزىنىڭ ئىككى مو يەردە باغ بىنا قىلىش خىيالىنىڭ ھەسرىتىدىن ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويدى. خىيالىدىكى ئاشۇ باغنى بىنا قىلىشقا قۇدرىتى يېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەمما، نېمىشقا قىلالمىغىنىنى ھا-زىرغىچە ئۆزىمۇ بىلەلمەي يۈرەتتى. ئېگىز-ئېگىز تېرەكلەرنىڭ، بۈك سۆگەتلەرنىڭ ئارىسىدا قۇشلار سايراپ، يېنىك شامال ئۇرۇپ تۇرغان باغنىڭ كۆڭۈللۈك سايىلەر ئەلەڭگىپ تۇرغان ئېرىقى بو-

يىدا يۇمشاق قۇملاردا يېتىپ، كۆپكۆك ئاسمانغا قارىغىنىچە تاتلىق خىياللارغا بۆلۈنۈپ كەتسە، كىچىك بالىلار ئېرىق بويىدا قوغلىشىپ ئويناپ يۈرسە، چىرايلىق توخۇلار، كەپتەرلەر، قوزىلىرى بەكمۇ ئۇماق قويلار، يەنە چاپچىپ تۇرىدىغان بىر ئات بولسا ...

ئۇنىڭ خىياللىرى يەنە مانانلىشىپ كەتتى.

# ئون بەشىنچى باب



كۆك رەڭلىك چامادانىم قوللىرىمنى تالدۇرۇۋەتتى، تونۇش مەنزىرە روھىمنى، كۆزۈمنى تالدۇرۇۋەتتى، بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن يوللارنى نەچچە رەت ئايلاندىم. تار كوچىنىڭ ئايىغىدىكى سۇۋاقلىرى چۈشۈپ كەتكەن ئائىلىلىكلەر بىناسى، بىنا ئالدىدىكى بوش يەردە توپا بېسىپ تۇرغان ئاق رەڭلىك پىكاپ، تۆت كوچىنىڭ گىرۋىكىدىكى ئەۋرەز يولى قاپقىقىنىڭ يېرىم ئېچىق ھالىتى ... سودا مېھمانخانىسىنىڭ بىرنەچچە تال خېتى سىڭايان بولۇپ قالغان ۋىۋىسكىسى، ساغلاملىق بۇيۇملىرى ساتىدىغان دۇكاننىڭ ئىشىك بېشىدىكى ئايال كىشىنىڭ ھاياسىز سۈرىتى ... قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان جايدىكى قېرى تېرەكنىڭ قۇرۇپ كەتكەن شاخلىرىنىڭ غېرىبانە كۆرۈنۈشى ... مەن شۇنچە يىللاردىن بۇيان مۇشۇ شەھەردە ياشاپ بۇ يەرنىڭ يوللىرىغا، ئېگىز بىنالىرىنىڭ رەڭگىگە، يول بويلىرىدىكى تازا ئايندىيالمىغان غېرىب چىراي مەنزىرە دەرەخلىرىگە، بوش - بىكار يەرلەردىكى چىملىقلارغا ... دىققەت قىلىپ بولالماي كەپتىكەنمەن. ئەمدى ھەربىرنەرسىگە تەپسىلىي قاراپ ماڭدىم. ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن ياكى بارار يېرىنىڭ تايىنى يوق ئادەملەرگە ئوخشاش كۆزۈمگە چېلىققان ھەربىرنەرسىدىن مېنىڭ ئەتكى، ئۆگۈندىكى ئىشلىرىمنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىغا ياردىمى تېگىپ قالىدىغان بىرەر شەپە كېلىدىغاندەك ئويلايتتىم. گاڭگىرى-

غان ئادەمگە ماڭمىدىغان يول چىقىپ قېلىشتىنمۇ ئارتۇق خۇش-لۇق بولمايدۇ. بىر ئادەم نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشنى ئۇقمىسا، ئەتە نېمە قىلىشنى، قانداق كۈن ئېلىشنى، ئۆزىنى نېمىلەر-نىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بىلەلمىسە ... باشقا كۈن چۈشتى، دەپ مۇشۇنى دېسە بولىدىغاندەك قىلاتتى.

مەن ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ ھالىم ھەققىدە ئويلاپ چۆچۈپ كەتتىم. مەن بۇنداق مېڭىشۋەرسەم بولمايتتى. شۇ ھالدا مەن ناھايىتى قا-بىل، بەكمۇ ئاقىل، ئەقلى، كۈچىگە تايىنىپ جاھاندىكى ھەر-قانداق ئىشنى ئەڭ ياخشى ھەل قىلىدىغان بىر ئادەم چىقىپ: «سەن بۇ ئىشنى مۇنداق قىل، مۇنداق ماڭ، مۇنداق سۆزلە» دەپ بېرىدىغاندەك، شۇ ئادەم ماڭا ماڭىدىغان نىشانىمنى كۆرسىتىپ بېرىدىغاندەك، قىلىدىغان ئىشىمنى بىرمۇبىر ئېيتىپ بېرىد-غاندەك بىر تۇيغۇدا ئىكەنمەن. مەن ئەزەلدىن مۇشۇنداق تۇيغۇدا ياشاپ كەپتىمەن.

ئەمما، ماڭا يول كۆرسىتىپ بېرىدىغان، مەن ئۇچۇن زېھ-نىنى، ۋاقتىنى، كۈچىنى سەرپ قىلىپ قولۇمنى يېتىلەپ ما-ڭىدىغان، تېيىلغاق داۋانلاردىن ئەگىپ ئۆتكۈزۈپ كېتەلەيدىغان ئۇنداق كىشى نەدە تۇرۇپتۇ. مەن شۇنداق ئادەم بولالىسام ياخشى بولاتتى.

دادامنىڭ كۆيۈپ كەتكەن خاتىرىلىرىگە: «ھەرقانداق ئادەم ئۆز يولىنى ئۆزى تېپىپ مېڭىشى، ئۆزىنى قاراڭغۇ يولدىن ئۆزى تارتىپ چىقىشى لازىم» دېگەن گەپ يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بۇ سۆزلەر يەنە چامادانىمدىكى كەلگۈسى توغرىسىدىكى ئىككى پارچە كىتابنىڭ بىر يەرلىرىدە چوقۇم بار. مەن بۇ كى-تابلارنى ئوقۇسام بولاتتى. ئۆزۈمنى جوڭقۇرالمايدىغان ھالىمدىن بەك بىزار بولۇپ كەتتىم.

قۇياشنىڭ ئۇلۇغۋار نۇرى چاقناپ تۇرغان پارلاق كۈنلەردە، قاراڭغۇلۇق مېنىڭ يۈرىكىمدە بولۇشى مۇمكىن.

مەن روھىمنى ئۆزۈمنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن تارتىۋېلىشىم

كېرەك ئىكەن.

مەن ئۆزۈمنى هاياتنىڭ يورۇق ساھىللىرىدا تۇرۇپ نۇرنى ھېس قىلالماي تەمتىرەپ يۈرگەن ئادەمدەك ئويلاپ قالدىم. ھاياتنى سۆيمەسلىككە ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق، دېگەن سۆزلەرنى يۈرىكىمگە ئۆچمەس قىلىپ يېزىشىم زۆرۈركەن.

مەن تاشتەك قاتتىق يولدا كېتىۋېتىپ ئادەملەرگە نەزەر سالدىم. ۋېلىسىپىتىنىڭ ئالدىغا كىچىككىنە بالىسىنى مىندۈرۈپ نېمىگىدۇر ئالدىراش كېتىۋاتقان ئاۋۇ كىشىنىڭ پېشانىسى تەرلەپ كەتكەندەك قىلاتتى.

ئۈچ چاقلىق موتوسىكلىتقا بەكمۇ جىق نەرسە بېسىپ كېتىۋاتقان ئاۋۇ بۇرادەر نەرسىلىرىنىڭ ئۆرۈلۈپ كېتىشىدىن قورققاندەك پات-پات كەينىگە قاراپ قويۇپ، ئاستا كېتىۋاتاتتى.

بايا ئالدىمغا ئۆتۈپ كەتكەن خورەكنى تازا تارتىدىغان سېمىز ئادەم بىلەن بەدىنىدىن ئېچىغان ئاچچىقسۇنىڭ ھىدىغا ئوخشايدىغان پۇراق كېلىدىغان خوتۇنى يولنىڭ قارشى تەرىپىدە كېتىپ بارىدۇ. ئۇلار خۇددى كۈننى كەچ قىلالماي ئاۋارىچىلىقتا قالغان ئادەملەردەك ناھايىتى ئاستا كېتىپ باراتتى.

بۇ دۇنيادا چوقۇم ئەستە ساقلاشقا تېگىشلىك شۇنچە ئىشلار تۇرسا، مېنىڭ مۇشۇ خورەكچى بىلەن ئۇنىڭ بويىدىن بەتبۇي ھىد كېلىدىغان خوتۇنىنى يادىمدا ساقلاپ يۈرۈشۈم كۆڭلۈمنى بىئارام قىلىۋەتتى. ئەسكە كىرىۋالغان كىرلەرنى تازىلاش كېرەك ئىدى.

تېخى چۈش بولمىغانىدى، قورسىقىم ئېچىشقا باشلىدى، قولۇمدىكى چامادان بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى، چامادانىم ئەتىگەنكىدىن ئېغىر ئىدى. ئىچىدە تۈزۈك بىرنېمە يوق، ناھايىتى نەچچە قۇر كىيىم بىلەن ئىككى پارچە كىتابلا تۇرسا، يەنە نېمىشقا بۇنچىۋالا ئېغىردۇ بۇ، بەزى چاغلاردا كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان يۈكلەرنىڭ ھەرقاندىقى بىزگە ئېغىر كېلىدۇ، ھەتتا بەزىدە يانچۇقىمىزدىكى بىر تال قەلەم، بىر

قاپ سەرەڭگە چاغلىق نەرسىمۇ ئىغىر كېلىدىغان چاغلار بولىدۇ. كاللامدىن مۇنداق بىر تەتۈر خىيال ئۆتتى: بىزگە ئىغىر كەلگەنى يۈكنىڭ ئىغىرلىقى ئەمەس، شۇ نەرسىنىڭ بىزنىڭ قولىمىزدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇرىدىغان سېزىم بولۇشى مۇمكىن.

ئۆي تاماقلىرىنى چىقىرىدىغان تىنچ بىر ئاشخانا بار ئىدى. چىرايىدىن تەبەسسۇم كەتمەيدىغان ئايال خوجايىن كىشىگە ناھايىتى ھايالىق ئايالدەك تەسىر بېرەتتى. مەن شۇ ئاشخانا جايلاشقان كوچىغا قايرىلدىم، چامادانىنىڭ نېمىشقا بارغانسېرى ئىغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىدىم.

ئىمىن ھەسەنگە تېلېفون بەردىم، ئۇنىڭ بىلەن گۇڭ-مۇڭ ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشكە ئامراق ئىدىم. ئىككىمىز بەزىدە تاماق يېيىشكەچ، چاي ئىچىشكەچ بەك جىق مۇڭدىشىپ كېتەتتۇق. ئۆزۈمگە ئايان بولغان كەمچىلىكىمدىن بىرى، تاماق ۋاقتىدا يا بىرسىنىڭ گېپىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇشقا، ياكى گەپنى ئۆزۈم قىلىشقا كۆنۈپ قالغانىدىم. بىرسىنىڭ گېپىنى تىڭشىغاچ، ياكى گەپ قىلغاچ يېمىسەم تاماق تېتىمايتتى.

— قانداق ئەھۋال.

ئىككىمىز قىزغىن ئەھۋاللاشتۇق. ئىمىن ھەسەننىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان كۆزلىرى جاھانغا كەڭرىلىك بېرەتتى.

— نېمە يەيمىز؟

— لەڭمەن يەيلى.

مۇگدەپ ئولتۇرغان كۈتكۈچى بىزنى كۆرۈپ خۇشياقمىغاندەك ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ تاتارغان چىرايى كۆڭۈلنى غەش قىلاتتى. كۈتكۈچى قىز ئىككى پىيالە بىلەن بىر چەينەك چاينى كۆتۈرۈپ ئالدىمىزغا كەلدى. ئۇنىڭ كىرلەشكەن پەرتۇقىغا قاراپ نەچچە رەت قاراپ سالدىم.

— نېمە تاماق يەيسىلەر؟

— لەڭمەن.

كۈتكۈچى يېنىمىزدىن كەتتى، ھېلىقى ئايال خوجايىن كۆ-

روْنمەيتتى. ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى كۆتكۆچى قىزدىن سوراپ باقاي دەپ، يەنە ئەپسىز ھېس قىلىپ قالدىم. مەن چامادانىمنى يېنىمدىكى ئورۇندۇققا جايلاشتۇرۇپ قويدۇم، ئىمىن ھەسەننىڭ مېنىڭ ھالىمغا، مۇھىمى چامادانىمغا قىزىقمىغانلىقىدىن ھەيرانلا قالدىم. ئۇ ئىچىنى چاي داغلىرى قاپلىغان پىيالىنى چايقىۋېتىپ چاي قۇيغاچ غودۇڭشىدى.

— ھېلىقى ئاداشنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدىڭىزمۇ.

ئىمىن ھەسەننىڭ چىرايىنى بىردىنلا پەرىشانلىق باستى. كۆزلىرىدىكى، چىرايىدىكى بايىقى ئىسسىق تەبەسسۇم يوقاپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

— كىمنى دەيسىز؟

— يەنە كىم بولاتتى، سابىت نۇرنى دەيمەن، داڭ قازىنىشقا بەك ئالدىراپ كەتتىغۇ بۇ ئاداش.

— نېمە بوپتۇ؟

— تېكىستىنى ئۆزى يېزىپ، مۇزىكىسىنى ئۆزى ئىشلىگەن، ئۆزى ئورۇندايدۇ، دېگەن قانداق گەپ ئەمدى...

ئىمىن ھەسەن ئىلمان چاي لىقلانغان پىيالىنى قاماللاپ ئولتۇرۇپ قوشۇپ قويدى:

— ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن ھامان بىر كۈنى چاتاق چىقىدۇ، قاراپ تۇرۇڭ.

— ئۇنداقمۇ بولماس، مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە چاتاق چىقىپ قېلىشتىن خۇدا ساقلىسۇن جۇمۇ.

— چاتاق بىكارغا چىقمايدۇ ئۇكام، چاتاقنى ئاشۇلار ئۆزلىرى چىقىرىدۇ، قاراڭ ئۇنىڭ: «يوغان قورساق خام كاللا، تۇرقۇڭ گويا بىر كالا، ئۇخلاشلىرىڭ چۇشكىچە، سەن لەقۋاغا يوق داۋا» دېگەن ناخشىلىرىنىڭ مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟

— بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ ھۆرۈن ھەم سېمىز ئادەمنى مەسخىرە قىلىپ كۈلكە قىلغاندەك بىر ئىشكەنغۇ.

— ئىشنىڭ ئىنچىكە يېرىگە دىققەت قىلمايسىز-دە، سىزنى كىتابنى كۆپ ئوقۇيدۇ، جىق ئىشلارنى بىلىدۇ دېسەم... ھەي، قاراڭە سىزنى، مەسخىرە قىلىش ئايرىم ئىش، بۇ يەردىكى مەسىلە كىمنى مەسخىرە قىلىشتا، ئۇنىڭ دۇتار بىلەن چالغان ئاشۇ ناخشىسىدا كىملەرنى مەسخىرە قىلىپ يۈرگەنلىكىنى بىلەمسىز.

— بىلمەيمەن.

— ئۇ ئابابەكرى قادىرنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ، بۇ سابىت نۇر قاچانلا قارىسا باشلىق بىلەن ئۆچەكىشىدىغان ئىشنى تاشلىمايدىكەن.

— ئابابەكرى قادىر بىر يەرنىڭ باشلىقى بولمىسا.

— ھازىر بولمىغان بىلەن ئۇ كېيىن باشلىق بولىدىغان ئادەم، پات ئارىدا ئۆسىدۇ ئۇ. ھازىرقىسى ئارامغا چىقسا ئىدارە شۇنىڭغا قالىدۇ. تۈنۈگۈن بېرىپ خەقلەرنىڭ ئۇنى ناخشىغا قوشۇپ، چېلىپ يۈرگىنىنى چۈشەندۇرۇپ قويدۇم.

— نېمىشقا ئۇنداق قىلىسىز، بۇنداقتا چاتاق چىقمامدۇ؟

— چاتاقنى ئاشۇ ئاداش ئۆزى تېرىۋاتامدۇ، بۇنى دەپ قويمىسام ئابابەكرى قادىر ئۇقمايدۇ دەڭا بۇنى، ئۇمۇ تازا بىر ھاڭۋاقتىكەن، ھاراقنى تولا ئىچىپ ئەقلى قالمىغان چېغى، دەسلەپتە ئىشەنمىدى، ئاخىرى بولماي بازارغا ئەپچىقىپ تازا مېھمان قىلىپ، ھاراقنى بولدى دېگۈچە ئىچكۈزۈۋېدىم ئاندىن چۈشەندى، بۇنىڭ ھېساباتىنى چوقۇم قىلىمەن، دېدى. قاراڭ بۇ ناخشا تېكىستى دېگەننى ئەسلىي بىز يېزىۋاتقان نېمە تۇرسا، سابىت نۇر پەيدا بولۇپلا چاپان چۆرىگىلى تۇرسا بىز نېمە ئىش قىلىمىز.

— مۇشۇنداق گەپلەرنى دېمىگىنىمىز ياخشى. ھېچكىم دىققەت قىلمىغان، ھېچكىم باشقىچە چۈشەنمىگەن ئىشنى سوزۇپ، تارتىشتۇرۇپ، شەكىلگە كىرگۈزۈپ يۈرسەك قاملاشمايدۇ، بۇنداق گەپلەر دېيىلىۋەرسە خەقلەر بارا-بارا ئىشىنىپ قالىدۇ. بىر گەپ بارغۇ يالغاننىمۇ ئۈچ قېتىم تەكرارلىسا راستقا ئايلىنىدۇ، دەيدىغان.

جىق سۆزلەپ سالغىنىمنى، گېپىمنىڭ سەل قىنىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ تۇرساممۇ گېپىمنى ھېچ توختىتالمايۋاتاتتىم.

مەن شۇ چاغدىلا ئىمىن ھەسەننىڭ مەست ئىكەنلىكىنى بىلدىم. كۆپكۆندۈزدە ئۇ نەلەردە يۈرۈپ قىزىۋالغاندۇ.

— سىز ئۇنداق دېگەنبىلەن بىر كۈنلەردە، بۇ ئىشلارنى باشقىلار سېزىپ قالسا خەق بىزنى مۇشۇنچىلىك بىرنېمىنىمۇ ھېس قىلالماپتۇ، ئىمىن ھەسەنمۇ چاغلىق ئادەمكەن دېمەمدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر بىزنى گۆش كاللا دەپ مەسخىرە قىلىدۇ.

— قويۇڭ، خەقنىڭ ھازىر كىم نېمە دەۋاتىدۇ، گېپىنىڭ تېگىدە نېمە گەپ بار، دەپ ئويلاشقا چولىسى نەدە، كىم بىلەن كىمنىڭ چاتىقى، ساق يەرنى تاتىلاپ يارا قىلىپ، ئاندىن يارىنى تاتىلاپ قانىتىپ، سازايى قىلساق چىقىن قونىدۇ، چاتاق شۇ چاغدا چىقىدۇ.

— ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ سىز، ھەرقايسىمىزدەك زىيالىي ئادەملەر مۇشۇنداق ئىشلارغا دىققەت قىلمىساق نېمە ئىش قىلىمىز.

مەن ئىمىن ھەسەنگە قاراپ تۇرۇپلا قالدىم، ئۇنىڭ پاكىز، تېخى قورۇق باسمىغان چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى، كىيىملىرى پاكىز، مايلانغان چاچلىرى پارقىراپ تۇراتتى. مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپ قالدىم. ناۋادا مۇشۇ گەپلەرنى خوتۇنۇم ئاڭلىغان بولسا نېمە دەر ئىدى.

باراقسان ئىككى تۈپ سۆگەتنىڭ سايىسى، تار ھويلىمىزنى تامام يېپىپ تۇرىدىغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتقان كۈنلەردە ئۇ پات-پات بىزنىڭ ئۆيگە كېلەتتى، مەن ئۇنىڭ يېقىن ئاغىنىسى، ئىشىنىشكە بولىدىغان دوستى، مۇڭدىشىپ كۆڭلىدىكى دەردلىرىنى تۆكۈپ بەرسە بولىدىغان ئۇلپىتى ئىدىم.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە سەل قىزىۋېلىپ كىرىپ كەلدى.

— ئوبدان تۇردىڭىزمۇ ئۇكام، سېغىنىپ كېلىپ قالدىم، قاراڭ، بۇ جاھاندا ئادەم تولا بولغىنى بىلەن، ئىككى ئېغىز گەپ-لەشكۈچىلىكى بار ئادەم تاپماق تەسلىشىپ كەتتى جۇمۇ، ھەممە يەرنى بەغەرەز ئادەملەر قاپلاپ كەتتى، بىلىمسىز ئادەم ھايۋاندىن پەرقسىز بولىدۇ، دېگەن راست گەپكەن.

ئايالىم ئىككىمىزگە لەپپىدە قاراپ قويدى. ئىمىن ھەسەن بۇنىڭغا دىققەت قىلمىدى.

ئىككىمىز ئاددىي زاكۇسكا بىلەن ئىچىشتۇق، پارىڭىمىز قىزىپ كەتتى.

ئۇ ماڭا قايسى باشلىقنىڭ قانچە ئاشنىسى بارلىقى، كىمنىڭ پارە يەپ تەكشۈرۈلۈۋاتقانلىقى، كىملەرنىڭ ئۈستۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقى، كىم بىلەن كىمنىڭ ھوقۇق تالىشىپ، قورساق ئۇرۇشى قىلىۋاتقانلىقى، كىم بىلەن كىمنىڭ بىردىن ئاكا تۇتۇپ ئۆزلىرىگە يۆلەنچۈك قىلىۋاتقانلىقىدىن تارتىپ، كىم بىلەن كىمنىڭ ئاجرىشىپ كەتكەنلىكى، كىملەرنىڭ ئاجرىشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقى دېگەندەك ئىشلارنى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى.

ئىككىمىزنىڭ ئايىغى چىقمايدىغان مۇشۇنداق پاراڭلىرىمىز پات-پات بولۇپ تۇراتتى.

بەزىدە مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە باراتتىم، ئۇ مېنى ناھايىتى نۇر-غۇن كىتابلار بىلەن تولغان كۇتۇپخانىسىغا باشلايتتى، بىز سۇن-ئىي خۇرۇمدىن قاپلانغان، ئىچىدىكى پۇرژىنىلىرى بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكتىن ئولتۇرغان ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان ساپادا ئول-تۇراتتۇق. ئۇ ماڭا يانداش ئولتۇرۇپ قىزىق گەپلەرنى قىلىپ بېرەتتى. مەن ئۇنىڭ گەپلىرىگە، بىلىدىغانلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە ھەيران قالاتتىم، ئارقىدىن كىتاب جاھازلىرىغا پاتماي قالغان، ھەتتا يەرگىمۇ ئۈستى-ئۈستىلەپ تىزىۋەتكەن كىتابلارغا ھەۋەس بىلەن قاراپ قالاتتىم. بۇ يەردە ھەرخىل تىلدىكى، ئوخشىمىغان زامانلاردا بېسىلغان كىتابلارنىڭ نۇسخىلىرى تېپىلاتتى، مەن

پىيالىدىكى قېنىق قارا چاينىڭ جەلپكار پۇرىقىنى ھىدلىغىنىمـ
چە، چاينىڭ تىك تۇرغان شامىسىنى تاماشا قىلغاچ ئۇنىڭ سۆز-
لىرىنى تىڭشايتتىم.

ئىمىن ھەسەن كۆڭلىرىنى كىتاب ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزىد-
ىغان ئادەم ئىدى.

مەنمۇ كىتابنى كۆپ ئوقۇيتتۇم.

— ئىككىڭلار توختىماي كىتاب ئوقۇيدىغان، ئەمما كىتاب
ئوقۇمىغاندەكلا يۈرىدىغان ئادەملەركەنسىلەر.

خوتۇنۇم مۇشۇ گەپنى قىلغاندا بىز ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئىچىد-
شىۋاتاتتۇق، ھەر ئىككىمىز مەست بولۇپ قالغانىدۇق. ئىمىن
ھەسەن خوتۇنۇمنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي قويىمىدى. ئۇ ماڭا
قايسى بىر ئىداردە بىللە ئىشلەيدىغان ئەر-خوتۇنلارنىڭ پات ئا-
رىدا ئاجرىشىپ كېتىدىغانلىقى، يەنە قايسى بىر ئىدارىنىڭ باش-
لىقىنىڭ پات ئارىدا مولالاق ئاتىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ
بېرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ مۇشۇ خىلدىكى گەپلىرىنىڭ راست چىقىپ
قالىدىغانلىقىدىن ھەيران ئىدىم. مەن بىلىمى چوڭقۇر، كۆپ
كىتاب ئوقۇيدىغان، بىلمەيدىغىنى يوق ئادەمنىڭ گېپىنىڭ
توغرا چىقىدىغانلىقىنى ھەيرانلىق بىلەن ھېس قىلاتتىم ھەم
چوقۇم توغرا چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم.

بەزىدە بىزنىڭ ئۆيدە، بەزىدە ئۇنىڭ ئۆيىدە جاھاننىڭ ئۇزاق
پاراڭلىرىنى سېلىپ، جىق بىر ئىشلارنى مۇلاھىزە قىلىپ بەزى
قايناپ، بەزى كۈلۈپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزەتتۇق. ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە
كەلگەندە مېنىڭ ئايرىم كۈتۈپخانام بولمىغاچقا مېھمانخانا ئۆيدە
ئولتۇراتتۇق. خوتۇنۇم داستىخانغا نان، قۇرۇق ئۈزۈم يەنە سۈس
دەملەنگەن قىزىل چاي ئەكىلەتتى، بۇ چاينىڭ قارا چايدەك خۇش
پۇرىقى يوق ئىدى. ئىمىن ھەسەن قىزىل چاي سوغۇق كېلىدۇ،
دېگەچ چاي ئىچەتتى، ئۇنىڭ ئەسلىي ئىچكۈسى بولمىسىمۇ يۈ-
زۈمنى قىلىپ ئامالسىز ئىچىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. خوتۇنۇم قارا
چاي ئۇيقۇنى قاچۇرىدۇ، دەپ پەقەت ئىچكىلى ئۇنىمايتتى، مەن

چايىنىڭ قانداق بولۇشىغا قىزىقمايتتىم، قانداق چاي بولۇشىغا دىققەت قىلىپ كەتمەيتتىم.

— سىلەرنىڭ ئىدارىنىڭ باشلىقى پات ئارىدا ئۇڭدا قالىدۇ.

ئىمىن ھەسەن كۆزۈمگە مەنىلىك قاراپ شۇنداق دېدى. كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قارىسام ئايالىمنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كېتىپتۇ.

— ئۇنداق بولماس.

— شۇنداق بولىدۇ.

— نېمىشقا؟

— ئۇ ھازىر خىيانەت قىلىۋاتىدۇ.

ئىككىمىز خېلى جىق ئىچىشتۇق، ئىمىن ھەسەننىڭ گېپى ئاغزىدىن چۈشۈپ قالغىلى تۇرغاندا ئۇنى ئۇزىتىپ قويدۇم.

ئۇنىڭ بىلەن دەرۋازا ئالدىدىمۇ گېپىمىز تۈگىمەي ئۇزۇن تۇرۇپ قالدۇق. كىمدۇر بىرى مەنىلىك يۆتىلىپ قويۇپ قېشىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى. قايتىپ كىرسەم ئايالىم تەلەتىنى مۇزدەك قىلىپ قاراپ ئولتۇرۇپتۇ، مەن ئاياللارنىڭ سورلۇك چىرايىغا، ئۇلارنىڭ تۈرۈلگەن قاپاقلىرىغا ئەڭ ئۆچ ئىدىم. يامغۇر ياغقان يەكشەنبىدىن كېيىن مەن خوتۇنۇمنىڭ كۈلۈپ تۇرغان چىرايىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانىدىم. مېنىڭ بۇ دۇنيادا ئادەملەرنىڭ مۇزدەك تەلەتىنى كۆرۈشتىنمۇ ئارتۇق ئۆچ كۆرىدىغان ئىشىم يوق.

— مۇشۇ ئادەمنىڭ ئۆيىمىزگە تولا كېلىشىدىن قورقىدىغان بولۇپ قالدىم، بىر بالاغا قالمىساقلا بولاتتىغۇ.

— نېمە بولدى؟

— قانداق ئادەم ئۇ، ھېلى ئۇ بۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىدىكەن، ھېلى ئۇ ئۇڭدا قالىدىكەن، پۈستانى يىقىلىدىكەن دېگەندىن باشقا گېپى يوقمۇ ئۇنىڭ، ئۆتكەندىمۇ ھېلىقى ناخشا ئوقۇيدىغان ئادەمنى بىرنېمە دەپ يۈرەتتى، كېيىن ئاڭلىسام شەھەرنىڭ خېلى يوغان بىر باشلىقى چاقىرتىپ، ئۇنى تازا ئەدەپلەپتۇ.

— شۇنداق ئىش بارمۇ ... ما گەپنى، مەن ئەجەب ئاڭلىماپ-

تىمەنغۇ.

— خەقلەردىن ئاڭلىدىم، شۇنداق ئىش بوپتۇ. گەپتىن گەپ، پۇتاقتىن پۇتاق چىقىرىدىغان بۇنداق ئادەمدىن نېرى يۈر-سىڭىز ئوبدان بولاتتى. گەپنى بۇ ئادەم قىلىپ، چىڭىغا چىققاندا ئۇ گەپنى سىز دېگەن بولۇپ قېلىپ خاپىلىققا قالماڭ يەنە، بې-شىڭىزغا توقماق تەگكەندە ئۇلگۇرەلمەي قالىسىز. تايىنى يوق ئىشنى تولا قىلىدىغان خۇيىڭىز بار ئەمەسمۇ... يەنە ئىش تېرىپ يۈرمىسۇن دەۋاتىمەن.

ئۇنىڭ زەھەردەك گەپلىرىنى تەستە يۇتۇۋېتىپ دېدىم:

— مەن بۇ ئادەمنى ئۇنداق قىلماس دەيمەن، بەك جىق كى-تاب ئوقۇيدىغان ئادەم، ئاندىن يەنە ياخشى نەرسىلەرنى يازىدۇ، ئۇندىن باشقا ......

— قويۇڭا شۇ گەپنى، كىتاب ئوقۇغان بىلەن ھېساب ئە-مەس، ئادەم بولسا ھېساب.

خوتۇنۇم يەنە نۇرغۇن گەپلەرنى قىلدى، كىمدۇر بىرسىنىڭ مۇشۇنداق قۇرۇق سۆزلەرگە ئارىلىشىپ قېلىپ زىيان تارتقانلى-قىنى، تۆھمەت دېگەننىڭ مۇشۇنداق يوقىلاڭ گەپلەردىن ئۇرۇق-لىنىپ، بىخلىنىپ چىقىدىغانلىقىنى ئۇزاق ھەم ئاچچىقلاپ چۈ-شەندۇردى.

ئۇنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشلىرىدىن سۆيۈنەتتىم.

يامغۇر ياغقان يەكشەنبىدىكى ئىشتىن كېيىن ئايال كىشى دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇم.

خوتۇنۇمنىڭ گېپىنىڭ توغرىلىقىنى بىلسەممۇ، بىراق يە-نىلا ئىمىن ھەسەننىڭ ئۆيىمىزگە پات-پات كېلىشىنى، ياكى مېنى چاقىرتىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. مەن ئۇنىڭ كىم كىمنىڭ ئاشنىسى، كىم يىقىلىپ كىم قوپىدۇ، كىم بىلەن كىمنىڭ چا-تىقى بار، دېگەندەك سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا ئامراق ئىدىم، بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلاشقا خۇمار بولۇپ قالغان ئادەملەر مەنلا بولۇشۇم ناتايىن، مەنمۇ بارا-بارا بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا زەن سېلىپ

قارايدىغان، كىم بىلەن كىمنىڭ قانداق ئىشى بارلىقى، كىملەر-
نىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى تولا ئويلايدىغان بولۇپ قې-
لىۋاتاتتىم.

كۆتكۈچى قىز قاپاقلىرى ئېچىلمىغان هالدا ئىككى تەخسە
لەڭمەننى ئۈستەلگە قويدى. ئىمىن هەسەن قىزغا قاراپ:

— ئاچچىقسۇ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى. قىز كەينىگە لەپپىدە قاراپ قويۇپ گەپمۇ قىلماي نېرىقى ئۈستەلدىكى كىچىككىنە چەينەكنى ئېلىپ ئالدىمىزغا توككىدە قويۇپ، نېرىغا كەتتى. ئۇ شۇ هالدا بىزنىڭ تاماق بۇيرۇتقىنىمىزدىن، ئاچچىقسۇ بارمۇ دې-گىنىمىزدىن بىزار بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. بەزى ئادەملەر ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ، مۇز تەلەت ئادەملەر يىرگىنچلىك بولىدۇ، دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئادەمنىڭ چىرايىغا كۆلكە ياردىشىدۇ. يامان ئىشلارغا يولۇققاندا غەزەپ يارىشىدۇ. هېچنېمىدىن هېچنېمە يوق هىجىيىدىغان، بىكاردىن - بىكار غەزەپلىنىدىغان ئادەملەر بۇ دۇنيانى تارلاشتۇرۇۋېتىدۇ. چىرايىدىن مۇدهىش سوغۇقلۇق چىقىپ تۇرىدىغانلارنى بۇ دۇنيانى ئەخلەت قىلىۋاتقانلار دېسە بولىدۇ.

ئۆزۈمگە هەيران قالدىم، مەن نېمىلەرنى ئويلاپ يۈرمەن. مۇشۇنداق بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىۋېرىدىغان خىياللىرىمدىن سەل بىزار بولۇۋاتاتتىم. خىياللىرىمنى يىغىشتۇرالمايدىغان ئەيىبىم جېنىمغا تېگىۋاتاتتى.

— ئاچچىقسۇ قۇيامسىز؟

— ياق.

— قۇيۇڭ، بۇ ياخشى نەرسە.

— بىر ئوبدان تاماقنى ئۆزىنىڭ تەمىگىلا ئوخشىتىپ قو-يىدىغان بۇ نەرسە بىلەن خۇشۇم يوق، هەربىر غىزانىڭ ئۆزىنىڭ ئايرىمچە تەمى، پۇرىقى بولىدۇ، مۇنۇ ئاچچىقسۇ دېگىنىڭىز هەممىلا نەرسىنى پەقەت ئاچچىقسۇنىڭ تەمىگىلا ئوخشىتىپ قويىدۇ، ئۆزگىچە تەمنىڭ هەممىسىنى يوقىتىدۇ. شۇڭا مەن بۇ نەر-

سىگە ئۆچ.

ئىمىن ھەسەن باشقا گەپ قىلماي ئاچچىقسۇ قويۇلغان ئىب-شىنى مالتىلاشقا باشلىدى. مەن تۇرۇپلا يەنە ئارتۇق گەپ قىلىپ قويغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم.

بايىقى كۇتكۇچى پول سۇرتكۇچ بىلەن ئاشخانىنىڭ ئىشىك تەرىپىدىكى بوش يېرىنى سۇرتۇشكە باشلىدى. ئۇ ئېگىشىپ كۇ-چەپ سۇرتۇۋاتاتتى. ئەپتىدىن بىرنەرسىگە ئىچى پۇشۇپ قالغان-دەك، شۇ تاپتا جېدەلگە باھانە تاپالمايۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. قىس-قا كېلىپ قالغان كوپتىسى ئۇستىگە سۇرۇلۇپ دۇمبىسى ئېچى-لىپ قالغانىدى. بۇنى كۆرۈپ غىققىدە بولۇپ قالدىم.

كۇتكۇچىنى كاللامدىن چىقىرىۋەتسەم بولاتتى.

ئىمىن ھەسەن لەڭمەننىڭ چۆپىنى شوراپ يېيىشكە باشلى-دى. قورسىقىم ئېچىپ تۇرسىمۇ كۆڭلۇم غىزاغا تارتمايۋاتاتتى.

— كىتابلىرىڭىزنىڭ سانىنى ئېلىپ باقتىڭىزمۇ.

ئىمىن ھەسەن ئالدىدىكى قەغەزنى پۇرلاپ ئاغزىنى سۇرتۇ-ۋېتىپ ماڭا لەپپىدە قاراپ قويدى.

— ياق، ئىشقىلىپ ئىككى - ئۈچ مىڭ چىقىپ قالارمىكى، قانداق دەيسىز.

مەن ھېلىقى قىزغا، ئۇنىڭ دۇمبىسىگە قارىماسلىققا تىرى-شىۋاتاتتىم.

— سىز ئاشۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ بولدىڭىزمۇ.

— ياق، ھەممىسىنى ئەمەس، بەزىلىرىنى ئوقارمەن دەپ ئې-لىپ، ۋاقىت چىقماي شۇ پېتى تۇرۇپ كونىراپ كەتكەنلىرىمۇ بار، بەزىلىرىنى ئېلىپ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنى ۋاراقلاپ خۇش-ياقماي تاشلاپ قويغانلىرىمۇ بار، ئىشقىلىپ ئۆيدىكى كىتابلار-نىڭ تەگدىن تولىسىنى ئوقۇغان بولۇشۇم مۇمكىن. بۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ؟

— چاي ئەكىلىڭ.

كۇتكۇچى بىر چەينەك چاينى ئەكىلىپ قويۇپ يەنە پول

سۇرتۇشكە باشلىدى. مېنىڭچە ئۇ دۇمبىسىنىڭ ئېچىلىپ قالغان-لىقىنى بىلمىسە كېرەك. يا بولمىسا بىلسىمۇ ئېچىلىپ قالغان-لىقىنى قېتىغا ئالمىسا كېرەك. ئىچ پۇشۇقى كۆڭلۈمنى بىئارام قىلىۋاتاتتى.

— بىزنىڭ ئۆيدىمۇ نۇرغۇن كىتاب بار، سانىنى ئېلىپ باقماپتىمەن، ھەممىسىنى ئوقۇدۇم دېسەممۇ بولىدۇ، ئەمما يا-دىمدا قالغانلىرى بەكلا ئازكەن، كىتابلارنىڭ كۆپىنچىلىرىدە زادى نېمىلەرنىڭ يېزىلغانلىقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىپتى-مەن. دېمەك بەزى كىتابلارنى ئوقۇغاننىڭ پەقەت پايدىسى بولماپ-تۇ... ۋاقىت ئىسراپ قىپتىمەن.

— ئۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ. ھازىر سىز ئۇنتۇپ كەتتىم، دېگەن كىتابلار شۇ زاماندا سىزگە قالتىس نەپ بەرگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئىمىن ھەسەنگە چامادانىمدا كەلگۈسى ھەققىدە يېزىلغان ئىككى پارچە كىتابنىڭ بارلىقىنى، ھازىرغىچە ئوقۇپ باقمىغان-لىقىمنى سۆزلەپ بەرمەكچى بولۇپ يالتىيىپ قالدىم. ئاغزىمنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان سۆزلەرنى دېمىدىم. دېسەم گېپىمنىڭ ئاخىرىدا دادامنىڭ نۇرغۇن كىتابلارنى كۆچۈرگەنلىكى، ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيانىڭ كەلدى-كەتتى ئىشلىرى توغرىسىدا، ياشىماقنىڭ يورۇق ھەم قاراڭغۇ تەرەپلىرى ھەققىدە جىق بىرنەرسىلەرنى ياز-غانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ سېلىشىم مۇمكىن ئىدى.

كەتمەن چاپىدىغان دادام قارا چىراغنىڭ سۇس يورۇقىدا ئولتۇرۇپ سىياھى تۈگەپ قالغان قەلىمىنى سىلكىپ قويۇپ، توختىماي بىرنەرسىلەرنى يازاتتى.

مېنىڭ، ئىمىن ھەسەننىڭ قەلەملىرىمىزنىڭ سىياھى تو-لۇق ئىدى.

يوپيورۇق چىراغلىرىمىز بار ئىدى.

بىزنىڭ كىتابلىرىمىزنى، خاتىرىلىرىمىزنى ھېچكىم كۆي-دۈرۈۋەتمەيتتى.

بىز يورۇق ئۆيلىرىمىز، پاكىز ئۇستەللىرىمىز بولسىمۇ بىرنەرسە يازمايتتۇق، ئەمما چىن ئىخلاسىمىز بىلەن ناھايىتى ئۇزاق پاراڭلىشاتتۇق، دېيىشىدىغان گەپلىرىمىز تۈگىمەيتتى، كۈندىن ـ كۈنگە ئاۋۇپ باراتتى. ئاخىردا دېيىشكەن گەپلىرىمىز ـ نىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئېسىمىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى. بولۇپمۇ، مېنىڭ ئېسىمدە قالىدىغانلىرى خەقلەرنىڭ كەلدى ـ كەتتى ئىشلىرى ۋە يوتقان ـ كۆرپىگە ئالاقىدار پاراڭلار بولاتتى.

ئىمىن ھەسەن بىلەن خوشلىشىپ يەنە بىر كوچىغا قاراپ ماڭدىم. مەن ئوقۇغان شۇنچە كىتابلارنىڭ ماڭا زادى قانچىلىك پايدىسى تەگكەنلىكىنى ھازىر بىرنېمە دېيەلمەيمەن. بۇ دۇنيادا كىتاب يازىدىغانلار، كىتاب ئوقۇيدىغانلار، كىتاب كۆيدۈرىدىغانلار، كىتابلار ئۈچۈن جېنىنى سېلىپ بېرىدىغانلار بار. ئېقى قەغەز، قارىسى سىياھ بۇ نەرسە ھاياتلىق ئالىمىگە ئاجايىپ بىر زۆرۈرىيەتلەر بىلەن پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، مەن ئاشۇ زۆرۈرىيەتلەرنىڭ نېمىلىكىنى تازا بىلىپ كەتمەيمەن. دادام بىر ئۆمۈر بىرنېمىلەرنى يېزىش بىلەن ئۆتتى. مەن دادامنىڭ قاپقارا ئىس تۇتەپ تۇرغان قارا چىراغنىڭ يورۇقىدا ئولتۇرۇپ سىياھى قالمىغان قەلەمنى سىلكىپ قويۇپ، كىتىرلىتىپ بىر ـ نېمىلەرنى يازغانلىقىنى كۆرەتتىم، دادامنىڭ سۇۋاقلىرى يىرىك تامغا چۈشكەن يوغان سايىسى ماڭا سىرلىق ھەم ۋەھىملىك تۇ ـ يۇلاتتى. دادامنىڭ دۇمبىسىنى قىسماقتەك ئېگىپ پات ـ پات چۆ ـ چۈگەندەك ئەندىكىشلىرىنى، بىرنېمىدىن قورققاندەك، تەشۋىشكە چۈشكەندەك ئىشىككە، پەنجىرىگە ئەنسىز قاراشلىرىنى كۆرۈپ ئىچىم سىيرىلاتتى.

ـــ مۇشۇ بىرنېمىنى يازمىسىڭىز بولمامدۇ؟!

ـــ يازمىسام نېمە ئىش قىلىمەن؟!

ـــ بۇنى يېزىپ خاپىلىق تارتىپ يۈرگىچە رەھىم چوڭدەك قىمارۋاز بۇلۇڭ، سالى مىرابتەك نەشىكەش بۇلۇڭ، روزى زەڭ ـ گىدەك قارتا ئويناڭ، ئىشقىلىپ يازىدىغان ئىشنى قىلماي نېمە

قىلسىڭىز مەن رازى ئىدىم.
— بۇنداق دېسەڭ قانداق بولىدۇ، مېنىڭ قىلغانلىرىم يامان ئىشلار ئەمەس، خەق مەندىن گۇمان قىلىۋاتىدۇ، خەقلەرنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقا، يامان يولدىن يېنىپ توغرا يولنى تېپىۋېلىشىغا پايدىسى تېگىدىغان، قانداق ياشاشنى بىلىۋېلىشىغا ياردىمى تېگىدىغان نەرسىنى يېزىۋاتىمەن، بۇنىڭ نەرى يامان.
— قىلما، دېگەن ئىشنى قىلغان ئادەم ياخشى كۈن كۆرمەيدۇ. ئۇ خەق سىزنى چەكلىگەندىن كېيىن جىم يۈرسىڭىز بولمامدۇ.
— ئۇلار ياخشى ئىشنى قىلما دېگەن بولسىچۇ. كىشىلەرگە ھاياتنىڭ نۇرغۇن زۆرۈرىيەتلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.
— بۇنداق چىگىلىماش گەپلەرنى مەن چۈشەنمەيمەن، مەن قورقىمەن، كېچىلىرى داۋاملىق ھېلىقى ئادەملەر ئۆيىمىزگە كېلىپ سىزنى، مېنى باغلاپ كېتىپ چۈش كۆرىمەن ... بالىمىز كىچىك تۇرسا ...
ئانام مەن تەرەپكە قاراپ قويدى.
— بالىمىز ئۈچۈن يېزىۋاتىمەن، مەن بارلىق ئەقلىمنى قەغەزگە پۈتۈپ ئۇنىڭغا قالدۇرىمەن، ئۇ چوڭ بولغاندا مېنىڭ ئەقلىم بىلەن ئۆزىنىڭ ئەقلىنى جۇغلىسا ئىككى كىشىلىك ئەقىلگە ئىگە بولىدۇ، ئۇنىڭ بالىسى ئۈچ كىشىلىك ئەقىلگە ئېرىشىدۇ ... گېپىمنى چۈشىنىۋاتامسەن ... ئۇنى تايىنى بار ئادەم بولسۇن دەيمەن ...
دادامنىڭ ئۇ نەرسىلەرنى مەن ئۈچۈن يازىدىغانلىقىنى شۇ چاغدا بىلگەنىدىم، ھەم ئۇنىڭدا نېمىلەرنىڭ يېزىلغانلىقىنى بىلگۈم كەلگەنىدى، ئەمما بۇ مۇمكىن بولمىدى.
دادامنىڭ ئاشۇ خاتىرىلەرگە نېمىلەرنى يازغانلىقىنى بىلىش ماڭا نېسىپ بولمىدى. بەلكىم، ئۇ مېنىڭ تايىنى بار ئادەم بولۇشۇم ئۈچۈن پايدىلىق نەرسىلەر بولغىيدى. دادام ئۆز ئەقلىنى مېنىڭ ئەقلىمگە قوشۇپ بەرمەكچى بوپتىكەن. مەن كېيىنچە

بەك جىق كىتابلارنى ئوقۇدۇم، دادام كۆتكەندەك تايىنى بار ئادەم بولالىدىمۇ-يوق؟ بۇنى بىلمەيمەن. دادامنىڭ بۇ دۇنيادىكى جىمى ئارزۇ-ئارمانلىرى، ئۈمىدلىرى، ھاياتقا بولغان پوزىتسىيەسى ئاشۇ خاتىرىلەرنىڭ ئارىسىغا كۆمۈلگەن بولغىيدى.

— داداڭ قالتىس ئادەم ئىدى، جاھان تەتۈر كەلمىگەن بولسا ئۇ ھېلىغىچە ئالىم بولۇپ كېتەتتى.

بۇ گەپلەرنى قىلغان ئادەمنى تونۇمايتتىم، ئۇ مېنىڭ كىملىكىمنى، كىمنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىمنى سوراپ بولۇپ شۇ گەپلەرنى دېدى.

— چىرايىڭ تونۇش بىلىندى. كۆڭلۈم تۇيغان زادى. مەن داداڭنىڭ قەدىناس ئاغىنىسى.

مەن كېيىنكى كۈنلەردە بۇ ئادەمگە دىققەت قىلغاندىم. بۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەندە، دادام تېخى ھايات ئىدى.

— كۆيدۈرمەڭلار... — دادام يىغلامسىرىدى، مەن ئۇنىڭ مەزمۇت قەددىنىڭ پۈكۈلگەنلىكىنى، كۆزلىرىنىڭ خىرەلەشكەنلىكىنى، ئاۋازىنىڭ بوغۇلۇپ چىقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

— بۇلارنىڭ ھەممىسى كېسەل داۋالاشقا ئالاقىدار نەرسىلەر، يەنە پەند-نەسىھەت، ياخشىلىقنىڭ يوللىرى توغرىلىق يېزىلغانلىرىمۇ بار...

— تەكشۈردۇق، ھەممىسى چۈشىنىكسىز، پەلەپەتىش نەرسىلەركەن، سەن قانداقتۇر مەدەن، ئوت-خەسلەر بىلەن كېسەل داۋالاشنىڭ گېپىنى قىلىپسەن، ئاندىن يەنە ئۇنداق ياشاش كېرەك، مۇنداق ياشاش كېرەك، كىشىنىڭ ھەربىر كۈنى بىر ھاياتلىققا تەڭ، دېگەندەك قاملاشمىغان گەپلەركەن......

— بۇلار خاتا ئەمەسقۇ؟

— بۇ نېمىلەرنى بىز چۈشەنمىدۇق، بىز چۈشەنمىگەنىكەنمىز بۇنىڭ ئارىسىغا زەھەرلىك نەرسىلەر يوشۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن، ھازىر دېگەن يېڭى زامان، كېسەل داۋالايدىغانغا دوختۇرخانىلار بار، بالىلارغا نەسىھەت قىلىدىغان مۇئەللىملەر بار،

بولدى، كۆيدۈرۈشلار ......

تەلەتى بەك سوغۇق ئادەمنىڭ ۋارقىراشلىرى هويلىنى بىر ئالدى. ئىككى تەرەپتىكى قوشنىلىرىمىز ئۆگزىلىرىگە چىقىپ قاراپ تۇرۇشاتتى، ئۆينىڭ ئالدىغا بىرمۇنچە ئادەم توپلىشىپ قالغانىدى.

كۆيگەن كىتاب، خاتىرىلەرنىڭ قاپقارا ئىسلىرى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى، كۆيگەن ۋاراقلارنىڭ سۆگەت غازىڭىدەك توزۇندىلىرى ئىسلار ئارىسىدا پىلدىرلاپ، كۆككە كۆتۈرۈلۈپ كۆزدىن غايىب بولاتتى.

دادامنىڭ بۇقۇلداپ يىغلىغانلىقىنى كۆرۈپ مەنمۇ يىغلىدىم، دادام بوۋام قازا قىلىپ كەتكەندىمۇ بۇنچىلىك ياش تۆكمىگەنىدى.

دادامنىڭ شۇ چاغدا يازغانلىرى چامادانىمدىكى كىتابلار بىلەن ئوخشاش بولغىيمىدى؟ مەن دادامدىن قالغان شۇ خاتىرىلەرنى ئوقۇيالىغان بولسام، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىيالىغان بولسام ياخشى بولاتتى. بوۋامدىن، دادامدىن قالغان ئەقىل مېنىڭ كاللامغا قويۇلماي قالغاندەك ھېس قىلاتتىم.

يول بويلىرىدىكى پاكار مەنزىرە دەرەخلىرى ئاپتاپتا ياپيېشىل بولۇپ كۆرۈنەتتى. جۇلاسى كەم بۇ دەرەخلەر يول بويىدا جىمجىت تۇرۇشاتتى. مۇشۇ دەرەخلەر بىلەن مېنىڭ، يەنە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرىمىزنىڭ ئوخشايدىغانلىقىنى بىركىملەرگە چۈشەندۈرۈپ بولالمايمەن.

ئىككى مو يەردە باغ بىنا قىلىش ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشقان بولسا ياخشى بولاتتى. قويۇق تېرەكلەر، جىگدىلەر، باغلاردىكى ئۈزۈم، ئالمىلار ... ھەممىسى كۆز ئالدىمدا بار. ئېگىز ئۆسكەن تېرەكلەرنىڭ ئارىسىدا سايرايدىغان كاككۇكنىڭ ئۈنىمۇ قۇلىقىمدا بار. مەن ئاشۇ باغنىڭ ئالدىدىكى ئۆيۈمدە راھەتلىنىپ ئۇخلىسام، سالقىن شاماللىق كۈنلەردە ئېرىق بويىدىكى يۇمشاق قۇملار ئۈستىدە ئېغىناپ يېتىپ كاككۇكلارنىڭ، قۇشقاچلارنىڭ

سايراشلىرىنى ئاڭلىسام، ياتما ئورۇندۇقتا سوزۇلۇپ يېتىپ كەل-
گۈسى توغرىسىدىكى كىتابلارنى ئوقۇسام قانداق ياخشى بولاتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇمنى ئۇنتۇپ قالمايلى.

مەن چۆچۈپ كەتتىم، مەندىن نەچچە قەدەم نېرىدا تەتۈر
مېڭىپ كېتىۋاتقان غېنى گاڭنى كۆردۈم. ئۇنىڭ كۆزلىرى بەكلا
قورقۇنچلۇق ئىدى. مەن بۇنداق تارتىنىشىپ تۇرغان، غەلىتە پار-
قىرايدىغان كۆزنى ئەزەلدىن كۆرمىگەنىدىم. كىيىملىرىگە قاراپ
يۈرىكىم ئېچىشتى. ئۇزۇن چاپىنىنىڭ پەشلىرى يىرتىلىپ ئا-
رىسىدىن پاختىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— نېمانداق تەتۈر مېڭىپ يۈرىسىز. تېخى يازدا پاختىلىق
چاپان كىيىۋالغىنىڭىزنى ...

— جاھان تەتۈر، ماسلىشاي دەپ شۇنداق قىلىۋاتىمەن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— ھېلىقى يېرىم قەدەم پاسىلنى ماڭا بۇيرۇپ بېرىدىغان
ئادەم چىقمىدى. مۇشۇنداق ناھەقچىلىق بولسا بۇنى تەتۈرلۈك دې-
مەي نېمە دەيمىز. مەن مۇشۇنداق جاھاننى مەسخىرە قىلىۋاتى-
مەن. ئىككىمىز تازا بىر ئېچىشەمدۇق. مېنىڭ نائىنساپ ئىنىم-
نى ھېچ باب بىلەن قايىل قىلالمىدىم، مەن ئەمدى ئۇنىڭ ئۆلۈ-
شىنى كۈتسەم بولغۇدەك، شۇ چاغدا مەندىن پاسىل تالىشىدىغان
ئادەم قالمايدۇ.....

غېنى گاڭ يەنە بىرنېمىلەرنى دېگەچ تەتۈر ماڭغىنىچە كې-
تىپ قالدى.

مەن چامادانىمدىكى كىتابلارنى ئويلاپ قالدىم. قولۇم تېلىپ
كەتتى.

كۈن پېشىندىن ئاشقان بولسا كېرەك. ئاسماننى يەنە يام-
غۇرلۇق بۇلۇت قاپلاشقا باشلىدى.

# ئون ئالتىنچى باب

يوللار تاشتەك قاتتىق ئىدى. قەمبەرنىسا دېگەن بىر قىز ياز قۇياشىنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئاپتىپىدا قىزىغان يالغۇز ئاياغ يولدا، ھەسرەتلىك بىر تەرزدە كېتىۋاتقان ھالىتىدە پات-پات يا-دىغا يېتىپ قالىدىغان بىرەيلەن، كۆك رەڭلىك چامادانىنى كۆ-تۈرۈپ نىشانسىز كېتىپ باراتتى. ئۇ نەگە بېرىشنى بىلمىسىمۇ مېڭىشى كېرەكلىكىنى بىلەتتى. توختىماي مېڭىشلا ئۇنىڭغا تەسكىن بېرەتتى. ئۇ چىرايلىق بولمىز، دەپ بارغانسېرى سەت-لىشىپ كەتكەن بىرنەچچە ئايالنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئوقۇيمەن دەپ ئوقۇيالماي كەلگەن كەلگۈسى توغرىلىق يېزىلغان ئىككى پارچە كىتابنى سوۋغا قىلغان قىزنى، ئۇنىڭ لەۋلىرىدى-كى يۈرەككە تېگىدىغان شاللاق تەبەسسۇمنى ئەسلەپ قالدى. ئۇ بەزىدە: «ئەسلىمىلىرىم خوراپ تۈگەپ كېتىۋاتىدۇ، ئاخىرى ھېچنېمىسى يوق ئادەم بولۇپ قالىمەن» دەپ ئويلايتتى. ئۆت-مۈشكە تەۋە چىرايلىق ئەستىلىكلىرى بولمىسا، ئەتىسىگە بولغان ئۈمىدىمۇ يوقاپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. كېتىۋېتىپ يەنە چا-مادانىدىكى كىتابلارنى ئويلاپ قالدى، دادىسى بىر ئۆمۈر كىتاب يېزىپ ئۆز ئەقلىنى ئۇنىڭغا قالدۇرۇپ كەتمەكچى بولغان، سابا-ھەت تەقدىم قىلغان كىتابتىمۇ دادىسىنىڭ دېمەكچى بولغانلىرى بولۇشى مۇمكىن، ھەسرەت بىلەن جاھاندىن كەتكەن دادىسى ۋە ئۆزىگە بارلىقىنى بېغىشلاشقا تەييار تۇرىدىغان ساباھەتنى ئويلى-

غاندا دۇنيا ئۇنىڭغا مۇستەھكەم ھەم چىرايلىق بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئاسمىنى بۇلۇتلۇق شەھەرنىڭ تىنىقلىرى، يېقىملىق كۈلۈمسىرەشلىرى ئۇلۇغۋار بىر ھالەتتە خىيالىغا كىرەتتى.

قەمبەرنىسا دېگەن قىزنى پات-پات ئەسلەپ قالىدىغان، ئۆتمۈشكە تەئەللۇق ئەسلىمىسى، بوگۇنكى ئارمانلىرى، ئەتىكى ئۈمىدلىرى ئارىلىشىپ گادىرماچ بولۇپ كەتكەن بۇ ئادەم مەن ئىدىم.

قەمبەرنىسا دائىم غېرىبانە قىياپەتتە يادىمغا يېتىپ قالاتتى. ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرغان، خۇشال تۇرقى ئەمەس، نادامەتلىك قىياپىتى كۆز ئالدىمغا كېلەتتى. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن خىيالىمغا كىرىپ قالىدىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ بىچارە تۇرۇقتا ياد ئېتىدىغانلىقىمنىڭ ۋەجىنى بىلمەيتتىم.

شەپكىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان بىر ئادەم نەقىشسىز دۇتارنى كۆتۈرۈپ كېتىپ باراتتى، مەن ئۇڭ قولۇمدىكى چامادىنىنى سول قولۇمغا ئېلىۋېتىپ ئۇنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن ساقال-بۇرۇتلىرىنىڭ تەگدىن تولىسىنىڭ ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى، شەپكىسىنىڭ چوڭ كېلىپ قالغانلىقىنى كۆردۇم. دۇتار چالىدىغان چاغلىرىمدا مېنىڭمۇ خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئاددىيلا بىر دۇتىرىم بار ئىدى. بىر چاغلاردا ساز ئۆگىنىش ھەممە ئادەمنىڭ قىزىقىدىغان ئىشى بولۇپ قالغانىدى. مەھەللىمىزدىكى بىرەيلەننىڭ ئوقۇشقا كەتكەن توغقىنى يازلىق تەتىلدە بىر گىتار كۆتۈرۈپ كەلدى، ئۇ ئاداش گىتارنى ئەتە - ئاخشاملىرى مەھەللىنىڭ ئۆستىگى بويىدىكى سۆگەتنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ ئۆزۈندىن ئۆزۈنغا چالاتتى، مەن گىتار دېگەن بۇ نەرسىنىڭ ئاۋازىنى تازا ياقتۇرۇپ كەتمىگەنىدىم. ئەمما، گىتار چالىدىغان ئاشۇ ئاداشنىڭ كەينىدىن بىرنەچچەيلەن دائىم بىللە يۈرەتتى. ئۇلار گىتارنىڭ ئاۋازىغا ھەقىقەتەن ئامراقمۇ ياكى يېڭى نەرسىگە ھەۋەس قىلىپ شۇنداق قىلامدۇ بۇنى بىلمەيتتىم. كېيىنكى كۈنلەردە خەقلەرنىڭ دېيىشىچە، سابىر دۇيجاڭنىڭ قىزى قەمبەرنىسا ئاشۇ گىتارچى بىلەن كېچىلەپ بىللە يۈرگىدەك، ئۇ گىتارچى قەم-

بەرنىسانى ئېلىپ كەتكۈدەك، دېگەندەك گەپلەر تارقالدى. ئەمما، تەتىل توشۇپ ئۇ كەتكەندە قەمبەرنىسا يەنە مۇشۇ يەردە قېلىۋەر-دى. بىراق قەمەرنىساننىڭ بۇزۇلغانلىقى توغرىسىدىكى مىش-مىش گەپلەر ئۇزاققىچە داۋام قىلدى.

شۇ ئىشتىن كېيىن مەن دۇتار چېلىشقا ھەۋەس قىلىپ قالدىم، مەن دۇتارنى مۇڭلۇق پەدىلەرگە چېلىشقا ئامراق ئىدىم. كىچىككىنە ھۇجرا ئۆيۈمنىڭ تۆت كۆزنەكلىك دېرىزىسىدىن چۈشكەن يورۇقلۇقتا لەيلەپ يۈرگەن چاڭ-توزانلارنىڭ ئاجا-يىپ-غارايىپ ھەرىكەتلىرىگە نەزەر سالغىنىمچە ئولتۇرۇپ ئىشق - مۇھەببەت ھەم ئۇنىڭ ئازابىدىن كېلىپ چىققان ھەسرەت-نادامەتلەر كۈيلەنگەن يۇمشاق ئاھاڭلارغا ئۇزۇندىن - ئۇزۇن چې-لىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتىم. دۇتار چالغىنىمنى بىركىمنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم، چېلىۋېتىپ بەزىدە دۇتارنى قويۇپ ئىشىكنى ئېچىپ سىرتقا قاراپ باقاتتىم، ئىشىكنىڭ، دېرىزىنىڭ يېنىدا ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى، ئۆزۈمنىڭ بۇ ئۆيدىلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنيادا يالغۇز ئىكەنلىكىمنى بىلىپ، غېرىبلىقنىڭ يۇم-شاق چاڭلىرى ئارىسىغا كۆمۈلۈپ كېتەتتىم. مەن كۈيلىگەن ئا-ھاڭلار ئارىسىدا يۈرگەن قىزلار سوزۇك سۇلارغا چۆمۈلەتتى، خۇش ھىد چېچىپ تۇرغان چىرايلىق گۈللەر ئارىسىدىن ماڭا كۈلۈپ قارىغىنىچە يۈگۈرۈپ كېلەتتى، كۈلكىسىدىن خۇش تە-بەسسۇم ھەم شۇنداق مېھرىلىك نۇرلار تۆكۈلەتتى، بۇ قىزلارنىڭ كۈلكىسى ئالەمنى مەست قىلاتتى، شاماللارنى مەست قىلاتتى، يەنە يىراقتىكى ئوتلاقلارنى، باغرىدا سۈزۈك سۇلار ئاقىدىغان تاغلارنى مەست قىلاتتى، مەن بىلىدىغان ناخشا، مەن بىلىدىغان مۇھەببەت مۇشۇنداق بولاتتى. مۇھەببەتلىك كۈلكىگە، مېھرىلىك تەبەسسۇمغا، ئوتتەك ئىشققا چۆمۈلگەن كەڭ ئالەم ماڭا بىپايان قۇچىقىنى ئاچاتتى، دۇتاردىن ئۆرلەپ چىقىپ، پايانى يوق ئالەم-گە يېيىلغان مامۇقتەك كۈيلەر ئارىسىدىن نازاكەت بىلەن سوزۇ-لۇپ چىققان جەننەت ئارامىدەك لەزىز ھېسلار، چىدىغۇسىز ئىشق

لاۋۋلداپ كۆيۈپ تۇرغان تۇيغۇلىرىم مېنى يېنىك لەيلىتىپ جا-
هاننىڭ ئەڭ شېرىن، ئەڭ ئىسسىق، ئەڭ ئىللىق يەرلىرىگە يې-
تىلەپ ئېلىپ كېتەتتى. ئىشىكى پاكار، دېرىزىسى سەل كىچىك
ئۆيدىكى تەنها يۈرەكنىڭ بەخت تۇيغۇسى ئىچىدىكى تاتلىق كەچ-
مىشلىرى جاھانغا يېيىلاتتى.

مېنىڭ ناخشىلىرىم جىق ئىدى، مېنىڭ ناخشىلىرىم
چىرايلىق ئىدى، مەن بۇ ناخشىلارنى ناخشا ئېيتىدىغان ئادەم-
لەردىن ئۆگىنىۋالغاندىم. ئەتراپىمدا كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ
تۇرىدىغان، كىشىگە قارچىغىدەك قارايدىغان، ئاغزىدىن ئوت پۇر-
قۇپ تۇرۇدىغان ناخشىچىلار بار ئىدى.

— سىز نېمە بولۇپ شۇ كۈنى مېنى يۆلەشتۈرۈپ قالدىڭىز.

شەھەردىكى جىمى رېستورانلاردا توي بولۇپ، كوچىلارنى
تويدىن يانغان مەستلەر قاپلاپ كەتكەن شۇ كۈننىڭ مېنىڭ هايا-
تىمنى پۈتۈنلەي باشقا بىر رەڭدە بويايدىغانلىقىنى شۇ چاغدا
ئويلاپ باقمىغاندىم. ئىشتىنىنىڭ تاسمىسىنى كىندىكىنىڭ
ئاستىدىن باغلاپ، كۆڭلىكىنى دولىسىغا سېلىۋالغان بىرنەچچەيى-
لەننى كۆرگەندە نېمىشقىدۇر كاللامنى بىر تۇرلۇك ئاچچىق
ئۆچمەنلىك، تاقابىل تۇرماق تەس بىر نەپرەتنىڭ كۈچى چۇل-
غىۋالدى. بولۇپمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىلىنىڭ ئاستىنى تول-
غاپراق ماڭىدىغان، هېچنېمىنى كۆزگە ئىلمايدىغاندەك كۆرۈنى-
دىغان بىرسىنىڭ قىياپىتى بەكلا ئىچىمنى پۇشۇردى. كۈن
غەربتە پارلاپ تۇراتتى. ئېگىز دەرەخلەرنىڭ ئۇزۇن سايىلىرى،
مەنزىرە دەرەخلىرىنىڭ يۇمىلاق، تايىنسىز سايىلىرى قاتتىق
يولدا تاشلىنىپ تۇراتتى. كوچىلاردا ناهايىتى جىق ئادەملەر كې-
تىپ باراتتى. ناهايىتى جىق بوۋايلار، ناهايىتى جىق مومايلار،
ناهايىتى جىق ئاياللار، ناهايىتى جىق قىزلار، مەسۇم باللار ئۆ-
تۈشۈپ تۇراتتى.

هەرقانچە قىلىپمۇ يېرىم يالىڭاچ بىرنەچچەيلەننىڭ قىياپى-
تىنى كۆزۈمگە سىغدۇرالمىدىم. شۇ هالدا كۆڭلۈمدە خۇددى بىر

ئىش بولىدىغاندەك قارا ھەم ماتانەتلىك تۇيغۇ بار ئىدى. بۇ جا-
ھاندا كۆزۈمگە سىغمايدىغان ئىشلار جىق ئىدى، كۆزۈمگە سىغ-
مايدىغان نۇرغۇن ئىشلارغا «بوپتۇلا» دەپ يولۇمغا كېتىۋېرىشكە
كۆنگەنىدىم. ئەمما، شۇ كۈنى بوپتۇلا، دېيەلمىدىم. شۇنىڭ بىلەن
مەن ئادەملەر ناھايىتى جىق كوچىدا يېرىم يالىڭاچ يۈرگەن بىر-
نەچچەيلەن بىلەن ئۇرۇشۇپ، تاياق يەپ يىقىلىپ قالدىم.

مەن تاياق زەربىدىن تولغىنىپ يېتىپ، كۆزلىرى بۈركۈت-
نىڭكىگە ئوخشايدىغان ناخشىچىلارنى، ئۇلارنىڭ ئوتتەك ئىسسىق
ناخشىلىرىنى، دۇتار- تەمبۇرلىرىدىن ئۇرغۇپ چىقىدىغان قى-
لىچتەك پارقىراق ئاھاڭلىرىنى ئەسلىگەنىدىم.

ھېلىقى يېرىم يالىڭاچلار بىلەن مۇشتلىشىپ ئۆزۈن كۈنلەر-
دىن كېيىن شۇ ئىشلارنى ئىمىن ھەسەنگە سۆزلەپ بېرىۋىدىم ئۇ:

— ھەي ئۇكام، خەقنىڭ يالىڭاچ ياكى يەنە بىر قانداق يۇ-
رۇشى قانۇندا چەكلەنگەن ئىش ئەمەس، يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارى-
لىشىپ نېمە قىلىمىز، سىز، بىزدەك ئادەملەر ئۆزىمىزنى ئايىما-
ساق بولمايدۇ، ئىككىنچىلەپ بۇنداق ئىشنى قىلماڭ، — دېدى.

مەن شۇ چاغدا گاڭگىراپ قالدىم. ئىمىن ھەسەننىڭ گېپىنىڭ
بىر يەرلىرى توغرىدەكمۇ قىلاتتى. بۇ جاھاندىكى بولمىغۇر
ئىشلارنى بىر-ئىككى ئادەم تۈزەپ بولغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئەڭ
ياخشىسى ئىشىمىزنى قىلىپ، ئۆز يولىمىزغا ماڭغىنىمىز تۈزۈك.

ئىمىن ھەسەن ئويلىغانلىرىمنى ئاڭلاپ كۈلۈپ قويدى.

— مانا ئەمەسمۇ، خۇددى مۇشۇنداق قىلىش كېرەك، جاھا-
نىڭ ئىشلىرىنىڭ ئوڭ-تەتۈرىنى ئايرىيمەن، دەپ خاپىلىق تار-
تىپ يۈرسەك ياخشى قىپتۇ، دەيدىغان ئادەمدىن، ئىشنى قىلىپ
يولىغا ماڭمىغاندىكىن خوپ بوپتۇ، دەيدىغان ئادەم جىق چىقىدۇ.
سىز بىلەن بىز يالىڭاچ يۈرمىگەندىكىن بولدى، خەق بىلەن نېمە
كارىمىز.

ماڭا ئىمىن ھەسەننىڭ سۆزلىرىنىڭ بىر يەرلىرى توغرى-
دەك تۇيۇلدى.

— ئوغۇل بالىدەك ئىش قىلىپسىز ئۇكام، زادى ئادەم بار كوچىدا هايا قىلماي دۇمبە قورساقلىرىنى هاۋاندەك ئېچىپ يۈرگەن نېمىلەرنى ئاشۇنداق ئۇچۇقداپ قويۇش كېرەك.

— لېكىن، ئۆزۈممۇ تاياقنى يەتكۈدەك يەۋالدىم، قارىماـ سىز بۇ ئىشنى.

— بولدى، تايىنى يوق ئىشلارنى ئوڭشايمەن دەپ خاپىلىقتا قالىدىغان ئىش دېگەن بولۇپ تۇرىدۇ. ئادەم دېگەن مۇشۇنداق ئىشنىڭ ئوڭ-تەتۈرىنى ئايرىپ ياشىسا بولىدۇ.

— ئويلاپ باقسام نەچچە ئادەمنىڭ بىر ئىشلارنى ئوڭشايمەن دەپ تېپىرلىغىنىنىڭ پايدىسى بولمايدىكەن، يالغۇز ئۆلۈمنىڭ يۈرۈشۈپ كەتكىنى دەۋرى ......

— ئۇنداق ئەمەس، بۇ جاھانغا ياخشىلىق تاراتماق مۇشۇنداق تەس، خۇددى كۆچەت چوكنىپ، دەرەخ بولغۇچە نۇرغۇن يىللار كەتكەندەك، دەرەخ ناھايىتى ئاستا، كىشى سەزگىلى بولمايدىغان سۈرئەت بىلەن چوڭىيىدىغاندەك بىر گەپ.

ساۋۇت نۇر بىلەن بولغان سۆھبەتتىن كېيىن ھېچنېمىنى ئويلىمىدىم. ئاشۇ ئىشنى تامام ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشتىم، ئەمما ئۇنتۇپ كېتەلمىدىم. قىشنىڭ ئۇزاق كېچىلىرىدە بولىدىـ غان ئولتۇرۇشلارغا تار ھەم پاكار ئىشىكلەردىن قىسىلىپ كىرىپ چوڭلارنىڭ ئاجايىپ گەپلىرىنى، ئاجايىپ ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ، ئاجايىپ ئۇسسۇللىرىنى كۆرۈپ يۈرگەن كۆڭلەردىكى كۆڭۈلدە ئۆزىدىگەن ھېس-ھاياجانلارنى ئۇنتۇمىغاندەك، ساۋۇت نۇرنىڭ سۆزلىرىمۇ يادىمدىن ئۆچمىدى.

مەن مېھرلىك ناخشىلارنى، مېھرلىك ناخشىلارنى ئېيتىدىغان مېھرلىك ئادەملەرنى ئەسلەپ يېتىپ ئۇھ تارتتىم. ئۇنىڭ قاپقارا چاچلىرى، يۈرىكىدە كۆيۈپ تۇرغان ئوتتەك تۇيغۇلىرىنىڭ شولىسى يانغان كۆزلىرىنى تاماشا قىلىپ مەست بولغىنىمچە ئۇـ نىڭ پىچىرلاشلىرىنى ئاڭلىدىم، ئۇنىڭ ئاۋازى، مېنىڭ ئاۋازىم ناخشىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

— ھوشسىز يېتىپتىكەنسىز، قانداق بولۇپ سىزنى قۇچى-قىمغا ئېلىپ يۈز-كۆزىڭىزدىكى قانلارنى تازىلىغىنىم، دوختۇرغا ئېلىپ بارغانلىرىم، ئاغرىقتىن ئىڭراپ كەتكەنلىرىڭىزدە يىغلاپ كەتكەنلىرىم خۇددى بىر چۈشتەك ئىش بولدى.

— ئۇ يەكشەنبە كۈنى ئىدى.

— ئۇ كۈنى ھاۋا بەكمۇ ئوچۇق ئىدى.

— يەنە بىر يەكشەنبىدە يامغۇر ياغدى ... ئېسىڭىزدىمۇ؟

— ئېسىمدە.

ئۇ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى.

شەھەردىكى جىمى رېستورانلاردا توي بولۇپ كوچىلارنى تويدىن يانغان مەستلەر قاپلاپ كەتكەن، يېرىم يالىڭاچ بىرنەچ-چەيلەن بىلەن جېدەل قىلغان كۈنىمۇ يەكشەنبە ئىدى. خوتۇنۇم-نىڭ كۆزىدىكى، يۈزىدىكى، يۈرىكىدىكى مېھرىلىك كۈلكە يوقال-غان كۈنىمۇ يەكشەنبە ئىدى. ئۇ يەكشەنبىدە يامغۇر ياغقان. يام-غۇر دېرىزە ئەينەكلىرىگە يېنىك ئۇرۇلاتتى. دېرىزىنىڭ تاراسلى-غان سالقىن ئاۋازى سىرلىق ئاڭلىناتتى. شەھەرنىڭ يۇمشاق تې-نى يامغۇر سۈيىدىن پاك-پاكىز يۇيۇلغانىدى. ياتاقنى لىققىدە ئە-تىر ھىدى قاپلىغانىدى. شۇ دەمدە، جاھاننىڭ ھەممە يېرىدە مۇ-شۇ مىنۇتتا ئېچىلغان گۈللەرنىڭ لاتاپىتى، ئوتتەك ئىسسىق ناخشىلارنىڭ سېھىرلىگۈچى كۈيلىرىنىڭ چىرايلىق نازاكىتى مېنىڭ يېنىمدا، مېنىڭ قۇچىقىمدا ئىدى.

يامغۇرلۇق يەكشەنبىدىن كېيىنكى نۇرغۇن يەكشەنبىلەردى-مۇ يامغۇر ياغدى. نۇرغۇن گۈللەر ئېچىلدى. نۇرغۇن قۇشلار سايرىدى، نۇرغۇن مۇرادلار ھاسىل بولدى. ئەمما، مېنىڭ خاتى-رەمدە جۇلالىق چاقناپ تۇرغان يەكشەنبىلەر كۆپ بولمىدى. ھا-ياتنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان ئاجايىپ نېمەتلىرىدىن چەكسىز ھۇ-زۇرلاندىم. ھايات ماڭا كۆرەلەيدىغان نېمەتنى، يول ماڭالايدىغان نېمەتنى، سۆزلىيەلەيدىغان نېمەتنى، ئاڭلىيالايدىغان نېمەتلەرنى ئايانماي ئاتا قىلغانىدى. مەن بۇنداق شەرەپلەرگە مىڭلارچە تە-

سەننا ئېيتقاچ قارا يامغۇر ياغقان، سىم-سىم يامغۇر ياغقان، شىۋىرغانلىق يامغۇر ياغقان يەكشەنبىلەردە ئۆتمۈشكە تەئەللۇق شېرىن ئەستىلىكلەرگە غەرق بولاتتىم. ئۆمرۈمنىڭ يىرگىنىچ بىلەن ئامراقلىق، ئوتتەك ئىشتىياق بىلەن قارا چاڭدەك ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆتۈۋاتقانلىقىنى، كۈنلىرىمنى باھارغا تەلپۈنۈش بىلەن قىشتىن زېرىكىش، يۈرىكىمدە قىشنى باھار قىلىشقا قۇربىم يەتمەي تېپىرلاش بىلەن ئۆتكۈزۈپ كەلگەنلىرىمنى ئويلايتتىم. مەن ئېيتىدىغان ناخشىلاردا، مەن ئاڭلايدىغان ناخشىلاردا خۇددى مېنىڭ ئۆمرۈمدىكىگە ئوخشاش ئاجايىپ ھېكمەتلەر بار ئىدى.

يامغۇرلۇق يەكشەنبىلەرنى ياد ئەتكەندە، يامغۇرلۇق يەكشەنبە ھەققىدە ئويلانغان چاغلىرىمدا نېمىشقىدۇر يۈرىكىمدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئاشۇ ناخشىلارنى، ئاشۇ ناخشىچىلارنى، ئاشۇ ناخشىلاردىكى سېھىر ھەم مېھىرنى ئويلاپ كېتەتتىم.

ئۇلارنىڭ ناخشىلىرى يالقۇن بولۇپ يېنىپ ھاياتتىن بەزگەنلەرنى بۇ دۇنيانىڭ ئاشىقلىرىغا ئايلاندۇراتتى. ئۇلارنىڭ ناخشىلىرى يۈرىكى مۇزدەك سوۋۇغان ئادەملەرنى ھاياتقا باغرى قانمايدىغانلارغا ئايلاندۇراتتى. شۇنداق ناخشا ئېيتىدىغان ئادەملەرنىڭ ئاۋازى، تىنىقى مېنىڭ يۈرىكىمگە ئورنىشىپ، ئۇلارنىڭ ناخشىلىرى ئۆز سۈباتى بىلەن بولمىسىمۇ بىر يەرلىرى ئوخشاپراق مېنىڭ ئاغزىمدىن جارى بولاتتى، دۇتار چالىدىغانلار، تەمبۇر چالىدىغانلار، ئىسكىرىپكا چالىدىغانلار، داپ چالىدىغانلار تويلاردا، بىركىملەرنىڭ ئايۋان سارايلىرىدا جان - جەھلى بىلەن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بويۇن تومۇرلىرى ئېتىلىپ كەتكۈدەك ھالغا يەتكۈچە ۋارقىراپ ناخشا ئېيتىشاتتى، ئۇلارنىڭ پېشانىسىدىن، بۇرۇنلىرىدىن، قۇلاق تۈۋلىرىدىن شۇرقىراپ تەر قۇيۇلاتتى، ئېيتىۋاتقان ناخشىسىغا، چېلىۋاتقان سازلىرىنىڭ كۈيىگە تەڭكەش بولۇپ بەدىنى ھەريان سىلكىنەتتى، رىتىملىق تەۋرىنەتتى. ماڭا ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە پاتمايۋاتقان، يۈرىكىنى ئۆر-

تەۋاتقان، دىللىرىنى كۆيدۈرۈۋاتقان قانداقتۇر بىرنەرسىلىرى باردەك، ناخشىلىرى ئارىسىغا، چالغان كۈيلىرى ئارىسىغا ئاشۇ يۈرەكلىرىنى مۇجۇۋاتقان ھەسرەتلىرى قوشۇلۇپ چىقىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. مەن ئۇلارنى بېشىدىن بەك جىق ئىشلارنى كەچۈرگەن ئادەملەر، دەردى بەك جىق ئادەملەر يەنە ھەرقانداق خاپىلىقلارغا پىسەنت قىلىپ كەتمەيدىغان ئادەملەر دەپ ئويلايتتىم. ئۇلار ئاشۇنداق ئوت يالقۇندەك ناخشىلىرى ئارىسىغا مەست - غەرق بولۇپ كەتكەندە كىچىككىنە بىر يۈرەكنىڭ مۇشۇ ناخشىلار ئارىسىدا شېرىن جان تالىشىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۆلۈم بىلەن نىجادلىق كېسىشكەن جايدىكى ئاجايىپ بىر تۇيغۇ ئوت بولۇپ يانىدىغان، ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننىڭ تىنىقى بولۇپ ياڭرايدىغان ناخشىلار ئارىسىدا بەك ئۇزاق مەست بولاتتىم.

دۇتار كۆتۈرۈۋالغان ئادەم يىراقلاپ كەتتى، بەلكىم ئۇ ئۆزىگە ئوخشايدىغان ئادەملەر بىلەن يۈرەكتىكى جىمى دەردلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلايدىغان ئوت ناخشىلارنى ئېيتقىلى ماڭغاندۇ.

— بەك قاراپ كەتتىڭىزغۇ؟

يېنىمدا بىرەيلەن موخوركىسىنى چىشلەپ تۇراتتى.

— قارىدىم، دۇتارچى ئوخشايدۇ.

دۇتار كۆتۈرۈۋالغان ئادەمنىڭ دۇمچىيىپ مېڭىشلىرى كۆڭلۈمنى بىرقىسما قىلىپ قويدى.

— ناخشىنى ئوبدان ئېيتىدىغان ئادەم بۇ، بىراق ھاراققا دۈم چۈشكەن گەپ دەڭا، كىم بىر رومكا ھاراق بەرسە تاڭ ئاتقۇچە ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ. شۇنداق يۈرۈپ خوتۇن، بالا-چاقىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى. خېلى تۇزۇك بالىدى، دۇتار بىلەن ھاراق تۈگەشتۈرۈۋەتتى ئۇنى.

مەن دۇتار بىلەن ھاراقنىڭ قاچان بىر يەردە بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدە ئويلاپ بولالماي گاڭگىراپ قالدىم.

سابىت نۇر شۇ تاپتا نەدىكىن. ئۇنىڭ دۇتارغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىدىغان ناخشىسى يۈرەككە تېگىدۇ. سەل بوغۇق، بوم

ئاۋازى ناھايىتى نۇرغۇن مەنىلەرگە تويۇنغاندەك تەسىر بېرىدۇ. ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلىغان ئادەم باشقا بىر ئادەم بولسامكەن دەپ ئويلاپ قالىدۇ. سوغۇق، قاراڭغۇ يۈرەكلەر ئىللىپ، يورۇپ قالىدۇ. سابىت نۇر ئېيتقان ناخشىلارنىڭ ئىلھامىنى نەدىن تاپىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ناخشىلىرىدىن كەڭرى ئالەمگە بولغان مۇھەببەت، قۇشلاردەك يەڭگىل پەرۋاز قىلىشقا بولغان ئىنتىلىش، دۇنياغا مۇھەببەت چېچىشقا بولغان ئىرادە يۇرقۇپ تۇرىدۇ.

قوللىرىم تىلىپ كەتتى. قارا كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇرىدىغان قىز سوۋغا قىلغان ئىككى پارچە كىتاب بار چامادانىنى سول قولۇمدىن ئوڭ قولۇمغا يۆتكىدىم. ئۇنىڭ كىشىنى ئېسەنگىرىتىپ قويىدىغان كۆزلىرى خوتۇنۇم بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا قانداق بولۇپ كەتكەندۇ؟ ئايالىمنىڭ بىر چاغلاردا مۇلايىم كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان چىرايىنىڭ شۇ كۈنى قانداق ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم. مەن ئۇنىڭ خوتۇنۇمنى ئىزدەپ باردىغانلىقىنى ئويلىمىغاندىم.

ئۇنىڭ دېيىشىچە ئىككى ئايال ئۇچراشقان جاي شەھەردە يېڭى ئېچىلغان بىر ئاشخانىنىڭ ئايرىمخانىسى ئىكەن. ئىككىيلەن بىر قاچىدىن چۆچۈرە بۇيرۇتۇپتۇ.

— ئايالىڭىز چۆچۈرە بۇيرۇتىۋىدى چۆچۈپ كەتتىم. ئۇ سىزنىڭ چۆچۈرىگە ئامراقلىقىڭىزنى ئۇنتۇماپتۇ.

— ئۆزىنىڭمۇ شۇ تاماقنى كۆڭلى تارتقان بولغىيدى.

— ياق. ئۇنىڭ سىز ئامراق تاماقنى بۇيرۇتقىنى، ئۇنىڭ كۆڭلىدە ھېلىمۇ سىزنىڭ بارلىقىڭىزنى چۈشەندۈرىدۇ.

— قويۇڭا بۇ گەپنى، ئاساسسىز گۇمان قىلماڭ.

— سىز ئاياللارنى چۈشەنمەيسىز.

مەن شۇ چاغدا يۈزۈم قىزىرىپ كەتتىمىكىن، كۆزلىرىمدىن مېنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقىنىم، يۈرىكىمنى ئۆرتتۆپە قىلغان تۇيغۇلار چىنىپ قالدىمىكىن، دەپ بەكلا ئەنسىرىدىم.

ئۇ خوتۇنۇم بىلەن بولغان گەپلەرنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا كەچكى شەپەق ئۈستەڭنىڭ قارشى تەرىپىدىكى كەڭرى قوم-لۇقلارنى قىزغۇچ رەڭگە بويىغانىدى.

— سىز ئۇنى ياخشى كۆرەمتىڭىز؟

— ياخشى كۆرمىگەن بولسام توي قىلمايتتىم، بىراق ئۇ ماڭا ۋىجدانسىزلىق قىلدى.

— سىز ئۇنى قانداق ياخشى كۆرگەن؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— مېنىڭچە سىز ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىكەنسىز. مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان كۈنىلا بۇنى سېزىپ بولغان.

مەن ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدىم. خوتۇنۇمنىڭ مېنى ياخ-شى كۆرمەيدىغانلىقىنى مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ كۆڭلۈمگە سىغ-دۇرالمايتتىم، ئىشىنەلمەيتتىم. ئۇ مېنىڭ چىرايىمدىكى ئۆز-گىرىشكە قاراپ گېپىنى توختاتتى.

— قېنى دەۋېرىڭ.

ئىككى ئايالنىڭ يەنە نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكىنى بىلگۈم بار ئىدى.

— قاملاشمىغان گەپ، — شۇنداق دەپ خوتۇنۇمنىڭ چىرا-يى تاتىرىپ كېتىپتۇ.

— شۇنداق، سىز ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىكەنسىز، ئۇنىڭ كىيىملىرىنىڭ رەتسىز تۇرغانلىقىنى، ساقاللىرىنىڭ ئۆسۈپ، ئاياغلىرىنى تويپا بېسىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ سىزگە بەكلا ئاچچىقىم كەلگەنىدى. سىز شۇنداق ئېسىل بىر ئەرنىڭ قەدرىگە يەتمەيتتىكەنسىز.

— ئاغزىڭنى يۇم.

— بۇ ئەمەلىيەتقۇ، مەن ئۇنىڭ ئىشتانلىرىنىڭ پۈرلىشىپ، كۆڭلەكلىرىنىڭ ياقىسىغا كىر قونۇپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، سىزدەك خوتۇنى تۇرۇپ ئۇ شۇ ھالەتتە يۈرسە تې-خى يەنە ئىزا تارتماي ياخشى كۆرەتتىم دەيسىزغۇ...؟

— سەن نېمىنى بىلىسەن؟ ئۇ مەن بۇ جاھاندا ئەڭ قەدىر-لەيدىغان ئادەم.

— ئەمىسە نېمىشقا ئەپۇ قىلمايسىز؟

— سەندەك شاللاق نېمىلەر بۇنى چۈشەنمەيسەن. ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدە ئادەتتىكى ئادەم بولسا كەچۈرۈۋېتەتتىم.

— سىز ئەڭ ياخشىسى ئاجرىشىپ كېتىڭ. ئۇنى بەختلىك بولغىلى قويۇڭ.

— مۇشۇ گېپىڭ ئۇچۇن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئاجراشمايمەن.

— ئىختىيارىڭىز، مەن ئۇنى ئاسرايمەن، كۆڭۈل بۆلىمەن، نېمىلا بولسۇن ئۇ ئەمدى بۇرۇنقىدەك تۇرمۇش كەچۈرمەيدۇ.

— ئۇخلاپ چۈشۈڭ.

— ئۇ گۇناھىغا تۆۋە قىلسا يەنە نېمىشقا پۇرسەت بەرمەي-سىز، سىزدەك خوتۇنلار ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ قىيناپ جاھاندىن ئۆتۈپ كېتىسىلەر.

— مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن كۈن سېنىڭ بېشىڭغا كەلگەن بولسا بۇ چاغقا دەردتىن ئۆلەتتىڭ، مەن ئۇنىڭغا بارلىقىمنى بې-غىشلىغان، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۆلۈشكىمۇ رازى ئىدىم، جېنىمنى بەر دېسە ئايانمايتتىم، بىراق ئۇچۇ، مېنىڭ ئەقىدەمگە مۇشۇنداق جاۋاب بەردى. سەن پاسكىنا ئۇنى ئازدۇردۇڭ......

— جېنىمنى بەر دېسە بېرەتتىم دەيسىز، ئەمما كىچىككىنە خاتاسىنى كەچۈرمەيسىز، سىزنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىمەن دېگى-نىڭىز يالغانىكەن.

— ئېلەشتۈرمە، ئىككىسى ئىككى ئىش.

مەن ئۇنىڭ بىلەن خوتۇنۇمنىڭ دېيىشكەن سۆزلىرىنىڭ با-يانىنى ئاڭلاپ يىراقتىكى قاراڭغۇلۇق يېيىلىشقا باشلىغان قوم-لۇققا قاراپ ئۇزاق تۇرۇپ كەتتىم. كاللام قۇرۇقلا ئىدى. نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم. ئۇنىڭ ئالىقانلىرىمدىكى نازۇك بارماق-لىرى مۇزدەك سوغۇق ئىدى. يۈرىكىگە ئۈمىدسىزلىك ياماشقان

ئادەمنىڭ قوللىرى مۇشۇنداق مۇزلاپ كەتسە كېرەك، دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدىم.

كىچىكىدە يىڭناغۇچ تۇتۇۋالسا ئايروپىلان تۇتۇۋالدىم، دەپ خۇشال بولۇپ كېتىدىغان، ئازمىنىڭ ئېگىز تاقاقلىرىدىن بوژۇلداپ تۇرغان لايسۇغا قورقماي سەكرەيدىغان بىر بالا چوڭ بولۇپ، بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرىنى، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، ئەمما ئادەمنى مۇستەھكەم زەنجىردىنمۇ بەكرەك قارماپ تۇرىدىغان قائىدىلىرىنى تولا ئويلايدىغان بولۇپ قالغان كۈنلىرىدە، كۈتمىگەندە تۇرمۇشىدا پەيدا بولۇپ قالغان بىر قىزنىڭ مۇرىسىگە يېيىلغان چاچلىرىدىن كېلىۋاتقان شېرىن بىر پۇراقتىن مەست بولغىنىچە كۆز ئالدىدىكى كەڭرى قۇملۇققا قاراپ ئولتۇراتتى. قۇملۇققا يېيىلغان قاراڭغۇلۇق ئۇنىڭ كۆڭلىگە بېسىپ كىرىۋاتاتتى. خوتۇنىنىڭ مۇنۇ قىزغا دېگەن گەپلىرى كاللىسىنى مانان قىلىۋەتكەندى. نېمىنى نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلەلمەي قالغانىدى. بۇ ئىشنى ھەل قىلماق تەس ئىدى. سەلىم موزدۇزنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپلا بولدى قىلغىلى بولاتتى، ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ، ئىمىن كاۋاپچىنىڭ ھەسرەتلىرىنى ئاڭلاپلا قويسا ئىش تۈگەيتتى. ئىمىن ھەسەن بىلەن سابىت نۇرنىڭ بۇ دۇنياغا تۇتقان مۇئامىلىسىمۇ بۇ ئىشتەك مۇرەككەپ ئەمەس ئىدى.

يامغۇر ياغىدىغاندەك قىلاتتى. مەن چامادانىنى ئوڭ قولۇمدىن سول قولۇمغا يۆتكەپ تاشتەك قاتتىق يولدا مېڭىشقا باشلىدىم. كۈن چۈشتىن قايرىلغانىدى. ئەتىگەندە يامغۇر ياغقان، ھايالشىماي ھاۋا ئېچىلىپ ئاپتاپ پارلىغانىدى. يەنە يامغۇرلۇق بۇلۇت ئاسمانىنى قاپلىدى.

— جاھاننىڭ تايىنى قالمىغىلى تۇردى. ياز يازغا، قىش قىشقا ئوخشىماي قالدى. بىر ئوبدان كۈن چىقىپ تۇرۇپ يەنە يامغۇر يېغىشتىن بىشارەت بەرمەكتە ئىدى.

بىر كىشى شۇنداق دەپ غۇدۇرىغاچ يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ماڭا دوستانە قاراپ قويدى. ئاندىن يەنە:

— مېنىڭ رېماتىزىم كېسىلىم بار. ھاۋا بۇزۇلسا بەك قىيىنىلىپ كېتىمەن، — دېگەننى قوشۇپ قويدى. مەن بۇ كىشىگە نېمە بولسا بىرنېمە دېيىشىم كېرەكتەك ئويلاپ قالدىم. ئەمما، ئاغزىمغا ھېچ گەپ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— يەكشەنبىدە يامغۇر ياغسا بىرقىسما بولۇپ قالىمەن.

مەن شۇنداق دەپ بولۇپ نېمىشقا بۇ گەپنى دېگەندىمەن، دەپ ئويلاپ قالدىم.

نېمە دەۋاتقانلىقىمنى بۇ كىشى نەدىن بىلسۇن. ئۇ پەقەت يامغۇر ياغمىسا، پۇت ـ قولۇم ئاغرىمىسا دەپلا ئويلايدۇ، يامغۇر ياغمىسا، ئاغرىقتىن خالاس بولسا، جاھاننىڭ كارى شۇ. مەن ئادەم دېگەننىڭ بۇ دۇنيادا يالغۇز بولغاندىمۇ بەكلا يالغۇز ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلغاندەك بولۇپ گەپ-سۆز قىلماي ھېلىقى كىشىنىڭ يېنىدىن كەتتىم. كېتىۋېتىپ ئۇمىدنى قۇچاقلىشىمىز، قۇچاقلىغاندىمۇ پۇتۇن ۋۇجۇدىمىز بىلەن، بەك مۇستەھكەم قۇچاقلىشىمىز كېرەككەن، دېگەنلەرنى يادىمدىن ئۆتكۈزدۈم. دادام مۇشۇنداق يازغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

ئەتىگەنكى يامغۇردا يۇيۇلۇپ پاك-پاكىز بولۇپ قالغان مەنزىرە دەرەخلىرى ئويچان ھالەتتە كۆزگە تاشلىناتتى. مەن مۇشۇ كەمگىچە دەل-دەرەخلەرنىڭ ھەسرىتى زادى نېمە؟ دېگەننى ئويلاپ باقمىدىم. دائىم قىرقىلىپ تۇرىدىغان چىملارنىڭ، كېسىلىپ، پۇتىلىپ تۇرىدىغان دەرەخلەرنىڭ، دەسسىلىپ كېتىدىغان ئوت ـ خەسلەرنىڭ نادامەتلىرى ھەققىدە بىلىدىغانلار قانچىلىك؟! ئادەملەرنىڭ پىغانلىرى، ئۆزۈمنىڭ دەردلىرى بېشىمنى ئايلاندۇرۇپ تۇرغاندا بۇ نەرسىلەرنى ئويلاشقا، ئويلاپ ئاخىرىنى چىقىرىشقا رىغبىتىم يوق ئىدى.

دۇنيانىڭ جىمى جىمجىتلىقى يىغىلغاندەك تەسىر بېرىدىغان قورقۇنچلۇق سۈكۈنات باسقان قۇملۇقتىن قايتىپ كەلگۈچە ئۇ ھېچنېمە دېمىدى. ئۇنى كەلگۈسىنىڭ غەم-غۇسسىلىرى قىيناۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇ ھالدا ئۇنىڭغا مېنىڭ بىرنەچچە ئېغىز

تەسەللىي سۆزۇم بەكلا زۆرۈردەك قىلاتتى.

مەن گەپ-سۆز قىلمىدىم. بۇرۇندىنلا بىراۋلارغا ۋەدە بېرىشتىن قورقاتتىم، ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولار، دەپ كۆنۈپ قالغانىدىم، تەشۋىشلىك هايات ماڭا شۇنداق ئۆگەتكەنىدى.

— قانداق قىلاي دەيسىز؟

قاراڭغۇلۇقتا ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەۋاتاتتى.

— نېمىنى دەيسىز؟

— ئايالىڭىزنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىڭىزغۇ.

مەن ئۇنىڭ نازۇك قوللىرىنى تۇتۇۋالدىم. ئايغىمىز ئاستىدىكى قۇمساڭغۇ تۇپىدىن غېرىبانە بىر يۇمشاقلىقنى سېزەتتىم. شۇ هالدا ئالىقىنىمدىكى نازۇك، سوغۇق بارماقلا قانداق ئىسسىقلىق بېرىشنى بىلەلمەيلا قالدىم.

ئۇنىڭغا ئۇنىڭدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ كەتمەيدىغانلىقىم توغرىسىدا ۋەدە بېرىشىم كېرەكتەك ئويلايتتىم. ئەمما، ۋەدە بېرىشتىن قورقاتتىم.

ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ گەپلىرى پات-پات يادىمدىن كېچىدۇ:

— ئادەمنىڭ جېنى ئاغزىدىن كىرىپ ئاغزىدىن چىقىدۇ. ئىنسانغا خاس جىمى خاسىيەت ئادەمنىڭ ئېغىزىدا بولىدۇ. قارىسىڭىز خۇدا ئىنساننىڭ ئاغزىنى ھەممىدىن چىرايلىق ياراتقان. باشقۇرالىسىڭىز ئېغىز دېگەن گۆھەر تۆكۈلىدىغان كان، باشقۇرالمىسىڭىز ئەۋرەز.

ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ مۇشۇ گەپنى دەۋاتقاندىكى ئامالسىز چىرايى ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئۇ يورغىلاپ كېتىۋاتقان سەلىم موزدۇزنىڭ ئارقىسىدىن ئەلەم بىلەن قاراپ قالغانىدى.

— سېغىزدۆڭدىكى مەمتىلى قاپاقنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەلدىم. بېغىدىكى قوغۇن، تاۋۇزلىرى خۇددى قورۇق تام سالىدىغان كېسەكتەك تۆت چاسا ئىكەن، باققان پاقلانلىرىنى دېمەيسىلەر، ھەممىسى سۆڭەكسىز قويلار ئىكەن.

— ما كارامەتنى، بۇنىڭغا نېمە دەيمىز ئەمدى.

— ھېچنېمە دېمەيسەن، مۇشۇنداق قىزىق ئىشلار بولۇپ تۇرىدىغان جاھان بۇ، ئۆمرۈڭ بولسا نى ئىشلارنى كۆرىسەن، ئادەم بار يەردە ھەممە ئىش بولىدۇ. يېتىمگە يۆتەلنىڭ نېمە ئىشى دەپ، قادىر ناۋاينىڭ پۇتى سۇنۇپ كەتتى، ئالا قاغىدا ئېلىشىڭ بولسا ھامان بىر كۈنى ئالىدىغان گەپ، يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگكۈچە بۇرنى تاشقا تېگىپتۇ، بىتەلەي سۇغا چىقسا ئۆستەڭگە كالا تېزەكلەپتۇ، دېگەندەك ئىش بولۇۋاتىدۇ...

— تووۋا، ئەجەب ئىش بوپتۇ ھە.

— سۆڭەكسىز قوي دېگىنى زادى بارمىدۇ؟

— ئەلۋەتتە بار-دە، سەلىمكام بار دەۋاتامدۇ، ئۇرۇقسىز تاۋۇز بار بولغان يەردە سۆڭەكسىز قويمۇ بولىدۇ-دە.

ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ لەۋلىرى تىترەپ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىدىن مىڭ تۈرلۈك ھەسرەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى. غەزەپلىك، ئەمما بىچارە ھالىتى تايچىقى يىراقلارغا چېپىپ كەتكەن باغلاقتىكى ئاتنىڭ ئامالسىز، بىچارە تۇرقىغا ئوخشايتتى.

— ھەي دۆتلەر، مۇشۇ گەپكىمۇ ئىشىنىپ يۈرۈشەمسەن؟ ئاناڭنىڭ قېشىدا تۆت چاسا تاۋۇز، سۆڭىكى يوق قوي بولامدۇ...

— مەسىلەن، شۇنداق بولسا ياخشى ئەمەسمۇ، قوغۇن، تاۋۇز چاسا بولسا توشۇماق ھەم جايلاشتۇرماق ئاسان، سۆڭىكى يوق قوي بولسا سۆڭەك جىڭلاپ بەردىڭ، دەپ قاسساپلار بىلەن قىزىدىرىشمايسەن، بۇنىڭ نېمە زىيىنى.

— بۇ يەردە پايدا - زىيان دەيدىغان گەپ يوق، توغرىمۇ - خاتامۇ، ھەقمۇ - ناھەقمۇ دېگەننىڭ گېپى بولۇۋاتىدۇ.

ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ كۆزلىرى تارتىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ قولىدىكى تاماكىسىنى يەرگە تاشلاپ پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن مىجىۋېتىپ يەنە بىر تالنى ئالدىراپ تۇتاشتۇردى.

— پايدا زىيان بىلەن ھەق - ناھەق دېگەن ئوخشاش بىر گەپقۇ.

— پايدا بولسىلا ھەق، زىيان بولسىلا ناھەق دېگەن گەپنى قايسىڭ دېدىڭ، ھۇ ئاناڭنى ......

ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، چىشلىرى كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئەمما، ئۇنىڭغا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى.

— مېنىڭ مەمتىلى قاپاقنىڭ چاسا تاۋۇزلىرىنى كۆرگۈم كېلىۋاتىدۇ.

— مېنىڭ شۇ تاۋۇزنى يېگۈم كېلىۋاتىدۇ.

— ھېلىقى پاقلاننىڭ گۆشى قانداقتۇر..

— ئەقلى دۇمبىسىگە ئۆتۈپ قالغان ئېشەكلەر...

ئۇزۇن چاچلىق ئادەم ئاچچىق بىلەن يەرگە تەپتى. مەن ئۇ-نىڭ جېنىنىڭ بەكلا قىينىلىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم. بۇ دۇنيادا ئۆزىنىڭ خىللىرى بىلەن ياشىمىغانلارنىڭ كۈنى بەتتەر بولىدىكەن، دېگەن خىيال كاللامدىن ئۆتتى. ئارقى-دىن نېمە ئۈيلىغانلىقىمنى ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولدۇم.

— نېمانداق تىللايدۇ ماۋۇ، ئىشەنمەي قانداق قىلىسەن؟ سەن يالغان دەيسەن، يالغانلىقىنى نەدىن بىلىسەن؟

ئۇزۇن چاچلىق ئادەم ئامالسىز ھالدا سەلىم موزدۇز كەتكەن تەرەپكە قاراپ تۇكۇرۇپ قويدى.

سەلىم موزدۇزنىڭ ماڭا سەدىقە بەرمەكچى بولغانلىرى راست بولغان ئىشلارمۇ ياكى شۇنداق خىيال مېنى چىرمىۋالغانمۇ ھا-زىرغىچە بىلەلمىدىم.

جىمجىتلىق جېنىمغا تېگەتتى، مەن ئۇنىڭ نازۇك بارماق-لىرىنى تۇتۇپ كېتىۋېتىپ سەلىم موزدۇزنىڭ، ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنىڭ گەپلىرىنى ئۇنىڭغا دەپ بەرمەكچى بولدۇم.

بايا دۇتار كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان ئادەمنى ئەسلەپ قالدىم. بۇ ئادەم ئۇزاققىچە يادىمدىن چىقمايدىغاندەك قىلاتتى. سابىت نۇر دۇتار چالىدۇ، مەن دۇتار چالىمەن، يەنە نۇرغۇن ئادەملەر دۇتار چالىدۇ. كېتىۋېتىپ سابىت نۇرنىڭ بوغۇق ئاۋازى يادىمدىن كەچتى.

يامغۇر تامچىلاشقا باشلىدى. يامغۇرلۇق يەكشەنبىدىكى تەل-پۈنۈشلىرىم، يۈرىكىمنى تىتىپ تاشلىغان زەھەردەك ئاچچىق، ئۆتتەك قىزىق ھاياجانلىرىم يادىمدىن كەچتى. شەھەردىكى جىمى رېستورانلاردا توي بولغان يەكشەنبە ئەتىگەندە يامغۇر ياغقانلىقىنى يادىمغا ئالدىم. مېنى كۆزگە كۆرۈنمەس ۋاقىت چاڭگىلىرى ئا-رىسىدا مەھكەم سىقىپ تۇرغان بۈگۈنكى يەكشەنبە يەنە نەچچە سائەتتىن كېيىن تامام يوقىلىدۇ. مۇشۇ يەكشەنبىدىكى مەنمۇ تەڭ يوقىلىمەن. ئەتىنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيمەن، ئەتىكى ئۆ-زۈمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۇقمايمەن. بىلمەي تۇرۇپ ئە-تىگە، ئەتىكى ئۆزۈمگە كىرىپ كېتىمەن.

يامغۇر كەڭ زېمىنغا، جىمجىتلىق ئىچىدە ئاستا نەپەس ئې-لىنىۋاتقان شەھەرگە، مېنىڭ يۈرىكىمگە، مېنىڭ خىياللىرىمغا، مېنىڭ ئارزۇلىرىمغا، مېنىڭ كەلگۈسى ھەققىدىكى تاتلىق، پە-رىشان خىياللىرىمغا ئاجايىپ بىر سېزىم بىلەن يۇمشاق تۆكۈ-لەتتى.

يوللىرى تاشتەك قاتتىق يولدا كېتىۋاتقان ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەر ئارىسىدا كۆك رەڭلىك چامادان كۆتۈرۈۋالغان بىرەيلەن نىشانسىز كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ چامادانىدا كەلگۈسى ھەققىدە يېزىلغان ئىككى پارچە كىتاب بار ئىدى. ئۇ كىتابلارنى چوقۇم ئوقۇشقا نىيەت قىلغان بولسىمۇ، ھازىرغىچە ئوقۇيالمىدى. ئۇ بەزىدە ئۆز-ئۆزىگە: «بۇ كىتابلارنى ئوقۇيمەن دەپ ئوقۇماي يۈر-گىنىم ئۆزۈمنىڭ كەلگۈسىگە قىزىقمىغانلىقىم، ئېتىبارسىز قا-رىغانلىقىمدىن» دەپ ھەسرەتلىنىپ قالاتتى. چۈمۈلە، چاشقان دېگەندەك نېمىلەر جېنىدا ئەتە يەيدىغان ئوزۇقنى ئۈۋىسىغا تو-شۇيدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئەتىسى ئۈچۈن ئەجىر قىلغىنى. ئۇ يەنە مۇشۇك، توخۇ دېگەن جانىۋارلارمۇ ئۆزىنىڭ ئەتىسىگە، كەلگۈ-سىگە قىزىقىدۇ، ئۇلارنىڭ توختىماستىن ئەۋلاد قالدۇرۇشى دەل ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئەمەسمۇ، دېگەنلەرنى ئويلاۋاتقاندا خىيالىغا ھويلىسىدىكى تۈرلۈك رەڭدىكى توخۇلارغا دان تاشلاۋات-

قىنى، تاجلىرى ساڭگىلاپ قالغان خورازنىڭ بىر پۇتى بىلەن تىك تۇرۇپ مۈگدەپ تۇرغان ھالىتى، ئاندىن قانداقتۇر غايىب بىر ئاۋازنىڭ: «ئۆزىڭىزنى خوراز بىلەن سېلىشتۇرماڭ» دېگەنلىرى يادىدىن كەچتى. ئىت، مۈشۈك، توخۇ-تۇمان، چاشقان، چۈمۈلە-لەرنىڭ كىشى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ئوي-خىياللىرى، ئۇلارنىڭ ئاجايىپ يۈرەكلىرى ۋە سىرلىق ئارمانلىرى بىلەن جان تىكىپ ياشاشلىرى ئۇنى ئويغا سالاتتى. ئۆزىنىڭ نىشانسىز كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان ھالىدىن يا كۈلۈشنى، يا يىغلاشنى بىلەلمەيتتى. خىياللىرى ئۇنى لەيلىتىپ يۈرەتتى. ئۇنى پەقەت كەچۈرمىگەن ئايالى پات-پات كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى، ئارقىدىن يەنە كۆزلە-رىدىن ئوتتەك ئىشق-ھەۋەس چاقناپ، كىشىنىڭ روھىنى، ۋۇ-جۇدىنى ساراسىمىگە سالىدىغان قارا چاچلىق نازۇك قىزنىڭ تاتلىق ھەم سىرلىق، سېھىرلىك كۈلۈمسىرەشلىرى يادىدىن كې-چەتتى. ھەر رەڭلىك يىڭناغۇچلار، لاي سۇلار ھەيۋەت بىلەن شارقىراپ چۈشىدىغان ئازما، مۇكچەيگىنىچە توختىماي بىرنېمە-لەرنى يازىدىغان دادىسى، كۆزلىرىدىن ئەندىكىش چىقىپ تۇرىدى-غان، چۆچۈپلا يۈرىدىغان ئانىسى بىر-بىرلەپ يادىغا يەتتى. سا-بىر دۇيجاڭنىڭ گىتارچى بالا تاشلىۋېتىپ سۆز -چۆچەككە قال-غان چىرايلىق قىزى قەمبەرنىسا كۆز ئالدىغا كېلىۋېدى يۈرىكى ئۆرۈلگەندەك بولدى.

كۆز ياشلىرىم بىلەن يامغۇر تامچىلىرى ئارىلىشىپ كەتتى. مەن چامادانىمنى ئېلىپ كەينىمگە قايتتىم. مۇزدەك يامغۇر تام-چىلىرى خىيالچان، گاڭگىراپ قالغان يۈرىكىمگە تامچىلاپ چۈ-شەتتى.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "MTM3MzY5OTkudXZ6",
"filename_decoded": "13736999.uvz",
"filesize": 49981540,
"md5": "a08b79bc1778dd72fbc8136e2a8b28d8",
"header_md5": "75a814e954d0cdca062315e093de6f81",
"sha1": "2bd37bd7a54fa1ba5b0c73ba77346c7baf360711",
"sha256": "063a32d5d11c151045b4aaf5229fd4608d6a6837eed91b28a8a23ed3f195b4d1",
"crc32": 1216721735,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 62507671,
"pdg_dir_name": "",
"pdg_main_pages_found": 344,
"pdg_main_pages_max": 344,
"total_pages": 352,
"total_pixels": 1515438720,
"pdf_generation_missing_pages": false
}